

مەمتىمىن ھوشۇر ئەسەرلىرى 4



# گۈللىگەن دالا

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى



دىتمىس ھوشۇرۇسلىرى 4

# گۈللىگەن دالا



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى : ئابلىكىم ھەسەن
مەسئۇل كوررېكتورى : ئابلىز ئابباس
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى : غالىب شاھ

مەمتىمىن ھوشۇر ئەسەرلىرىدىن تاللانما (4)
گۈللىگەن دالا
ئاپتورى : مەمتىمىن ھوشۇر
*
شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 2 - كوچا 1 - قورۇ ، پ : 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى دېڭىز - ئوكيان رەڭلىك باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى :850×1168 مم ، 32 كەسلەم ، باسما تاۋاقى : 12.5
2010 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى
2010 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
ISBN978－7－5371－8536－3
سانى : 1－5000
باھاسى : 30.00 يۈەن
بېسىلىشتا ، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ ، تېگىشىپ بېرىمىز

# مۇندەرىجە

## ھېكايىلەر


قىزنىڭ قەلبى ........................................ 1
يىراقتىن يېزىلغان خەت .............................. 30
گۈللىگەن دالا ....................................... 40
شەھەرگە كىرگەن بالا ................................. 60
توخۇ باققۇچى ........................................ 63
ئاشخانىدىكى پاراڭ ................................... 75
«سەۋىيە» ........................................... 78
ھەمسەپەر ........................................... 82
بۇ چۇش ئەمەس........................................ 102
بىزنىڭ مەھەللە ...................................... 139
دوستلار سۆھبىتى ..................................... 143
بۆرە جىلغا........................................... 152
ئوت كەتكەن دەريا .................................... 173
تەييارباي............................................ 195
ئىت ئېتىش ........................................... 228
گۆركار .............................................. 274


## ئەسلىمە


پەزىلەت ئىگىسى — ماناپ قادىرى ................ 304


## پوۋېست


سالام، ھېسام ئاكا .............................. 326

# قىزنىڭ قەلبى

... A بەلكىم سەن مەندىن رەنجىگەنسەن؟
مەن ساڭا بېغىشلاپ ھېكايە يازماقچى.

ئاغىنەمنى ئىزدەپ ئۆيىگە كەلسەم، ئۇ مېنىڭ كېلىشىمدىن خەۋەرسىز سىرتقا چىقىپ كەتكەنىكەن. مېنى ئۇنىڭ ئايالى نۇرمان قىزغىن قارشى ئېلىپ، ئۆيىگە باشلىدى.

— ئازراق كۈتۈپ تۇرۇڭ، قايتىپ كېلىپ قالار، — دېدى ئۇ.

زېرىكىشتىن ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ، كىتابلار تىزىلغان ئىشكاپنى قاراشتۇرۇشقا باشلىدىم. ئەپسۇسكى، ھەممىسىلا تونۇش كىتابلار ئىكەن.

— زېرىكىپ قالدىڭىزغۇ دەيمەن؟ بۇ كىتابلار ئىچىدىمۇ تۇزۇكرەك بىرنەرسە يوق. مانا، ماۋۇ خەتنى كۆرۈپ بېقىڭ، — دېدى نۇرمان قولىدىكى قىزىل گىرۋەكلىك بىر كونۋېرتنى ماڭا سۇنۇپ.

— بۇ نېمە خەت؟ — دېدىم مەن قېلىن كونۋېرتقا قىزىقىش بىلەن قاراپ.

— سىز بىلەن بىزگە مۇناسىۋەتسىز، لېكىن بىر ئوقۇپ چىقىشقا ئەرزىيدىغان خەت، — دېدى نۇرمان.

بۇ يەردە ھەيران قالغۇدەك نېمە بار؟ ھايات قايناملىرى ئىچىدە ياشاۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئۆزئارا يېزىشقان بەزى خەتلىرىدە

بىزنىڭ ياتاق… بۇلارنىڭ ھەممىسى ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدىلا تۇرىدۇ . ئەمدى بۇ ئاجايىپ كۈنلەر قايتىپ كەلمەيدۇ ، لېكىن ياشلىقنىڭ شۇ گۈزەل چاغلىرى سىزنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئېسىمىزدىن بىر ئۆمۈر چىقمايدۇ .

شۇنداق بولسىمۇ ، مەن مەكتەپ ھاياتىنى ئەسلەشتىن ئۆزۈمنى قاچۇرىمەن ، نېمىشقا دېسەڭ ، ئۇ ماڭا بېشىمدىن ئۆتكەن ئېغىر ئىشلارنى ، مەن ئۇچۇن ئەڭ قىممەتلىك ، ئەبەدىي ئۇنتۇلماس ۋە ئەڭ ھەسرەتلىك بولغان بىر مۇھەببەت تارىخىنى ئەسلىتىدۇ . خېتىڭىزنى ئوقۇغاندىن كېيىن ، ئۆتكەن ئىشلار كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ ، مېنى يەنە ھەسرەت چۆلگە سۆرىۋالدى . بۇ كەچۈرمىشلىرىمنى ئەمدى ساڭا ئېيتماي تۇرالمايدىغان ئوخشايمەن .

قەمەر ، مېنىڭ ياشلىق قەلبىمنى ئىگىلىگەن ، مېنى قانچە-قانچە قېتىم ھاياجانلاندۇرۇپ ، شادلىق ۋە قايغۇلارغا سالغان بۇ مۇھەببەت تارىخىم بەلكىم سىزنىڭ ئۇچۇن زېرىكەرلىكمۇ تۇيۇلار . مېنىڭ بۇ ئەرزىمەس خېتىمنى تاشلاپ قويماي ئاخىرغىچە ئوقۇپ ، شۇ خەت قۇرلىرىغا تۆككەن مۇڭلىرىمنى چۈشىنىپ ، تۇرمۇش سەرگۈزەشتلىرىمنى ئېسىڭىزگە ئېلىپ قويساڭ ، سەندىن مەڭگۈ رازى بولاتتىم .

دوستۇم ، مېنىڭ سۆزلىگۈم ، بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ، ئويلىغانلىرىمنى ساڭا يازغۇم كېلىۋاتىدۇ . بۇنداق گەپلەرنى كۆرگەنلا كىشىلەرگە دەۋېرىشكە بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىسەنغۇ ؟… گەپنى باشتىن باشلىسام ، ھېلىقى دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن سەن ياتاققا قايتىپ كېلىپ ، دۇتارىڭنى ئاستا چېكىپ :

باyان قىلىنغان ئاجايىپ كەچۈرمىشلەر كىتابلاردىكى ۋەقەلىكلەردىنمۇ تەسىرلىك بولۇپ چىقىدىغۇ ؟ شۇنداق خەتلەرنىڭ قانچىسىنى بىز ئوقۇغان ، قانچىسىنى يازغۇچىلار بەدىئىي ئەسەر قىلىپ يېزىپ ، بىزگە تەقدىم قىلغان ئەمەسمىدى ؟... نۇرىمانىنىڭ قولىدىن خەتنى ئالدىم ـ دە ، يېنىمدىكى ئورۇندۇقنى تارتىپ ئولتۇرۇپ كونۋېرتنى ئاچتىم . شۇ ئوقۇغانچە ئاخىرغىچە ئوقۇپ كەتتىم . خەت مۇنداق يېزىلغانىدى :

× ×

قەمەر ، ياخشىمۇسەن ؟

خېتىڭنى تاپشۇرۇۋېلىپ ، «سېرىق ئاسلان» دېگەنىبىلەن مېنى ئۇنتۇماپتۇ ، دەپ خۇشال بولدۇم . مېنى سېغىنغانلىقىڭنى ، ئۇنىۋېرسىتېتتىكى چاغلىرىمىزنى ئەسلەيدىغانلىقىڭنى يېزىپسەن . دوستۇم ، ئۇ نېمىدېگەن ئوبدان چاغلار ئىدى ـ ھە ؟ ! سېنىڭ ھەر قېتىم دەپتەرلىرىڭنى سالغاندا ئاستىدىكى بىر تال تاختىيى تاراقلاپ چۈشۈپ كېتىدىغان ھېلىقى پارتاڭ (سەن ئۇ تاختاينى مىخلاپ قويساڭمۇ ، سىنىپىمىزدىكى بەڭباش ئوغۇللار يەنە ئۇنى ئاجرىتىپ قوياتتى ) ، ئوقۇش بىناسى ئالدىدىكى گۈللۈك ، گۈللۈكنىڭ چېتىدىكى ھېلىقى يوغان بىر تۇپ سانا ، سانانىڭ بىز «جۈپمۇ ، تاقمۇ ؟» دەپ پال سېلىپ ئوينايدىغان ئۇششاق يوپۇرماقلىرى ، مەكتەپنىڭ ئارقىسىدىكى چىمەنلىكلەر ئىچىگە بىلەن كەتكەن ئاياغ يوللار ، توپ مەيدانىنىڭ يېنىدىكى ئوغۇل باللار چاپانلىرىنى ئارتىپ قويىدىغان سۇنۇق تورنىك ، دېرىزىلىرىگە سەن قەغەزدىن گۈل قىيىپ چاپلاپ قويىدىغان

يا دوستۇم ئۇنتۇپ قالدىمۇ مېنى ،
يا توختاپ قالدىمۇ تومۇردا قېنى ،
نېمىشقا خېتى يوق ، سېغىندىم ئۇنى ،
يا شۇنداق توزارمۇ مۇھەببەت گۈلى ؟…

دېگەن ناخشىنى ئېيتىپ يۈرگەن چاغلىرىڭدا مەن رەپقەتكە يوشۇرۇن كۆيۈپ يۈرەتتىم . بۇ سىرىمنى مەن سەندىن مەخپىي تۇتاتتىم . سەن رەپقەت ھەققىدە نېمىشقىدۇر ياخشى پىكىردە ئەمەس ئىدىڭ . تۇرمۇشتا شۇنداق بولىدۇ : ئادەم بەزىدە تونۇشمىغان بىرەرىنى سىرتىدىن قاراپلا يامان كۆرۈپ قالىدۇ ؛ ئويلىساڭ ، ئۇ ساڭا ھېچبىر يامانلىقمۇ قىلمىغان ، نېمىشقا يامان كۆرىدىغانلىقىڭنى ئۆزۈڭمۇ چۈشەنمەيسەن ؛ بىر كۈنلەردە ، سەن ھېلىقى كىشىگە ئارىلاشساڭ ، ئۇ ئاجايىپ بىر ياخشى ئادەم بولۇپ چىقىدۇ… سەن رەپقەت ھەققىدە ، رەپقەت چىرايلىق قىزىل لازىنىڭ ئۆزى . قارىماققا ئۇ ھەرقانداق كىشىنى جەلپ قىلىدۇ . لېكىن ، ئىچى زەھەر ، دەيتتىڭ . ئېھتىمال ، ئۇنىڭ سوغۇق كۆرۈنۈشى ، ئۆزىنى مەغرۇر تۇتۇپ يۈرۈشى سېنىڭ ئۇنى «لازا» دەپ يۈرۈشىڭگە سەۋەبچى بولغاندۇ . مەن بولسام ئۇنىڭ ئەنە شۇ تەمكىن مىجەزىنى ياقتۇراتتىم . ئۇنىڭ «لازا»لىق خاراكتېرى مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلغانىدى . ئۇنىڭ تەبىئىتىدىكى ئەڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىگە سەپسالاتتىم . مەن ئۇنىڭغا ئاددىيلا ئەمەس ، بەلكى جان ـ دىلى بىلەن تەلپۈنگەن قىزنىڭ مۇھەببەتلىك كۆزى بىلەن قارايتتىم . ئەگەر ئۇنى «لازا» دېيىشكە توغرا كەلسە ، مەن ئۈچۈن ئۇ ھەسەلدىنمۇ تاتلىق «لازا» ئىدى .

ئېھتىمال ، سەن يۇقىرىقى گەپلىرىمدىن : «دېمەك ،

سىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىڭلار خېلى بۇرۇنلا باشلانغانىكەن ـ دە !»
دېگەن خۇلاسىنى چىقىرارسەن . ئالدىرىما ، رەپقەت بىلەن ئاددىي
دوست بولۇپ يۈرۈشنىڭ ئۆزىمۇ مەن ئۈچۈن چوڭ بەخت
بولاتتى . مەن بۇنداق ئامەتكە ھە دېگەندىلا ئېرىشەلمىدىم . ئۇنىڭ
ئىنچىكە ، ئېگىز بويى ، شەپكىسىگە پاتماي قالىدىغان قويۇق
چاچلىرى ، قىزلارنى نەزەرگە ئىلمىغاندەك قىلىپ مەغرۇر
يۈرۈشلىرى يۈرىكىمنى ئۆرتەيتتى . ئۇ ماڭىمۇ خۇددى باشقا
قىزلارغا قىلغاندەك سوغۇق مۇئامىلە قىلاتتى . مەن ئۇنىڭ بىلەن
يالغۇز ئۇچرىشىپ قالغان چېغىمدا قانداق ھالەتتە بولاتتىم ،
بىلەمسەن ؟ ئۇنى يىراقتىن كۆرۈشۈم بىلەنلا يۈرىكىم
ئىختىيارسىز دۈپۈلدەپ كېتەتتى . يۈرەكنىڭ مۇنداق سوقۇشىدا
قورقۇنچ يوق ئىدى ، ئەمما ئۇنىڭدا قورقۇنچتەك تۇيۇلىدىغان
شېرىن ۋە سىرلىق بىر ھېسسىياتلار بولاتتى . يۈزلىرىم خۇددى
يالقۇن ئالدىدا تۇرغاندەك قىزىشاتتى . مەن ئۇنىڭغا قاراشقا زادىلا
پېتىنالمايتتىم .

ئەنە شۇنداق قىينىلىش ئىچىدە ئىككى ئوقۇش يىلى
تۈگىدى . ئاھ ، مەن شۇ ئىككى يىل ئىچىدە قانچىلىك شېرىن
خىياللارنى سۈرمىدىم ، ياخشى كۆرگەن ئادىمىمنىڭ ئېتىبار
قىلماسلىقىنى چىدام بىلەن باشتىن كەچۈرۈپ قانچىلىك
ھەسرەتلەنمىدىم دەيسەن . يالغۇز ئۇچقان قۇش ، قاقاسلىقتا ئۈنۈپ
قالغان ئاجىز بىر تال گۈل ، بۇلۇتلار ئارىلاپ كېتىپ بارغان
يېگانە ئاي مېنىڭ ھېسداشلىقىمنى قوزغايتتى ، مېنى غەلىتە
خىياللارغا سالاتتى . شۇ كۈنلەرنى ئويلىسام كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم
بولىدۇ .

ئېسىڭدىمۇ قەمەر ، ھېلىقى يېڭى يىل كېچىسى

ئۇيۇشتۇرۇلغان تانسىدا تۇيۇقسىز يوقىلىپ كەتكىنىم؟ شۇ تانسىدا رەپقەتمۇ بار ئىدى. ئادەتتە، ئۇ تانسىلاردا كەم بولاتتى، ئەمما ياخشى ئويناىتتى (ئېھتىمال، بۇ مەن ئۈچۈن شۇنداقتۇ). شۇ كۈنى ئۇ بىرنەچچە قىزلار بىلەن ئوينىدى. مەن كۈتتۈم، لېكىن مېنى بىر قېتىممۇ تانسىغا تەكلىپ قىلمىدى. ئاخىر، ئەلەمگە چىدىماي تانسىدىن چىقىپ كەتتىم. ئىشىكتىن چىقىپلا، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي يىغلىۋەتتىم. تالادا قاتتىق سوغۇق بولۇۋاتاتتى. ھەممە يەر ئاپئاقچىلىق بولۇپ، ھېلىقى ماگا سىرداش بولۇپ قالغان يېگانە ئاي كۆكتە غەمكىن قاراپ تۇراتتى. مەن ماڭدىم، بىنالارنىڭ ئالدىدىكى ئادەمسىز قالغان يوللارنى ئارىلاپ ئۆتۈپ، يىراقلارغىچە كەتتىم. قەيەرلەردىندۇر گارمون ئاۋازى كېلەتتى، قايسىبىر ئۆيلەرنىڭ دېرىزىلىرىدىن كۈلكە ئاۋازى ئاڭلىناتتى. ھەممە بايرام خۇشاللىقىغا چۆمگەن شۇنداق بىر كېچىدە مېنىڭ سوغۇق يەپ يۇلتۇزلارغا قاراپ يىغلاپ كېتىپ بارغانلىقىمنى شۇ تاپتا بىرەرى كۆرسە نېمىمۇ دەپ ئويلار ئىدى؟!... رەپقەتنىڭ شۇ كۈنى ماگا قىلغان مۇئامىلىسى بەكمۇ قاتتىق بىلىندى. مەن قايتىپ كەلگىنىمدە، سەن تانسىدىن چىقىپ، ياتاقتا كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرغانىكەنسەن.

— نەگە يوقالدىڭ، بىرەرى بىلەن يۈرۈۋاتامسەن، قانداق؟ — دېدىڭ سەن كىتابتىن كۆزۈڭنى ئۈزۈپ. مەن:

— بىرەرى بىلەن!... — دېدىم-دە، ياش تولۇپ تۇرغان كۆزلىرىمنى سەندىن قاچۇردۇم.

مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، تەكرار ۋاقتىدا ئوقۇتقۇچىلار بىلەن قانداقتۇر مەسىلىلەر ئۈستىدە تالاش - تارتىش قىلىپ قىزىشىپ كېتىدىغان شۇ يىگىتنىڭ چاچلىرىنى سىلاش، ئۇنىڭغا

ئايالّلارچە غەمخورلۇق قىلىش ، ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىپ سىردىشىش ئىستىكى مېنىڭدە كۈنسېرى ئۇلغىيىپ باراتتى . زىمىستان قىش كېتىپ ، ئىللىق قۇياش نۇرى پۈتۈن تەبىئەتكە جان كىرگۈزگەندە ، «مېنىڭ مۇھەببەت باھارىم قاچان كېلەر ؟» دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە سوئال قوياتتىم ؛ گۈللەر چېچەك ئېچىپ ، تەبىئەت ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇلغاندا ، «مېنىڭ مۇھەببەت گۈلۈم قاچان ئېچىلار ؟» دەپ ئويلايتتىم ؛ گۈللەر سولىشىپ ، رەھىمسىز كۈز شاملى دەرەخلەرنى يالىڭاچلىغاندا ، «بۇ مۇھەببەت سەۋداسى مېنى نەگە ئاپىرىپ تاشلار ؟» دەپ خىيالغا پاتاتتىم...

باھار ئايتىپى قانچە كۈچسىز بولسىمۇ ، قەھرىتان قىشنىڭ قار - مۇزلىرىنى ئېرىتمەي قويمايدۇ . مېنىڭ يۈرىكىمدىكى ھېسسىيات تېشىغا تەپمەسلىكى ، مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان يېقىنچىلىقىم تەسىر كۆرسەتمەسلىكى مۇمكىنمۇ ؟... بىز ئاخىر يېقىنلىشىپ قالدۇق . بۇ ئۇچىنچى ئوقۇش يىلى بولغان ئىش ئىدى .

— سانىيە ، — دېدى بىر كۈنى رەپقەت ، — كۆڭلىكىمنىڭ ياقىسىنى سۆكۈپ قويۇپ ، ئۆرۈپ ئورنىتىمەن ، دەپ زادىلا ئەپلەشتۈرەلمىدىم . ۋاقتىڭىز تەگسە ئورنىتىپ بېرەرسىزمۇ ؟

قىزىق ، مېنىڭ نېمىشقا ۋاقتىم تەگمىسۇن ؟ مەن دەرھاللا رازى بولدۇم . كۆڭلەكنىڭ بىقىنىمۇ بىرئاز يىرتىلىپ قالغانىكەن ، ئۇ يەرنى ئىخلاس بىلەن يامىدىم . ئۇنىڭ كۆڭلىكىنى ياتىقىغا ئەكىرگەن چېغىمدا ، ئورۇن - كۆرپىلىرىنىڭمۇ سەل كىرلىشىپ قالغانلىقىنى بايقىدىم - دە ، ئۇنىمىغىنىغا قويماي ، كىرلىكلىرىنى سۆكۈپ ، يۇيۇپ بېرىش ئۈچۈن ئاچىقىپ كەتتىم .

ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭنىڭ ھاجىتىدىن چىقىش ، يۈرەككە قانچىلىق شادلىق بېغىشلايدۇ - ھە؟ شۇ يەكشەنبە ماڭا ھايتىمدىكى ئەڭ كۆڭۈللۈك ئەمگەك كۈنى بولدى .

شۇنىڭدىن باشلاپ بىز ئۆزئارا مۇئامىلە قىلىشتۇق . قەمەر ، «1 - ماي» كېچىسى شەھەر باغچىسىدىكى سەيلىگە بارغىنىمىز ئېسىڭدىدۇ؟ ئارتىسلارنىڭ ئويۇنىدىن كېيىن تانسا بولدى . بىز رەپقەت ئىككىمىز كىشىلەر توپىدىن يىراقلىشىپ ، باغنىڭ دەرەخلەر قاراڭغۇلۇق تاشلاپ تۇرغان تەرىپىگە قاراپ كەتتۇق . ئاستا مېڭىپ ، يوغان بىر توپ دەرەخ ئاستىغا قويۇلغان ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇق . بىزگە قانات يېيىپ تۇرغان دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن يۇلتۇزلار غىل - پال كۆرۈنۈپ قالاتتى...

— سانىيە ، — دېدى رەپقەت ، — سىز مېنى ياخشى كۆرەمسىز؟

— ياخشى كۆرمىگەن بولسام ، يېنىڭىزدا ئولتۇراتتىممۇ؟— دېدىم مەن سەل تىترەك ئاۋازدا .

ئۇ كۈلدى ۋە :

— مەن ھەممىنى بىلىمەن ، — دېدى .

— نېمىنى بىلىسىز؟

— سىزنىڭ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى...

— قانداق بىلىسىز؟

— سىز ئېيتمىغان بىلەن كۆزلىرىڭىز ماڭا بۇنى ئېيتىپ بولغان .

— توۋا! — دېدىم ، — ئۇنداق بولسا مېنى نېمە ئۈچۈن شۇنچە قىينايسىز؟

— ئۆزۈمۇ بىلمەيمەن ، — دەپ پىچىرلاپ ، بېشىنى مەن تەرەپكە ئېگىشتۈردى ئۇ .

ئۇنىڭ تىنىقى يۈزۈمگە ئۇرۇلغاندەك بولدى . رەپقەت مېنى سۆيدىمۇ ياكى مەن ئۇنى سۆيدۈممۇ ، بىلەلمىدىم . بىزنىڭ لەۋلىرىمىز تۇيۇقسىز ئۇچرىشىپ قالدى . بۇ مەن ئارزۇ قىلغان بىر سۆيۈش ئىدى . بېشىم ئايلىنىپ ، بوشىشىپ كەتتىم . ئاسمان ۋە يۇلتۇزلار ئەتراپىمدا پىرقىراۋاتقاندەك بىلىندى . شۇ كېچە ، ياتاققا قايتىپ كېلىپ ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلۈپ ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدىم...

ئەتىسى چەكسىز بەخت ئىچىدە ئورنۇمدىن تۇردۇم . ھاۋا رەڭ ئوقۇش بىناسى ماڭا ئىلگىرىكىدىنمۇ چىرايلىق بولۇپ كۆرۈندى . بىنانىڭ ئەتىگەنلىك قۇياش نۇرى ئەكس ئېتىپ تۇرغان بارلىق دېرىزىلىرى ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەۋاتقاندەك قىلاتتى . ماي كېچىسىدىكى قىزغىن سۆيۈش ماڭا ئۇنتۇلماس خاتىرە بولۇپ قالدى . بۇ مەن چىن قەلبىمدىن ياخشى كۆرگەن ، ياشلىق ئۈمىدىمنى بېغىشلىغان ئادەمنىڭ سۆيۈشى ئىدى . شۇنىڭدىن باشلاپ ماڭا پۈتۈن تەبىئەت ، پۈتۈن مەۋجۇدىيەت باشقىچە يېڭى ، باشقىچە يېقىملىق ، باشقىچە گۈزەل كۆرۈنىدىغان بولدى .

لېكىن بۇ خۇشاللىقىم ئۇزاققا سوزۇلمىدى . شادلىقنىڭ كەينىدىن قايغۇمۇ ئىز بېسىپ كېلىۋاتقانىكەن . ئاخىر ، ئۇمۇ يېتىپ كەلدى . بۇ ئاخىرقى ئوقۇش يىللىرىنىڭ بېشىدا بولغان ئىش ئىدى .

بىر كۈنى (شەنبە كەچ بولسا كېرەك ) مەن رەپقەتنىڭ ياتىقىغا كىردىم . ئۇ كىمدۇر بىرىنىڭ ياتىقىغا رادىيو ئاڭلىغىلى چىقىپ كەتكەنىكەن . ياتاقتا ئەنۋەر (ھېلىقى سەن بىلەن تولا

چىقىشىدىغان ئەنۋەر ) يالغۇز ئولتۇرۇپتۇ . ئەنۋەر ئىككىمىز پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق . كېيىن ، ئۇنىمۇ بىرى چاقىرىپ چىقىپ كەتتى.. ياتاقتا مەن يالغۇز قالدىم . زېرىككىشتىن رەپىقەتنىڭ كارىۋىتى ئالدىدىكى ئۈستەل ئۈستىدە تىزىقلىق تۇرغان كىتابلارنى كۆرۈشكە باشلىدىم ، بىر چاغدا قولۇمغا قارا مۇقاۋىلىق قېلىن بىر دەپتەر چىقىپ قالدى . بۇ رەپىقەتنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى ئىكەن . كىم ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرگەن ئادىمىنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇشىغا تەئەللۇق بولغان نەرسىنى كۆرۈشكە قىزىقمىسۇن ! ؟ بىراۋنىڭ خاتىرىسىنى رۇخسەتسىز كۆرۈشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى كۆڭلۈمگە كەلتۇردۇميۇ ، يەنە ئىختىيارسىز ئۇنى ۋاراقلاشقا باشلىدىم .

مانا ، ئۇنتۇلماس كۈن — 1 ـ ماي . رەپىقەت شۇ كۈن ھەققىدە نېمىلەرنى يازدىكىن ؟ ! لېكىن ، خاتىرىگە مەن كۈتكەندىن باشقىچە مەزمۇندىكى سۆزلەر يېزىلغانىكەن . مەن ئالدىراپ ئوقۇپ كەتتىم :

«1 ـ ماي .

… مەن نېمە بولدۇم ؟ س… ئاق كۆڭۈل ، ياخشى قىز . مېنى چىن مۇھەببەت سېزىمى بىلەن ياخشى كۆرىدۇ ، مەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىمەن . ئەمما ، ئۇنى م… نىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇشنى خالىمايمەن . س… بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم چېكىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك . چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىش ، م… گە خىيانەت قىلغانلىق بولىدۇ… »

دەپتەر قولۇمدىن چۈشۈپ كەتتى . زېھنىم چاقماق تېزلىكىدە خۇلاسە چىقارماقتا ئىدى : م ··· دېگەن كىم؟ م ··· رەپىقەتنىڭ كۆڭۈل دەپتىرىدىكى قىز . ئۇ : م ··· نى سۆيىدۇ ، مېنى بولسا پەقەت ياخشى كۆرىدۇ ، لېكىن م ··· نىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇشنى خالىمايدۇ··· ئاھ ، رەھىمسىز پەلەك . بۇ قانداق دەھشەت ـ ھە ! ماڭا ئەمدى بۇ يەردە نېمە بار ؟···

سىرتقا چىقىپ كەتتىم . ھاۋا ئوچۇق ئىدى . ئاچچىق شامال تېنىمنى شۈركۈندۈرۈۋەتتى . ئاسماندا ئۈزۈپ يۈرگەن يېگانە ئاي ماڭا «سەن ئۆزۈڭگە جۈپ ئىزدەيسەنۇ ، لېكىن ماڭا ئوخشاش ھامان يالغۇز سەن» دېگەندەك قىلىپ ، سوغۇق كۈلۈپ قارايتتى··· مېنىڭ قەلبىمدە بەخت يۇلتۇزى پارلىغانىدى ، ئەپسۇسكى ، ھازىر كۈندىلىك خاتىرىنىڭ شۇ لەنتى سەھىپىلىرى ئۇنى قارا بۇلۇت بولۇپ قاپلىۋالدى···

قەمەر ، شۇ قۇرلارنى ئوقۇغاندا سەن ماڭا ئېچىنارسەن ياكى «ھەي ساراڭ !» دەپلا قويارسەن . ئەتىسىدىن باشلاپ مەن رەپىقەتكە خاپا بولۇپ يۈردۈم . مېنىڭ نەپرىتىمنىڭ نېمىدىن بولغانلىقىنى يەرگە چۈشۈپ كەتكەن دەپتەر ئۇنىڭغا چۈشەندۈرگەندۇ··· بىز ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ھېچ ئىش ئۆتۈلمىگەندەك چاندۇرماي يۈرسەكمۇ ، كۆزلىرىمىز بىر ـ بىرىگە ئىشەنچلىك تىكىلەلمەيتتى . بىز يەنە ئىلگىرىكى ئىككى كىشىگە — ئۇ ماڭا ئېتىبارسىز قارىغۇچى رەپىقەتكە ، مەن ھەسرەتلىك سانىيەگە ئايلاندۇق···

بۇ يەردە كىم ئەيىبلىك ؟

ئويلا ـ ئويلا ، ۋىجدانىم يەنە رەپىقەتنى ئاقلاشقا باشلىدى . ئۇنىڭدا نېمە گۇناھ بولسۇن ، مەن ئۆزۈم ئۇنىڭ تىپتىنچ ئىچكى

دۇنياسىغا بېسىپ كىرمىدىممۇ ؟ شۇنداق . ئۆزۈم ئۇنىڭ قەلبىنى ئىگىلەشكە ئۇرۇندۇم . ئۇنىڭ قەلبىدە باشقا بىر كىشى بارمۇ ، يوقمۇ ، سۈرۈشتۈرمىدىم . يوشۇرۇن كۆيۈش مېنى قارىغۇ قىلىپ قويغانىدى . مېنىڭ قانداقلارچە ئۇنىڭدىن رەنجىش يولۇم بولسۇن ؟...

— رەپقەت ، — دېدىم بىر كۈنى ھودۇققان ھالدا ، — سىز نېمىشقا مېنىڭدىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرۇپ يۈرىسىز ؟

— مەن ئالدىڭىزدا ئەيىبلىك ، — دېدى ئۇ .

— قويۇڭە ، ئۇ گەپلەرنى قىلمايلى ، بىز بۇرۇنقىدەك دوستلارچە مۇئامىلە قىلىشىپ يۈرەيلى .

مەن ئۇنىڭدىن شۇنى تەلەپ قىلدىم . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ماڭا كۆيۈنىدىغان ، دوستلارچە غەمخورلۇق قىلىدىغان بولدى . مەن چۈشىنىمەن ، ئۇ ئارىمىزدا يۈز بەرگەن كۆڭۈلسىزلىكلەرنى كۆتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن شۇنداق تىرىشماقتا ، ماڭا پەقەت يېقىن ساۋاقدىشى سۈپىتىدىلا قويۇق مۇئامىلە قىلماقتا ئىدى . لېكىن ، ئۇنىڭ بۇ پوزىتسىيەسى مېنى قايتىدىن بىچارە ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى . ھامان كۆڭلۈم بۇزۇلاتتى . ۋاي ياقەي ، مېنىڭ ئۇنىڭدىن مۇھەببەت كۈتۈشكە نېمە ھەققىم بولسۇن ؟ ئۇنىڭ م ... ئىسىملىك سۆيگەن قىزى بارغۇ ؟... ئۆز - ئۆزۈمگە شۇنداق سوئاللارنى قوياتتىم . ئەمما ، مۇھەببەتلىك يۈرەك مېنى تىنچلاندۇرمايتتى . ئۈمىد قىلغان نەرسەمنىڭ مېنىڭ بولماسلىقىنى چۈشىنىشىم مېنى ھەسرەتكە ھالاتتى .

بىر كۈنى رەپقەت ماڭا :

— سانىيە ، ماھىبەدەردىن خەت كەلدى ، ئۇ يېقىن ئارىدا ئۈرۈمچىگە كېلىپ ، ھەدىسىنىڭ ئۆيىدە بىر ئاز ۋاقىت

تۆرىدىكەن ، — دېدى .

— ھە ، ماھىبەدەر ؟ !

مەن چۆشەندىم . ھېلىقى كۈنى ، كۈندىلىك خاتىرىدىكى «م ••• » دېگەن ھەرپنى ئوقۇغىنىمدىن كېيىن ، قانچە كېچىلەر خىيالىمدا «بۇ بەختلىك قىزنىڭ ئىسمى زادى نېمىكىنە ؟ » دەپ ، قىزلارنىڭ «م » ھەرپى بىلەن باشلىنىدىغان تالاي ئىسىملىكلىرىنى ئېسىمغا ئالغانىدىم . ئەجەب مۇنداق غەلىتە ئىسىم (بۇ ئىسىم شۇ چاغدا ماڭا شۇنداق غەلىتە بىلىنىپ كەتكەندۇر ، بەلكىم ) خىيالىمغا كېلىپ باقمىغانىكەن .

باش باھارنىڭ ھاۋا بۇلۇتلىنىپ تۇرغان سوغۇق بىر كېچىسى ئىدى (ئېھتىمال شەنبە كۈنى بولسا كېرەك ) . ھېلىقى بىز بىلەن يېقىن ئۆتىدىغان مېھرىنسانىڭ ئۆيىدىن قايتىپ كېلىۋاتاتتىم . قاراڭغۇ ئارقا كوچىدىن ئېلېكتىر چىراغلىرى بىلەن يورۇپ تۇرغان چوڭ يولغا ئاز قالغاندا ، ئويلىمىغان يەردىن رەپقەتكە ئۇچراپ قالدىم . ئۇ بىر قىز بىلەن قولتۇقلىشىپ يېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى . تونۇش گەۋدە ، تونۇش ئاۋاز ، بىر مىنۇتقا يۈرىكىم توختاپ قالغاندەك بولۇپ ، ئورنۇمدا مىخلاپ قويغاندەك تۇرۇپ قالدىم . «دېمەك ، ماھىبەدەر كەپتۇ ـ دە ؟ » ئارقامغا يېنىپ ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭدىم .

قەمەر ، سەن : «سانىيە ، نېمانچە ئەقىلسىزلىق قىلغانسەن ؟ » دەيدىغانسەن ، باشقىلارنىڭ ئارقىسىدىن ئوغرىدەك ماراپ يۈرۈشنىڭ قانچىلىك تېتىقسىزلىقىنى ئويلاپ ، ئۆز ـ ئۆزۈمدىن خۇدۇكسىنگەن بولسامۇ ، مەن ئېرىشەلمىگەن بەختكە ئېرىشكەن ئاشۇ تەلەيلىك قىزنى بىر كۆرۈۋېلىش ئىستىكى مېنى يېتىلەپ كېتىپ باراتتى . ئۇلار چوڭ بىر دەرەخنىڭ دالدىسىغا

كېلىپ توختاشتى ـ دە ، نىمىلەرنىدۇر دەپ گۇدۇڭلاشتى . قىزنىڭ كۈلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى . مەن يول بويىدىكى كىچىككىنە بىر كۆچەتنى مەھكەم تۇتۇپ ، ئالدىمدىكى ھېچنېمىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان قاراڭغۇلۇققا قاراپ تۇراتتىم . ئۇستۇمدىكى كىيىمىم يېلىڭ بولغاچقا ، ئەتىيازنىڭ سوغۇق شامىلى جېنىمدىن ئۆتۈپ تىترەتتى . ئۇنى ئاز دەپ سىمىلداپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى . ئۇلار دەرەخ ئاستىدىن قوزغىلىپ بىر يان كوچىغا كىردى . بۇ كوچىنىڭ ئاخىرى ئايلىنىپ يەنە بايىقى كوچىغا چىقىدىكەن ، ئۇلار يەنە ھېلىقى چوڭ دەرەخنىڭ ئاستىغا كەلدى . ئۇ يەردىن ئۆتۈپ يەنە يان كوچىغا بۇرۇلدى . شۇنداق قىلىپ ، بۇ ئىككى كوچىنى قانچە قېتىم ئايلانغىنىمىزنى بىلمەيمەن . ئويلىسام ، ھەقىقەتەنمۇ بىر ساراڭ ئىكەنمەن ، ھە راست ، شۇ ئارىدا قاياقتىنىدۇر بىر مەست پەيدا بولۇپ قالدى . ئۇ پۇتلىرىنى سۆرەپ ئارقامدىن كېلەتتى . مەن ئالدىمدىكى ھېلىقى بىر جۈپ گەۋدىنى ئەگىشىپ ماڭاتتىم ، ھېلىقى مەست ماڭا ئەگىشىپ كوچىلارنى پىرقىراۋېرىپ زېرىكتىمۇ ياكى مېنى «بېشى ئايلىنىپ قالغان بىرنېمە ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ قالدىمۇ ، بىر چاغدا يوقالدى . رەپقەت بىلەن ماھىبەدەر ئاخىر ئېلېكتىرلىك چوڭ كوچىغا چىقتى ، مەن ئۆز رەقىبىم ماھىبەدەرنى ئارقا تەرىپىدىنلا كۆردۈم . ئۇ ئوتتۇرا بوي ، زىلۋا كەلگەن قىز ئىكەن . ئۇ رەپقەتكە مەھكەم يېپىشىپ كېتىپ باراتتى . مەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قارىسى يىتكۈچە قاراپ تۇردۇم ـ دە ، ئاندىن چوڭ كوچىغا چىقماستىن ، ئارقا كوچىلار بىلەنلا مەكتەپكە قاراپ كەتتىم . خىيال بىلەن مېڭىپ ، مەكتەپ ئىچىگە ئاز قالغان ۋاقتىمدا ، كىمدۇر بىرىنىڭ «توختاڭا !» دېگەن ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئارقامغا

قارىسام ، مېنىڭدىن ئىككى قەدەم نېرىدىلا ھېلىقى مەست دەلدەڭلەپ تۇرۇپتۇ . «ئاپا !» دېگەنچە جېنىمنىڭ بارىچە يۈگۈردۈم .

ياتاقتا كەلگىنىمدە ، كېچە سائەت بىردىن ئاشقانىكەن . ئەتىسى ئورنۇمدىن تۇرالمىدىم ، رەپقەت مېنى يوقلاپ كىرگەندە ئوت - كاۋاپ بولۇپ قىزىپ ياتاتتىم . دوختۇر : «قاتتىق سوغۇق تەگكۈزۈپسىز » دېدى .

مەكتەپ دوختۇرخانىسىدا ئىككى ھەپتە يېتىپ چىقتىم . كۆڭلۈمدە رەپقەتتىن قەتئىي قول ئۈزۈش قارارىغا كەلدىم . ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتى . مەكتەپ پۈتكۈزۈش ئىمتىھانىغا جىددىي تەييارلىنىشقا باشلىدۇق . كېيىن ، ھەرقايسىمىز ھەر تەرەپكە تەقسىم قىلىنىپ كەتتۇق . رەپقەت غۇلجىغا ، مەن سۆيۈملۈك يۇرتۇمغا ماڭدىم .

يېڭى خىزمەتكە چىققانلاردا بولىدىغان تەشۋىش ۋە ھاياجانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دەسلەپكى خىزمەت يىلىمۇ ئاخىرلاشتى . خىزمەت بىلەن ئۆتكەن مۇشۇ بىر يىل ۋاقىت ماڭا مېنىڭ رەپقەتكە قانچىلىك كۆڭلۈم بارلىقىنى ئاشكارىلىدى . ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنى ئۇنتۇيالمىدىم . قانداق قىلىپ ئۇنىڭغا شۇنچە باغلىنىپ قالغانلىقىمغا ئەقلىممۇ يەتمەيتتى . ئەمدى قانداق قىلىشىم كېرەك ؟ ئۇنىڭدىن كۆتىدىغان ھېچنېمە قالمىغانغۇ ؟ مۇھەببەتلىك ئىككى كىشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈچىنچى بىر كىشىنىڭ ئوشۇقچە سۆرىلىپ يۈرۈشىنىڭ نېمە ھاجىتى ؟ سانىيە ، ساڭا ئۇيات ئەمەسمۇ ؟… دېگەندەك سوئاللارنى قويۇپ ، ئۆز - ئۆزۈمنى ئەيىبلەيتتىم . لېكىن ، ھېلىقى «1 - ماي» كېچىسىدىكى ئۇنتۇلماس سۆيۈشنى بولسا زادىلا يۈرىكىمدىن

چىقىرالمايتتىم . ئېھتىمال ، ماھىبەدەر بىلەن رەپقەت تويمۇ قىلىشىپ بولغاندۇ ؟ ئاھ ، ئەمدى مېنىڭ ئۇنى ئۇنتۇپ ، باشقا بىرىنى ياخشى كۆرۈشكە كۈچۈم يېتەرمۇ !...
يازلىق كانىكولغا كەلگەندە سالامەتلىكىم ياخشى بولماي قالدى . شۇ كۈنلەردە سەيدۇلدىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدىم . خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى :

«سانىيە !
بۇ ساڭا ئىككىنچى قېتىم خەت يېزىشىم . سەن كەتكەندىن بۇيان سېنى زادى ئۇنتۇيالمىدىم ، ئەگەر سەن باشقا بىرىنى ياخشى كۆرىدىغان بولساڭ ، بۇ باشقا گەپ ، بولمىسا ، بىز نېمە ئۈچۈن بىرگە بولالمايمىز ؟... »

خەتنى تاپشۇرۇۋالغان كۈنى ئۇزاق ئويلاندىم . مەكتەپتە ئۆتكەن پۈتۈن ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىمنى بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىمدىن ئۆتكۈزدۈم . ئەنە ، ماڭا قىزىرىپ تۇرۇپ تەكلىپ بەرگەن يىگىت ئەنۋەر ، مېنىڭ بىلەن دائىم چېقىشىپ ، كىتابلىرىمنىڭ ئارىسىغا «چاقچاق خەت»لىرىنى قىستۇرۇپ قويىدىغان ئوسمان ۋە يەنە سەيدۇلنىڭ ئارقا - ئارقىدىن يازغان خەتلىرى... رەپقەتكە بولغان مۇھەببىتىم تۈپەيلى مەن نېمىلەردىن كەچتىم ، قانچىلىك ئاجايىپ نەرسىلەرنى ۋەيران قىلىۋەتتىم - ھە ! ئەمدىچۇ ، رەپقەتتىن مەن يەنە نېمىنى كۈتىمەن ؟ ئۈمىد يىپى ئاللىبۇرۇن ئۈزۈلۈپ بولغانغۇ ؟... ئەمەلگە ئاشمايدىغان شۇ تىلەك ئۈچۈن مەن پۈتۈن ھاياتىمنى سېلىپ بېرەمەنمۇ ؟...

بۇ كېچە مەن باشقىچە ئويلىدىم ، سەيدۇلغا تۇرمۇشقا چىقىش قارارىغا كەلدىم : نېمە ئۈچۈن مەن سەيدۇلنىڭ مۇھەببىتىنى ھۆرمەت قىلمايمەنكەن ؟ نېمە ئۈچۈن مەن ئۇنى قىينايمەن ، قول سۇنغان ئادىمىگە ئېرىشەلمەسلىكتىن بولىدىغان ئازابلار ماڭا تونۇشقۇ ؟··· رەپقەت ، رەپقەت ؟ سەن زادى نېمەڭ بىلەن مېنى ئۆزۈڭگە شۇنچە باغلىۋالغانىدىڭ ؟ سەن مۇھەببەتنى چۈشەنمەيدىغان ، كىشىنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىغان ئاچچىق «لازا»غۇ !···

ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ، دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن داۋالىنىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە ماڭدىم . سەيدۇل ئۈرۈمچىدە بولغاچقا ، يۈزمۇيۈز تۇرۇپ ، بىرنېمە دېيىشمەكچى بولۇپ ، ئۇنىڭغا جاۋاب خەتمۇ يازمىدىم .

ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئەتىسىلا كوچىدا رەپقەتنىڭ يېقىن ئاغىنىسى ئۆمەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم . ئىختىيارسىز ئاغزىمدىن :

— رەپقەتتىن خەت كېلىپ تۇرامدۇ ؟ — دېگەن سۆزنىڭ قانداق چىقىپ كېتىپ قالغانلىقىنى ئۆزۈممۇ سەزمەي قالدىم .

— خەت كېلىۋاتىدۇ ، سىزگىمۇ خەت يېزىپ تۇرىدىغاندۇ ؟ — دەپ سوئالىمغا سوئال بىلەن جاۋاب بەردى ئۆمەر .

— ئۇ بىزنى ئۇنتۇپ قالغان بولماي ··· — دېدىم مەن .

— ئۇنتۇمدۇ ! كەچتە بىزنىڭ ئۆيگە بېرىڭ ، ئۇنىڭ سىزنى ئەسلەپ يازغان بىر پارچە خېتى بار ، — دېدى ئۆمەر .

كەچتە ئۆمەرنىڭ ئۆيىگە باردىم . ئۇ بىر سېرىق كونۋېرتنى ئىشكاپتىن ئېلىپ بەردى . بۇ رەپقەتنىڭ ئۆمەرگە يازغان خېتى

بولۇپ ، ئۇنىڭغا ھەقىقەتەنمۇ ماڭا مۇناسىۋەتلىك گەپلەر بار ئىكەن .

«ئۆمەر ، نېمىشقىدۇر ماھىيەدەرگە ئىلگىرىكىدەك مەيلىم يوق ، — دەپ يېزىپتۇ رەپقەت ، — ئويلىسام ، سانىيە قەلبىمنى ئىگىلەپ بولغانىكەن ، ئۆزۈمدە ماھىيەدەرگە بەرگۇدەك مۇھەببەتنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلدىم . ئۆمەر ، مەن شاختىن - شاخقا قونۇپ يۈرىدىغان قۇشقاچ بولۇپ قالدىممۇ ؟ ياق . سانىيە ماڭا ئۆزىنىڭ كۆڭلى بارلىقىنى ئېيتقاندا ، مەن قاتتىق ھاياجانلاندىم . قىزلار ئۇچۇن بۇ سۆزنى ئېيتىش ئاسانمۇ ؟ ... مەن ئۇنىڭغا ئىچىندىم ، ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ يۈردۈم . ئەمما ، كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭغا كۆڭلۈم باغلىنىپ بارىۋەردى ، ئۇنىڭ غەرەزسىز ، ساپ مۇھەببەت ئوتى بىلەن چاقنىغان كۆزلىرى مېنىڭدە ھېسسىيات ئويغاتتى . لېكىن ، ئارىمىزدىكى باغلىنىشنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى مەكتەپتىكى چېغىمىزدا مەن تېخى ئېنىق بىلمىگەنىكەنمەن . ئۇنىڭدىن ئايرىلغاندىن كېيىن بۇ باغلىنىشنىڭ كۈچىنى سەزدىم ... مەن ئۇزاق ئويلاندىم . ئاخىردا ھەممىنى چۈشەندىم : مېنىڭ ماھىيەدەرگە قارىتا ‹مۇھەببەت› دەپ يۈرگىنىم — يېڭىدىن يېتىلىپ كېلىۋاتقان يىگىتنىڭ قانداقلا بولمىسۇن بىر قىزنى ياخشى كۆرۈشكە ئىنتىلىشىدەك ئاددىي سېزىمدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىكەن ؛ سانىيەگە بولغان مەيلىم بولسا يېتىلگەن يىگىتنىڭ ھەممە تەرەپتىن ئويلاشقان ، تولۇق ۋايىغا يەتكەن مۇھەببىتى ئىكەن . بۇ ئىككى خىل ‹مۇھەببەت›نى قانداقمۇ تەڭ ئورۇندا قويغىلى ، بىر - بىرىگە تەڭلەشتۇرگىلى بولسۇن ؟...

بۇ ئىشلارنى ماھىيەدەرگە ئېيتتىم . ئۇ ئىككى ئايغىچە

قىينىلىپ يۈردى . مەن ئۇنى دەردكە سىلىپ قويدۇم . بىچارە قىز شۇ ئىككى ئاي ئىچىدە جۇدەپلا كەتتى . ئۇ ئاخىردا ماڭا مۇنداق خەت يېزىپتۇ :

«رەپقەت !

مۇھەببەت ھەر ئىككى تەرەپ خالىغاندىلا چېچەكلەپ مېۋە بېرىدىغان نەرسە ، سەن ئۇنداق دەۋاتقاندىن كېيىن مېنىڭ نىمە ئىلاجىم ؟ كەلگۈسىدە بىز ئائىلىلىك بولغان تەقدىردىمۇ ، بىزنىڭ ئائىلىمىزنىڭ كۆڭۈللۈك ئائىلە بولۇشى يوق گەپ . مۇھەببەتسىز ئۆينى مېنىڭمۇ كۆرەر كۆزۈم يوق . خەير ، رەپقەت ، سەن مېنى چۈشىنىسەن ، مەن سېنى ئەيىبلىمەيمەن . سەن ماڭا ھېچقانداق يامانلىق قىلمىدىڭ ، خالىغان قىزىڭ بىلەن بەختلىك بولغىن ! »

ئۆمەر ، ئويلىغىنا ، مەن نىمىلەرنى قىلىپ قويدۇم . ماھىبەدەر مېنى «خالىغان قىزىڭ بىلەن بەختلىك بولغىن» دەپتۇ . خالىغان قىزىم قەيەردە ؟ ئۇ ئېھتىمال ئائىلىلىكمۇ بولۇپ بولغاندۇ ؟... »

قەمەر ، خەتنى قانچە قېتىم قايتىلاپ ئوقۇغىنىمنى بىلمەيمەن . ئۆمەرنىڭ ئۆيىدىن كەچلىك ئاپتوبۇستا ئولتۇرۇپ قايتىپ كېلىۋاتقان چېغىمدىمۇ خەتنىڭ ھەربىر قۇرلىرى ۋە ئۇنىڭغا يېزىلغان سۆزلەر كۆز ئالدىمدىلا تۇراتتى . كۆردۇڭمۇ ، قەمەر ، رەپقەتنىڭ مۇھەببىتى شۇنچە چوڭقۇر ئىكەنۇ ، مېنىڭ مۇھەببىتىمنى ئۇ شۇنچە پۇچەك چاغلاپتۇ . مەن قانداقمۇ باشقا بىرى بىلەن ئائىلىلىك بولاي ! ؟

مەن ھەممىنى — سەيدۇلنىمۇ ئۇنتۇدۇم ، ئەتىسىلا رەپقەتكە خەت يېزىۋەتتىم .

شۇ قېتىم ئۇرۇمچىدە بىر ئايغا يېقىن داۋالاندىم ۋە ئىككى ئايلىق دەم ئېلىش قەغىزى ئېلىپ ، دەم ئېلىش ۋاقتىمنى غۇلجىدا ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن مېڭىپ كەتتىم .

قەمەر ، سەن بۇ تەرەپلەرگە ئۆتمىگەنسەن . ئىلى ۋادىسى ئۆزىنىڭ كۆركەملىكى بىلەن مېنى تاڭ قالدۇردى . تەبىئەت بۇ زېمىنغا ئۆز گۈزەللىكىنى ئايىماي بەرگەنىكەن . مەن كەلگەن چېغىمدا باغلاردا ئالمىلار پىشىپ يېتىلگەنىكەن . رەپقەت ئىككىمىز سىرتلارغا چىقىپ ئايلاندۇق . يوپۇرماقلار ئارىسىدىن ئۇياتچان قىزلاردەك مارىشىپ تۇرغان قىپقىزىل ئالمىلار ، رەڭمۇرەڭ ئېچىلغان گۇللەرنى تاماشا قىلدۇق . ئىلى دەرياسى بويىدىكى چاتقاللىقلار ئارىسىدىن كەتكەن ئاياغ يوللار بىلەن ماڭدۇق . شەھەر باغچىسىدىكى ئورۇندۇقتا ياندىشىپ ئولتۇرۇپ ، ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە مۇنارىسى ئارقىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئېگىز چوققىلارغا قارايتتۇق . ئەنە شۇ چاغلار ھاياتىمدىكى ئاجايىپ مىنۇتلار ئىدى . سالامەتلىكىممۇ تېزلا ياخشىلىنىپ كەتتى . رەپقەت مېنى غۇلجىغا يۆتكەپ كېلىش ئۈچۈن يول ماڭدى . كۈزگە كەلگەندە بىز توي قىلدۇق . تويىمىز كۆڭۈللۈك ئۆتتى .

قەمەر ، بەختلىك بولغان ۋاقتىمدىكى تۇرمۇشۇمنى ساڭا تەپسىلىي يېزىپ كەتمىسەممۇ بولار (ئۇنىڭسىزمۇ خېتىم ئۇزىراپ كەتتى) . قىسقىسى ، ئۆيىمىز ئاددىيلا جاھازلانغانىدى . يېنىمىزدىكى چوڭ ئۆيدە رەپقەتنىڭ ئانىسى تۇراتتى . بۇ ناھايىتى مېھرىبان ئايال ئىكەن . ئۇ ماڭا : «ياش ئادەملەرنىڭ مېھمىنى

كۆپ بولىدۇ. بۇ ئۆيدىكى جابدۇقلارنى ئۆيىمىزگە ئاچىقىڭ، قىزىم» دېدى. چوڭ ئۆيدە بىرنەچچە گىلەم ۋە قەدىمىي ئۆي جابدۇقلىرى خېلى بار ئىدى. لېكىن، مەن ئۇنىڭغا: «ئىككىلا ئۆي ئۆزىمىزنىڭ ئۆيى، ئاپا» دەپ جاۋاب بېرىپ، چوڭ ئۆينى قۇرۇقداپ قويۇشنى خالىمىدىم. ئۆيىمىزگە شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى كەچلىرى رەپقەتىنىڭ ئاغىنىلىرى بىلەن مېنىڭ يېڭى ئورۇنلاشقان مەكتىپىمدىكى ئىشداشلىرىم يىغىلاتتى.

كۈز كېتىپ، قىشمۇ باشلاندى. بىر كۈنى قورۇغا ناتونۇش بىر قىز كەلدى. مەن ئۇنى ئۆيگە باشلىدىم.

— ئۆيۈڭلار نېمىدېگەن ئىسسىق، — دېدى قىز كۈلۈپ تۇرۇپ، مەنمۇ كۈلدۈم.

— يۇقىرى ئۆتۈڭ، — دەپ تەكلىپ قىلدىم.

— سىز مېنى تونۇمايسىز، ئەمما مەن توغرۇلۇق ئاڭلىغانسىز، مەن ماھىبەدەر بولىمەن، — دېدى ئۇ.

— ماھىبەدەر !؟ — دېدىم مەن سەل ھودۇققان ھالدا.

ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى. شۇ چاغدا مەن بۇ قىز ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەندىلا يۈرىكىمنىڭ بىكارغا سوقمىغانلىقىنى، بۇ تونۇش گەۋدىنى مەن ھېلىقى يامغۇرلۇق كېچىدە ئارقىدىن كۆرگەنلىكىمنى ئېسىمگە ئالدىم.

— خۇش كەپسىز. رەھمەت. تويغا چاقىرتساق كەلمىدىڭىز ؟ — دېدىم مەن.

— ئۇ چاغدا سىزگە كۆنچىلىكىم بار ئىدى. ئويلىسام، توغرا قىلماپتىمەن. بۇ قېتىم ئالاھىدە يوقلاپ كەلدىم، — دەپ كۈلۈۋەتتى ئۇ.

ماھىبەدەرنىڭ مۇنداق ئوچۇق سۆزلۈكلۈكى مېنى خۇشال

قىلدى. مەن چاي تەييارلىدىم. ئىككىمىز ئۇزاق پاراڭلاشتۇق. بۇ كۆزلىرى يوغان، كېلىشكەن قىزغا قاراپ مېنىڭ زوقۇم كەلدى. «رەپقەت قانداقلارچە بۇ گۈزەل قىزغا مېنى تېگىشىۋەتتىكىنە، ‹مۇھەببەت چىراي تاللىمايدۇ› دېگەن گەپ راست ئىكەن ـ دە» دەپ ئويلىنىپ قالدىم. كەچلىك تاماقنى ماھىبەدەر بىلەن ئىككىمىز بىللە تەييارلىدۇق. رەپقەت شۇ كۈنى ناھايىتى كەچ كەلدى. ئۇ كەلگەندە ماھىبەدەر كېتىپ قالغانىدى.

قەمەر، سەن مېنى «سانىيە، سەن بەك ساددا ـ دە» دەيتتىڭ. ئېھتىمال، ساددىلىقىمدىن شۇنداقمىكىن، بىلمىدىم. ئىشقىلىپ، شۇ قېتىم ماھىبەدەرنىڭ ئۆيىمىزگە قەدەم قويغىنىغا ناھايىتى خۇشال بولدۇم. نېمىشقا دېسەڭ، رەپقەت بىلەن بەختلىك ئۆتۈۋاتقان شۇ كۈنلەردە، مېنىڭ ئېسىمگە پات ـ پات شۇ قىز كېلىپ قالاتتى. مۇھەببەتنىڭ بەزى مەسىلىلىرىدە ھېچكىمنى ئەيىبلەپ بولمايدۇ. مۇھەببەت ئۇ پەقەت شەخسىي خاھىش بىلەن بولىدىغان ئىش. لېكىن، جۇدالىق، كۈنداشلىق ئوتلىرىنىڭ قىزلار ئۈچۈن قانچىلىك ئېغىر ئازاب بولىدىغانلىقىنى سەن بىلەمسەن؟ ماھىبەدەرنىڭ ئوتتۇرىدىكى ئاداۋەتنى مۇنداق ئۈچۈق كۆڭۈللۈك بىلەن كۆتۈرۈۋەتكەنلىكى مېنى ناھايىتى خۇرسەن قىلدى، مەن ئۇ قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم.

قىش كېتىپ، باھار كەلدى. ئەلى ۋادىلىرىدا باھار پەسلى نېمىدېگەن گۈزەل ـ ھە! ھەممە يەر گۈل دېڭىزىغا ئايلىنىپ، ھەرىلەر قىزغۇچ ئۆرۈك چېچەكلىرى ئەتراپىدا ئۆز ھەرىكىتىنى باشلىۋېتىدۇ. قەمەر، تولۇن ئاي چېچەكلىك باغلار ئۈستىدىن كۈلۈپ ئۆتىدىغان باھار كېچىلىرىنى تەسۋىرلەپ يېزىشقا مېنىڭ

قەلىمىم ئاجىزلىق قىلىدۇ . بەزى چاغلاردا كىشىنىڭ بىر مىنۇتقا بولسىمۇ ئاشۇ ئالما شاخلىرىدا چېچەك بولۇپ ئېچىلىپ ، توزۇپ كەتكۈسى كېلىپ كېتىدۇ ... مەن بەختىمنى تاپقان چاغدىكى باھار ئەنە شۇنداق چىرايلىق ئىدى .

سېرىنگۈللەر بەس - بەستە ئېچىلىدىغان ماي ئايلىرىمۇ يېتىپ كەلدى . 1 - ماي كۈنى (توۋا دەيمەن ، يەنە شۇ 1 - ماي كۈنى ) ماھىبەدەر بىلەن رەپقەت ئىككىسى ئۆيگە بىللە كىرىپ كەلدى . رەپقەت خېلى ئوبدانلا مەست بولۇپ ، يۈزلىرى قىزىرىپ كۆپۈشكەنىدى . ئادەتتە رەپقەت ھاراقنى ئانچە ئاغزىغا ئالمايتتى . مەن ئۇنىڭ توي كۈنى ۋە يېڭى يىل كېچىسىلا ئىچكىنىنى كۆرگەنىدىم . بۈگۈن بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن دوستلىرى بىلەن بىر يەردە ئولتۇرغان ئوخشايدۇ - دە ، دەپ ئويلىدىم . ئۇلار ھەر ئىككىلىسى بۈگۈن بەكمۇ خۇش چاقچاق ئىدى . كىرىپلا مېنىڭ بىلەن چاقچاقلىشىپ كېتىشتى . ئۇلارنىڭ بۇ خۇشخۇي كەيپىياتى ماڭىمۇ دەرھاللا ئۆتتى ، مەنمۇ ئۇلار بىلەن قوشۇلۇپ خۇشال بولۇپ كۈلدۈم . بىز كەچلىك تاماقنى غاچ - غۇچلا ئېتىپ يەپ ، دەريا بويىغا سەيلىگە چىقماقچى بولدۇق .

تاماقتىن كېيىن جابدۇنۇپ كېتىپ قالدۇق ، رەپقەتنىڭ مەستلىك كەيپى خېلىلا بار ئىدى . شۇڭا ، دەريا بويىغىچە ھارۋا كىرا قىلىپ ئولتۇرۇپ باردۇق . لايقىپ ئېقىۋاتقان دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا دولقۇنلار كۆتۈرۈلەتتى . دەريا بويلىرى يېشىللىققا چۆمگەن بولۇپ ، نەمخۇش باھار ھاۋاسى تەننى ھوزۇرلاندۇرەتتى . بىز دەريا ياقىلاپ تۆۋەنلەپ كەتتۇق . رەپقەت ماھىبەدەر ئىككىمىزنى قولتۇقلىۋېلىپ مەستچىلىكتە نېمىلەرنىدۇر دەپ قاقاقلاپ كۈلەتتى . شۇ ئارىدا ماھىبەدەر

قولىدىكى سومكىسىدىن كىچىك بىر بوتۇلكا ھاراقنى ئېلىپ رەپقەتكە تۇتقۇزدى .

— قويۇڭ ، ئىچمىسۇن ! — دەپ قارشىلىق قىلدىم مەن .

— بۇنى ئىچىۋەتسە ئوڭشىلىدۇ ، — دەپ مېنى توستى ماھىبەدەر .

رەپقەت ھاراقنى كۆتۈرۈپ ، بۇلدۇقلىتىپ بىراقلا ئىچىۋەتتى . قايسىبىر بېلىقچىنىڭ قىرغاققا تارتىپ قويغان قولۋىقى بىزدىن ئون قەدەمچە نېرىدا — سۇ ئۈستىدە داۋالغۇپ تۇراتتى .

— ئاھاي ، ياخشى بولدى ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى ماھىبەدەر .

— سانىيە ، سىز قىرغاقتا تۇرۇپ مېنىڭ پالاق ئۇرۇش ماھارىتىمنى تاماشا قىلىڭ . مەن دېگەن بېلىقچىنىڭ قىزى دەڭا ، رەپقەتنى قولۋاققا ئولتۇرغۇزۇپ بىر سەگىتىپ كېلەي .

مەن ھەيران بولدۇم . شۇ گەپنى قىلىۋاتقاندا ماھىبەدەرنىڭ چىرايىدىن كۈلكە ئۆچكەن بولۇپ ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئادەمنى ئەيمەندۈرگۈدەك ئوت چاقنايتتى . ئۇلار كىچىك قولۋاققا ئولتۇرۇشتى - دە ، دولقۇنلاپ تۇرغان دەريا ئېقىنىغا قوشۇلۇپ كەتتى . قۇياش غەربكە قىيسايغان بولۇپ ، كۆپكۆك باھار ئاسمىنىدا بىرنەچچە ئاق بۇلۇت ئېسىلىپ تۇراتتى . دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى ئاراللاردا ئۆسۈپ تۇرغان تاللار ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى . يىراقلاردا دەرەخلەر بىلەن ئورالغان يېزىلار ، ئۇنىڭدىنمۇ نېرىدا كۆكۈچ تۇمانغا پۈركەلگەن تاغلار ياتاتتى . قىرغاقتىكى سۇ يۇيۇپ ئۆتكەن يۇمشاق قۇملار ئۈستىگە كىشىنىڭ ئاياغ ئىزى ئېنىق چۈشۈپ قالاتتى . دەريادىن كىشىگە راھەت

بەرگۈچى ئىللىق شامال كېلەتتى. دەريا دولقۇنى بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىگە مىنگىشىپ، بىر ـ بىرىنى ئالدىرىتىپ ئالغا ئاقماقتا ئىدى. ئۇلار چۈشكەن قولۋاق ئېگىز دولقۇنلار ئىچىدە ھەربىر داۋالغۇغاندا، مېنىڭ يۈرىكىممۇ قورقۇنچ بىلەن ئاغاتتى.

ماھىبەردەر ھەقىقەتەنمۇ چېۋەرلىك بىلەن پالاق ئۇرۇپ كېتىپ باراتتى. ئۇ دەريانىڭ نەق ئوتتۇرىسىغا — ئېگىز دولقۇنلار قايىنىمىغا يەتكەندە، بىردىنلا قولىدىكى پالاقلارنى سۇغا تاشلاپ، قولۋاق ئۈستىدە ئۆرە بولدى ـ دە، ماڭا قاراپ نېمىلەرنىدۇر دەپ ۋارقىراپ، قولۋاقنى بىر تەرەپكە قىيسايتىپ دۈم كۆمتۈرۈۋەتتى...

ئاھ، قانداق دەھشەت! شۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلىك ئارىلىقتا بولۇپ ئۆتتى. مەن زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي، ئورنۇمدا قېتىپلا تۇرۇپ قالدىم. ئالدىمدا بۈيۈك دەريا، دەريادا سانسىز دولقۇنلار ھامان بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئالغا تاشلىناتتى. سۇ ئۈستىدە دۈم بولۇپ قالغان قولۋاق لەيلەپ كېتىپ باراتتى، ئۇنىڭ ئۈستىدە ھېلىقى ئىككى ئادەم كۆرۈنمەيتتى. يىراقتا بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ تۇرغان بىرنەچچە بېلىقچى بۇ تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىشكە باشلىدى، مەن شۇ چاغدا ئېسىمگە كەلدىم ـ دە، قىرغاق بويلاپ ساراڭلارچە ۋارقىراپ يۈگۈردۈم...

قەمەر، بۇ يەردىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى، ئەسەبىيلىكتىن چاچلىرىمنى چۇۋۇپ، قانچىلىك پەرياد چېكىپ يىغلىغىنىمنى ساڭا يازمايلا قوياي.

مانا، قەمەر، كۈچلۈك مۇھەببەت ماھىبەدەرنى نېمىلەرنى قىلىشقا ئېلىپ باردى، كۆردۈڭمۇ؟ ئۇ تۇنۇگۈنلا تېخى ئۆز

بەختىنى قولىدا تۇتۇپ تۇراتتى ، كېيىن بوشاڭلىق بىلەن ئۇنى ماڭا تارتقۇزۇپ قويدى . رەپقەتسىز ئۆتكەن شۇ بىر يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئۇ ئاندىن ئۆزىنىڭ نېمىنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقىنى چۈشەندى . لېكىن ، بۇ ۋاقىتتا بىز ئاللىبۇرۇن توي قىلىپ بولغانىدۇق ، كۈچلۈك رەشك ئوتىدا ئۇ ھەممىنى ۋەيران قىلىشنى خالىدى ھەم شۇنداق قىلدى ، كىشىلەر رەپقەتنىڭ جەسىتىنى شۇ كۈنى قاراڭغۇ چۈشۈش ئالدىدا ، ماھىبەدەرنىڭ جەسىتىنى بولسا ئۈچ كۈندىن كېيىن تېپىشتى .

مەن ئۇچۇن ماتەم كۈنلىرىنىڭ قانچىلىك ئېغىر بولغانلىقىنى يازمىساممۇ چۈشىنەرسەن ھەم ئۇنى يېزىپمۇ بېرەلمەيمەن . ھېلىقى قىز ئۆيىمىزگە تۇنجى قېتىم كەلگەندە ، كۈلۈپ تۇرۇپ ، «ئۆيۈڭلار نېمىدېگەن ئىسسىق» دېگەن ، بۇ سۆزنى قىلىۋاتقان كىشىنىڭ ئىچىدە قانچىلىك بورانلارنىڭ گۈركىرەپ تۇرغانلىقىنى سەزمىگەنىكەنمەن ؛ دەريا بويىدا ئۇ «سىز قىرغاقتا تۇرۇپ مېنىڭ پالاق ئۇرۇش ماھارىتىمنى تاماشا قىلىڭ» دەپ ، قانغا تولغان كۆزلىرىنى ماڭا تىككىنىدىمۇ مەن ھېچقانداق خەۋپنى ھېس قىلمىغانىكەنمەن .

قەمەر ، مەن سەن ئېيتقاندەك ھەقىقەتەنمۇ بىر ساددا ، دۆت ئادەم ئوخشايمەن .

قەمەر ، ماھىبەدەر نېمە ئۇچۇن مېنىمۇ دەريا بويىغا باشلاپ ئېلىپ باردى ؟ بەلكە ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ، قولىۋاققا ئولتۇرغۇزۇپ ، بەلكە غەرق قىلىۋەتسە بولماسمىدى ؟ ئېھتىمال ، ئۇ مېنى ھايات قالدۇرۇپ ، ھېلىقى دەھشەتلىك ۋەقەنى مېنىڭ كۆز ئالدىمدا سادىر قىلىپ ، مېنى بىر ئۆمۈر ئازابلانسۇن ، دېگەن بولسا كېرەك . ئۇزاق كۈنلەرگىچە ھېلىقى دولقۇنلىنىپ تۇرغان

دەريا ۋە بىر چۆكۈپ ، بىر كۆرۈنۈپ ئېقىپ كېتىپ بارغان قولۋاق كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى . شۇ قېتىم قىرغاق بويلاپ يۈگۈرۈپ ، دەھشەتلىك ئۈن سېلىپ يىغلاپ كېتىپ بارغىنىمدا ، «ئەمدى چوقۇم ساراڭ بولۇپ كەتسەم كېرەك» دېگەننى خىيالىمدىن ئۆتكۈزگەنىدىم . ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرگەن ئادىمىدىن ئايرىلىپ قالغاندا ، ھېلىقى قىزغا ھايات ئەرزىمەس بىر نەرسە بولۇپ كۆرۈنگەنىدى . مېنىڭ ھازىرقى يوقىتىشىم ئۇنىڭدىن يېنىكمۇ ؟ مۇھەببەتتە ئۆز بەختىمگە ئېرىشىش ئۈچۈن ھەممە مۇشەققەتلەرنى يەڭگەنىدىم . قىينالدىم ، ئاخىر بەختىمگە يەتتىم . ئەمما ، تەقدىر مېنى زاڭلىق قىلغاندەك ، بۇ بەختنى قولۇمغا تۇتقۇزدى - يۇ يەنە تارتىۋالدى ...

جېنىم قەمەر ! مەن ساراڭمۇ بولمىدىم ، ئۆزۈمنىمۇ ئۆلتۈرۈۋالمىدىم . زېمىن ئۈستىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى— باھار ۋە قىزىل گۈللەرنى ، سۈزۈك سۇ ۋە قارلىق تاغلارنى ، ئايدىڭ كېچە ۋە سالقىن شاماللارنى ، يۇلتۇزلۇق تۈن ۋە ياپيېشىل ۋادىلارنى ، پارتىدا جىمجىت ئولتۇرۇپ دەرسىمنى تىڭشايدىغان ئاشۇ سەبىي بالىلارنى تاشلاپ كېتىشكە مېنىڭ كۈچۈم يەتمىدى•••

كۆز باشلاندى ، ھەسرەت مەندە ئۆچمىگەنىدى . ئەتىگەنلىرى ئۆيدىن مەكتەپكىچە بولغان يولدا پەرىشان ماڭىمەن . ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئارىلاشقاندا مەن ياخشى ، قايتاردا يەنە پەرىشان قايتىمەن . نېمىشقىدۇر ، مۇشۇ كۈز پەسلىنىڭ ئۆزىمۇ كىشىنى غەمكىن قىلىپ قويىدۇ••• كۈزنى بالا ۋاقىتلىرىمدا ياخشى كۆرەتتىم . ئالتۇندەك سېرىق يوپۇرماقلارنى بىر - بىرىگە چېتىپ ، ئۆزۈن ھالقا ياساپ ئويناشنى ياقتۇراتتىم . كۈز شامالللىرى

كۆڭلىكمنىڭ ئېتەكلىرى بىلەن ئوينىشىپ ، ئۇنى كۆپتۈرۈۋالغانلىقىغا خۇشال بولۇپ ۋارقىرايتتىم . ئويلىسام ، غەمسىز ئوينايدىغان ئاشۇ گۆدەك ۋاقىتلىرىمىزمۇ ئەجەب ئوبدان ئىكەن... بەزىدە ، دېرىزىنى ئېچىپ قويۇپ ، يالىڭاچلىنىپ قالغان تەبىئەتكە قاراپ خىيال سۈرىمەن : ئاھ ، بىچارە يوپۇرماقلار ، سىلەر سۆيۈملۈك يەرنى ئەبەدىي قۇچاقلاپ يېتىشنى خالايسىلەر ، لېكىن رەھىمسىز كۈز شاماللىرى سىلەرنى هامان ئۇچۇرتۇپ تىنچ قويمايدۇ...

بىر كۈنى دېرىزە ئالدىدا شۇنداق خىيالغا پېتىپ ئولتۇرغان چېغىمدا ، رەپقەتنىڭ ئانىسى مېنى ئالدىغا چاقىردى . ئۆزۈمنى تۈزەشتۈرۈپ ، ئۇنىڭ ئالدىغا كىردىم . ئوغلىنىڭ قايغۇسى بۇ كۆڭلى يۇمشاق ئايالغا شۇ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدىلا قېرىلىق يەتكۈزۈپ ، ئۇنىڭ بەللىرىنى پۈككەنىدى .

—قىزىم ، — دېدى ئۇ ماڭا ياشاڭغىرىغان كۆزلىرىنى تىكىپ ، — ئالدىمدا قىلغان خىزمەتلىرىڭىزگە رەھمەت ، مەن سىزدىن رازى ، سىز تېخى ياش ، بۇ ئۆيگە باغلىنىپ قالماڭ ، مەن بىر ئاماللاپ كۈنۈمنى ئالارمەن .

— ئاپا !— دەپ ئۇنىڭ ئاياغلىرىغا تاشلىنىپ ، ئېتەكلىرىنى تۇتتۇم ، — سىز مېنىڭمۇ ئانامغۇ ؟ رەپقەت ئىككىمىز تۇرغان بۇ ئۆينى ، سىزنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە ، شۇ مۇقەددەس نەرسىلەرنى ۋەيران قىلىشقا قانداق يۈرىكىم چىدايدۇ ؟ سىزدىن خۇش بولاي ، مېنى قوغلىماڭ...

ئانا - بالا ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە ئېسىلىپ يىغلىشىپ كەتتۇق . قەمەر ! مەن ياشاشقا ، بۇ ئۆيدە مەڭگۈ قېلىشقا ئاللىبۇرۇن قارار قىلىپ بولغانىدىم...

× ×

خەت مانا شۇ يەرگە كەلگەندە توختاپ قالغانىدى . ئۇنىڭ ئاخىرىغا سانىيە ئىمزاسىنىمۇ قويمىغان ، چېسلامۇ سېلىنمىغانىدى .

— بۇ خەتنىڭ ئاخىرى بارمۇ ؟ — دەپ سورىدىم تاماق ئىشلىرى بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان نۇرىماندىن .

— خەتنىڭ قەمەرگە ئەۋەتىلمىگەنلىكىگە قاراپ ، ئاخىرى يېزىلىپ بولمىغان بولسا كېرەك ، دەپ پەرەز قىلىمەن . بۇ خەتنى سانىيەنىڭ ئۆز ئۆيىدىن تېپىۋالدىم ، — دېدى ئۇ .

— سانىيە هازىر قەيەردە ؟

— ئۇ رەپقەتتىن ئىككىنچى قالغانىدى ، شۇ تۇغۇتتا ئۆلۈپ كەتتى .

— بالىسىچۇ ؟

— بالىسىنى دەمسىز ؟ بالىسى بار . ئۇنىڭ كۆزلىرى دادىسىغا ، قارىقۇمچاق چىرايى ئاپىسىغىلا ئوخشايدۇ ، — دېدى نۇرىمان .

1964 ـ يىل ، ئۈرۈمچى

# يىراقتىن يېزىلغان خەت

رىزۋان :

ئىككى ھەپتە ئىلگىرى ئىككىمىز بىر ئۆيدە ئىدۇق . ھازىر بۇ خەتنى سىزگە يىراقتىن يېزىۋاتىمەن . ئۆيدىن كېتىش ئالدىدا خەت قالدۇرۇپ كەتكەنىدىم . شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سىز ئىشتىن قايتىپ كېلىپ ، جوزا ئۈستىدىكى خەتنى كۆرۈپ ھەيران بولغانسىز ؟ مەن ئۇ خەتكە ئاددىيلا قىلىپ : «بۈگۈن سىرتقا ماڭىمەن ، ئەنسىرىمەڭ ، قايسى ۋاقىتتا قايتىپ كېلىدىغانلىقىم توغرىسىدا ئايرىم خەت ئەۋەتىمەن» دەپ يازغانىدىم . بۇ سىزنى ئالاقزادىلىككە سېلىپ قويماسلىق ئۈچۈنلا دېيىلگەن گەپ ئىدى . كۆڭلۈمدە بولسا ، بۇ ئۆيگە قايتىپ كەلمەيمەن ، دېگەن قارارغا كېلىپ بولغانىدىم .

شۇ كۈنى كېچىدە شەھەرلىك باغچىنىڭ ئۇزۇن ئورۇندۇقىدا يېتىپ تاڭ ئاتقۇزدۇم . سەھەرلىكى باغچىنىڭ دەرەخلەر ئارىسىدىن كەتكەن ئاياغ يوللىرىدا ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ ، نېمە قىلىشىم توغرىسىدا قايتا ئويلاندىم ··· ئازدىن كېيىن ، ئەتىگەنلىك قۇياش كۆتۈرۈلۈپ ، يوپۇرماقلار ئارىسىدىن ئۆزىنىڭ رەڭمۇرەڭ شولىلىرىنى تۆكتى . گۈللۈكلەردىكى گۈللەر قىزغۇچ نۇرغا چۆمۈلدى . مەن ئەتىگەنلىك ساپ ھاۋادىن قېنىپ نەپەس ئالدىم . ھايات نېمىدېگەن گۈزەل ! لېكىن ، مەن ئۆلۈشنى خالايمەن . سىز ھەيران بولماڭ . ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى

هاياتتىن بىزار بولغان بولمايدۇ . ئۇلارنىڭ ئىچىدە هاياتنى قىزغىن سۆيىدىغان ، ئەمما ۋىجداننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۆزىنىڭ ئۆلۈم جازاسىنى ئۆزى ئىجرا قىلىدىغانلارمۇ بار... ئىككىمىز ئاشۇ گۈللۈكلەر ئارىسىدىن كۆپ قېتىم ئۆتكەنىدۇق . ئەنە ، سىز ياخشى كۆرىدىغان ئاق ، سېرىق ئەتىرگۈللەر يەنە ئىلگىرىكىدەكلا كۈلۈپ ئېچىلىپ تۇرۇپتۇ . بىز ھەر دائىم كېلىپ ئولتۇرىدىغان دەرەخلەر ئارىسىدىكى ھېلىقى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقنى مەن بۈگۈن كېچە ئۆز بەدىنىم بىلەن ئىسسىتتىم . بۇ مېنىڭ خاتىرىلىك جايلار بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم خوشلىشىشىم ئىدى .

ئەتىسى مەن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ، «ئا» يېزىسىغا يېتىپ كەلدىم . بۇ يەردە توختىشىمدىكى سەۋەب ، بۇ يەردە مېنىڭ يېقىن بىر ساۋاقدىشىم تۇرىدۇ . كۆڭلۈمدىكى بارلىق گەپلەرنى شۇ بۇرادىرىمگە ئېيتىپ ، ئاندىن ئاشۇ يېزىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە شاۋقۇن سېلىپ ئېقىۋاتقان دەرياغا ئۆزۈمنى تاشلىماقچىدىم . ساۋاقدىشىمنىڭ ئۆيى ئالدىغا كەلگەندە توختىدىم . مېنىڭ بۇ يەرلەرگە كەلمىگىنىمگە يەتتە ـ سەككىز يىلدىن ئاشقانىدى . ئۆز ۋاقتىدا ئېرىق بويلىرىغا يېڭىدىن تىكىلگەن كۆچەتلەر ھازىر ئېگىز بوي تارتىپ ، يوغىناپ كېتىپتۇ ، ھويلىدىن باللارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭى بىلەن بىر ئايالنىڭ باللارنى تاماققا چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى . شۇ چاغدا ، مېنىڭ بۇ ئۆيگە كىرىشكە كۆڭلۈم تارتمىدى . ئۆز تۇرمۇشى ، ئۆز باللىرى بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان بۇ كىشىلەرگە ھەسرەت تۆكۈپ ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنىڭ ئارامىنى بۇزۇشنىڭ نېمە ھاجىتى ؟ ! ئىچىمدە : «ياشاپ قالىدىغان كىشىلەرنىڭ ئارامىنى بۇزىدىغان ھەسرەتمۇ مەن بىلەن بىللە

كەتسۇن» دېدىم ـ دە، كېتىپ قالدىم.
يېزىدىن چىقىپ، شىۋاقلار بىلەن قاپلانغان دۆڭلۈكتىن تۆۋەنلەپ چۈشۈپ، دەريا بويىغا يېتىپ كەلدىم. ئېگىز يار ئاستىدا لايقىپ ئېقىۋاتقان دەريا ھەيۋەتلىك شارقىرايتتى. مەن يوغان قورام تاش ئۈستىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ، تاماكا چەكتىم. پايانسىز كۆك ئاسماندا چۆل قۇشلىرى قاناتلىرىنى كېرىپ ئۇچماقتا ئىدى. تۆۋەندە بىر يەردىن پادىچى بالىنىڭ نەي ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. پۈتۈن ۋادا گويا ئاشۇ مۇڭلۇق نەي ئاۋازى بىلەن بىللە يېنىك نەپەس ئېلىۋاتقاندەك ئىدى. مەن ئېچىنىش بىلەن ئويلىدىم: تەبىئەتمۇ، قۇشلارمۇ، دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان دەريامۇ — بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ، شۇنچە چىرايلىق ياشناپ تۇرۇپتۇ. لېكىن، مەن ئۆلمەكچى...
رىزۋان، مەن ئۆلمىدىم، قولۇمدىكى تاماكىنى ئىچىمگە قاتتىق ـ قاتتىق تارتىپ، ئورنۇمدىن چاچراپ تۇردۇم ـ دە، ھاياتىم بىلەن ئۆلۈمۈم ئوتتۇرىسىدا پەقەت بىر ـ ئىككى چامدامىلا ئارىلىق قالغان بۇ دەھشەتلىك يار ئۈستىدىن كېتىپ قالدىم.
تۈنۈگۈن مەن x شەھرىگە كەلدىم. ئېھتىمال، بۇ خەت سىزنىڭ قولىڭىزغا تەگكەن چاغدا مەن تېخىمۇ يىراقلاپ كەتكەن بولارمەن. نېمە ئۈچۈن سىزدىن ئايرىلىشنى ئىستەپ قالغىنىمنى ئېيتسام، گەپنى يىراقتىن سۆزلەشكە توغرا كېلىدۇ.
بىز دەسلەپكى تونۇشقان ۋاقتىمىزدا سىز مېنىڭدىن:
— سىز ئىلگىرى بىرەرىنى ياخشى كۆرۈپ باققانمۇ؟ — دەپ سورىغاندىڭىز، مەن پەرۋاسىزلا:
— ياق، — دەپ جاۋاب بەردىم. سىز:
— مەن ياخشى كۆرگەن، لېكىن ئۇ يىگىت «مەدەنىيەت زور

ئىنقىلابى»دا يامان ئادەملەر تەرىپىدىن بىگۇناھ ئۆلتۈرۈۋېتىلدى ، ئۇنى ئۆمرۈم بويى ئۇنتۇيالمايمەن ، — دەپ يەرگە قارىدىڭىز .

مەن سىزگە قارىدىم . سىزنىڭ مەڭزىلىرىڭىز ھاياجاندىن قىزارغانىدى . بۇ سىزنىڭ يۈرىكىڭىزدىكى ماڭا نامەلۇم بىر يىگىت سالغان ئوتنىڭ تەپتى ئىدى… رىزۋان ، سىزنىڭ ماڭا بىرىنچى قېتىم ئەتىرگۈل ئۈزۈپ بەرگەن ۋاقتىڭىز ئېسىڭىزدىمۇ ؟ ئۇ گۈل مۇھەببەتنىڭ بەلگىسىمىدى ؟ ياق ! بىز پەقەت تۇرمۇش زۆرۈرىيىتى بىلەنلا ئۇچرىشىپ قالغان ئادەملەر . ھەقىقىي سۆيگۈ مۇھەببىتىنى باشتىن كەچۈرۈش ئىنسانغا پەقەت بىرلا قېتىم نېسىپ بولىدۇ . ئۇ شۇنچىلىك نازۇك ھېسسىياتكى ، قايتا تەكرارلانمايدۇ . سىز باشقا بىرەرىنى ياخشى كۆرۈشكە ئۆزىڭىزنى زورلاپ باقسىڭىزمۇ ، ئۇ ئالدىنقىسىدەك چىن بولمايدۇ . سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىز ئاللىبۇرۇن ھېلىقى نامەلۇم يىگىتكە بېغىشلىنىپ بولغان…

بىز توي قىلىشتىن ئىلگىرى ، سىز يېشىل ئوتلار بىلەن قاپلانغان دۆڭلۈك ئۈستىدە يىراقلارغا قاراپ تۇرۇپ ، ئۆزىڭىزنىڭ ئىلگىرى ياخشى كۆرگەن شۇ يىگىتىڭىزنى ئۇنتۇيالمايدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىپ ، مېنىڭدىن ، شۇ يىگىت توغرىسىدا گەپ ـ سۆزلەرنى قىلىشىڭىزغا ، ئۇنىڭ توغرىسىدىكى خاتىرىلەرنى ساقلىشىڭىزغا رۇخسەت قىلىشىمنى ، ئۇ يىگىتكە بولغان مۇھەببىتىڭىزنى ھۆرمەت قىلىشىمنى تەلەپ قىلدىڭىز . مەن ئۇ شەرتنى قوبۇل قىلدىم . چۈنكى ، مېنىڭ ھاياتىمدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بىر مۇھەببەت ۋەقەلىكى بار ئىدى . مەن ئۇنى سىزگە ئېيتىشنى خالىمىدىم . ئۇ قىز ھازىرمۇ ھايات تۇرۇپتۇ .

ئۇ مېنى تاشلاپ كەتكەندە مەن ئازابلاندىم . ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ماڭا مۇھەببەت بىلەن قارىغان كۆزلىرىنى ، بوينۇمغا گىرە سالغان ئىسسىق قوللىرىنى زادى ئۇنتۇيالمىدىم ، شۇڭا ، سىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى ھېسسىياتلىرىڭىز ماڭا چۈشىنىشلىك ئىدى . ئىككىنچىدىن ، سىزنىڭ ئۇ يىگىتىڭىز ئالەمدىن ئۆتكەن ، مېنىڭ ئۇنىڭغا تارلىق قىلىشىمنىڭ ، ئۇنىڭدىن سىزنى قىزغىنىشىمنىڭ ھېچبىر ھاجىتى يوق ئىدى .

ئەمما ، رىزۋان ، مەن سىز بىلەن بىللە بولغان شۇ يىللار ئىچىدە ئالەمدىن ئۆتكەن ئۇ نامەلۇم يىگىتنىڭ سىزنىڭ ھاياتىڭىزغا مەن پەرەز قىلغاندىنمۇ چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم . سىز ئۇنى ھەر كۈنى بىرنەچچە قېتىم تىلغا ئالاتتىڭىز . تۇرۇپلا تاتلىق خىياللارغا چۆكۈپ كېتەتتىڭىز . شۇنداق چاغلاردا سىز ئۆتمۈشنى ئويلايتتىڭىز ، شۇنداق چاغلاردا سىز خىيال كېمىسىگە ئولتۇرۇپ ئۆزىڭىز ياخشى كۆرگەن يىگىت بىلەن سەپەر قىلاتتىڭىز··· نېمە ئۈچۈن تەقدىر سىزنى ئۆز يىگىتىڭىزگە ، مېنى ئۆز قىزىمغا قوشماي ، ئىككىمىزنى بىر ئۆيدە قىلىپ قويدى؟ بۇ تەقدىرنىڭ چاقچىقىمۇ ياكى مەسخىرىسىمۇ؟ بىزگە ئوخشاش كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى نېمە دېيىش مۇمكىن؟ بىز بىر - بىرىمىزنى ھۆرمەتلەيمىزغۇ ، بىر - بىرىمىزنى سۆيىمىزغۇ ، شۇ يىللار ئىچىدە بىز بىر قېتىممۇ جاڭجاللاشمىدۇققۇ ، بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى مۇناسىۋەت مۇھەببەت بولمىسا ، ئەمىسە نېمە؟!

سىز بۇ سوئالغا «بىز ئىناق ئەر - خوتۇن» دەپ جاۋاب بېرەتتىڭىز . سىز راستىنى ئېيتتىڭىز . بىز ئەنە شۇنداق ئىناق ئەر - خوتۇن ئىدۇق . بىز مۇھەببىتىمىزنى بەرگەن ھېلىقى

نامەلۇم كىشىلەر بىزنىڭ يۈرىكىمىزدە بىز بىلەن بىللە ياشايتتى . رىزۋان ، سىز مۇلايىم ، ئاق كۆڭۈل ئايالسىز . سىز بىلەن مەن شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئۆيدە تۇرالىدۇقكى ، سىزنىڭ گېپىڭىز ئۈچۈق ، كۆڭلىڭىزدە يامانلىق يوق ؛ مەن بولسام سىزنىڭ ھېلىقى يىگىتكە بولغان ھېسسىياتلىرىڭىزغا ھۆرمەت قىلدىم ، سىزنىڭ مۇھەببەتتىكى ساداقەتلىكىڭىزنى قەدىرلىدىم… مەن سۆيگەن قىز مۇھەببەتكە ئۇنداق سادىق بولالمىغان . مەن ئۇ قىز بىلەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىكى قالايمىقانچىلىقلار باشلىنىشتىن ئىلگىرى تونۇشقانىدىم . سېھىرلىك ئايدىڭ كېچە ، شىرىلداپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇ ، ھاياجاندىن دۈپۈلدىگەن بىر جۈپ يۈرەك ، قاراڭغۇ تۈن قوينىنى يېرىپ ئۆتكەن مۇھەببەتلىك ناخشىغا ئوخشاش گۈزەل خاتىرىلەر شۇ چاغدىكى مېنىڭ ھاياتىمنى بېزىگەنىدى . قالايمىقانچىلىق يىللارغا يېتىپ كەلگەندە مېنىڭ مېڭەم قىزىپ نېمە قىلىپ ، نېمە قويۇۋاتقانلىقىمنى بىلمىگەن ھالدا ۋاقىلداپ ئېتىلىۋاتقان ئوق ، ئۇرۇش - چېقىش قايناملىرىنىڭ ھەممىسىگە بېشىمچە كىرىپ كەتتىم . بىزدەكلەرنى مايمۇن ئويۇنىغا سېلىۋاتقان ئەبلەخلەر ئۇ چاغدا بىزگە «يېڭى شەيئى» دېگەن چىرايلىق ئۇنۋاننى بېرىشكەنىدى ، بىز شۇ چاغدىكى «يېڭى شەيئى»لەر جەمئىيەتنى ۋەيرانچىلىققا سېلىۋەتكەنلىكىمىز بىلەن مەغرۇرلانغانىدۇق ، بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ داد - پەريادلىرى بىزنى ھۇزۇرلاندۇرغانىدى . مەن شۇنچىلىك تەلۋىلەشكەنىدىمكى ، ھېچكىمنىڭ نەسىھەت گېپى قۇلىقىمغا كىرمەيتتى . شۇ چاغدىكى شوئار ۋە تەشۋىق گەپلەر كاللامغا قوغۇشۇندەك قۇيۇلغان بولۇپ ، ئۆزۈمنىڭ ماڭغان يولىنى «شەكسىز توغرا» دەپلا بىلەتتىم . لېكىن ، مېنىڭ بىر

ئاجىزلىقىم بار ئىدى . باشقا ئىشتا قانچىلىك قاتتىق بولسامۇ ، ھېلىقى ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن قىز ئالدىدا شۇنچىلىك مۇلايىم ، رايىش ئىدىم ، ئۇ نېمە دېسە ، مەن شۇنى قىلىشقا تەييار ئىدىم . ھازىر ئويلىسام ، ئۇ چاغدا مېنى مەن پېتىپ كېتىۋاتقان پاتقاقتىن قۇتقۇزۇپ قالىدىغانمۇ پەقەت شۇ قىزلا ئىدى . لېكىن ، ئۇ ماڭا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى ـ دە ، مەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ كېتىپ قالدى . ئۇ چاغدا ئۇنىڭ مەندەك بىر «يېڭى شەيئى»نى نېمە ئۈچۈن تاشلاپ كەتكەنلىكىنى چۈشىنەلمىگەن ، ئۇنىڭ «ئەقىلسىز»لىقىغا كۈلگەنىدىم ؛ پەقەت يىللار ئۆتۈپ ، ھەقىقەت ئايدىڭلاشقاندىلا ، ئاندىن مەن ئۇ قىزنىڭ توغرا قىلغانلىقىنى چۈشەندىم .

رىزۋان ! سىزنىڭچە ئادەمنىڭ ھاياتى نېمىگە ئوخشايدۇ ؟ مېنىڭچە ، ھايات — ئۇ بىر ئاق دەپتەر ، ياشاش جەريانىدا ھەركىم بۇ دەپتەرگە ئۆز تارىخىنى يېزىپ ماڭىدۇ ، شۇ شەخس ئۆلگەندە ئۇنىڭ ئۆز ھاياتى توغرىسىدىكى بۇ تارىخىي ئەسەرمۇ يېزىپ تاماملىنىدۇ . مېنىڭ ھاياتىمنىڭ نۇرغۇن سەھىپىلىرى ئەنە شۇنداق لەنەتلىك تارىخ بىلەن پۈتۈلدى . مەن ئۆزۈمنىڭ ئون يىلچە ئەخمەق بولغانلىقىمنى تونۇپ يەتكەندە ، مېنىڭ سۆيگەن قىزىم تۇرمۇشلۇق بولۇپ بولغانىدى . ئۆتكەن كۈنلەرگە قاتتىق ئۆكۈندۈم . ھاياتىمنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى سەھىپىلىرىنى ياخشى يېزىش ئۈستىدە ئويلاندىم . ئەنە شۇنداق كۈنلەردە سىز ماڭا ئۇچرىدىڭىز . رىزۋان ، مەن يەنە شۇنىڭ ئۈچۈن سىزنى ھۆرمەتلەيتتىمكى ، سىز ۋە سىزگە ئوخشاش يەنە بىر بۆلۈك ياشلار — سىلەر ھېلىقى قارا يىللاردىمۇ ئۆزۈڭلەرنى بۇلغىماي ئۆتكەن كىشىلەردىن ئىدىڭلار .

ئالدىنقى ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئېسىمدىن زادى چىقمايدۇ . شۇ كۈنى سىز ماڭا كۆزلىرىڭىزنى تىكىپ :

— نۇرى ، مەن ئايوپنىڭ ئانىسىغا خەت يېزىپ ، ئۇنىڭ سۈرىتىنى ئالدۇرغانىدىم . ئۇنى چوڭايتىشقا بېرىپ قويغان ، بۈگۈن چىقىدۇ ، سۈرەتنى ئەكېلىپ ئېسىپ قويسام ، رۇخسەت قىلامسىز ؟ — دەپ سورىدىڭىز . مەن كۈلۈپ :

— شۇنىمۇ مەندىن سوراپ يۈرەمسىز ، ئەكېلىڭ ! — دېدىم .

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن مەن ئۆيگە كېلىپ ، تامدىكى يوغان سۈرەتنى كۆردۈم . سۈرەتتە قارا قاشلىق ، چىرايلىق كەلگەن بىر يىگىت تۇراتتى . مېنىڭ يۈرىكىم «قارت» قىلىپ قالدى . سۈرەتتىكى يىگىتنىڭ سول پېشانىسىدە تۇرغان يوغان قارا مەڭمىدۇ ياكى ئۇنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ تۇرغان چېچىمىدۇ ؟ !... مەن سۈرەتنىڭ يېنىغا بېرىپ سەپسالدىم . سول پېشانىسىدە تۇرغان بۇ قارا باشقا نېمە ئەمەس ، مەڭ ئىدى . بېشىم قېيىپ ، ئولتۇرۇپ قالدىم...

1968 ـ يىلىنىڭ بىر كېچىسى هازىرقىدەك ئېسىمدە تۇرۇپتۇ . بۇ «جىن ـ شەيتانلارنى يوقىتىش جەڭگىۋار ئەترىتى»نىڭ يەر ئاستى تۈرمىسىدە بولغان ۋەقە ئىدى . مەن يىگىرمە بەش ياشلار چامىسىدىكى بىر ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىسىنى سوراق قىلدىم . ماڭا ، باشقىلار ئۈچ كېچە سوراق قىلىپ هېچ نەتىجە چىقىرالمىغان بۇ «جىن ـ شەيتان»نى ئىندەككە كەلتۈرۈپ ، ئۇنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلاتى بارلىقى توغرىسىدىكى ماتېرىيالغا قول قويدۇرۇش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغانىدى . مەن ئۇنى تاسما بەلباغ بىلەن هارغىچە

دۆميالىدىم ، ئاخىردا ئۇ ئەلەمگە چىدىماي ، مېنى بىر تېپىپ ئارقامغا ئۇچۇرۇۋەتتى . بۇ قارشىلىق مېنىڭ ئەسەبىيلىكىمنى تېخىمۇ قوزغىدى . تۆمۈر كالتەك بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا قاتتىق ئۇردۇم ، ئۇ بىر تەرەپكە قىيسىيىپ يىقىلىپ ، ئاغزىدىن كەلگەن قويۇق قان سېمونت ئۇستىگە يامرىدى . ئۇنىڭ ئارقا مېڭىسىگە تەگكەن تۆمۈر كۆزىگە باغلانغان قارا لاتىنمۇ كېسىپ تاشلىغان بولۇپ ، يىگىتنىڭ ئوچۇق قالغان كۆزى ماڭا نەپرەت بىلەن توپتوغرا قادالغانىدى . ئۇ مېنى تونۇۋالدى . ئۇنىڭ ساق قالسا مېنىڭدىن ئۆچ ئېلىشىنى ئويلاپ ، ئۇنى ئېتىپ تاشلىدىم . شۇ چاغدا ، ئۆلگۈچىنىڭ سول پېشانىسىدە تۇرغان قاپقارا مەڭ مېنىڭ ئېسىمدە ئېنىق قالغانىدى .

رىزۋان ! شۇ كۈنى مەن سىزنىڭ كۆزىڭىزگە زادى قارىيالمىدىم . شۇ كېچىسى سىز تامدا تۇرغان سۈرەتكە قاراپ قويۇپ خاتىرجەم ئۇخلىدىڭىز . ئېھتىمال مەڭلىك يىگىت بىلەن ئۆتكەن كۈنلەرنى چۈشىڭىزدە يەنە قايتا كۆرگەنسىز . لېكىن ، مەن ئۇخلىيالمىدىم ، ئەتىدىن باشلاپ سىزنىڭ يۈزىڭىزگە قانداق قارىشىمنى ئويلاپ ئازابلاندىم . بىزنىڭ ئۆيدە ئىككىمىزدىن باشقا سۈرەتتىكى ئاشۇ يىگىتمۇ بىز بىلەن بىللە ياشايدىغۇ ؟ سىز مېنى «ھاياتىمدىكى ياخشى ھەمراھ» دەپ قارايسىز . لېكىن ، مەن سىزنىڭ ھاياتىڭىزنى بېزەيدىغان چىرايلىق گۈلنى غازاڭ قىلغان ۋىجدانسىزغۇ ؟ ! قاچان بولمىسۇن بىر كۈنى ، مېنىڭ ياخشى كۆرگەن يىگىتىڭىزنى ئۆلتۈرگەن قاتىل ئىكەنلىكىمنى بىلگەن چېغىڭىزدا ماڭا قانچىلىك نەپرەت بىلەن قارارسىز ؟... مەن ئەنە شۇلارنى كۆز ئالدىمدىن ئۆتكۈزدۈم - دە ، كېتىش قارارىغا كەلدىم .

سىز بۇ خەتنى ئوقۇپ، ئۆزىڭىز ئۇقۇشماي بىللە ياشىغان قاتىلدىن نەپرەتلىنىپ: «سەن نىمە ئۈچۈن ئۆزۈڭنى دەرياغا تاشلىمىدىڭ؟!» دەرسىز، مەن ئۆلۈمدىن قورققانلىقىم ئۈچۈن ئەمەس، ھاياتنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى دەرياغا تاشلىمىدىم. مەن ئۆلىمەن، ئالدى بىلەن بىزنى بىر ـ بىرىمىزگە زىيانكەشلىك قىلىشقا قۇتراتقان باش جىنايەتچىلەر سوراق سەھنىسىگە تارتىپ چىقىرىلغاندا، ئۇلارغا تىگىشلىك بىر نەچچە ئېغىز گېپىمنى قىلىۋېلىپ، ئاندىن ئۆلىمەن. شۇ چاغدا قانۇن ئالدىغا ئۆزۈم بېرىپ جىنايەتلىرىمنى تاپشۇرۇپ، ماڭا ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى تەلەپ قىلىپ ئۆلىمەن. ماڭا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەندە، مېنى باشقا كىشى ئەمەس، دەل سىزنىڭ ئېتىپ ئۆلتۈرۈشىڭىزنى خالايمەن. سىز ئۆز قولىڭىز بىلەن مېڭەمدىن تۆشۈك ئېچىپ، «ياخشى كۆرگەن ئادىمىمنىڭ ئىنتىقامىنى ئالدىم» دەپ ئۆزىڭىزگە تەسەللى بەرگەندە، مەنمۇ ۋىجدان ئازابىدىن قۇتۇلۇپ خاتىرجەم كۆز يۇمغان بولىمەن.

سىزگە بەختلىك تۇرمۇش تىلەپ:

نۇرى

1979 ـ يىل، غۇلجا

# گۈللىگەن دالا

دەريا بويىدىكى بۇ كەڭ ئوچۇقچىلىقتا يېقىنقى يىللاردىن بېرى بىر يېڭى بازار پەيدا بولغانىدى . بازار ھەر يەكشەنبە كۈنىلا بولاتتى . ئەمما ، ئۇنىڭ ئاۋاتلىقى چوڭ شەھەرلەردىكى ھېچبىر بازاردىن قېلىشمايتتى . ئاشخانا ئىگىلىرى ، سودىگەرلەر شەنبە كەچلىكىلا يېتىپ كېلىپ ، چېدىرلىرىنى تىكىپ ، ئەتىكى بازار ئۈچۈن تەييارلىقىنى باشلىۋېتەتتى . يەكشەنبە كۈنى سەھەردىن باشلاپ ، دەريانىڭ ئىككى تەرىپىدىكى يىراق - يېقىن يېزىلارنىڭ دېھقانلىرى ھارۋىلىرىغا ئولتۇرۇپ بازارغا قاراپ ئاقاتتى . دەرياغا سېلىنغان كېمە بۇ كۈنى ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كېتەتتى . ئۇ ئېغىر غىچىلداپ ، ئۇ قاتقا كېلىپ توختىغان ئادەملەر ، قوي ، كالا ۋە باشقا ماللارنى بازار تەرەپكە توختىماي توشۇيتتى . بىردەمدىن كېيىن قارىسىڭىز ، يېڭى سويۇلغان گۆشلەر كانارىلارغا ئېسىلىپ ، كاۋاپدانلار بىلەن ئاشپەزلەرنىڭ ئوچاقلىرىدىن ئاچچىق ئىس كۆتۈرۈلۈپ ، ھەر خىل تاماقلارنىڭ پۇرىقى دىماغنى غىدىقلاشقا باشلايتتى . مېۋە ، كۆكتات ، ئاشلىق ، يەم - خەشەك سېتىلىدىغان مەيداندىن ئۆتۈپ ، مال بازىرىغا كېلىپ قالغان كىشى بۇ يەردە ئىختىيارسىز توختىماي قالمايتتى . كالا - قوي توپى ئارىسىدا تۇرغانلار گۆرەنلىرىنى كۆپتۈرۈپ باھا تالىشاتتى . سۆزمەن دەللاللار ئالارمەن بىلەن ساتارمەننىڭ ئالىقانلىرىنى بىر - بىرىگە جۈپلەپ ، نېمىلەرنىدۇر دەپ

قىزىشىپ ، سودىنى كېلىشتۈرمەكچى بولاتتى . كىشىنى ھەممىدىنمۇ بەك جەلپ قىلىدىغان يەر يايمىچىلارنىڭ قاتارى ئىدى ، بۇ يەرگە يېزا ماگىزىنچىلىرى ، خۇسۇسىي سودىگەرلەر ئۆز ماللىرىنى تۆككەن بولۇپ ، تاۋار ـ دۇردۇن ، كىيىم ـ كېچەك ، رادىيو ـ تېلېۋىزور ، سائەت ، گىلەملەردىن تارتىپ يىپ ، يىڭنە ، خاجۇ ـ قارىمۇچ ، ئىپار ، بوغا مۈڭگۈزىگىچە سودا بولاتتى . ئات قامچىسىنى قونچىغا قىستۇرۇۋالغان چارۋىچىلار ، بىر ـ بىرىنى قۇشلاپ يۈرگەن قىز ـ يىگىتلەر ، ھوسۇللى ياخشى بولغان دېھقانلار يايمىچىلار ئالدىدا مىغىلدايتتى . يەنە بۇ يەردە قىزىقچىلىق كۆرۈش ئۈچۈن نە ـ نەلەردىن يېتىپ كەلگەن بىكارچىلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئادەملەرنىڭ قانداق قىلىپ شۇنچىۋالا تېز بېيىپ كېتىۋاتقىنىغا ئەقلى يەتمەي ھەممىگە ھەيران بولۇپ قارايتتى ؛ شاراقشىپ قولدىن ـ قولغا ئۆتۈۋاتقان پۇللار ئۇلارنىڭ كۆزىنى ئالا ـ چەكمەن قىلاتتى… كىشى بۇ بازاردا كېتىپ بارغىنىدا ئۆزىنىڭ ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريا بويىدا — چوڭ شەھەردىن يىراق بىر سەھرادا تۇرغىنىنى ئۇنتۇپ قالاتتى . شۇنچىۋالا ئادەمنىڭ يەنە بۇگۈن كەچكىچە تەرەپ ـ تەرەپكە تارقىلىپ كېتىدىغانلىقىنى ، ئەتىدىن باشلاپ يەنە بىر يەكشەنبىگىچە بۇ پۈتۈن بازاردا قېرى بىر كۆزەتچىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ قالمايدىغانلىقىنى تېخىمۇ كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرەلمەيتتىڭىز .

ئەنە شۇ قايناق بازارنى مەقسەتسىزلا ئايلىنىپ يۈرەتتىم . قۇلىقىمغا يېقىملىق بىر ناخشا ئىشىتىلدى . ئىتتىك ئۆپچۆرەمگە قارىدىم ، يېقىن ئەتراپتا يە بىر رادىيو كۆرۈنمەيتتى . ئىككى تەرىپىگە شەخسىي تىجارەتچىلەرنىڭ يايمىلىرى زىچ جايلاشقان بۇ

قىستاڭ رەستە ئالارمەن ـ ساتارمەنلەرنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭى بىلەن گۇرۇلدەيتتى . شۇنچە شاۋقۇن ئىچىدىن قۇلاققا يەنە ھېلىقى ناخشا ئاۋازى ئالاھىدە ئاڭلىنىپ تۇراتتى . بۇ ناخشا كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا گۇللەر ئېچىلىپ كەتكەن كەڭ دالىنى ، يېڭى سۇ كەلگەن ئېرىقنى بويلاپ يۇگۇرۇپ يۇرگەن بالىلارنى ، ئوچۇق ئاسماندا ئەگىپ يۇرگەن كەپتەرلەرنى ، يوپۇرماقلار شىلدىرلاپ تۇرغان سالقىن ئايدىڭ كېچىنى كەلتۇرەتتى ؛ ناخشىنىڭ ئەۋجى قىلىن قارىغايزارلىقلار ئىچىدىن سىرغىپ ئېقىپ چىقىۋاتقان تاغ سۇلىرىدەك يېنىك ۋە دولقۇنلۇق ئىدى… بىردىنلا كۆزۇم كىچىككىنە پوكەينىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرغان ئايالغا چۇشتى . يۇقىرىغا ئېسىپ قويۇلغان كىيىم ـ كېچەك ، يىپەك رەختلەر ئايالنىڭ يۇزىنى توسۇۋالغانىدى . ناخشا ئەنە شۇ تەرەپتىن ئاڭلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى . ئېگىشىپ قاراپ ، لەرزان ئاۋازدا ئاستا ناخشا ئېيتىۋاتقان بىر چوكاننى كۆردۇم . قاش ـ كۆزى جايىدا كەلگەن بۇ ئايالنىڭ سىياقىدىن ياشلىق ۋە ساغلاملىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى .

— پاھ ، ئەجەبمۇ چىرايلىق ناخشا ئېيتىدىكەنسىز ، سىڭلىم !

— راستمۇ ؟

ئايال كۇلۇمسىرىگىنىچە ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى .

— ئىشەنسىڭىز باياتىن بېرى مۇشۇ ئەتراپنى ئەگىپ كېتەلمەيمەن ، بۇ ناخشىنى كىم ئېيتىۋاتقاندۇ ؟ دەيمەن ، ئاۋازىڭىزنى بىر تۇرۇپ ، داڭلىق ناخشىچىلارنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىتىمەن ، بىر تۇرۇپ ، «ياق بۇ ناخشىدا باشقىچە بىر پۇراق بارغۇ !» دەيمەن…

— قويۇڭە ، بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭىز .

— چىن گەپ . ماڭا شۇنداق يېقىملىق بىلىندىمۇ ، بىلمىدىم . ئىشقىلىپ ، ئاۋازىڭىزدا ئۆزگىچە بىر مۇڭ بار ئىكەن... بۇرۇن ئارتىس بولغانمۇ ـ يە سىز ؟

— ۋاي نېمە دەيدىغانسىز ، مەن نەدە يۈرۈپ ئارتىس بولاي .

— ئەمىسە...

— سىزچە ئارتىستىن باشقا ئادەم ناخشا ئېيتالامدۇ ؟

— ئېيتىدۇ ، بىراق سىزدەك قاملاشتۇرۇپ ئېيتالمايدۇ ـ دە .

— بولدى ، بولدى ، بەك ماختىۋەتتىڭىز . گېپىڭىز راست بولسا ماللىرىمدىن بىرەر نەرسە ئېلىپ ، سودا قىلىپ قويمامسىز ؟ ئەرزان بېرىمەن .

— ئاپلا ، نېمە ئالسام بولار ؟ بىرنېمە ئالىدىغان نىيىتىممۇ يوقتى ، ئۆزۈمچە مۇنداقلا ئايلىنىپ يۈرگەنتىم .

— قاراپ بېقىڭە ، سىزگە لازىملىق بىرنېمە چىقىپ قالار . ئاياللىرىڭىزغا مۇنۇ ياغلىقتىن ئېلىڭ ، رەڭگى ياخشى ، ھازىر ئاياللارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنىڭدىن ئارتىشىۋاتىدۇ . كىچىك بالىلىرىڭىز بولسا ، ماۋۇ كۆڭلەكلەردىن ئالسىڭىزمۇ بولىدۇ . بىزنىڭ بۇ بازاردىكى ماللارنىڭ نەرخى ھۆكۈمەت دۇكانلىرىدىكىدىن ئەرزان .

پوكەينىڭ ئۈستىدىكى ئەينەك جازا ئىچىدىمۇ سۇزگە ، تارغاق ، يىپ ـ يىڭنە ، ئويماق ، تۈگمە دېگەندەك ھەر خىل ماللار تۇراتتى .

— ئاۋۇ سائەت بېغى قانچە ؟

— ئىككى سوم بېرىڭ .

— قىممەتقۇ؟ ماگىزىندا باھاسىنى بىر سوم يەتمىش يۇڭدەك كۆرۈۋىدىم .

— بوپتۇ ، ماگىزىن نەرخىگە ئېلىڭ .

— ئەرزان بېرىمەن ، دېۋىدىڭىز…

— بوپتۇلا ، ناخشامنى ماختىغىنىڭىز ئۈچۈن بەرگىنىڭىزنى بېرىڭ ، — دەپ سائەت بېغىنى قولۇمغا ئېلىپ بەردى ئۇ .

پوكەي ئالدىغا يەنە بىرنەچچە خېرىدار كەلدى ، ياش چوكان مەن سۇنغان پۇلنى ياندىكى غەللىگە سانىمايلا تاشلىدى ـ دە ، يېڭى خېرىدارلار بىلەن بولۇپ مېنى ئۇنتۇدى . مەن كەتتىم ، شاۋقۇنلۇق بازار ، ھېلىقى يېقىملىق ناخشا ئارقامدا قالدى…

× ×

نېمىشقىدۇر شۇ ياش چوكاننى ئۇزاققىچە ئۇنتۇيالمىدىم . بەزىدە ئۇنىڭ ناخشىسى قۇلىقىمغا يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى . بۇنداق چاغدا گۈللەپ تۇرغان كەڭ دالا ، ئاشىقلار پىچىرلىشىپ تۇرغان گۈزەل ئايدىڭ كېچە ، ئېرىق ياقىلاپ يۈگۈرۈپ كېتىپ بارغان بالىلار يەنە كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى… ئېھتىمال ، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى بۇ تەسىراتمۇ كونىراپ ، ئۇنتۇلۇپمۇ كېتەر ئىدى ، لېكىن بىر كۈنى مەن ئۇ ئايال بىلەن يەنە ئۇچرىشىپ قالدىم .

بۇ قېتىم مەن بازاردا ئەمەس ، يېزىنىڭ توپىلىق يولىدا خىيال سۈرۈپ كېتىپ باراتتىم . قۇلىقىمغا تونۇش ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى . ئەجەبلىنىپ ئارقامغا قارىدىم . بىر كىچىك بالا ھەيدىگەن ئېشەك ھارۋا ماڭا يېقىنلاپلا كېلىپ قالغانىدى . ھارۋىدا

بىر نەچچە چوڭ سومكا ۋە بىر تاغار بار ئىدى ، تاغار ئۈستىدە ھېلىقى چوكان ئولتۇراتتى . ئۇ ئەتراپتىكى كەڭ ئېتىزلارغا ، يىراقتىكى قارلىق تاغلارغا تۇتىشىپ كەتكەن بىنەملىكلەرگە قارىغىنىچە ناخشا ئېيتىپ كېلىۋاتاتتى . ئۇنىڭ ناخشىلىرىنىڭ ئاھاڭى تونۇشتەك قىلاتتى - يۇ ، يەنە مەن ئاڭلىغان ھېچبىر ناخشىغا ئوخشاشمايتتى .ئۇ ناخشىسىدا ئوغلىنى سېغىنغان ئانىنى ، يۇرتىنى سېغىنغان مۇساپىرنى ، ئاشىقىنى سېغىنغان دەردمەننى كۈيلەيتتى .

— قانداقراق ، سىڭلىم ، ئەھۋالىڭىز ، ھارۋاڭلارغا چىقىۋالسام بولارمۇ ؟

— نەگە باراتتىڭىز ؟

— يار مەھەللىگە .

— بىزغۇ ناھىيە تەرەپكە كېتىمىز ، مەيلى ، ئالدىمىزدىكى ئەگىلىشكىچە بولسىمۇ چىقىۋېلىڭ ، شۇ ئارىلىقمۇ خېلى يول .

ھارۋىغا چىقتىم . ھارۋىكەش بالا :

— ئاكا ، ئالدىغىراق ئولتۇرۇڭ ، كەينى ئېغىر بولۇپ كەتتى ، — دېۋىدى ، يەنە ئايال تەرەپكە سۈرۈلدۈم .

— سىڭلىم ، مېنى تونۇمىدىڭىز ـ ھە ؟

ئۇ ماڭا قاراپ كۈلدى ـ دە :

— بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەن ، ئەسلىيەلمىدىم ، — دېدى .

— بىر قېتىم ، دەريا بويىدىكى بازاردا ناخشىڭىزنى ئاڭلاپ زوقلىنىۋىدىم... ئېسىڭىزدىمۇ ؟ مانا بۇ سائەت بېغىنى سىزدىن سېتىۋالغانتىم .

— ھە ، ھە ، ئېسىمگە كەلدى . بازار دېگەندە ھەممە

خېرىدارنىڭ چىرايىنى ئەستە ساقلاپ كەتمەك تەس ، خوتۇن خەق دېگەن ماختىغاننى ياخشى كۆرىمىز ، ناخشامنى ماختىغىنىڭىز ئېسىمدە .

— زاستىنلا چىرايلىق ناخشا ئېيتىدىكەنسىز ، كىمدىن ئۆگەنگەنتىڭىز ؟

بالا ئېشەكنى تاياق بىلەن نوقۇپ ئىتتىكلىتىپ قويدى . چوكان قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى . كۈلگەندە ئۇنىڭ مەڭزىدە چىرايلىق ئىككى زىنىخ پەيدا بولۇپ ، ئاپئاق ، بېجىرىم چىشلىرى كۆزگە ئالاھىدە چېلىقاتتى .

— ماڭا كىم ناخشا ئۆگەتتەتتى دەيسىز ، مەن سەھرا قىزى ، بىزنىڭ يېزىدا ھەممە ئادەم ناخشا ئېيتىدۇ : ئورما ئوروپ ، خامان تېپىۋاتقان دېھقانلار ، سۇ تۇتۇۋاتقان يىگىتلەر ، ھارۋا ھەيدەپ كېتىۋاتقان يولۇچىلار ھەممىسى ناخشا ئېيتىدۇ . ۋاي - ۋۇي ، نېمىسىنى ئېيتىمىز ، كىچىك چېغىمدا ماڭا شاماللارمۇ ، شىلدىرلىشىپ تۇرغان يوپۇرماقلارمۇ ، شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇلارمۇ ناخشا ئېيتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى... ئۆيىمىز مەھەللىنىڭ چېتىدىكى جاڭزىدا ئىدى . جاڭزا يېنىدا كەڭرى كەتكەن بىر تۇزلەڭ بار ئىدى . يىراقتىن كەلگەن بۇلاق سۇلىرى بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ ئاشۇ تۇزدىن ئېقىپ ئۆتەتتى . بۇ يەر شۇنچىلىك گۈزەل ئىدى دەڭ ، باھار پەسلىدە رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كېتەتتى .

— توۋا ! — دېدىم مەن ، — سىزنىڭ ناخشىڭىزنى ئاڭلىسام لا كۆز ئالدىمغا شۇنداق گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن كەڭ بىر دالا كېلەتتى .

— راستما ؟... دادام كىچىك ۋاقتىمدىلا ئۆلۈپ كەتكەنىدى ، بىچارە ئاپامىمۇ بەزىدە غورۇنىڭ ياغىچىغا يۆلىنىپ ، مۇڭلىنىپ

ناخشا ئېيتاتتى ، مەنمۇ ئەپكەشنى دولامغا سېلىپ ئاشۇ گۈللۈكلەر ئارىسىدىن كەتكەن يول بىلەن سۇغا ماڭغاندا ناخشا ئېيتاتتىم...

ئايال خۇددى كونا تونۇشلىرى بىلەن پاراڭلاشقاندەك بەھۇزۇر گەپكە چۈشۈپ كەتتى . ھارۋىكەش بالا بىر ماڭا ، بىر ئايالغا قاراپ قويۇپ گەپ تىڭشاپ ئولتۇراتتى ، ئارىلاپ ئېشەكنى ساۋاپ قويۇشنىمۇ ئۇنتۇمايتتى . ئېشەكنىڭ ئاياغلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن يېنىك چاڭ ئارقىدا قالاتتى . ئايالنىڭ سۆزلىرى ماڭا يىراق ئۆتمۈشنى، قەدىمىي يېزىلارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگەندەك بولاتتى .

— بىر - ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا بىر يەردە سىزنىڭ ناخشىڭىزنى يەنە ئاڭلىدىم ، — دېدىم مەن .

— قەيەردە ؟

— شەھەردە .

— نېمە دەيدىغانسىز ؟ شەھەرگە كىرمىگىنىمگە يىلدىن ئېشىپتۇ...

— شەھەردىكى «شياڭگاڭ بازىرى»نى بىلىدىغانسىز ؟ ئۇ يەرگە شەھەرنىڭ ھەممە شەخسىي تىجارەتچىلىرى دېگۈدەك يىغىلغان ، ئالامەت چوڭ بازار .

— بىلمەن ، بىلمەن ..

— ناخشىنى دەل شۇ بازارنىڭ بېشىدىراق بىر يەردە ئاڭلىدىم . دەسلەپتە مەنمۇ ھەيران بولدۇم ، تىڭشىسام ، سىزنىڭ ئاۋازىڭىز، قارىسام ، ناخشا بىر دۇكاندىكى ئۈنئالغۇدىن چىقىۋېتىپتۇ . دۇكاندار ئالدىدىكى بىرنەچچە ياش چوكانلار بىلەن ۋاتىلدىشىپ تۇرۇپتۇ ، بىر چەتتە تۇرۇپ ناخشا تىڭشىدىم ، خاتاسىز سىزنىڭ ئاۋازىڭىز ، شۇ ئارىدا ھېلىقى ئاياللار كېتىپ

قىلىشتى. دۇكاندار مېنى كۆرۈپ :
— «خوش ، نېمە ئالىسىز ؟» دەپ سورىدى .
— «ھېچنېمە ، ناخشىدىن پەيزى ئېلىۋاتىمەن» دەپ ئۇنىئالغۇنى شەرەت قىلىۋىدىم ، خوجايىن ئاچچىقى كەلگەندەك بولۇپ ، ئۇنى «شاققىدە» ئۆچۈرۈپ قويدى .
— مەن نەدە يۈرۈپ ئۇنئالغۇغا ناخشا ئېيتاي ، سىز دېگەن شۇ دۇكاندار كېلىشكەن ئادەممىكىن ؟
— تازا سەپسالماپتىمەن ، قىزىل يۈزلۈك ، بۇرۇتلۇق... ئېھتىمال بەش — ئون يىلنىڭ ئالدىدا كېلىشكەن يىگىت بولسا كېرەك .
— ئۇ مېنىڭ يولدىشىم بولىدۇ .
— يولدىشىڭىز ؟ !
— ئاجرىشىپ كەتكىنىمىزگە خېلى يىللار بولۇپ قالدى ، ناخشامنى ئۇنىڭ قاچان ، قەيەردە ، قانداق قىلىپ لېنتىغا ئېلىۋالغانلىقىنى ئۇقمايمەن ، ئىشقىلىپ ، شۇنداق بىر لېنتىنى قويۇپ ئاڭلاپ يۈرىدۇ ، دەپ ئاڭلايمەن... مەن ئۇنى يېقىندا كۆرگەندە ناھايىتى كېلىشكەن يىگىت ئىدى يا ماڭا شۇنداق كۆرۈنەتتىمىكىن ، بىلمىدىم . ئۇ چاغلاردا ئۇ ماللىرىنى بىز تەرەپتىكى سەھرالارغا ئاچىقىپ يېيىپ ساتاتتى ، يولدىن ئۆتكەندە بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ چاي ئىچەتتى . بەزىدە سېتىلماي قالغان ماللىرىنى شۇ يەرگە قويۇپمۇ قوياتتى . خېلىلا كىچىك بولسام كېرەك ، ئۇنىڭ مال قاچىلايدىغان تاغىرى ماڭا چۆچەكلەردىكى سىرلىق داستىخاندەك بىلىنەتتى ؛ ئۇنىڭ ئىچىدىن رەڭمۇرەڭ رەختلەر ، چىرايلىق ئاياغلار ، گۈللۈك كۆڭلەكلەر ، تارغاق ، مارجان ، پۇراقلىق سوپۇن دېگەندەك خىلمۇخىل نەرسىلەر

تۆكۈلەتتى . ئۇ مەھەللە چېتىدە پەيدا بولغاندا مەن ئېرىق ياقىلاپ يۈگۈرەيتتىم نېمىشقىدۇر ، ناخشىلارنى ئېيتاتتىم...

— يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قاپسىزكەن ـ دە ؟

— بىلمىدىم .

— ئۇمۇ سىزنى ياخشى كۆرەتتىمۇ ؟

— ۋايتاڭەي ! بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەندە ئۇ ناخشىلىرىمنى تىڭشاپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى . كېيىن ئۆيگە ئەلچى كىرگۈزۈپتۇ . ئاپام : «قول ـ ئىلكىدە بار ، تۈزۈك يىگىت كۆرۈنىدۇ ، ئۇنىڭغا ياتلىق بولساڭ جاپا تارتمايسەن» دېدى ، مەنمۇ كۆپ ئويلىنىپ كەتمىدىم . ئۇ چاغدا چىرايلىق يىگىتنىڭ جۈپتـــى بولۇش ، شەھەرنى كۆرۈش دېگەننىڭ ھەممىسى ماڭا قىزىق بىر ئىشتەكلا تۇيۇلاتتى... سىزنى زېرىكتۇرۇپ قويدۇممۇ ، قانداق ؟

— ياق ، خۇددى قىـــزىـق بىـــر رومـان ئـوقـۇغـاندەك بولۇۋاتىمەن .

— سەھرالىقلارنىڭ گەپلىرى شۇنداق ئوچۇقلا بولىدۇ . قاراڭ ، شۇنداق قىلىپ ، تويىمىـــز بولدى ، توي كۆچۈرۈپ ماڭىدىغان ماشىنىلار قوزغالغاندا ئاپام قاتتىق يىغلىدى . مەھەللە بالىلىرى ماشىنىغا تاش ـ داڭگاللارنى ئاتتى...

شۇ كېچىدىن باشلاپ شەھەرگە كىرىپ ، تاملىرى ئېگىز بىر قورۇغا سولاندىم ، بۇ يەردە ئۈچ يىل تۇرۇپ ، ئىككى قىز تۇغدۇم . يولدىشىمنىڭ ئېيتى سەلەي ئىدى ، قىزلارغا سەيياره ، سەلىمە دەپ ئىسىم قويدۇق . شۇ ئۈچ يىلدا سەلەينىڭ تاپاۋىتىمۇ يامان ئەمەس بولدى ، ماللىرىنى دۇمبىسىگە يۈدۈپ ، يېزىمۇ يېزا كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان ئىشتىن قۇتۇلۇپ ، بازار ئىچىدە ئوبدان بىر دۇكان ئاچتى ، ئەمما ئۇ باي بولغانسېرى ئەسكىلىشىپ كەتتى .

شۇ چاغقا يەتكەندە ئۆزۈمنىڭ سەلەيگە تېگىپ بىتەلەي بولۇپ قالغانلىقىمنى چۈشەندىم. ئۇ كېچە - كېچىلەپ ئۆيگە كەلمەي سىرتتا قونۇپ قالاتتى. مۇنداق كۈنلىرى يېزامنى سېغىناتتىم، ھېلىقى گۈللەر ئېچىلىپ، بۇلاق سۇلىرى ئېقىپ ئۆتىدىغان كەڭ تۈزنى، يېزىنىڭ كۆپكۆك ئاسمىنىدىن ئۇچۇپ ئۆتىدىغان قۇشلارنى قوشاققا قېتىپ، بالىلىرىمنى ئەللەيلەپ ئۇخلىتاتتىم؛ بەزىدە «نېمىشقا ئۇ مەندەك بىر سەھرالىق قىزنى ئالغان بولغىيتتى؟» دەپ ئويلاتتىم. كېيىن چۈشەندىم، سەلەيگە خوتۇن ئەمەس، ئۇ قانداق ئەسكىلىك قىلسا دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، خىزمىتىنى قىلىدىغان قۇل لازىم ئىكەن؛ بۇ قۇل ھەم چىرايلىق، ھەم ئىتائەتمەن بولۇشى كېرەككەن. شەھەردىن بۇنداق چاكارنى تاپماق ئوڭايمۇ دەيسىز؟... بىر چاغلاردا ئۇ مېنىڭ بېشىمنى سىلاپ، مۇڭلىنىپ ئولتۇرۇپ ناخشامنى تىڭشايتتى، بارا - بارا پۇل ساناشتىن، كوچا خوتۇنلىرىنىڭ يېنىغا قاتراشتىن باشقىغا قىزىقمايدىغان بولۇۋالدى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى مېنى زادىلا كۆزگە ئىلمايدىغان، «سەتەڭ»لەرنى ئۆيگىمۇ باشلاپ كېلىدىغان بولدى. يۈرىكىم قاتتىق ئازابلاندى، سەلەينىڭ بۇرۇتلىرى، مايلاپ قويغاندەك پارقىراپ تۇرىدىغان يۈزلىرى كۆزۈمگە يىرگىنچلىك كۆرۈنىدىغان بولدى... ئاخىر بۇ خورلۇقلارغا چىدىمىدىم. ئىككى بالامنى ئېلىپ، ئاپامنىڭ قېشىغا چىقىپ كەتتىم. ئۇ مېنى ئىزدەپمۇ چىقمىدى. شۇ يەردە تۇرۇپ دەۋالىشىپ خېتىمنى ئالدىم. بالىلارنىمۇ تالاشمىدى، ئۇنداق ئادەملەر ئۇچۇن بالىنىڭ نېمە قىممىتى دەيسىز؟! ئۇلارنىڭ قارىشىچە، «خوتۇن دېگەن يولدا، بالا دېگەن بەلدە...» سوت مەھكىمىسى ئازراق ئۆي جابدۇقلىرىنى ئېلىپ

بەردى . «باللارنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن سىزگە ئايدا بىر ئاز پۇل بەرسۇن» دېدى . مەن ئاشۇ پۇلنى دەپ ھەر ئايدا ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدا سارغىيىپ يۈرۈشنى خالىمىدىم . «باللىرىم ئۈچۈن دۇكاندىكى مېلىدىن ئازراق بەرسۇن» دېدىم . سەلەي قاقشاپ تۇرۇپ بىر قىسىم ماللىرىنى بۆلۈپ بەردى . قانداق قىلىمەن ، ماڭىمۇ جاھان لازىم ـ دە ! ھېلىقى ماللارنى سېتىپ يەپ ياتقان بولسام ، بىر يىلغىمۇ يەتمەيتتى ، «ئەرلەر قىلالىغان ئىشنى مەن قىلالمامدىم» دەپ يەڭنى تۇرۇپ سودىگەرچىلىككە كىرىشىپ كەتتىم . يالغان سۆزلىمىدىم ، ئادەم ئالدىمىدىم ، پايدام ئاز بولسىمۇ ، خېرىدارىم كەم بولمىدى . شۇ ئەتراپتىكى يېزىلاردا قەيەردە بازار بولسا شۇ يەرگە يايما يېيىپ ، باللىرىم بىلەن ئاپامنى خار قىلماي بېقىپ كېتىۋاتىمەن… سەلەينى دەمسىز ؟ مەندىن كېيىن ئىككى سەتەڭنى ئېلىپ يولغا سېلىپ بولدى . ئاڭلىسام ، ھازىر يەنە بويتاق ئىكەن . زېرىكسە ھېلىقى لېنتىنى قويۇپ ئاڭلىغۇدەك . قايسى شەيتاننىڭ ئىشىكىن ، ناخشىلىرىمنى ماڭا تۇيدۇرماي لېنتىغا ئېلىپ ، ئۇنىڭغا ئاپىرىپ ساتقان ئوخشايدۇ . بوپتۇ ، ناخشىلىرىمنى سېتىۋېلىپ ئاڭلىسا ئاڭلىسۇن ، ئەمدى مېنى سېتىۋالالمايدۇ…

ئايالنىڭ ھېكايىسى مېنى خىيالغا سېلىپ قويدى . ھارۋا ناھىيەگە كېتىدىغان يول ئېغىزىغا يېقىنلاپ قالغانىدى . بالا ھارۋىنى توختىتىپ ماڭا قارىدى . شۇ چاغدا ئېسىمگە كېلىپ :

— خەير ، سىڭلىم ، كېيىن يەنە كۆرۈشۈپ قالارمىز ، — دەپ ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشتۈم ـ دە ، سومكىلارنىڭ ئۈستىدە تۇرغان چاپىنىمنى ئېلىپ دولامغا تاشلىدىم ، — ساڭىمۇ رەھمەت ! — دەپ ھارۋىكەش بالىنىڭ بېشىنى سىلاپ قويدۇم .

— توختاڭە ، سىزنىڭمۇ بالىلىرىڭىز باردۇ ؟ — دەپ سوراپ قالدى ئايال .
— بار ، مېنىڭمۇ ئىككى قىزىم بار .
— مانا بۇ مارجانلار مېنىڭدىن قىزلىرىڭىزغا خاتىرە بولۇپ قالسۇن .
خۇشاللىق بىلەن قولۇمنى سۇنۇپ مارجاننى ئالدىم .

× ×

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتتى . بۇ ۋاقىت ئىچىدە مەن خىزمەت بىلەن باشقا يۇرتلاردا بولدۇم . قايتىپ كېلىپ ، بىرىنچى يەكشەنبىدىلا دەريا بويىدىكى ھېلىقى بازارغا چىقتىم . بازار تېخىمۇ ئاۋاتلىشىپ كەتكەنىدى ، قۇياش بۇ كەڭرى مەيدانغا ئۆزىنىڭ نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن تۆكمەكتە ئىدى ، ئاشخانىلارنىڭ تۇرخۇنلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن كۆپكۆك ئىسلار تولغىنىپ ، يۇقىرى ئۆرلەيتتى ، دولقۇنلىنىپ تۇرغان دەريا بوغۇق گۈركىرەيتتى ، ئادەملەر بىلەن تولغان بازار بولسا تېخىمۇ كۆچلۈك گۈرۈلدەيتتى… مەن بۇ يەرنى كەچ كىرگۈچە قىدىرىپمۇ ھېلىقى ياش چوكاننى ئۇچرىتالمىدىم . ئاخىردا بازار تاراپ ، بۇ يەردە قېرى بىر كۆزەتچىدىن باشقا كىشى قالمىدى .
— خوش ، نېمىشقا قايتاي دېمەيسەن ؟ — دەپ سورىدى كۆزەتچى مەندىن ھەيران بولۇپ ، — يە ئۆيۈڭ يېقىن ئەتراپتىمۇ ؟ شۇنداق بولسىمۇ قايت ، قارا ، كۈن ئولتۇرۇپ بولدى . ھېلىلا قاراڭغۇ چۈشىدۇ . خۇدا بۇيرۇسا يەنە بىر يەكشەنبىدە كېلەرسەن .
— يەنە بىر يەكشەنبىگىچە مەن بۇ يەردە يوق ، چوڭ دادا ،

بىر كىشى بىلەن كۆرۈشمەكچىدىم ، تاپالمىدىم .

— كىمنى ئىزدەيتتىڭ ؟

— بىر سودىگەر ئايال ، ياش چوكان ، ناخشا ئېيتىپ تۇرۇپ ، مال ساتىدۇ . ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا مەن ئۇنى مۇشۇ بازاردا كۆرگەن ، كېيىن ناھىيەگە كېتىدىغان يول ئۈستىدىمۇ ئۇچراتقانىدىم . ئۈستىگە ئاددىي ئەترەڭ پىلاتى - يوپكا كىيىۋالاتتى ، سىز تونۇمسىز ؟

— بۇ يەرگە مال ئەكېلىدىغانلارنىڭ قايسىبىرىنى تونۇپ كېتىمەن . تىجارەتچىلەرنىڭ ئىچىدە ئەرلىرىمۇ ، ئاياللىرىمۇ بار . ناخشا ئېيتىدىغانلىرىمۇ ئاز ئەمەس .

— سەھرالىق ئايالمەن ، دېگەنىدى .

— سودىگەرچىلىك قىلىۋاتقان سەھرالىقلارنى بىر - ئىككىلا ئادەم دەمسەن . ھازىر ھەربىر يېزىدىن بەشتىن ، تۆتتىن ئوقەتچى چىقتى . توۋا ، دەيمەن ، بۇرۇنلاردا شۇنچىۋالا يەر تۇرۇپ يەنە پەمىدۇر - لازىنى شەھەردىن ئاچىققان ساتارمەنلەردىن سېتىۋالاتتۇق ، بىر چاغلاردا مېنىڭمۇ يېزىدا دۇكىنىم بولىدىغان ، ئۇنىڭدا نېمە بولىدۇ ، دەيسەن ، شىمىشكە ، پۇرچاق ، تاماكا قەغەز ، بېدە - قوراي ، سىركە - لازا ، ئۇششاق باللار يەيدىغان خوراز مەنپەسى دېگەندەك بىرنېمىلەر بولاتتى . ھازىرقى ئادەملەرنىڭ قانداق بېيىپ كېتىۋاتقىنىنى بىلىپ بولمايدۇ... سەن دېگەن ئايال سېنىڭ نېمەڭ بولاتتى ؟

— ھېچنېمەم ئەمەس .

— ھە ! — دەپ گېلىنى قىردى كۆزەتچى ، — ئېيتى نېمىدى ؟

— مانا قاراڭ، ئېتىنىمۇ سورىۋالماپتىكەنمەن.
— بىر كۆرۈپلا كۆڭلۈم چۈشۈپ قالغان، دېگىنە.
— نېمە دەيدىغانسىز؟ مېنىڭمۇ بالا - چاقام بار، چوڭ دادا.
— ئەمدى كۆڭۈل دېگەنگە ھېچ نەرسە دەپ بولمايدۇ، دېگىنە ياكى بايراق خوتۇن بولسا پۇلغا قىزىققانسەن... ياش ۋاقتىمدا مەنمۇ خوتۇنلارنىڭ ئارقىسىدا خېلى پالاقلاپ باققان. ھازىر ئويلىسام، قىپقىزىل ئەخمەقكەنمىز... ئۇنداقتا ئۇ ئايالنى نېمىگە ئىزدەپ قالدىڭ؟
— ئۇ ماڭا «قىزلىرىڭىز تاقىسۇن» دەپ ئىككى كىشىلىك مارجان بېرىۋىدى. مەنمۇ قارىمايلا ئالغانىكەنمەن، كېيىن قارىساق، ھەممىسى ساپ مەرۋايىت ئىكەن. ئەلۋەتتە مۇنداق پۇللۇق نېمىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بىر نەرسە قايتۇرمىسام بولمايدۇ-دە!؟
— شۇنداق، بۇنى توغرا ئويلاپسەن، پۇل بەرمەكچىمىدىڭ؟
— پۇل بەرسەم ئالماس... ئۇمۇ «ئىككى قىزىم بار» دېگەندەك قىلىۋىدى، قىزلىرىغا لايىقىدا سوۋغات ئېلىپ كېلىۋىدىم.
— تۇرىدىغان يېرىنى دەپ بەرمىگەنمىدى؟
— ئۇنىمۇ سورىماپتىكەنمەن، ئىشقىلىپ، ئۆيىمىز يېزىنىڭ چېتىدىرەك بىر جاڭزىدا، ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىدا كەڭ بىر تۈز بار، ئۇ يەردە دالا گۈللىرى ئېچىلىپ تۇرىدۇ، دېگەنىدى.
— قىزىق ئادەمكەنسەن - دە، ئۈمرۈڭ شەھەردىلا ئۆتكەن ئوخشىمامدۇ؟ بۇ يەردىكى ھەممە دالىلاردا گۈللەر ئېچىلىپ تۇرىدۇ...

× ×

ئەتىسى شەھەرگە كىرىپ، ئايالىنىڭ ئىلگىرىكى يولدىشىنىڭ دۇكىنى ئالدىدىن ئۆتتۇم، سەلەي دۇكاندا ئىدى. ئۇنىڭ بۇ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە شۇنچىۋالا ئۆزگىرىپ كەتكىنىگە ھەيران قالدىم. دۇكاندىكى ماللارنىڭمۇ تايىنى قالمىغان بولۇپ، بۇ ئادەم ئۆزى سەمرىگەن، مەڭزلىرىنىڭ قىزىللىقى يىتۇپ، گۆشلىرى ئېسىلىپ قالغانىدى، ھەممە نەرسىگە پەرۋاسىز قاراپ ئۇگدەيپ ئولتۇراتتى. «ھە، بۇزۇقچىلىق سېنى زەئىپلەشتۈرۈپتۇ ـ دە!» دېدىم ئىچىمدە. يېنىغا قويۇقلۇق ئۇنئالغۇدىن يەنە ھېلىقى ياش چوكاننىڭ ناخشىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، لېنتا قايتا ـ قايتا قويۇلۇۋەرگەچكىمىكىن، ناخشىچىنىڭ ئاۋازىمۇ بوغۇلۇپ قالغاندەك قىلاتتى...

شۇ چاغدا دۇكان ئالدىدا بىر ـ ئىككى خېرىدار پەيدا بولدى. سەلەي سېمىز بارماقلىرى بىلەن ئۇنئالغۇنى بېسىپ ئۆچۈرۈپ قويۇپ ئورنىدىن قوپتى. خېرىدارلارغا نېمىنىدۇر ئېلىپ كۆرسىتىپ: «ھارام بولسۇن، ماڭا بىر تىيىنىمۇ پايدا قالمايدۇ... ئىشەنسىڭىز سىزگە ئىككى كوي زىيىنىغا بېرىۋاتىمەن... ئەزبىرايى خۇدا...» دەپ قەسەملەرنى ياغدۇرۇپ سودىلاشقىلى تۇردى. ئۇلارنىڭ دېگىنىچە بولسا، دۇنيادا ھالال نەرسە قالمىغان بولاتتى. مۇنداق سودىگەرلەرنىڭ بەزىلىرى ئون پۇڭ پايدا ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئانىسىنى سېتىۋېتىشتىنمۇ يانمايتتى... مەن ئۇنىڭدىن ھېلىقى ياش چوكاننى سورۇشتۇرۇپ بېقىش نىيىتىدىن ياندىم.

× ×

ئارىدا يەنە بىرنەچچە ئايلىق كاماندىروپكىغا چىقىپ قايتىپ كەلدىم. ئەمدى قەھرىتان قىش كېلىپ قالغانىدى. شەھەر كوچىسىدا پىيادىلەر يولى بىلەن كېتىپ باراتتىم. ئالدىمدىن كېلىۋاتقان ئايالغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئەڭ يېڭى مودىدىكى ياقىلىق جۇۋا، سىيرىتمىلىق ئېگىز پاشنىلىق ئۆتۈك كىيىۋالغانىدى. يولنىڭ چىڭدالغان قارىنى غاچىلدىتىپ دەسسەپ ماڭغان ئاۋاز قۇلاققا ئېنىق ئاڭلىناتتى. «پاھ، خېلى نوچىلىقى بار ئايالكەن ــ ھە!» دەپ ئۆتۈپ كېتىپ، ئۇنىڭ تونۇشتەك تۇرغان چىرايىنى قايتا كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم ــ دە، «ھوي، بۇ ھېلىقى مەن ئىزدەپ يۈرگەن ناخشىچى چوكاننىڭ ئۆزى ئەمەسمۇ!» دەپ بېشىمغا بىرنى ئۇردۇم. ئارقامغا بۇرۇلۇپ قارىسام، ئۇمۇ مەندىن بەش ـ ئون قەدەملا نېرىغا ئۆتۈپ توختاپ، ئارقىسىغا قارىغانىكەن.

— ياخشىمۇسىز، سىڭلىم؟ — مەن ئالدىراپ ئۇنىڭ ئالدىغا ماڭدىم، — مانا قاراڭ، بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قالغىنىمىزنى...

— ئۆزىڭىزنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

— ياخشى، ياخشى، ئاپئاق بولۇپ تولۇپ، چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىز، تونۇماي قالغىلى تاسلا قاپتىمەن.

— بۇرۇن سەتمىدىم؟

— بۇرۇنمۇ چىرايلىقتىڭىز، ھازىر يەنە باشقىچە... يۈرۈڭ، ئىشىڭىز بولمىسا مەن سىزنى مېھمان قىلاي، دەيدىغان جىق گەپلىرىم بار ئىدى.

ئۇنى مەركىزىي كوچىدىكى زامانىۋى بىر ئاشخانىغا باشلاپ كىردىم. بۇ يەرنىڭ تامىقىغۇ تايىنلىق ئىدى. ئەمما، مۇنداق پۇزۇر كىيىنگەن ئايالنى مۇشۇنداق پاكىز، ئازادە سورۇنغا باشلىماي، ھېلىقىدەك ئىسلىشىپ كەتكەن ئاشخانىلارغا ئەكىرگەن بىلەن ئەپلەشمەيدىغاندەك قىلاتتى.

گۆشلۈك سەي بىلەن ئىسسىق جىگموما، بىر قاچىدىن شورپا سېتىۋالدىم. بىز تاماق يېگەچ پاراڭلاشتۇق.

— سىزنى جىق ئىزدەپ كەتتىم. دەريا بويىدىكى ھېلىقى بازارغا باردىم. ئۇچرىشىپ قالارمىكىن، دەپ ناھىيەگە كېتىدىغان يوللارنى ئارىلاپمۇ باقتىم.

— مەن ھازىر دۇكان ئېچىۋالدىم، ناھىيەنىڭ ئۆزىدە، ئاپام بىلەن بالىلىرىمنىمۇ يېنىمغا ئەكېلىۋالدىم. ئايال كىشىگە ماللارنى توشۇپ بازارمۇبازار قاتراپ يۈرمەك بىئەپ بولىدىكەن.

— ئوبدان بوپتۇ.

— نېمىشقا شۇنچىۋالا ئىزدەپ كەتكەنسىز، ناخشامنى ئاڭلاشقىمۇ؟

— شۇنداق، ناخشىڭىزنىمۇ سېغىندىم، مۇھىمى ھېلىقى چاغدا مارجان بېرىۋىدىڭىز، ئۇ ساپ مەرۋايىت ئىكەن…

— ياخشى مەرۋايىتتى، مېنى ئۇقماي بېرىۋەتتىمىكىن، دېدىڭىزما؟

— ئۇنداققۇ دېمىدىم، بىز ئەرلەر ئاياللارنىڭ بەزى نەرسىلىرىنىڭ قىممىتىنى نەدىن بىلەيلى، راستىمنى ئېيتسام، ئۇ چاغدا ئاددىيلا بىر مارجانغۇ دەپلا ئېلىپ يانچۇقا سېلىپ قويۇپ...

— ئىككى قىزىم بار، دېگەندەك قىلىۋىدىڭىز، ئاپامنىڭ

قېشىدا تۇرۇۋاتقان قىزلىرىم ئېسىمگە كەلدى... قاراڭ ، قىز بالا دېگەن دادىسى ئېلىپ بەرگەن نەرسىنى يەنە باشقىچە كۆرىدۇ .

— رەھمەت ، ئۆيگە ئاپىرىپ ئوبدان قارىسام ، مەرۋايىت ئىكەن ، قىزلىرىمنىڭ قانچىلىك خۇشال بولۇپ كەتكىنىنى ئېيتايمۇ... سىز دېگەن ئايال كىشى ، مەنمۇ شۇنىڭغا لايىق بىر نەرسە قايتۇرمىسام قانداق بولىدۇ ؟ شۇڭا ئىزدىگەنتىم ، قىزلىرىڭىزغا ئازراقلا سوۋغات ئېلىپ قويغانتىم .

— بولدى ، ئاۋارە بولماڭ !

— بولدى دېمەڭ ، ئەمدى تۇرىدىغان يېرىڭىزنى بىلىۋالدىم ، بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن ئۆزۈم يەتكۈزۈپ بېرىمەن .

بىز ئاشخانىدىن چىقتۇق . ئۇن — يىگىرمە قەدەم ماڭمايلا كۈتمىگەن بىر ۋەقەگە يولۇقتۇق ، نېرىراقتا تام تۈۋىدە ئىككى ئادەم ياقىلىشىپ كەتكەنىدى ، قارىغاندا ئۇلار سەل - پەل كەيپ بولسا كېرەك . ئېگىزرەكى سېمىز كەلگەن يەنە بىرىنى تامغا ئوبدانلا نىقتىۋالغانىدى . تامغا نىقتىلىپ تۇرغان بۇ بورۇتلۇق ، سېمىز ئادەمنىڭ سەلەيلىكىنى خاتاسىز تونۇدۇم . «ئەجەب ئەدىپىڭنى يەپسەن !» دېدىم ئىچىمدە . كۈتمىگەندە يېنىمدىكى ئايال يۈگۈرۈپ ئۇلارنىڭ قېشىغا يېتىپ باردى - دە ، ھېلىقى ئېگىز كىشىنى ئارقىدىن كېلىپ ، كۈچ بىلەن تارتىپ سەلەيدىن ئاجرىتىۋالدى .

— ئارىلاشماڭ ، تونۇمايۋاتامسىز ، ئۇ ھېلىقى سىزنى خورلىغان ئەبلەخ ! — دەپلا قالدىم .

— نېمە دەۋاتىسىز ؟ — دېدى ئايال ماڭا قاراپ ، — قانداقلا بولمىسۇن ئۇ مېنىڭ قىز تەگكەن يولدىشىم ، ئىككى بالامنىڭ ئاتىسى .

بۇ گەپ شۇنچە ئاستا ئېيتىلغان بولسىمۇ سەلەيننىڭ قۇلىقىغا جاراڭلاپ ئىشىتىلدى ، ئۇ ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك بولۇپ ئالدىدىكى ئايالغا قارىدى . تەسىرلىنىشىمۇ ياكى ئۆتمۈشنىڭ ئەسكە چۈشۈپ كۆڭۈلنى پاراكەندە قىلىشىمۇ ، بىلمىدىم ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش يالتىرىغاندەك بولدى . ھېلىقى ئېگىز ئادەم بىر سەلەيگە ، بىر ئايالغا قاراپ قويدى ـ دە ، «غىپلا » قىلىپ كېتىپ قالدى .

— نېمىدەپ كوچىدا خەق بىلەن ياقا سىقىشىپ يۈرىدىغانسىز ؟ — دېدى ئايال .

— ئۇ مېنىڭ دۇكىنىمدىن ناخشا بار لېنتىنى سورىمايلا ئەكېتىپتۇ .

— بىر لېنتا ئۈچۈن ئۆلەمسىز ؟

— لېنتىنىڭ قېپىغا قىزلىرىم بىلەن سېنىڭ سۈرىتىڭ قىستۇرۇقلۇقتى…

ئايال خۇددى سەلەيدىن تۇنجى قېتىملىق مۇھەببەت سۆزىنى ئاڭلاۋاتقاندەك قىزىرىپ كەتتى… بىردىنلا ئۆزۈمنىڭ بۇ ئىككيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوشۇقچە ئادەم ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلىپ قالدىم ـ دە ، مەنمۇ كېتىپ قالدىم…

قۇلىقىمغا ھېلىقى ياش چوكاننىڭ ناخشىسى باشقىدىن ئاڭلانغاندەك بولدى ، يەنە گۈللىگەن بىر دالا كۆز ئالدىمغا كەلدى . شۇنداق ، بۇ كەڭ دالىدا گۈللەرمۇ ، گۈل بىلەن بىللە تىكەنلەرمۇ ئۆسىدۇ ؛ تىكەنلەر كىشىنى بىئارام قىلسىمۇ ، گۈللىرى ھامان كۆزنى چاقنىتىپ تۇرىدۇ .

1988 ـ يىل ، غۇلجا

# شەھەرگە كىرگەن بالا

— دادا ، مەن كىچىك چاغدا سەن نەدە ئىدىڭ ؟
— يىراق شەھەردە ، ئوقۇشتا ئىدىم .
— دادا ، سەن مېنى نېمىشقا شەھەرگە ئەكېتىسەن ؟
— ئەمدى سەن مېنىڭ بىلەن شەھەردە تۇرىسەن .
— ئاپام نېمىشقا بىز بىلەن بارمايدۇ ؟
— مەن ئاپاڭ بىلەن ئاجراشتىم . ماڭا بالا كېرەك ، بالام ! ئاپاڭنى شەھەرگە ئاپارمايمىز .
— دادا ، شەھەر يىراقمۇ ؟
— يىراق ، ئۇ يەرگە ماشىنا بىلەن بارىمىز .
— مەنمۇ ماشىنىغا چۈشەمدىم ؟
— ھە ، سەنمۇ ماشىنىغا چۈشىسەن ، ئوغلۇم .

× ×

— دادا ، بۇ شەھەرمۇ ؟
— ھە ، شەھەرگە كەلدۇق .
— كوچىدا ئادەم نېمانچە تولا ؟
— شەھەر دېگەندە ئادەم كۆپ بولىدۇ .
— قارا ، ئۇ قانداق ماشىنا ؟
— ئۇنى «پىكاپ» دەيدۇ .

— ئاۋۇ ئۆيلەر نېمانچە ئېگىز ؟
— شەھەرنىڭ ئۆيلىرى شۇنداق ئېگىز بولىدۇ . بىز تۇرىدىغان ئۆيمۇ شۇنداق ئېگىز .
— دادا ، سەن ئىشقا كەتكەندە مەن قورقامدىمەن ؟
— نېمىدىن قورقىسەن ؟ مەن ساڭا يەنە چىرايلىق بىر ئاپا تېپىپ بېرىمەن .

× ×

— سەن نېمىشقا دېرىزىنى ئېچىۋېلىپ تالاغىلا قارايسەن ، شەھەرنى تېخىچە كۆرۈپ تويمىدىڭمۇ ؟
— دادا ، نېمىشقا بۇ يەردە يۈگۈرۈپ ئويناىدىغان دۆڭلەر يوق ؟
— شەھەردە دۆڭ بولمايدۇ .
— نېمىشقا بۇ يەردە چۆمۈلۈپ ئويناىدىغان ئۆستەڭلەر ، بالىلار دوم يېتىپ سۇ ئىچىدىغان بۇلاقلار يوق ؟
— ئەخمەق ، شەھەردە بۇلاق نېمە قىلسۇن ؟
— نېمىشقا بۇ يەردە موزايلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرىدىغان كالىلار يوق ؟
— شەھەر كوچىلىرىدا كالا ماڭمايدۇ .
— قوزىلىرى بىلەن ماڭىدىغان قويلارچۇ ؟
— قويمۇ ماڭمايدۇ .
— دادا ، سەن نېمىشقا ئەمدى مېنىڭ قېشىمدا ياتمايسەن ؟
— سەن ئەمدى چوڭ يىگىت بولدۇڭ . مۇشۇ ئۆيدە ئايرىم ياتىسەن .

— دادا ، يېڭى ئاپام نېمىشقا كالپۇكىغا بوياق سۇركەيدۇ ؟
— يوقىلاڭ گەپلەرنى سورىما .
— دادا ، يېڭى ئاپام نېمىشقا ، «مېنى ھەدە دېگىن » دەيدۇ ؟
— شەھەرنىڭ مەدەنىيەتلىك بالىلىرى ئاپىسىنى «ھەدە» دەيدۇ ، مېنىمۇ «ئاكا» دېسەڭ بولىدۇ .
— دادا ، سەن نېمىشقا ئۆزۈمنىڭ ئاپامنى ئەكەلمەيسەن ؟
— ......
— سەن يوق چاغلاردا ئاپام : «داداڭلار ناھايىتى ياخشى» دەپ گېپىڭنى قىلىپ بېرەتتى . ئاكام سېنىڭ ئۆزىنى كۆتۈرۈپ ئويناتقانلىرىڭنى سۆزلەپ ھارمايتتى . ئۇلار سۆزلىگەندە ، مەن ، دادام زادى قانداق ئادەمدۇ ؟ دەپ قالاتتىم .
— داداڭ قانداق ئادەمكەن ؟
— ......
— ئاپاڭنى سېغىنغان ئوخشىمامسەن ؟
— سېغىندىم ، ئاپام ھەر كۈنى ئەتىگەندە چايغا ئوت ياقىلى تۇرۇپ كەتكەندە ، مەن يۇملاپ بېرىپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا كىرىۋالاتتىم . ئۇنىڭ يوتقىنى ئىسسىق ئىدى . قانچە قېتىم : «دادامۇ ئۆيدە بولغان بولسا ، ئاپام بىلەن دادامنىڭ ئوتتۇرىسىدا يېتىپ ، بىردە ئاپامنىڭ ، بىردە دادامنىڭ قوينىغا كىرىۋالغان بولسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى» دەپ ئويلىغانىدىم . دادا ، جېنىم دادا ! مېنى ئۆزۈمنىڭ ئاپامنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ قويساڭ ، «ئاپا !» دەپ يۈگۈرۈپ بېرىپ ، ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئۆزۈمنى ئاتسام...

1984 ـ يىل ، غۇلجا

# توخۇ باققۇچى

— قېنى ، موما ، هارۋىغا چىق !

— بالام ، هارۋىغا گىلەملەرنى سېلىۋېتىپسەن ، بۇ توپا ئاياغلىرىم بىلەن…

— چىقىۋەر ، چىقىۋەر . گىلەم سېنىڭدىن ئەزىزمىدى؟ ئەكەل قولۇڭنى .

— يا بىسمىللا !

— ئالدىغىراق كېلىپ ، مۇنۇ كۆرپىدە ئولتۇر . ئەمىسە كەتتۇق ، تىرت ، چۇھ !

— خۇدايىمغا ئامانەت ، بالام ، كۆزۈڭگە قاراپ هەيدە .

— خاتىرجەم بول ، يول ياخشى .

— پاھ ، هارۋىغا قاتقان مۇنۇ ئېتىڭ ئەجەبمۇ سېمىزكىنا ، هارۋا جابدۇقلىرىڭنىڭ ئېسىللىكىنى قارا . مۇشۇلارنىڭ هەممىسىنى ئۆزۈڭ ئالدىڭمۇ؟

— ماڭىمۇ خۇدايىم بېرىپ قالار ، موما . بۇ قوشنىمىزنىڭ ئات هارۋىسى . قوشنام بىلەن سېنىڭ ـ مېنىڭ دېيىشمەيمىز . بىز تەرەپكە چىقمىغىنىڭغا خېلى يىللار بولۇپ قالدى . سەھرادىكى نەۋرەڭنى ئۇنتۇپلا قالدىڭ .

— ئۇنداق دېمە ، بالام ، نەۋرىنىڭ ئوتى قانداق بولىدىغانلىقىنى نەۋرە كۆرگەندە بىلىسىلەر . قانچە قېتىم چىقىپ ، بىر يوقلاپ كىرەي ، دەپ نەچچە تەمشەلدىم ، ۋاقتى ـ

سائىتى بولمىدى . مەھەللىدىن كىرگەنلەردىن ئەھۋالىڭنى سوراپ تۇردۇم . سېنى «ۋاي ، هاراقكەش بولۇپ كەتتىيەي ، توخۇ سوقۇشتۇرۇپلا كۈن ئۆتكۈزىدۇيەي» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلاپ ، يۈرەكلىرىم ئۆرتىنىپلا كەتتى . چوپچوڭلا بولۇپ قالغاندا ، هازىرمۇ توخۇ سوقۇشتۇرۇپ يۈرمەيدىغانسەن ؟

— توخۇ دەمسەن ؟ هە ، ئۇمۇ بىر هەۋەسكەن . نېمە ئىشكىن ، خورازنىڭ كوتۇتلىغان ئاۋازى چىققان يەردە جىم تۇرالماي قالىمەن . خورازنىڭ نوچىسىنى كۆزگە قاراپلا بىلگىلى بولىدۇ . هەرقانداق خورىزنىڭنى ئۆزىنى كۆرمىسەممۇ ، ئاۋازىنى ئاڭلىساملا ياش - قېرىلىقىنى ئايرىپ بېرەلەيمەن . خورازنىڭ ياخشىسىنى كۆرسەم ، ئەگىپ كېتەلمەيلا قالىمەن . ماڭا بۇ توختى «توخۇ» دېگەن لەقەم بىكار سىڭمىگەن دېگىنە ؟ !

— خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن ، ساڭا توخۇ جىنى چاپلاشقاندەك ، كىچىكىڭدىنلا توخۇ بىلەن هەپىلىشەتتىڭ . ئېسىمدە قېلىشىچە ، بىر چاغلاردا كەپتەر چىقارغان بىر خورىزىڭ بولىدىغان ، بوۋاڭ رەھمەتلىك ئۇنى چۈجە ۋاقتىدىن تۇمىقىدا بېقىپ چوڭ قىلىپ بەرگەن . ئۆزىغۇ قۇيرۇقى سولتەك ، كۆرۈمسىز توخۇ ئىدى . لېكىنزە ، ئەجەب يامان خورازتى - دە ، هويلىغا ئادەم كىرسىمۇ ئېتىلاتتى . شۇ كەملەردە هەممىسىنىڭ توخۇسىنى قاچۇرۇپ ، مەھەللىدە داڭ چىقارغان . شۇ توخۇنى قۇچاقلاپ ، ئەتىگىنى ئۆيدىن بىر چىقىپ كەتسەڭ ، كەچلىكى ئۇنىڭ باش - كۆزىنى قانغا بوياپ بىراقلا كىرەتتىڭ . «توۋا» دەيتتۇق ، تاماققا ئولتۇرغاندىمۇ خورازنى يېنىڭغا تاشلاپ قويۇپ ، ئۆزۈڭ هە دەپ تاماق يەيتتىڭ ، كۆزۈڭ دانلاۋاتقان خورازدا بولىدىغان .

— ئۇ ئىشلار يادىمدا تازا يوق . دادام رەھمەتلىك ھايات ۋاقتىدا بىر خوراز باققىنىم ئېسىمدە ، يائاللا ، توخۇ بالىسى ئۇنداق چىقمايدۇ . پەيلىرى ۋالىلداپ تۇرىدىغان ، توم تاجلىق ، چار خوراز ئىدى ، كاساپەتنىڭ كۆزلىرى چوغدەك يېنىپ تۇراتتى . جۇغىمۇ ئانچىۋالا يوغان ئەمەس ئىدى ، يا ئۇنىمۇ كەپتەر چىقارغانمىكىن ، تۇمشۇقى قارچىغىنىڭ تۇمشۇقىدەك ئىلمەك كەلگەن ، پۇتلىرى توم ، مەزمۇت ، دوكۇرەكلىرى بىلەن تىرناقلىرى تۆمۈردەك توخۇ ئىدى . ئەترەتتە ئىشنىڭ تايىنى يوق ، شۇ خورازنى قولتۇقلاپ بىر مەزگىل يۈرۈپ كەتتىم . يېقىن ئەتراپتا ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان خوراز چىقمىدى . بىر كۈنى ، خاڭدا بىرىنىڭ نوچى خورىزى بار ئىكەن ، دەپ ئاڭلاپ ، چار خورازنى چاپاننىڭ پېشىگە ئوراپ ، شۇ يەرگە پايپاسلاپ چىقتىم . ھېلىقى توخۇنىڭ ئىگىسى شاپ بۇرۇت ، ئېگىز كەلگەن ئادەم ئىكەن . بىر قاراپلا تازا يېتىشكەن توخۇۋاز ئوخشايدۇ ـ دە ، دەپ ئويلىدىم . شاپ بۇرۇت قولۇمدىكى خورازغا قاراپ ، مەنسىتمىگەندەك قىلىپ :

«ماڭ يۈگۈر ، بۇ نېمەڭنى بازارغا ئەكىرىپ ، ئۇششاق باللار بىلەن سوقۇشتۇرۇپ ئوينا !» دېدى .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مېنىڭمۇ ئاچچىقىم كەلدى .

«ئاكاھوي ، توخۇنى قولتۇقلاپ شۇنچىۋالا يىراق يەردىن چىقىپتىمەن ، نامەردلىك قىلماي ، خورىزىڭىزنى بىر ئېلىپ چىقمامسىز ، كىرىشىپ قالسا ، بىر ـ ئىككى ئاتلىتىپ باقايلى» دېدىم .

شاپ بۇرۇت كۆزۈمگە بىر ئالىيىپ قارىدى ـ دە ، كىچىككىنە بىر ئىشىكتىن كىرىپ كېتىپ ، قاراڭغۇ ئۆيدىن

خورىزىنى ئېلىپ چىقتى . كۆزۈمگە ئۇ توخۇ ئەمەس ، يوغان بىر پاقلاننى كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى . ھېلىقى خوراز ئۆزىنىڭ باققان ئىگىسىگە ئوخشاش تازىمۇ يوغان ئاق خوراز ئىكەن . شۇنداق تاشلىۋىدى ، يەرگە «لەپپىدە» چۈشۈپ ، قانىتىنى يېيىپ ، قاتتىق بىر قىچقىرىۋېتىپ ، يەرنى چوقۇلاپ ئايلىنىشقا باشلىدى .

قاراپىلا ، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۇنداق - مۇنداق توخۇلاردىن ئەمەسلىكىنى بىلدىم . بۇ خورازنىڭ كۆزلىرىنى دېمەمسەن ، كۆزلىرى بۈركۈتنىڭ كۆزلىرىدەك چاقناپ تۇراتتى . پۇت - قولۇمغا سەل تىترەك ئولاشقاندەك بولدى . بىردەمدىلا ئەتراپىمىزغا كۆمۈرگە ئۆچىرەت كۈتۈپ تۇرغان بىكارچىلاردىن يىگىرمە — ئوتتۇزى يىغىلدى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مۇنۇ چار خوراز كىچىكرەك ئىكەن ، ئىككى خوراز پار كەلمەي قاپتۇ ، دېسە ؛ يەنە بەزىلىرى تەۋەككۈل قىلىپ تاشلا ، ئۇكا ، دەپ سالا قىلاتتى . شۇ چاغدا شاپ بۇرۇت :

«بىكارغا ۋاقىت ئۆتكۈزۈپ ، خورازنىڭ باش - كۆزىنى قانغا بوياپ ئولتۇرىدىغان گەپ يوق . مېنىڭ خورىزىم قاچسا ئەللىك سوم بېرىمەن ، قاچقان توخۇنىڭ ماڭا كېرىكى يوق ، خورازنىمۇ ئالىسەن ، سەن ئۇتتۇرساڭ قانداق قىلىسەن ؟ » دېدى .

«خورىزىم قاچسا ، يېنىمدا ئون سوملا پۇلۇم بار ، شۇنى بېرەي . ئەمما ، خوراز ئۆزۈمگە قالسۇن ، ئاكا» دېدىم .

«بوپتۇ تاشلا ! » دېدى ئۇ .

شۇنداق قىلىپ ، ئەتراپتىكى دەيدەيچىلەرنىڭ ھە - ھۇسى بىلەن خورازنى تاشلىۋېتىپ قاپتىمەن ، ئىككى خوراز بىر - بىرىگە ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ ، شىللىسىنى ئۆرۈشۈپ بىر پەس

تۇرۇپ قېلىشتى ـ دە ، سىلىشىپ كەتتى . ئايهاي ، ئۆمرۈمگە كېلىپ ئۆزۈممۇ خوراز دېگەننىڭ مۇنداق قاتتىق سوقۇشقىنىنى كۆرۈپ باقمىغانىكەنمەن . ئىككى خوراز ئېتىلىپ كېلىپ بىر ـ بىرىگە ئۆزىنى ئۇرغاندا ، بىر مېتىردەك ئارقىغا ئۇچۇپ ، يەرگە دومىلاپ چۈشۈشەتتى . ھەر قېتىم ھاۋاغا ئۆرلەپ بىر ـ بىرىنى تېپىشكەندە ، بىر تالاي پەيلىرى ئەتراپقا توزۇپ ، ھاۋادا لەيلەپ قالاتتى . ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكىنىنى ئۇقمايمەن ، ھەر ئىككى خورازنىڭ شىللىسىدىكى تۈكلەر يۇلۇنۇپ ، قىپقىزىل ئېچىلىپلا قالدى . كۆمۈر ئۇۋاقلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن توپىدا يۇمىلاپ يۈرۈپ ، ھېلىقى ئاق خورازمۇ قارا رەڭگە كىرىپ قالدى . بىر چاغدا ھېلىقى شاپ بۇرۇت يېنىمغا يۈگۈرۈپ كەلدى . ئۇنىڭ بايىقى ھەيۋىسى ھاۋادا لەيلەپ يۈرگەن ئاشۇ توخۇ پەيلىرىدەك نەلەرگىدۇر ئۇچۇپ ، چىرايى تاتىرىپ كېتىپتۇ . ماڭا يېلىنغاندەك قىلىپ :

«ئۇكا ، بۇ جانىۋارلارغىمۇ ئۇۋال . تۇتۇپ بىرئاز دەم ئالدۇرۇپ ، ئاندىن سالساق قانداق ؟» دېدى .

قارىسام ، مېنىڭ خورىزىممۇ ھاسىراپ قاپتۇ ، «مەيلى» دېدىم .

توخۇۋاز يۈگۈرۈپ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ، خورىزىنى ئاجرىتىۋېلىپ ، ھېلىقى قاراڭغۇ ئۆيگە ئەكىرىپ ، باش ـ كۆزىگە سۇ پۈركۈپ ، تاجىسىنى مايلاپ چىقتى . مەن خورىزىمنىڭ پەيلىرىنى رۇسلاپ ، ئاغزىمدا ئۇنىڭغا ئازراق سۇ ئىچۈردۈم ، ئاندىن خورازلارنى مەيدانغا يەنە تاشلىدۇق ، يەنە بىر قەپەس ئېلىشقاندىن كېيىن ، يوغان خوراز بىلەن كۈچ ئېلىشالماي قالدىمۇ ، چار خورىزىم بېشىنى ئاق خورازنىڭ قانىتى ئاستىغا

تىقىشتۇرۇپ ، ئۆزىنى ئاياشقا باشلىدى . ئاق خورازنىڭ يەنە بىر-ئىككى قاتتىق تايىقى تەگكەندىن كېيىن ، چار خوراز بازغىپ ئۆزىنى قاچۇرغىلى تۇردى . ئۇ ھەر قېتىم بازغىغاندا ، قېچىپ چىقىپ كېتىپ قالامدىكىن ، دەپ يۈرىكىم «قارت» قىلىپ قالاتتى ، پۈتۈن بەدىنىمدىن شۇرقىراپ تەر ئېقىشقا باشلىدى . «مەيداننى كەڭ ئېچىۋېتىڭلار ، چار خوراز بازغىيدۇ !» دەپ ۋاقىرايتتىم . چار خوراز جانىۋارمۇ كۆڭلۈمنى چۈشەنگەندەك يەنە ئارقىسىغا يېنىپ ، غەيرەتكە ئېلىپ ئاق خورازغا ئېتىلاتتى . خورازلار قوغلىشىپ قاياققا ماڭسا ، ئەتراپقا ئولاشقان ئادەملەرمۇ بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ شۇ ياققا يۈگۈرەيتتى . بىر چاغدا ئىككى خوراز چەتتە تۇرغان بىر كۆتەك ھارۋىنىڭ يېنىغا بېرىپ قالدى . قانداق بولدى ، بىلمەي قالدىم . بازغىپ كېتىپ بارغان چار خوراز تۇيۇقسىز ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ، كەينىدىن ئالچاڭلاپ قوغلاپ كېلىۋاتقان ئاق خورازنى ھارۋىنىڭ چاقىغا قىستاپ تۇرۇپ بىر تېپىۋىدى ، ئاق خوراز «غىققىلا» قىلىپ قوپالماي يېتىپ قالدى . شاپ بۇرۇت يېتىپ بارغۇچە ئۇ پۇتلىرىنى رۇسلاپ شۇ يەردىلا جان بەردى . يۈگۈرۈپ بېرىپ ، شىللىسىنى يەنە ئۆرۈپ توختاپ قالغان خورىزىمنى قولۇمغا ئېلىۋالدىم . بىچارە خوراز قولۇمغا چىقىپلا ماڭا بىر قاراپ كۆزىنى يۇمدى - دە ، بېشىنى «لاسسىدە» بىر تاشلاپ ، ئۇمۇ ئۆلدى ، بايا ھېلىقى شاپ بۇرۇت خورىزىنى قاراڭغۇ ئۆيگە ئەكىرىپ كەتكەندە ، ئۇنىڭ دوكۇرىكىنى ئۇچلاپ قويغانىكەن ، قارىسام ، چار خورازنىڭ كۆكرىكىنىڭ بىر-ئىككى يېرىدىن بۇلدۇقلاپ قان ئېقىپ تۇرۇپتۇ . شۇ چاغدا ئىچىمنىڭ سىيرىلىپ كەتكىنىنى ئېيتايمۇ ، چار خورازنى قۇچاقلاپ كىچىك بالىدەك ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتكەنىدىم .

خورازنىڭ نوچىسى دېگەن ئاجايىپ ـ دە ، ھېچقاندىقىدىن قايتمايدۇ ئەمەسمۇ . شۇ چار خورازدەك ئوبدان توخۇ ئىككىنچى قولۇمغا چۈشۈپ باقمىدى...

— بولدى قىل ، توخۇنىڭ گېپى چىقىۋىدى ، ئۆزۈڭنى بىلمەيلا قىزىشىپ كەتتىڭغۇ ؟ خۇدايىم كەچۈرسۇن ، توخۇ سوقۇشتۇرغان بەك يامان ئىش ، بالام... ھازىر ھال ـ كۈنۈڭ قانداقراق ، ئۇستىبېشىڭغۇ ئوبدانلا بولۇپ قاپتۇ .

— يامان ئەمەس ، موما ، ئۆتكەنلەردە سىزنى ئۆيگە ئاچىقىپ ، ئوبدان بىر قارىسام بولاتتى ، دەپ قانچە ئويلىدىم . مۇمكىنچىلىك بولمىدى .

— نىيىتىڭگە رەھمەت ، بالام .

— خەۋىرىڭ بار ، ئۇ كۈنلەردە تەقسىماتنىڭ تايىنى بولمىدى . يېيىشىمىز ئۈچ ۋاخ زاغرا ، راست ، جىلىچىلىكتە ھاراقمۇ ئىچتىم ، توخۇمۇ سوقۇشتۇردۇم . خۇداغا شۈكرى ، ھازىر ئىش بىلەن بولۇپ ، ھاراق بار دۇكانغا ، قىمار بار كوچىغا دەسسەيدىغانغا چولام يوق .

— خۇدايىم ئىنساپىڭنى بەرسۇن ، ئوغلۇم ، ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن ؟ ئاڭلىسام ، سىزنى خېلىلا باي بولۇپ قالدى ، دېيىشىدىغۇ ؟

— نەدىكىنى ، مانا باي بولدى دېسە ، بىزنىڭ قوشنىمىزنى دېسە بولىدۇ . مۇشۇ بىر ـ ئىككى يىلنىڭ ئىچىدىلا ئۇنىڭ تۇرمۇشى «لەپپىدە» كۆتۈرۈلۈپ كەتتى ، ھازىر كۈنگەيگە قارىغان پېشايۋانلىق يېڭى ئۆيلىرى ، بۇراپلا قويسا دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىكى كارامەتلەرنى كۆرسىتىدىغان جاھان ئەينىكى ، شەھەرگە كىرسە كېرىلىپ ئولتۇرىدىغان ئات ھارۋىسى ، بانكىدا مىڭ

كويلاپ پۇلى بار...
— خۇدايىم بەرسۇن ، قوشناڭ قانداق قىلىپ شۇنچىۋالا بېيىپ كەتكەندۇ ؟
— توخۇ بېقىپ .
— توخۇ بېقىپ ؟ !
— ھە ، توخۇ بېقىپ .
— نىمە دەيدىغانسەن ، بالام ؟ ئايلىنىپ يەنە شۇ توخۇنىڭ گېپىگە چۈشتۇڭمۇ...
— مانا ئىشەنمەيسەن ـ دە ، موما ، مەھەللىگە چىققاندا ئۇنىڭ ئۆيىگە باشلاپمۇ كىرەرمەن ، خۇداغا چىنپۇتسەڭ ، توخۇدىن باشقا ھېچنېمە باقمايدۇ .
— خۇدايا توۋا دېگىنە ، بالام ، توخۇ بېقىپ باي بولدى ، دېگەن گەپنى بۈگۈن سەندىن ئاڭلاۋاتىمەن . بوۋاڭ رەھمەتلىك بار ۋاقتىدا مەنمۇ يىلدا توخۇ باقىدىغان . باي بولايلى ، دەپ باقمىزمۇ دەيسەن ، شۇ بىر ـ ئىككى مېكىيانىنىڭ تۇخۇمى چاي ـ تۇزغا دال بولۇپ قالامدىكىن ، دەپ باقاتتۇق . بەزى يىللىرى يېمەي ـ ئىچمەي تۇخۇم يىغىپ ، مېكىيانلارغا باسۇرۇپ بېرەتتىم ، ئەتىيازدا بىر چىرايلىق چۈجە چىقىراتتى . يازچە تەڭدىن تولىسى كېسەل تېگىپ قىرىلىپ تۈگەيتتى ، قالغىنىنى سار ئېلىپ قاچاتتى . كۈزگە بارغاندا يەنە شۇ بىر ـ ئىككى قېرى مېكىيان بىلەن قالاتتىم . توخۇ بېقىپ باي بولىمەن ، دېگەن ئەخمەقنىڭ ئىشى .
— مەن ساڭا يالغان ئېيتامدىمەن ، موما ؟ قوشنىمىزنى ساڭا ئوخشاش بىر ـ ئىككى توخۇ بىلەن كۈنىنى ئۆتكۈزىدۇ ، دەمسەن ؟ يىلىغا نەچچە يۈز توخۇنى بىراقلا باقىدۇ . ئۇنىڭ توخۇلىرى

ئىچىدە خېنەن توخۇسى دەمدۇ ، خۇنەن توخۇسى دەمدۇ ، تۇرپان توخۇسى دەمدۇ ، چەت ئەل توخۇسى دەمدۇ ، ئەيتاۋۇر ، جاھاندىكى ھەر خىل - ھەررەڭ ياخشى توخۇلارنىڭ ھەممىسى بار . مېكىيانلىرىنىڭ رەڭگى ئاق ، ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى كەڭ مەيداندا خۇددى بۇلۇتتەك يېيىلىپ دانلىشىدۇ . خورازلىرىنىڭ سۆلەتلىكلىكىنى دېمەمسەن ، يېنىغا بېرىپ قويساڭ ، سېنىڭ بىلەن سالاملاشقاندەك «كوتوتوت» قىلىپ قويۇپ ، سالماقلىق دەسسەپ نېرى كېتىدۇ ، «توۋا» دەپ قالىسەن . بەزى خورازلىرى خۇددى بىرى ئۆگىتىپ قويغاندەك ، ھەر سائەتتە بىر قىچقىرىدۇ ، تاڭ سەھەردە جىمى خورازلىرى بەس - بەستە قىچقىرىشىپ كەتسە ، ئاۋازى پۈتۈن مەھەللىنى بىر ئالىدۇ . باشتا ، بۇ ۋاڭ-چۇڭدىن مېنىڭمۇ كەيپىم ئۇچقاندى ، كېيىن - كېيىن ئۆگىنىپ قالدىم ، ھازىر قوشنامنىڭ خورازلىرى قىچقارسا قۇلىقىمغا نەغمە- ناۋا قىلىۋاتقاندەك يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ .

— توۋا ، نېمە گەپ بۇ ! ؟

— نېمە گەپ دەيسەنغۇ ؟ بارغاندا كۆرىسەن ، ئۇنىڭ توخۇلىرى ئىچىدە نەچچە كىلوگرام گۆش چىقىدىغان يوغانلىرى بار ، جۇغى كىچىك توخۇلىرىنى كۆرۈپ ، مۇشۇمۇ توخۇ بولدىمۇ ؟ دەپ قالما . ئۇنداقلىرى كۈرۈك بولماي خۇدانىڭ ھەممە كۈنىدە تۇغۇۋېرىدۇ . بەزى توخۇلىرى ئۆزى كىچىك بولغىنى بىلەن تۇخۇمى مۇشتۇمدەك بار .

— مۇنچە توخۇ - تۇماننى قوشناڭ قانداقمۇ يىغىشتۇرۇپ ئۈلگۈرەر ؟

— سەن ئۇنى تۆت تال تۇخۇم بىلەن بىر - ئىككى چىچقاق توخۇنى تۇتۇپ ، بازاردا تىترەپ ئولتۇرىدىغان بىچارىلەردىن دەپ

ئويلامسەن؟ توخۇ، تۇخۇم ئالىدىغانلار يەشكىلىرىنى هارۋىغا بېسىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا تاراقلىشىپ ئۆزلىرىلا چىقىشىدۇ. قوشنام سېتىلىدىغان توخۇ - تۇخۇملارنى ئۇلارغا كۆرسىتىپ قويۇپ: «قېنى، قانچىلىك لازىم؟ تاللىۋېلىڭلار!» دەپ تاماكىسىنى پۇرقىرىتىپ، بايۋەچچىدەك پېتىنى بۇزماي تۇرۇۋېرىدۇ. ئۇ كۆزدە يەنە نەچچە يۈز كىلوگرام توخۇ مايىقى ساتىدۇ. پۇلدىن قىسىلىپ قالسا، هۆكۈمەتنىڭ بانكىسىدىن قەرز ئالىدۇ. توخۇلىرى ئاغرىپ قالسا، دورا ئىچۈرۈپ، ئوكۇل سالىدۇ.

— توخۇغا ئوكۇل ئۇرىدۇ، دەمسەن؟ خۇدايىم، قۇلاق ئاڭلىمىغانلا گەپلەرغۇ بۇ. ئۇنداق بولسا، سېنىڭ ئۇ قوشناڭ تەكشى ئادەم ئەمەس ئوخشايدۇ. بىز كىچىك چاغلاردا مەهەللىدە تۈگمەن يوق ئىدى. ئەر خەقلەر ئۆگۈتنى ئات - ئۇلاغلارغا ئارتىپ، بىر - ئىككى بەل ئېشىپ، يۇقىرىقى مەهەللىگە ئېلىپ بېرىپ، ئۇن قىلىپ كېلەتتى. ئات - ئۇلىغى يوق بىچارىلەرگە بەك تەس ئىدى. كېيىن مەهەللە يېنىدىكى چوڭ ئۆستەڭگە بىر ئورۇس تۈگمەن سالدى. ئۇنىڭ تارتقان ئۇنى يۇمشاق، ئوبدان چىقاتتى. بىزمۇ ئۆگۈتنى باشقا مەهەللىلەرگە ئاپىرىپ ئاۋارە بولمايدىغان بولدۇق. بۇ تۈگمەننىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ، باشقا مەهەللىدىكىلەر بىز تەرەپكە كېلىپ ئۇن تارتقۇزىدىغان بولدى. هېلىقى ئورۇسمۇ بىر - ئىككى يىلغا قالماي باي بولۇپ كەتتى. بۇ ئورۇسنىڭ غەلىتە قىلىقلىرى بار ئىدى. يەكشەنبە كۈنى قانچە يالۋۇرساڭمۇ ئۇن تارتمايتتى. تۈگمەننى توختىتىپ قويۇپ، غات- غېتىنى چېلىپ، بالا - چاقىلىرى بىلەن تۈگمەننىڭ ئىچىدە دۈپۈرلىشىپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتەتتى. كېيىن تۈگمەنچى

ئورۇسنىڭ جىن ـ ئالۋاستىلار بىلەن ئالاقىسى بار ئىكەن، ئۇنىڭ تۇگمىنى سۇ بولسىمۇ، سۇ بولمىسىمۇ چۆرگىلەۋېرىدىكەن. سۇ بولمىغان كۈنلىرى ئالۋاستىلار كېلىپ «پۇۋ!» دەپ شامال چىقىرىپ، تۇگمەننى چۆرگىلىتىپ بېرىدىكەن، دېگەن گەپ تارقالدى، بۇ گەپكە بىزمۇ ئىشىنىپ قالدۇق، نېمىشقا دېسەڭ، شۇ ئورۇس تۇگمەن سالغان يەردە بۇرۇن يوغان بىر تۇپ قارىياغاچ بولىدىغان، بۇ قارىياغاچتا جىن بار، دەپ كېچىسى ھېچكىم ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتەلمەيدىغان. كېيىن ئاڭلىساق، مەھەللىنىڭ ئىمامىمۇ: «بۇ ئورۇسنىڭ تۇگمىنىدىن تارتقان ئۇننى يېيىش ھارام» دەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ تۇگمىنىگە ھېچكىم ئۇگۈت ئاپارمايدىغان بولغانىدى. سېنىڭ توخۇ باقىدىغان قوشناڭمۇ شۇنداق بىرنېمە بولۇپ چىقمىسۇن يەنە؟! ئۇلارنىڭ تۇخۇمىنى ھەرگىز يېگۈچى بولما.

— يوق گەپنى قىلمىغىنا، موما. بىز ئۈچ ۋاخ تامىقىمىزغا شۇلارنىڭ تۇخۇمىنى ئېلىپ ئىشلىتىمىز، ھەم ئەرزان، ھەم يوغان.

— ۋاي ئۆلەي، ئەقلىڭنى بۇلغاپسەن...

— نېمە دەۋاتقىنىڭ، بۇ توخۇچىنىڭ كارامەتلىرى ئالدىدا سەن دېگەن ئورۇسمۇ يىپ ئېشىپ قالىدۇ. بىر كۈنى قارىسام، قوشنام توخۇلىرىغا قاراپ ئولتۇرۇپ كېتىپتۇ. «خوش، بۇرادەر، كاللاڭغا يەنە نېمە خىياللار كېلىۋاتىدۇ؟» دەپ سورىسام، نېمە دېدى دېمەمسەن؟ «مۇشۇ توخۇلارنى قانداق قىلغاندا كۈنىگە ئىككىدىن تۇخۇم بېرىدىغان قىلغىلى بولار، دەپ ئويلاۋاتىمەن» دەيدۇ. يەنە بىر كۈنى قارىسام، بۇ قوشنام ئۇشقىرت چېلىپ، تام تۆپىسىدە يۈگۈرۈپ يۈرىدۇ. «ھەي

ئاغىنە، يەنە نېمە گەپ بۇ؟» دەپ سورىسام، «توخۇلارنى ئۇشقىرت چېلىنغاندا ئۆزلىرى كاتەكتىن شامالدىغىلى چىقىدىغان، يەنە بىر ئۇشقىرت چېلىنغاندا، قايتىپ كىرىپ كېتىدىغان قىلىپ ئۆگىتىۋاتىمەن» دەيدۇ.

— ھە، دېمىدىمۇ؟ جىن - شەيتانلارنىڭ ئىسەرى قوشناڭنىڭ ئۆزىگىمۇ ئۆتكىلى تۇرۇپتۇ. يا ئۇنىڭ ئۆي سالغان يېرى تەكشى ئەمەس…

— مانا مەھەللىگىمۇ يېتىپ كەلدۇق. ئاۋۇ دۆڭ تۆپىسىدىكى سىرلاقلىق يېڭى ئۆيلەرنى كۆردۈڭمۇ؟ ئاشۇ ھېلىقى توخۇچىنىڭ ئۆيى. ئاۋۋال بىز توخۇچىنىڭ ئۆيىگە بارايلى، ھەممىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرۈپ باق.

— قويغىنا، بالام، ئۇنىڭ ئۆيىدە ماڭا نېمە بار؟

— ئۆزۈڭ توخۇچى بىلەن بىر ھارۋىدا ئولتۇرۇپ چىقىۋېتىپمۇ، ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرمەيمەن، دەيسىنا، ھا!… ھا!… ھا!…

ھارۋا پېشايۋانلىق يېڭى ئۆيگە يېقىنلاپلا قالغانىدى. يول ئۈستىدە دانلاپ يۈرگەن سېمىز توخۇلار سۆلەتلىك مېڭىپ، توخۇ باققۇچىغا يول بوشاتتى.

1984 - يىل، غۇلجا

# ئاشخانىدىكى پاراڭ

بۈگۈنكى بۇ سوغۇقتا كىرانىڭمۇ تايىنى يوق ئىدى . ئايۇپ بوۋاي هارۋىسىنى چەتكە توختىتىپ قويۇپ ، بىر چىنە سۇيۇقئاش ئىچىپ ئىسسىنىۋېلىش ئۈچۈن دوقمۇشتىكى ئاشخانىغا كىردى . بۇ ئاشخانىنىڭ تامىقى باشقا ئاشخانىلارنىڭكىدىن پىچاق بىسى بولسىمۇ پەرقلەنگەچكىمىكىن ، خېرىدار خېلىلا كۆپ ئىدى . ئايۇپ بوۋاي بۇلۇڭدىكى ئورۇنغا بېرىپ قىستىلىپ ئولتۇردى . كۈتكۈچى يىگىت ئۇنىڭ ئالدىغا چاي قويدى . چەت - چۆرىسى پۇچۇلۇپ كەتكەن چىنىگە قاراپ بوۋاينىڭ كۆڭلى يېرىم بولغاندەك بولدى . ئۆيدە بولغان بولسا مومىيى هەرگىزمۇ مۇنداق پۇچۇق چىنىدە چاي بەرمەيتتى . بوۋاي ئەتراپىغا قارىدى . «تۇۋا !» دېسە بولىدۇ - دە ، بازاردىكى ئاشپەزلەر خېرىدار يوق چاغلاردا ئىچى پۇشۇپ ، چىنىلەرنى غاجاپ ئولتۇرامدىكىن ، جوزا ئۈستىدىكى چىنىلەرنىڭ هەممىسىنىڭ گىرۋىكى هەرە چىشى بولۇپ كەتكەندى...

بۇرۇن كىرگەن خېرىدارلاردىن بىر - ئىككىسى :

— ئۇكامۇي ، بىزنىڭ تامىقىمىزنى ئەكېلىۋەتسەڭلا بولاتتى ... — دەپ ئالدىراتقىلى تۇردى .

— ئالدىرىماڭلار ، هەممىڭلارنى هازىرلا يولغا سالىمىز ، — دېدى قاچا - قومۇچلارنى يىغىشتۇرۇپ يۈرگەن چوكان ، — ئۆيۈڭلەردە بولسىمۇ بىردەم كۈتىسىلەرغۇ...

شۇ چاغدا ئىشىكتىن ياقىلىق پەلتو، كۆكۈچ ئەلتېرە قۇلاقچا كىيىپ، چاقماق يۇڭ شارپا ئورىغان سالاپەتلىك بىر كىشى كىرىپ كەلدى. ئاشپەز ئۇستام قورۇما چۆمۈچىنى چەتكە قويۇپ، ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشتى:

— قېنى، قېنى… يۇقىرى ئۆتسىلە…

— ۋاھ، بازار قالتىسكەن - ھە!

— دائىملا مۇنداق ئەمەس، چۈش ۋاقتى بولۇپ قالغاچقا ئازراق خېرىدار يىغىلىپ قالدى… ھوي كۈتكۈچى بالا، قېنى سەن؟ ماۋۇ ئاكاڭنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، چاي قۇي!

خېرىدارلار سەل سىغدىلىشىۋىدى، بوۋاينىڭ يېنىدىن خېلىلا كەڭرى بىر كىشىلىك ئورۇن بوشىدى. مېھمان ئولتۇرۇش بىلەنلا كۈتكۈچى يىگىت ئۇنىڭغا تېخى غاجىلانمىغان يېڭى پىيالىدە چاي ئەكەلدى. ھەش - پەش دېگۈچە مېھماننىڭ تامىقىمۇ چىقتى. دورا - دەرمىنى تەڭشىلىپ قورۇلغان گۆيرۇ قورۇمىسىنىڭ پۇرىقى بوۋاينىڭ بۇرنىغا «گۈپپىدە» ئۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئاچقان قورسىقىنى تېخىمۇ غولدۇرلىتىۋەتتى. بوۋاي مايلىق قورۇمىنى ئاشنىڭ ئۈستىگە تۆكۈۋاتقان مېھمانغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى - دە: مانا ئۈستىدە ئىسسىق كىيىم، نەگە بارسا ھۆرمەت ئۈستىگە ھۆرمەت، خۇدامۇ بۇ ئامەتنى بەرگۈسى كەلگەنلەرگە قوشلاپ بېرىدىكەن!… دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا ھەۋىسى كەلدى.

مېھمان تەخسىنى بىر دەمدىلا قۇرۇقداپ، بىر تال سەرەڭگە ياغىچىنى سۇندۇرۇپ، چىشىنى ئوبدان كوچىلاپ، يەنە بىر پىيالە چاي ئىچىۋالغاندىن كېيىن قوزغىلىپ ماڭدى. كاسسىرنىڭ ئالدىغا بارغاندا ئۇ قوينىغا قول سېلىۋىدى،

— ئۈنداق قىلمىسىلا ، سەت بولىدۇ… مەن خاپا بولىمەن ، — دەپ تەكەللۇپ قىلدى قورۇما قورۇۋاتقان ئاشپەز .

مېهمان :

— ئەستا ، بۇ قانداق بولغىنى … — دەپ تەڭلىكتە قالغان چىرايىنى خېرىدارلارغا كۆرسىتىپ ، قولىنى يانچۇقتىن چىقىرىۋالدى - دە ، «رەھمەت» ئېيتىپ چىقىپ كەتتى .

— ئىت ! باشلىقمىش تېخى… — دېدى ئوتتۇرىدا يۈرگەن چوكان بايىقى مېهماندىن قالغان چىنە - تەخسىلەرنى يىغىۋېتىپ .

— كىمنى تىللاۋاتىسىز ، قىزىم ؟ — دەپ ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدى بوۋاي .

— ھەر كىرگەندە خۇددى پۇل تۆلەيدىغاندەك يانچۇقىغا قولىنى ئاپىرىپ قويىدۇ تېخى…

ئۇنىڭ كىمنى تىللاۋاتقانلىقى بوۋايغا ئوچۇق بولدى . «خۇدايا شۈكرى ! — دېدى بوۋاي ئىچىدە ، — كەمبەغەل قىلغان بولساڭمۇ ، مېنى ئىت قىلماي ، ئادەم قىلىپ يارىتىپسەن !»

1988 - يىل ، غۇلجا

## «سەۋىيە»

ئاۋۋت بىلەن ئىككىمىز كىچىكىمىزدە بىللە ئويناپ چوڭ بولغان . لېكىن ئۇ يىگىرمە — ئوتتۇز يىلنىڭ ئالدىدىكى گەپ ! ئۇ چاغلاردا بىر تورپاقتا تەڭ مىنگەشكىنىمىز بىلەن هازىر مەن بىر ئاددىي بېلىقچى ، ئۇ دېگەن چوڭ باشلىق . ئارىمىزدا شۇنداق پەرق بولغاچقىمىكىن ، يولدا ئۇچرىشىپ قالساق بىر - بىرىمىزنى كۆرمەسكە سالىمىز ياكى بىلىنەر - بىلىنمەس باش لىڭشىتىپ قويۇپلا ئۆتۈپ كېتىمىز .

بۈگۈن ئازراق ئىچىۋېلىپ ، يولنىڭ چېتى بىلەن خىيال سۈرۈپ كېتىپ باراتتىم . ئالدىمدىنلا ئاۋۋت چىقىپ قالدى . ئۇمۇ بىرئاز قىزىۋالغان بولسا كېرەك ، شۇ كەيىپچىلىكتە قوللىرىمىزنى قاتتىق سىقىشىپ ، دوللىرىمىزغا ئۇرۇشۇپ قىزغىن كۆرۈشۈپ كەتتۇق .

— دەريا بويىدىكى هېلىقى توقايلىقلار هېلىمۇ يادىڭدا بارمۇ ؟

— ياۋا ئۆردەكنىڭ بالىسىنى ئالىمىز ، دەپ سۇغا چۆكۈپ كەتكىلى تاس قالغىنىمىزنى ئۇنتۇمىغانسەن ؟

— بىز تورپاق مىنگىشىپ ئوينىغان چاغلارچۇ…

— هەي بالىلىق دېگەن قالتىسكەن - هە !…— دېيىشتۇق .

ئاۋۋال ئاۋۋتنىڭ ئاغزىدىن چىقتىمۇ ياكى مەن دېدىممۇ ، ئىشقىلىپ ، بىرىمىز : «يۈرە ، ئاشخانىغا كىرىپ بىردەم ئولتۇرايلى» دەپ تەكلىپ قىلدۇق . ئاۋۋتنىڭ ئۇنىمىغىنىغا

قويماي تاماق بىلەن هاراقنى مەن ئالدىم . مانا ، بالا چاغدىكى ئاغىنىدارچىلىق دېگەن يەنە باشقا گەپ ـ دە ، بولمىسا ئاۋۇتتەك كاتتا ئادەم مۇشۇنداق ئىسلىشىپ كەتكەن ئاشخانىدا مەندەك بىر ئەتىدىن كەچكىچە سۇ كېچىپ يۈرىدىغان بېلىقچى بىلەن ئىچىشىپ ئولتۇرامدۇ ؟ !...

پاراڭ بىلەن خېلى ئىچىشتۇق .

— شۇنداق قىلىپ ، بالاڭنىڭ چوڭى قانچە ياشقا كىردى ؟ — دەپ سوراپ قالدى ئاۋۇت .

— ئون توققۇز — يىگىرمىلەرگە كىرىپ قالدى .

— ئوغۇلمۇ ، قىز ؟

— ئوغۇل .

— نېمە ئىش قىلىدۇ ؟

— ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ، هازىر بىكار .

— مانا مۇشۇنداق ئەمەسمۇ ؟ نېمىشقا مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ ئېغىز ئاچمايسەنۇي ؟ !

— ئەمدى...

— قىزىقكەنسەن ـ دە ، نەدىكى تونۇمايدىغان خەقلەرنىڭمۇ بالىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋاتىمىزغۇ .

— ئەمدى ، سېنىڭ بېشىڭنى ئاغرىتىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس دېگىنە ، ئاۋارە قىلغۇم كەلمىدى .

— ئاۋارە بولىدىغان نېمە ئىش بار ؟... ئوغلۇڭ ئەتىلا بارسۇن . تىراكتور زەنگە... توختا ، ئۇ يەرنىڭ ئىشىمۇ تازا پاكىز ئەمەس ؛ قۇرۇلۇش ئەترەت... پىۋا زاۋۇت قانداق ؟...

— مەيلى ، قەيەرلا بولسا ، ئىشقىلىپ ، بىر ئىش ئورنى تېپىپ بەرسەڭلا خۇش بولاتتۇق .

— بولمىسىچۇ قارا ، مەكتەپلەرگىلا ئورۇنلاشتۇرايلى . بىر-ئىككى يىل ۋاقىتلىق ئىشلەپ تۇرىدۇ ، قالغىنىنى ئۆزىمىز توغرىلايمىز . مائاشىنى ئاي توشقاندا ئالىۋېرىسەن...

— بولدى ، بولدى ، گەپ پۇلدا ئەمەس...

قولاقتا خوشياقىدىغان بۇ گەپلەرنىڭ تەسىرىدىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم .

— نەگە بارىسەن ؟

— يەنە ئوبدانراق بىر تەخسە قورۇما ، ئازراق هاراق...

— هوي ماڭا قارا... هە ، بوپتۇ . سەينى ئالساڭ ئال ، هارىقىڭنى قوي ، ئىككى بوتۇلكا پىۋا بولسىلا بولدى . هېلىمۇ خېلى ئىچىپ قويدۇق .

شۇ كۈنى ئاغىنەم بىلەن ناهايىتىمۇ كۆڭۈللۈك ئولتۇردۇق .

«تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق» دېگەن گەپ بار . ئاغىنەم ئاۋۇتنىڭ قېشىغا ئەتىسىلا باردىم . ئىزدەپ - سوراپ ، ئىككىنچى قەۋەتتىكى گىلەملىك بۆلۈمگە قورۇنۇپ كىرىپ كەلدىم .

— بۇ ياقتا كەپسەنغۇ ؟ — دېدى ئاۋۇت .

— هەئە ، تۈنۈگۈنكى گەپ بويىچە ئوغلۇمنى ساڭا تونۇشتۇرۇپ قوياي ، دەپ كېلىۋىدىم... بالا دەرۋازا ئالدىدا قالدى .

— نېمە گەپتى ؟

— ئاخشام ئاشخانىدا «ئوغلۇڭنى بىر ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قوياي» دېۋىدىڭ...

— بۇ ياقتا كەلگىنە ، سەن ئوغۇل بالىغۇ ؟ يە...

— ئوغۇل بالا !

— ئوغۇل بالا بولساڭچۇ ، هاراق ئىچكەندە بولغان گەپلەرنى ئەتىسى كۆتۈرۈپ يۈرمە . هەي ، ئادەم دېگەندە سەۋىيە بولمىسا- زە !

ئاغىنەمنىڭ ئالدىدا «سەۋىيە»منىڭ يوقلۇقىدىن خىجىل بولۇپ قالدىم .

1998 - يىل ، غۇلجا

# ھەمسەپەر

بىز ئۈچ كىشى ئىچكى ئۆلكىلەردىن مال سېتىۋېلىش ئۈچۈن ماڭغاندۇق . ئەسقەر ئىككىمىزنىڭ يېشى يىگىرمىدىن ئېشىپ قالغان بولسىمۇ ، تېخىچە مۇشۇ كىچىككىنە شەھىرىمىزنىڭ ئەتراپىدىن نېرى ئۆتۈپ باقمىغاچقا ، بۇ قېتىمقى سەپەر بىزگە ناھايىتى قىزىق تۇيۇلاتتى . ناتونۇش يۇرتلارنىڭ مەنزىرىسىنى ، چوڭ شەھەرلەرنىڭ ئاسمانغا تاقاشقان ئېگىز بىنالىرى بىلەن ئادەملەر مىغىلدىشىپ تۇرىدىغان چوڭ كوچىلىرىنى ئۆزىمىزچە ھەرخىل كۆرۈنۈشتە قىياس قىلىشاتتۇق…

يولۇچىلار ئاپتوبۇسى شەھەر كوچىلىرىنى ئارقىغا تاشلاپ ، قاراماي يېپىتىلغان تۈپتۈز تاشيولغا چىققاندا ، يولۇچىلارنىڭ ماشىنا ئىچىدىكى ئۇپۇر - توپۇرىمۇ بېسىقىپ قالدى… 5 - ئايدا سەپەر قىلماق نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك ! ئەتىگەنلىك ساپ ھاۋا كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى . دەل - دەرەخلەرنىڭ ئاچ يېشىل يوپۇرماقلىرى ، كۆكىرىپ تۇرغان بىپايان ئېتىزلار سەھەرنىڭ شامىلىدا يېنىك تەۋرىنىپ ، دولقۇن ھاسىل قىلاتتى . قاراڭغۇلىشىپ تۇرغان باغلاردىن بۇلبۇل ئاۋازى كېلەتتى . يول بويلىرى ، بۇغدايلىق ئىچى ، ئېرىق - ئۆستەڭ قىرلىرى ۋە دۆڭلۈكلەردە ئېچىلىپ كەتكەن لەيلىقازاقلار بۇ گۈزەللىكلەرگە چوغدەك قىزىل رەڭ بەرگەنىدى . ئاپتوبۇس ئەينىكىدىن بېشىنى چىقىرىپ ، گۈر - گۈر شامالغا يۈزىنى تۇتۇپ ئەتراپقا

قارىغان كىشى گويا ئۆزىنى بۇ باھار پەيزىگە چۆمگەن كائىناتنى يېرىپ ئۇچۇپ كېتىپ بارغاندەك ھېس قىلاتتى.

ئاپتوبۇس تاغ ئىچىگە يېتىپ كېلىشى بىلەن ئەسقەر ئىككىمىز:

— ئاۋۇ قارىغايلىق تاغنىڭ چىرايلىقلىقىنى قارا!

— ئاۋۇ ياۋا ئالمىلارنىڭ چېچەكلەپ كەتكىنىنى كۆردۈڭمۇ!؟

— پاھ! ماۋۇ سۇنىڭ سۈزۈكلۈكىنى… — دەپ چۇرقىرىشىپ، خېلىغىچە ھاياجىنىمىزنى باسالماي قالدۇق.

قارىغايلىق تىك چوققىلار، ئېگىزلىكتىن بۇژغۇنلار چاچرىتىپ ئۇقچۇپ چۈشۈۋاتقان تاغ سۇلىرى، خەتەرلىك داۋانلارنى ئېشىپ، يۇقىرىلاپ كەتكەن يوللار… ئىشقىلىپ، ھەممە نەرسە بىزگە شۇنچە يېڭى ۋە ئاجايىپ كۆرۈنەتتى. ئارىمىزدا بارات «چوڭ» بولمىسا خۇشاللىقىمىزدىن خېلى قىيغىتقىمىز بار ئىدى.

بارات «چوڭ» يېشى ئەللىكلەردىن ئېشىپ قالغان ئادەم ئىدى. ئۇنى نېمىشقا بارات «چوڭ» دەيدىغانلىقىغا كەلسەك، بۇ ئادەمنىڭ بەستى تولىمۇ يوغان ئىدى. شۇ بەستىگە لايىق ئۇ چاپانلىرىنىڭ تۈگمىلىرىنى تولۇق ئېتىپ، قاپىقىنى تۈرۈپ، ئۆزىنى ناھايىتىمۇ سالاپەتلىك تۇتۇپ يۈرەتتى. ئەسقەر ئىككىمىز ئىچكىرىدىن «ياشلار ماگىزىن»لىرى ئۈچۈن مال ئالماقچىدۇق. بارات «چوڭ» باشقا چوڭ دۇكانلار ئۈچۈن مال زاكاز قىلماقچىدى. ھەرقايسىمىزنىڭ ۋەزىپىسى ئايرىم بولسىمۇ، يەنە نېمىشقىدۇر بارات «چوڭ»نى شىركەتتىن بىزگە قېتىپ قويغان رەھبەر، دەپ تونۇيتتۇق. شىركەتنىڭ دېرىكتورى ما دېرىكتور

بارات «چوڭ»نىڭ ئالدىدىلا بىزگە «بارغۇچە - كەلگۇچە بىر - بىرىڭلارغا مەسئۇل بولۇپ يۇرسەڭلار بولىدۇ» دېگەنىدى . بىز بۇ ئەللىك ياشلىق ئادەمگە قانداق مەسئۇل بولالايمىز ؟ ما دېرىكتورنىڭ ئۇ گېپى ئەسقەر ئىككىمىزگە : «ئادەم تونۇمىغان يەرلەرگە بارغاندا ياشلىقىڭلارغا ئىلىپ بەڭباشلىق قىلىپ يۇرمەڭلار ، بارات ‹چوڭ › سىلەرگە كۆز- قۇلاق بولۇپ تۇرىدۇ- ھە !» دېگىنى - دە ، ئەلۋەتتە . ئۇنىڭسىزمۇ ، دادىمىز دېمەتلىك بۇ ئادەمدىن سەل ئەيمىنەتتۇق .

بۇگۇن بارات «چوڭ»نىڭمۇ كەيپى چاغدەك قىلاتتى . يولۇچىلار كۆپ بولمىغاچقا ، ئۇ ئاپتوبۇس ئىشىكى يېنىدىكى ئىككى كىشىلىك ئورۇننى يالغۇزلا ئىگىلەپ ، ئوبدان جايلىشىۋالغانىدى . ئۇ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ چېكىپ ، تۆپىلىكتە يېيىلىپ ئوتلاۋاتقان ماللارغا ، ئاپئاق كىگىز ئۆيلەرنىڭ ئەتراپىدا ئوينىشىپ يۇرگەن بالىلارغا قاراپ سۆزلەپ كەتتى :

— تاغنىڭ پەيزى ۋاخلىرى ئەمدى كېلىۋاتىدۇ - دە ! يەنە ئاز كۇندىن كېيىن قىمىز پىشىدۇ ، قازاق دېگىننىڭ مانا بىر - ئىككى ئاي تازا يايلىۋالىدۇ .

— جانغا راھەت يەرلەركەن - دە ! ئەنە ئاشۇ سۇنىڭ بويىغا بىر - ئىككى ئېغىز ئۆي سېلىپ ، مۇشۇنداق يەردە ياشاپ ئۆلۇپ كەتسەڭ نە ئارمان...

— بۇ يەردىنمۇ زېرىكسەن ، ئۇكا ، — ئەسقەرنىڭ ھاياجانلىق نۇتقىنى بۆلۇۋەتتى بارات «چوڭ» ، — دېدىمغۇ ، بۇ يەرنىڭ پەيزى شۇ بىر - ئىككى ئايلا . ئاندىن ھايت - ھۇيت دېگۇچە سوغۇق چۇشىدۇ ، بىرلا قېتىم جۇدۇندا قالساڭ ، موماڭنى كۆرىسەن... بىر يىلى ، شىركەت ئازراق قوي قىلىۋىدى ، ماللارغا

مەسئۇل قىلىپ مېنى چىقاردى ، مۇشۇ تاغنىڭ ئارقىسىدا تازىمۇ چىرايلىق بىر يايلاق بولىدىغان...

شۇنداق قىلىپ ، بارات «چوڭ» ئۆزۈن بىر ھېكايىگە چۈشۈپ كەتتى . بىر - ئىككى يىلدىن بېرى بۇ ئادەم بىلەن بىر ئورۇندا ئىشلەپ ، ئۇنىڭ مۇنداق ئېچىلىپ - يېيىلىپ پاراڭ قىلغىنىنى كۆرمەپتىكەنمەن .

لېكىن ئاپتوبۇس تاماقىا توختىغان يەردىلا بارات «چوڭ»نىڭ كەيپى ئۇچتى . شوپۇر ئاپتوبۇسنى يول ئۈستىدىكى شۇنچە ئاۋات بازارلار ، تاغ ئىچىدىكى مەنزىرىلىك جايلاردا توختاتماي ، چۆلگە چىققاندا تاشلىق سايدىكى يالغۇز بىر ئاشخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاتقانىدى . شوپۇر :

— تاماق ، تاماق . تېز - ھە ! يېرىم سائەت ... — دەپ ۋارقىراپ قويۇپلا ، ئاشخانىنىڭ ئارقىسىدىكى كىچىك ئۆيلەرنىڭ بىرىگە كىرىپ غايىب بولدى .

بىز ئۇنىڭ سۆزىنى «تېزرەك تاماق يەڭلار ، يېرىم سائەتتىن كېيىن يولغا چىقىمىز » دېگەن مەنىدە چۈشەندۇق . ئەتراپتا باشقا ئاشخانا بولمىغاچقا ، مۇشۇ يەردە تاماقلانماقتىن باشقا ئىلاج يوق ئىدى . ئەتىگەندىن بېرى ئاغزىغا ھېچ نەرسە سالمىغان يولۇچىلار سومكىلىرىنى كۆتۈرۈپ دۈكۈرلىشىپ كىرىپ ، كاسسىنىڭ ئالدىدا قاتار بولۇشۇپ كەتتى . بەزىلەر غودۇڭشىغىنىچە سەپەر خالتىلىرىدىكى ناننى قۇرۇق غاجىلاشقا باشلىدى . ئاشخانا ئەتراپىدا بىر - بىرىدىن يوغان ئىككى ئىت ئەگىپ يۈرەتتى . ئاشقان - تاشقاننى يەپ سەمرىپ كەتكەن بۇ ئىتلارنىڭ ئەپتىگە قاراپلا ئاشخانىنىڭ تامىقىنىڭ قانداقلىقىنى پەملىگىلى بولاتتى .

شۇنداقلىقىغا باقماي بۇ يەرنىڭ تامىقىنىڭ قىممەتلىكىنى

دېمەمسىز ! بىر چىنە سۈيۈقئاش بىر سوم ، ئۈستىگە بىر ساپلىق گۆشسىز سەي سېلىنغان بىر تەخسە لەڭمەن بىر يېرىم سوم ، ئايرىم سەي قورۇتۇپ يەيمەن دېسىڭىز ئىككى يېرىم ـ ئۈچ سوم ! ئەنبەلدە ئېشىپ قالغىنى قانچە ۋاقىت بولغىنى خۇداغا مەلۇم بىر دۆۋە ئاش تۇراتتى . ئاشپەزلەر كىرلىشىپ كەتكەن دەسمال يېپىقلىق بۇ سارغىيىپ كەتكەن ئاشنى ھەش ـ پەش دېگۈچە توغراپ قازانغا تاشلاپ ، بوسۇ قىلىپ پۇل قىلغىلى تۇردى… يولۇچىلار خام ـ خۇتا تاماقنى نېرى ـ بېرى يۇتۇپ ، ئالدىراپ چىقىپ ماشىنىدىن ئورۇن ئېلىشتى . بارات «چوڭ» ئاشخانىدىن ئەڭ ئاخىرىدا چىقىپ كەلدى . ئۇ ئۈچ سوم خەجلەپمۇ رازى بولغۇدەك بىر ۋاخ تاماق يېيەلمىگەنىدى .

— قىپقىزىل ئالدامچىلار ! — دەۋەتتى ئۇ يوغان بەستىنى ئورۇندۇققا تاشلاپ جايلىشىۋالغاندىن كېيىن بىز تەرەپكە قاراپ ، — مۇنۇ شوپۇر دېگەن نېمىنىڭ ئاشخانىدىكىلەر بىلەن تىلى بىر . بۇ مۇناپىقلار ھەربىرىمىزدىن ئىككى سومدىن شىلغان بولسا ، ماشىنىدىكى قىرىق — ئەللىك ئادەمدىن بىر قېتىمدىلا بىرەر يۈز سوم پايدىنى قويدى ، دېگەن گەپ . شوپۇر غوجام ئارقىدىكى كىچىك ئۆيدە گۆش يەپ ، ئاچچىق چاي ئىچىپ ، چىشىنى كوچىلاپ ئولتۇرىدۇ .

— بىكارغا تاماق يەيدۇ ، ھەرقاچان ! — دېدى يولۇچىلاردىن بىرى .

— بىكارغا تاماق يەيدۇ ، دەيسىزغۇ ، — دېدى بارات «چوڭ» ئارقىسىغا قاراپ ، — تېخى ماڭغاندا ئاشخانىنىڭ خوجايىنى ئۇنىڭ يانچۇقىغا ئون — يىگىرمە سومنى سېلىپ قويىدۇ ، دەڭە !… ھېلىقى مۇخبىر دېگەن بىرنېمىلەر مۇشۇنداق ئىشلارنى

يازماي نېمە ئىش قىلىدىكىنتاڭ ! ؟

يولۇچىلارمۇ بارات «چوڭ»غا قوشۇلۇپ غۇلغۇلىغا چۈشۈپ كەتتى .

— ھۆكۈمەتنىڭ كاتتىباشلىرى مۇشۇنداق ئىشلارنى كۆرمەمدىغاندۇ ؟ — دېدى كىمدۇر بىرى .

— ھەي ـ ي ، قىزىقكەنسىلەر ، — دەپ چۈشەندۈردى بارات «چوڭ» ، — بۇ كۇندىكى باشلىقلارنىڭ ھەممىسى كىچىك ماشىنىدا ئولتۇرىدۇ .

— كىچىك ماشىنىسى نېمىسى ؟ — دېدى بىر قېرى ئايال .

— پىكاپ ، ھېلىقى قوڭغۇزغا ئوخشىشىدىغان كىچىك ماشىنا… ھە ، شۇنىڭغا ئولتۇرۇپ ، غىررىدە قىلىپ ، نەدە ياخشى ئاشخانا ، ياخشى مېھمانخانا بولسا شۇ يەردە توختايدۇ . يىراقراق يەرگە بارماقچى بولسا ئايروپىلاندا ئۇچىدۇ . بۇ يەردە بىز كۆرۈۋاتقان كونا ئۇلارنىڭ ئېسىگە كېلىدۇ ، دەمسىلەر ؟ نەگە بارسا زىيان پۇقرالارغا بولۇۋاتقان… ياق ، قاراپ تۇرۇڭلار ، ئۇرۇمچىگە بارغاندا مەن بۇ ئىشلارنى تېگىشلىك ئورۇنغا ئىنكاس قىلمايدىغان بولسام…

— ئوھۇش ـ ش ، ماڭساق بولاتتى ! — دېدى ئاياللاردىن بىرى .

شوپۇر يوغان كۇرۇشكىدا ئاچچىق دەملەنگەن چاينى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەلدى . ماشىنا ئىچىدىكىلەرنىڭ غۇلغۇلىسى جىمىپ قالدى . شوپۇر كابىنكىسىغا چىقىپ ئارقىغا قاراپ :

— ھەممىسى چىقىپ بولدىمۇ ؟ — دەپ ۋارقىرىدى ـ دە ، ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇپ مېڭىپ كەتتى .

تاماقتىن كېيىن كىشىلەرنى ئۇيقۇ باستىمۇ ، ماشىنىنىڭ

تەۋرىتىشى بىلەن ھەممىنىڭ كۆزى خۇمارلىشىپ ، ئۆزىنى ئۇياق-بۇياققا تاشلاشقا باشلىدى . بارات «چوڭ» ئارقىسىدا ئولتۇرغان بىرەيلەنگە : «بۇ ئىشنى تېگىشلىك ئورۇنغا ئىنكاس قىلمايدىغان بولسام... » دەپ تېخىچە قايناۋاتاتتى . مەن بارات «چوڭ» دەۋاتقان «تېگىشلىك ئورۇن» زادى قانداق يەردۇ؟ دەپ ئويلاپ قالدىم . ھەرقاچان ھەيۋەتلىك بىر بىنا بولسا كېرەك ، ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ئۆزلىرى زادى قانۇنغا خىلاپ ئىشلارنى قىلمايدىغان بولغاچقا ، غەيرىي ئىشلارنى قىلغانلارنى ئاڭلاپ قالسا ، يۈز قارىماي قاتتىق جازالىسا كېرەك...

شۇ خىياللار بىلەن يېنىمدا ئولتۇرغان ئەسقەرگە يۆلىنىپ ئۇخلاپ قاپتىمەن . ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن ئويغىنىپ كەتتىم . قارىسام ، ماشىنا يول بويىــــدا توختاپتۇ . ئاپتوبۇسقا يۈك - تاقلىرىنى كۆتۈرگەن بىرمۇنچە ئادەم چىققىلى تۇرۇپتۇ ، ئالدىدا چىققانلارنىڭ بىرقانچىسى بوش ئورۇنغا بېرىپ ئورۇنلاشتــى ، قالغانلىرى ئىشىك ئالدىغا بوغچىلىرىنـــى قويۇپ ئۈستىـــــدە ئولتۇرۇشتى . بىرەيلەن كېلىپ بارات «چوڭ»نىــڭ يېنىـــــغا قىسىلىۋىدى ، پاتماي ئۇنىڭ قۇچىقىغىلا چىقىپ قالدى .

— ھوي ئاداشوي ، بۇ قانداق گەپ !؟

— ئەمدى خاپا بولمايسىز ، بۇ ئىككى كىشىلىك ئورۇن ئىكەن... بىزمۇ پۇل تۆلىدۇق - دە !

— پۇل تۆلىگەن بولساڭ مېنىڭ قۇچىقىمدا ئولتۇرىدىغانغا تۆلىمىگەنسەن ؟ !

— سىزمۇ ئۆزىڭىزنى سوراپ ، سەل نېرىراق سۈرۈلسىڭىز بولىدۇ - دە ؟ !...

بارات «چوڭ» دېرىزە تەرەپكە تىقىلىپلا قالدى ، ئىشىك

ئالدى بولۇشىغا تاشلاپ قويۇلغان يۇك ـ تاق بىلەن تولغان بولۇپ ، ئەمدى بارات «چوڭ»غا پۇتىنى سۇنغۇدەكمۇ ئورۇن قالمىغانىدى . شوپۇر يېڭى چىققان يولۇچىلاردىن يىغقان كىرا پۇلىنى بىر قىسقۇچقا قىسىپ ، بېشى ئۇستىدىكى مىخقا ئىلىپ قويدى ـ دە ، ھېچنېمىدىن پەرۋاسىز يۈرۈپ كەتتى .

— ئۇستىلىقىنى قارا ، — دېدى بارات «چوڭ» ، — توپتوغرا يانچۇقىقا سالاي دېسە يۈزى چىدىماي ، خۇددى ئىدارىسىگە ئاپىرىپ تاپشۇرىدىغاندەك پۇلنى قىسقۇچقا قىسىپ ، پېشانىسىگە ئېسىۋالغىنىنى... ھەربىر ئادەمدىن ئون تەڭگىدىن يىغدى ، دېگەندىمۇ ، يۈز تەڭگىدىن ئوشۇق پۇل بولدى ، دېگەن گەپ . بۇ ھېسابنى بىز بىلمەيمىزما؟ ئالدىمىزدىكى قونالغۇغا بارغاندا شاققىدە يانچۇقىقا ئۇرىدۇ...

— بۇگۈن قانداقىراق يەردە ياتارمىزكىن ، دەڭە ! — دېدى بىر يولۇچى ئەنسىرىگۈدەك قىلىپ .

— توغرا دېدىڭىز ، تاماشىنى تېخى ئالدىمىزدىكى قونالغۇغا بارغاندا كۆرىمىز . ئىت ـ ئېشەك ياتمايدىغان بىر يەرگە ئاپىرىپ تاشلايدۇ ، ئىلاجىڭ يوق ياتىسەن ، «بىر ماشىنا خېرىدار ئەكېلىپ تاشلاپ بەردىم» دەپ ياتاق ئىگىلىرىدىن ئالىدۇ پالانى پۇل شۇنداق قىلىپ ، زىيان بىزگە ، پايدا بۇ غوجامغا بولىدۇ . ماشىنىسىنى بىر ئايلاندۇرۇپ كېلىشى ئىككى — ئۈچ يۈز تەڭگىگە توختايدۇ . يەنە ئالىدىغان مائاشى ، كاماندىروپكىسى بۇنىڭ سىرتىدا...

كۈن بارغانسېرى قىزىتىپ ، ماشىنا ئىچى ئىسسىپ كەتتى . شوپۇر چۆللۈكنى كېسىپ ئۆتكەن بىر سايغا چۈشكەندە ئاپتوبۇسنى توختىتىپ ، يول بويىدا ماشىنا توسۇپ تۇرغان بىر

بوۋاي بىلەن ئايالغا بىرنېمىلەرنى دېدى ـ دە ، ئۇلاردىنمۇ پۇل ئېلىپ ، ئالدىدىكى ھېلىقى قىسقۇچقا قىستۇردى .

— يەنە ئادەم سالىدىغان بولدى ، — دېيىشتى بىرنەچچەيلەن .

— يولدا يىغقان پۇلنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرارما ؟ — دېدى بىر موماي .

— بايانتىن بېرى مەن نېمە دەۋاتىمەن ! — دېدى بارات «چوڭ» ، — تەييار نەق پۇلنى ھۆكۈمەتكە ئاپىرىپ بېرىدىغان ئۇنداق ئەخمەق شوپۇر تېخى ئانىسىدىن تۇغۇلمىدى .

ئاپتوبۇسنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ ، ھېلىقى بوۋاي بىلەن ئايال يۈك ـ تاقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ چىقىپ ، ئىشىك ئالدىغا تىقىلدى . ماشىنا ئىچىدە يەنە نېرى تۇر ، بېرى تۇر ، غودۇڭشىشلار باشلاندى . شوپۇر پەرۋايى پەلەك ، ئىسقىرتقىنىچە چېلىكىنى كۆتۈرۈپ سايىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېتىپ باراتتى . بارات «چوڭ» ئورنىدىن تۇرۇپ ، بويىنىنى سوزۇپ شوپۇر تەرەپكە قارىدى ، نېمىدۇر بىرنېمىنى ئېسىگە ئالغاندەك تۇرۇپ كېتىپ ، ئادەملەر ئارىسىدىن قىستىلىپ ئۆتۈپ پەسكە چۈشتى ـ دە ، شوپۇرنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى .

— ھىم ! ھوي ، ئەسقەر ، قارا ، — دېدىم مەن ئەسقەرنى نوقۇپ ، — ئەمدى بارات «چوڭ» بىلەن شوپۇر بىرنېمە دېيىشىپ قالمىغىيدى…

بارات «چوڭ» سۆز بويىغا بېرىپ ، شوپۇر بىلەن بىرھازا گەپلەشتى . باشتا ئۇ قوللىرىنى سىلكىپ ، تازا قىزىشىپ سۆزلىگەندەك قىلىۋاتاتتى ، كېيىن كۈلۈشكە باشلىدى . شوپۇرمۇ بىرنېمىلەرنى دەپ بېشىنى لىڭشىتتى . بارات «چوڭ» ماشىنا

ئىچىگە قايتىپ كىلىپ ، قول سومكىسىنى ئالدى ـ دە ، بىزگە قاراپ كۈلۈپ قويۇپ :

— ھە ، يول چىقىپ قالدى ، — دەپ ئوتتۇرىدىكى ئىشىكنى ئېچىپ كابىنكا ئىچىگە كىرىپ ، ئۇڭ تەرەپتىكى بوش ئورۇنغا جايلاشتى .

ماشىنا قوزغىلىشى بىلەن ئۇ شوپۇرغا ياخشى تاماكىسىدىن بىر تال سۇنۇپ ، سەرەڭگە چېقىپ بەردى . ئاندىن چاپىنىنى يېشىپ ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە كىيدۈرۈپ قويۇپ ، كۆڭلىكىنىڭ يەڭلىرىنى تۈرۈۋېتىپ ، ئۆزى بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ چەكتى . دېرىزىدىن ئۇرغان شامال ئۇنىڭ كۆڭلىكىنى كۆپتۈرۈپ ، يوغان بەستىنى تېخىمۇ كېلەڭسىز قىلىپ كۆرسەتتى .

— ۋاھ ، باراتكام ھۇزۇر قىلدى ـ دە ، — دېدىم مەن .

ئاپتوبۇس چۇشلۇك تاماققا توختىغان ئورۇندا بارات «چوڭ» شوپۇر بىلەن خۇددى ئۇنىڭ كونا تونۇشىدەك سالاپەتتە قىزغىن پاراڭلىشىپ ، ئاشخانىنىڭ يېنىدىكى ئايرىم ئۆيلەرنىڭ بىرىگە كىرىپ كەتتى…

ئاپتوبۇس قونالغۇغا كەچ يېتىپ كەلدى . بارات «چوڭ» يولدا ئېيتقاندەك بۇ يەرنىڭ ياتاقلىرى تولىمۇ بىزەپ ئىدى . ھەربىر ئۆيگە غىچىرلاپ تۇرىدىغان كونا ياغاچ كارىۋاتتىن بەش ـ ئالتىنى سىغداپ قويۇشقان ، تام ـ تورۇسلىرىنى ئۆمۈچۈك تورلىرى قاپلاپ كەتكەنىدى . بورا ـ قومۇشلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان بۇ ئۆينىڭ ئۇستىگە قارىمىغاننىڭ ئۆزى ياخشى ئىدى . بارات «چوڭ» شوپۇرنىڭ چاپىنىنى كۆتۈرۈپ ، ئالاھەدە ئۆيلەرنىڭ بىرىگە كىرىپ غايىب بولدى ، بىز گۇمانلىق داغلار

بىلەن بولغانغان يوتقاننىڭ ئىچىگە كىرىپ يېتىشنى كۆڭلىمىز كۆتۈرمەي ، كارىۋاتقا كىيىم - كېچەكىمىز بىلەنلا ئۆزىمىزنى تاشلاپ ئۇخلاپ قالدۇق...

— شوپۇر بىلەن ئورۇق - تۇغقان چىقىپ قالدىڭىزمۇ قانداق ، باراتكا ؟ — دەپ سورىدىم ئەتىگەنلىكى ماشىنىغا چىقىش ئالدىدا .

— ئۇنى تېگىشلىك ئورۇنغا ئىنكاس قىلىدىغان ئىشىڭىزمۇ سۇغا چىلاشتىغۇ دەيمەن ؟ — دېدى ئەسقەر .

— مەن پاراڭلاشتىم ، هەي ، شۇ شوپۇرلارنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق دەردى باركەن دەڭلا ، — دېدى بارات «چوڭ» ، — ئادەم كۆپ بازاردا توختىساق ، يولۇچىلار تاماققا تارقىلىپ كېتىپ ، جىق ئادەمنى يىغىۋالغۇچە بىر - ئىككى سائەت كېچىكىمىز ؛ قونىدىغان يەرنىمۇ تەشكىل بىزگە «پالانى يەرگە چۈشسەن» دەپ بەلگىلەپ بېرىدۇ ، شۇ يەرگە چۈشمەي ئىلاجىمىز يوق ، دەيدۇ . بۈگۈن كېچە مەنغۇ شوپۇرلارغا تەييارلاپ قويغان ئۆيلەردە تاۋار يوتقانلارغا يۆگىنىپ ئۇخلاپ چىقتىم ، سىلەر قانداق قىلغانسىلەر ؟... بىز بۇ يوللاردا كۆپ يۈرۈپ قاغدىلىپ كەتتۇق ، دەڭلار ، ئۇكىلار . شۇنداق پوستىغا كىرىۋېلىپ جان باقمىغان بىلەن ئىش تەس !

× ×

ئۈرۈمچىگە كېلىپ ، پويىز ئىستانسىسىدىكى قالايمىقانچىلىقنى كۆرۈپ هاڭۋېقىپلا قالدۇق . ۋوگزالنىڭ ئوڭ-سول تەرەپلىرىگە هەيۋەتلىك بىنالار سېلىنىۋاتاتتى . ۋوگزال

مەيداندىكى يايمىچىلارنىڭ ۋاڭ - چۇڭلىرى، يۈك - تاقلىرىنى كۆتۈرۈپ، قاتارغا بىرىپ ئۆچىرەتتە تۇرۇشنى بىلمەي ھودۇقۇشۇپ يۈرگەن يولۇچىلار، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ئۇزىتىپ چىققانلارنىڭ ۋارقىراشلىرى، قىزىقچىلىق كۆرۈپ لەلەڭلەپ يۈرگەن بىكارچىلار، شۇنچە قالايمىقانچىلىقتا يوغان سومكىسىنى بىشىغا قويۇپ، ئۇزۇن ئورۇندۇقتا بەخىرامان ئۇخلاۋاتقان ئادەملەر — بۇلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ، ئاجايىپ قىزىق بىر مەنزىرىنى پەيدا قىلغانىدى.

قىستا - قىستاڭچىلىقتىن ئاران ئۆتۈپ پويىزغا چىقتۇق. ئورنىمىزنى تىپىپ، ئامان - ئىسەن جايلىشىۋالغاندىن كىيىن «ئۇھ!» دەپ بىر - بىرىمىزگە قاراپ كۈلۈشتۇق. بارات «چوڭ» ئۇستىبىشىدىن ئىقىۋاتقان تەرنى سۈرتكىنىچە دىرىزە يىنىدىكى ئورۇندۇققا ئۆزىنى تاشلاپ ۋايساپ كەتتى.

— كۇنىنىڭ مۇنۇ ئىسسىقىدا بۇ يەردىكى مالىمانچىلىقنى كۆردۇڭلارمۇ؟ تەرتىپ دىگەن نىمە يوققۇ بۇ يەردە، تەرتىپ! دىققەت قىلىڭلار، ئۇكىلىرىم، مۇنداق يەر ئوغرى - يالغاننىڭ ئۇۋىسى... تەرتىپ ساقلايدىغانلار نىمە ئىش قىلىدىغاندۇ؟ مەيداندا يايما يىيىۋالغان ھايانكەشلەر بىلەن ئورۇندۇقلاردا كالچاراپ يىتىشىۋالغان بىكار تەلەپلەرنىڭ كۆتىگە تىپىپ قوغلاپ، ئۆچىرەتتە تۇرماي غىدىڭ - پىدىڭ قىلىدىغانلار چىقسا، گەجگىسىدىن تۇتۇپ ئاپىرىدىغان يىرىگە ئاپارسا بولمامدۇ!...

بارات «چوڭ»نىڭ نىمىگە شۇنچە چىچىلىپ قالغىنىنى ئەسقەر ئىككىمىز ئانچە چۈشىنەلمىدۇق، بىزگە بولسا ھەر خىل كىيىنگەن ئادەملەر بىلەن جانلىنىپ تۇرغان ۋوگزال مەيدانى ۋە پويىز ئىچى شۇنچە كۆڭۈللۈك بىلىنمەكتە ئىدى.

پويىز مېڭىپ كەتتى . ئوچۇق دېرىزىدىن ئۇرغان شامال ۋاگون ئىچىدىكى باياتىن بېرى بولۇۋاتقان تىنچىقنى تارقىتىپ ، كىشىگە يېنىكلىك ئەكەلدى . ئەسقەر ئىككىمىز ئارقىدا قېلىۋاتقان ئادەملەر ، بىنالار ، تاغلار ، تونېللار . يىراق پەسلىكتە ئېقىۋاتقان سۇلار ، چەكسىز كەتكەن چۆللەر ، غىل - پال كۆرۈنۈپ ئۆتۈپ كېتىدىغان يول بويىدىكى كىچىك مەھەللىلەرگە قاراپ ، دېرىزىنىڭ يېنىدىن نېرى كېتەلمەي قالدۇق . بارات «چوڭ» : «دىققەت قىلىڭلار ، دېرىزىگە نېمانچە يېپىشىۋالىسىلەر هوي !...» دېگىنىچە ئايغىنى يېشىپ ، ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ ئۇيقۇغا تەگدى...

بارات «چوڭ» ئۇيقۇسىغا قېنىپ تۆۋەنگە چۈشكەندە ، بىز ئالدىمىزدىكى ئورۇنغا يول ئۈستىدىكى بېكەتتىن چىققان ئۈچ قىز بىلەن قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەنىدۇق . بۇ قىزلار شاڭخەيدىكى بىر سەنئەت ئورگىنى ئاچقان كۇرسقا قاتنىشش ئۈچۈن كېتىپ بارغان ئارتىسلار ئىكەن . قىزلار چىرايلىق ، ناهايىتىمۇ خۇشخۇي بولۇپ ، ئۈستىگە كىيگەن كىيىملىرى ئۆزلىرىگە خوپ ياراشقانىدى . ئەسقەر ئىككىمىز ياشلار ئاچقان دۇكانلارغا مال ئېلىش ئۈچۈن كېتىپ بارغاچقا ، كىمگە قانداق كىيىم يارىشىدىغانلىقى ۋە ياشلارنىڭ هازىر قانداق مودىلارنى قوغلىشىدىغانلىقىغا ناهايىتى دىققەت قىلاتتۇق .

— ئوهۇي ، بۇ پەرىلەر نەدىن كېلىپ قالدى ؟ ئەسقەر ، سەن ئۇلارغا نېمانچە تۆشۈكتەكلا قاراپ كەتتىڭ ؟ — بارات «چوڭ» ئۇيقۇسىنى ئېچىپ ، بىزنى جىملىگىنىچە چۈشۈپ كەلدى .

— ئەمدى كۆز دېگەننى قارايدىغانغا ياراتقان ، باراتكا ، مەن ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى كۆڭلەكلىرىگە قاراۋاتىمەن .

— ھە ، كۆڭلەكلىرى قانداقراقكەن ؟

— قارىغە ، شۇنداق يارىشىملىق . بىز دۇكانلارغا مۇشۇنداق كىيىملەرنى زاكاز قىلساق… ئۇنىڭ قايسى زاۋۇتتىن تىكىلگىنىنى بىلىۋالدىم .

— قانداق بىلدىڭ ، سورىدىڭما ؟

— ماركىسىغا قارىدىم .

— مۇشۇلارنىڭ كۆڭلىكىنى قايرىپ ، ماركىسىغا قاراپ يۈردۈڭما ؟

— ئۇنىڭ نېمە يامىنى بار ؟ مۇنۇ ئىككىسى قايسى زاۋۇتنىڭ كىيىملىرى ئىكەنلىكىنى ئۆزى ئېيتىپ بەردى . مۇنۇ قىز : «بىلمەيمەن ، ماركىسىغا ئۆزىڭىز قارىۋېلىڭ» دېدى .

— شۇنىڭ بىلەن قوپۇپ ياقىسىنى قايرىدىڭ ؟ دىققەت قىلىڭلار ، ئۇكىلار ، دىققەت . يول ئۈستىدە بىرەر مەسىلە چىقىپ قالمىسۇن… كامال ! سېنىڭ كۆزۈڭ نەدە تۇرىدۇ ؟

شۇ تاپتا مەن بۇ قىزلارنىڭ پايپاقلىرىنىڭ رەڭگىگە قاراۋاتاتتىم . بارات «چوڭ »نىڭ گېپىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتىم .

— مېنى دەمسىز ؟… قىزلارنىڭ پايپىقىغا قاراۋاتىمەن .

— پايپاققا قاراۋاتامسەن ، باشقا يەرگىمۇ ؟ مەن ئوبدان بىلىمەن . دىققەت قىل - ھە ! سەن دېگەن بىر رەھبەرنىڭ ئوغلى…

— نېمە دەۋاتىسىز ، باراتكا ، ئادەمنىڭ خىيالىدا يوق گەپنى قىلىپ .

شۇنداق دېدىم - دە ، ئىختىيارسىز قىزىرىپ كەتتىم . ھېلىمۇ ياخشى ھېلىقى قىزلار نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىمىزنى ئۇقماي ، كۈلۈشكىنىچە ئۆزلىرىنىڭ گېپىگە چۈشۈپ كەتكەنىدى .

— ھازىرقى ياشلارنىڭ كىيىم دەپ كىيىۋاتقان نېمىلىرىگە نېمە دېسەك بولىدۇكىنتاڭ ! — بارات «چوڭ» ھېلىقى قىزلارنىڭ كىيىمى ئۈستىدە مۇلاھىزىگە چۈشۈپ كەتتى ، — قاراڭلار ، مۇنۇنىڭ كۆڭلىكى كۆڭلەك بوپتۇمۇ ؟ نېپىزلىكىدىن ئىچىگە تارتقان نوختا - تۆشباغلىرىنىڭ ھەممىسى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ . مۇنۇ ئوتتۇرىدا ئولتۇرغىنىنىڭ كۆڭلىكىنىڭ يېڭى قېنى؟ قولتۇقىدىن جىمى ئالامەت كۆرۈنۈپ تۇرىدىغۇ ئۇنىڭ . ئەنە ئاۋۇ چەتتە ئولتۇرغانىنىڭ ئۈستىگە كىيگىنىنىغۇ ئەمدى ماقۇل دەيلى ، پايپىقى نېمىلەرچە ئۇنىڭ . مۇنداق نېپىز بىرنېمىنى پايپاق دەپ كىيگۈچە كىيمەيلا قويسا بولمامدۇ...

پويىز ئىككى كۈن ماڭمايلا بارات «چوڭ» بىزنى ئاشۇنداق تۈگىمەس نەسىھەتلىرى بىلەن زېرىكتۈرۈۋەتتى ، يولۇچىلار ئاپتوبۇسىدىكى «تېگىشلىك ئورۇنغا ئىنكاس قىلىمەن» دېگەن غودۇراشلىرىنىڭ ئورنىغا ئەمدى «دىققەت قىلىڭلار ، ئۇكىلار ، دىققەت قىلىڭلار» دېگەن نەسىھەت ئالماشقانىدى . ئەسقەر ئىككىمىزنىڭ غېمى ، بۇ ئادەم بىلەن بىللە قانداقمۇ كېلىشىپ كۆڭۈلدىكىدەك مال ئالغىلى بولار ؟ دېگەندە قالدى .

× ×

نىشان قىلغان بىرىنچى «چوڭ» شەھەرگە يېرىم كېچىدە كېلىپ چۈشتۇق . بارات «چوڭ»غا خېلى ئوبدانلا ھاردۇق يەتكەنىدى . ئۇنىڭ پويىزدىن چۈشۈپ بىرىنچى قىلغان سۆزى — ئوبدانراق بىر ياتاق تېپىپ ، يۇيۇنۇپ ئارام ئالايلى ، ئۇكىلار ، دېگەن بولدى . سومكىلىرىمىزنى كۆتۈرۈشۈپ پويىز

ئىستانسىسىدىن چىقتۇق. شۇ ئەتراپتىكى بىرقانچە مېھمانخانىلارغا دوقۇرۇپ، ئورۇن تاپالمىغاندىن كېيىن جىددىيلىشىپ قالدۇق. كوچىدا مېڭىپ يۈرۈپ، تاڭ ئاتقۇزۇشنىڭ ئورنى يوق ـ دە!… ھەممە مېھمانخانىلارنىڭ تالونچىكلىرى «بوش ئورۇن يوق» دېگەن تاختىنى ئېسىپ قويۇپ، ئىشتىن چۈشۈپ كەتكەنىدى. يولدا رىكشىچىلار ئەتراپىمىزنى ئەگىپ، «پالانى يەردە ئازادە مېھمانخانا بار، ئاپىرىپ قويايلى» دېيىشتى. لېكىن، بۇنىڭغا بارات «چوڭ» زادىلا ئۇنىمىدى.

— دىققەت قىلايلى، ئۇكىلار، بىر ئامال قىلىپ مۇشۇ ئەتراپتىن ئورۇن تېپىپ يېتىپ، بارىدىغان يېرىمىزگە ئەتە كۈن يورۇغاندا بارايلى، كىم بىلىدۇ، بۇ نېمىلەر بىزنى مېھمانخانىغا ئاپىرىمىز دەپ… خۇدا ساقلىسۇن!

ئاخىرىدا بىز كاسسىدا ئادىمى بار بىر مېھمانخانىغا يېتىپ كەلدۇق. بارات «چوڭ» بىر ئەقىل تاپقاندەك ئىشىك ئالدىدا توختىدى ـ دە، «باياتىن بېرى ئىسىمگە كەلمىگىنىنى قاراڭلار» دەپ بىزگە قاراپ كۈلگىنىچە بېشىدىكى شەپكىسىنى پۈكلەپ سومكىغا تىقتى ۋە سومكىسىدىن بىر گۈللۈك دوپپىنى ئېلىپ بېشىغا كىيدى. ئەسقەر ئىككىمىز ئۇنىڭ كەينىدىن پالاقلاپ ماڭدۇق.

لېكىن بۇ يەردىمۇ كاسسىر قىز «ئورۇن تولۇپ كەتتى» دېگەن جاۋابنى بەردى. قولىمىزدىكى سومكىلار بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. مەن تام تۈۋىگە قويۇلغان ئۇزۇن سافاغا «لاسسىدە» ئولتۇرۇپ قالدىم.

— ھوي ئەسقەر، سەن خەنزۇچىنى خېلى بىلگەندىكىن

ئوبدانراق بىرنېمىدەپ باققىنا !— دېدى بارات چوڭ .

ئەسقەر كاسسىر قىزغا بىرنېمىلەر دەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى . بارات «چوڭ»نىڭ بېشىدىكى دوپپىنىڭ يۈزى بولدىمۇ ، ئەيتاۋۇر كاسسىر قىز بىزگە قاراپ ئويلىنىپ قالدى ـ دە :

— زاۋتاڭ شۈشى[1]كېيىما ؟ — دېدى

زاۋتاڭ شۈشى دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدۇق . خەنزۇچىنى ئانچە ـ مۇنچە يامىداپ جان بېقىپ يۈرگەن بولساقمۇ ، مۇنداق ياتاق ئىسمىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغانىكەنمىز ، كاسسىر قىز بىزنىڭ تېڭىرقاپ قالغىنىمىزغا قاراپ :

— بۇگۈنچە شۇ يەردە يېتىپ تۇرساڭلار ، ئەته ئورۇن بوشىغاندا سىلەرنى ياخشىراق ئۆيلەرگە ئورۇنلاشتۇرايلى ، — دېدى .

بىز ماقۇل بولدۇق . بىر تىزىق ئاچقۇچنى شاراقلىتىپ يۈرگەن بىر خىزمەتچى بىزنى بىنانىڭ تىك پەلەمپىيى ئارقىلىق ئاستىنقى قەۋەتتىكى تار بىر زالغا باشلاپ چۈشتى . زالنىڭ ئىككى تەرىپىدە نۇرغۇن كىچىك ئىشىكلەر بار ئىدى . بىز ھېلىقى خىزمەتچى ئېچىپ بەرگەن ئۆيگە كىرىپ ، «زاۋتاڭ شۈشى» دېگەننىڭ نېمىلىكىنى ئاندىن چۈشەندۇق . بۇ ئەسلىي مۇنچا قىلىنغان ئۆيلەر ئىكەن ، كېيىن ياتاققا ئۆزگەرتىۋەتكەن بولسا كېرەك ، بىز دەك ياتاق تاپالماي كوچىدا تەمتىرەپ قالغانلارغا ياكى ئەرزان ياتاقتا ياتماقچى بولغانلارغا ئېچىپ بېرىلىدىغان ئوخشايدۇ . بىز كىرگەن ئۆينىڭ تۆت بۇلۇڭىدا تۆت ياغاچ كارىۋات قويۇقلۇق تۇراتتى . كارىۋات ئۈستىدە كونا ماتراستىن

① زاۋتاڭ شۈشى — مۇنچا ياتاق مەنىسىدە .

باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى . كۆتكۈچى بىزگە بىردىن ئەدىيال بىلەن شال پاخىلى تىققان ياستۇقنى تاشلاپ بېرىپ چىقىپ كەتتى .

— مانا راھەتلىنىڭ ! — دەۋەتتى ئەسقەر ، — يىراقراق بېرىپ ، ئوبدانراق ياتاق ئىزدەپ باقايلى ، دېسەك ئەجەب ئۇنىماي كەتتىڭىز ، باراتكا ؟

— بولدى ، ئۇكا ، ئامانچىلىق مۇھىم . بىرلا ئۇخلىساق تاڭ ئاتىدۇ ، ئەتە ئالىي ياتاقتىن بىرنى تېپىپ راھەتلىنەرمىز...

ئەسقەر ياتاقنىڭ بۇرۇن ئۇمىۋالىنىڭ ئورۇنلاشتۇرغان جايلىرىنى قاراشتۇرۇشقا باشلىدى . پاياتلىۋېتىلگەن جۇمەكلەرنى تۇتۇپ باقتى . ياتاقنىڭ ئارقىسىدىكى ئېگىزرەك يەردە كىچىك بىر دېرىزە بولۇپ ، دېرىزە ئاقۇچ سىر بىلەن سىرلىۋېتىلگەنىدى .

— ئەگەر يېنىپ تۇرغان مۇنۇ لامپۇچكا بولمىغاندا ، بۇ يەر گۆرنىڭ ئۆزىكەن - دە . مۇنۇ دېرىزىنىمۇ سىرلىۋەتكىنى نېمىسى ؟ !

دېرىزىنىڭ تىرناقچىلىق سىرى كۆچۈپ كەتكەن يەردىن نېمە باركىن ، دەپ ئۇ تەرەپكە قارىغان ئەسقەر تۇيۇقسىزلا ۋارقىرىۋەتتى :

— ھوي ، ماۋۇ كارامەتنى كۆردۈڭلارمۇ ؟ كامال ، مەيەرگە كېلىپ قاراپ باقە ، بېلەتسىز ئويۇن !

ئىتتىك كېلىپ ، بىر كۆزۈمنى ئەينەكنىڭ ھېلىقى سىرى كۆچۈپ كەتكەن يېرىگە تۇتتۇم - دە ، ۋارقىرىۋەتتىم .

— ھوي راست ، نېمە گەپ ھوي ! ؟

ئەسلىدە بۇ ئۆيلەرنىڭ ئارقىسىدا بىر ئاياللار يۇيۇنۇش كۆلى بار ئىكەن . كەچ بولسىمۇ يەنە ئۇ يەردە بىرنەچچە ئايال قىپيالىڭاچ بولۇپ يۇيۇنۇۋاتاتتى . بىزنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭىمىزنى

ئاڭلاپ ، كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن بارات «چوڭ»مۇ ئورنىدىن تۇرۇپ : «نېمە بوپتۇ ، نېمە گەپكەن؟...» دەپ بىز تەرەپكە كېلىشكە باشلىدى . بىز دەرھال دېرىزە ئالدىدىن كەتتۇق . «ھىم ، ئەمدى بارات ‹چوڭ› ئاچچىقىدا بۇ دېرىزىدىنى ئۇرۇپ چېقىۋەتمەكچىدى...» دەپ قورقۇپ ئاستا ئورنۇمغا كېلىپ يېتىۋالدىم . بارات «چوڭ» ھېلىقى «تۆشۈك»كە دەرھال كۆزىنى توغرىلاپ ئۇلگۇردى ـ دە ، سۆزلەپ كەتتى :

— ماۋۇ مەسئۇلىيەتسىزلىكنى قاراڭلار . ئارقىدا ئاياللارنىڭ يۇيۇنۇش كۆلى بولسۇنۇ ، بۇ يەرنى ئەرلەر ياتىقى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرسۇن . پاھ ، ئاۋۇ نېمىدېگەن سېمىز خوتۇن ھوي!... دېرىزىنى ئوبدانراق سىرلاشمىغىنىنى قاراڭلار . كۆلدىن چىققان مۇنۇ بىرىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ توۋا ، بۇ خەقنىڭمۇ بەدىنى شۇنچە ئاق بولىدىكىنا! كاساپەت ، ئاۋۇ بىرى بېلىقنىڭ ئۆزىكەن ـ دە.... سىلەر ئۆيلەنمىگەن ياش باللار مۇنداق بىرنېمىلەرگە كۆز سالماڭلار . سەن يەنە نېمە يېنىمدا دېۋەيلەپ تۇرىسەن؟ جايىڭغا بېرىپ يات!

ئەسقەرنىڭ ھېلىقى «تۆشۈك»تىن يەنە بىر قېتىم قاراپ باققۇسى بارمىتىكىن ، بۇ گەپنى ئاڭلاپ ماڭا قاراپ تىلىنى بىر چىقىرىپ قويدى ـ دە ، ئاستا ئورنىغا قايتىپ كەلدى . بارات «چوڭ» يوغان گەۋدىسى بىلەن دېرىزىگە شۇ يېپىشقىنىچە چاپلىشىپلا قالدى .

— نېمىدېگەن بىپەرۋالىق ، مەن ئەتىلا بۇ مېھمانخانىنىڭ باشلىقىنى تېپىپ ، «ماۋۇ نېمە ئىش؟» دەپ كۆزىگە كۆرسىتىپ قويمىسام... پاھ تېخى يالىڭاچلىرىدىن يەنە بىرنەچچىسى كىرىشىۋاتامدۇ ، بۇ يەردە تاڭ ئاتقۇچە ئادەم ئۈزۈلمەمدۇ ،

قانداق ! ؟... مانا ، مۇنۇ خوتۇننى كۆرمەيسلەر ، چىرايىغۇ «ھە» دەپ قويىدىغانلا بىرنېمىكەن ، ئەمما بەدىنىز ە....

ئەسقەر ئىككىمىز بارات «چوڭ»نىڭ بۇ «مۇلاھىزە»لىرىنى ئاڭلاپ ، دېرىزىدىن قارىمىساقمۇ ھەممە ئالامەتنى كۆرۈپ تۇرغاندەك بولۇپ ، قايسى ۋاقىتتا ئۇخلاپ قالغىنىمىزنى بىلمەي قاپتىمىز .

ئەسقەر ئىككىمىز ئەتىگەندىلا ئويغىنىپ كەتتۇق . تاراق ـ تۇرۇقتىن بىزار بولۇپ كۆزىنى زورىغا ئاچقان بارات «چوڭ» :

— نەگە ؟ — دەپ سورىدى .

— يۈرمەمسىز ، — دېدى ئەسقەر ، — ئەتىگەنرەك چىقىپ باشقا يەردىن ياتاق تېپىۋالايلى .

— بوپتۇ ، سىلەر چىقىپ ئۇقۇشۇپ بېقىڭلار ، ئورۇن بولمىسا بۈگۈنچە مەن يەنە مۇشۇ يەردە يېتىپ تۇراي...

بارات «چوڭ»نىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئەسقەر ئىككىمىز كۈلكىدىن ئۆزىمىزنى ئارانلا تۇتۇۋالدۇق . دېرىزە ئەينىكىنىڭ ھېلىقى سىرى كۆچكەن يېرى خېلىلا يوغىناپ قالغانىدى . بارات «چوڭ» ئەدىيالغا مەھكەم يۆگىنىپ ، تۈگۈلۈنۈپ ياتاتتى . ئۇ كۆزىمىزگە شۇ بىر كېچىدىلا ئۆزىنىڭ ھەممە ئابرۇيي ۋە سالاپىتىدىن ئايرىلىپ ، كىچىكلەپ كەتكەندەك كۆرۈندى . بۇ دىمىق ماكاندىن بۇرۇنراق قۇتۇلۇش ئۈچۈن سومكىلىرىمىزنى ئېلىپ تالاغا ئالدىرىدۇق .

1988 ـ يىل ، غۇلجا

# بۇ چۈش ئەمەس

## 1

كېچىدە يېزىنىڭ يۇقىرىسىدىكى دۆڭدە تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ئوتنى ھەممە ئادەم كۆردى. دەسلەپتە، شامال تۇتەپ كۆيگەن بىر نەرسىنىڭ ھىدىنى ئېلىپ كەلگەندەك قىلىۋىدى، ئارقىدىنلا ھەيۋەتلىك يالقۇن كۆتۈرۈلۈپ، ئەتراپنى يورۇتۇۋەتتى، قورقۇنچقا چۈشكەن ئادەملەر چۇۋۇلدىشىپ كوچىغا چىقىشتى. دەھشەتكە چۈشكەن ئاياللار چۇرقىرىشىپ كېتىشتى.

— ھوي خوتۇنلار، نېمىگە ۋارقىرىشىسەن؟ ئاناڭ ئۆلۈۋاتقىنى يوق، ھېلىقى توختەكىنىڭ ئۆيى كۆيۈۋاتىدۇ، توختەكىنىڭ!...

يۇقىرىدىن ئاتلىق چېپىپ كەلگەن بىرى ئەنە شۇنداق ۋارقىراپ، يولنىڭ ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ كەتتى.

— ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ توختىنىڭ ئۆيى كۆيۈۋېتىپتۇ!

— توختىنىڭ ئۆيى!؟

— ئەجەبمۇ ئۆيىتى - دە!...

— ۋاي بىچارە، قانچە جاپالار بىلەن سېلىۋىدى - ھە!

— قانداق بولۇپ ئوت كەتكەندۇ!؟...

## 2

شۇ كۈنى كەچكە يېقىن، توختىنىڭ يېڭى سالغان ئۆيىگە گۈلشەننىڭ ئۈچ ئاكىسى باستۇرۇپ كەلگەندى، ئۇلار هويلىدا تۇرۇپ ۋارقىراشتى:

— توختەك! هاي توختەك!...

توختى پېشايۋانغا چىقىشىغىلا ئۈچى يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇرۇپ كېتىشتى. توختىنىڭ ئۇلارنىڭ هەربىرىگە تېتىغۇچىلىكى بار ئىدى، لېكىن ئۇ قول ياندۇرمىدى. ئۇلارنىڭ تۆپە ـ تۆپىلەپ ئاتقان مۇشتىغا ئۆرۈلۈپمۇ چۈشمىدى. ئۇلار ئادەمگە ئەمەس، ئازاب ۋە ئاغرىق هېس قىلمايدىغان تۇۋرۈككە مۇشت ئېتىۋاتقاندەك بولۇپ قالدى ـ دە، نېمىشقىدۇر ئۆزلىرىمۇ توختاپ قېلىشتى. توختىنىڭ يېرىلغان قاپىقىدىن ئاققان قان مەڭزىنى بويلاپ كۆڭلىكىگە ئېقىۋاتاتتى.

— تۇفى... ئىت، يوقال بۇ يەردىن!

— ئۆزۈڭچە بىزنى ساڭا قىز بېرىدۇ، دەپ ئويلامسەن؟!

— نەدىن كەلگەن بولساڭ خوتۇنىمۇ شۇ يەردىن ئال!

— مۇشۇ سالغان سارايلىرىڭغا شۇنچە كۆرەڭلەپ كەتتىڭما؟ بۇ نېمەڭ...

توختى ئۈنچىقمىدى. ئۇنىڭ كۆزى يىراقلارغا تىكىلگەندى. غۇۋا ئۇپۇققا تۇپلانغان بۇلۇتلار ئۈستىدە پېتىۋاتقان قۇياشنىڭ ئاخىرقى قىزغۇچ نۇرلىرى جىلۋە قىلاتتى، ئاسماندا ئايمۇ پەيدا بولغانىدى. لېكىن توختىنىڭ كۆز ئالدىدىن باشقا بىر مەنزىرىلەر ئۆتەتتى.

ئەنە، جەنۇبنىڭ تاشلىق يوللىرى... ئۇ ئوغرىلىقچە

چۈشۈۋالغان ھېلىقى ماشىنا... ئاقسۇ بازىرىدا ئاچ يۈرگەن كۈنلەر... ئۈرۈمچىدە ئۇنىڭغا بىرنەچچە كۈن ئاتىدارچىلىق قىلغان مېھرىبان ئاشپەز... ئۇ قانداق قىلىپ شۇنچە كەڭ ماكانىنىڭ ئاشۇ بىر چېتىدىن مۇشۇ كىچىككىنە يېزىغا كېلىپ توختاپ قېلىۋېدىكىنە!؟ ئۇ ھاياتلىق، ياخشى تۇرمۇش، خۇشاللىق ئىزدىگەنىدى...

توختى ئېسىنى يىغقاندا گۈلشەننىڭ ئاكىلىرى ھويلىدىن چىقىپ كېتىشكەنىدى. توختى ئىچ - ئىچىدىن بېسىپ كېلىۋاتقان يىغىسىنى تەستە توختىتىۋالدى. خورلۇق ئۇنى ئازابلايتتى، يۈرىكىدە بىر ئوت يېنىۋاتقاندەك قىلاتتى، بۇ غەزەپمۇ، پۇشايمانمۇ، ھەسرەتمۇ ياكى ۋىجداننىڭ قىساس ئېلىشقا ئۈندىشىمۇ؟ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

تېخى ئالدىنقى كۈنى كەچتىلا توختى گۈلشەن بىلەن يوشۇرۇن كۆرۈشكەنىدى.

— كېتىڭ، كېتىڭ! — دېگەنىدى قىز ئۇنىڭغا تىترەپ تۇرۇپ، — يىراقلارغا كېتىڭ... ئاكىلىرىمنىڭ پەيلى يامان تۇرىدۇ، ئۇلار سىزنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشىمۇ مۇمكىن. ھېچبولمىغاندا، بىر - ئىككى ئاي كۆزدىن يىراقراق تۇرۇڭ.

— گۈلشەن، مەن سىزنى تاشلاپ ھېچ يەرگە كەتمەيمەن. يۈرۈڭ، كەتسەك ھازىرلا بىللە كېتەيلى. نېمىدەپ ۋەدىلەشكەنتۇق؟... سىزنى ئۇلار باشقا بىرىگە زورلاپ بېرىۋېتىدۇ...

— قورقىمەن، مەھەللىگە ئۆمۈرۋايەت قايتىپ كەلمەمدىم؟ ئاكىلىرىمنىڭ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟...

تۇنۇگۈندىن باشلاپ ئاكىلىرى گۈلشەننى ئامبار ئۆيگە سولاپ قويۇشتى. ئىشىكتە داتلىشىپ كەتكەن، يېرىم سائەت ھەپىلەشمىگۈچە ئاچقىلى بولمايدىغان يوغان قۇلۇپ پولاڭلاپ تۇراتتى.

توختى شۇلارنى ئويلاپ تىت - تىت بولدى. ئۆيگە قايتىپ كىرىپ، ئالدى - كەينىگە مېڭىشقا باشلىدى… تۇنجى قېتىم ئۇنى سۆيۈپ شەلپەردەك قىزىرىپ قېچىپ كەتكەن، يوشۇرۇن كۆز بېقىشلارنى ئاتا قىلغان، ئايدىڭ كېچىلەردىكى پىچىرلاشلاردا بىللە بولغان ۋاپادار قىز بۈگۈنكى مەيۇس، قورقۇنچاق گۈلشەنگە زادىلا ئوخشاشمايتتى… توختى ئاسماننىڭ كۆمتۈرۈلۈپ كېتىشىدىن، ئىنسان قەلبىنى چۈشەنمەيدىغان جىمى ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭغا قارشى چىقىشىدىن قورقمايتتى. پەقەت «گۈلشەن ئاجىزلىق قىلارمۇ، ۋەدىسىدىن يېنىۋالارمۇ؟…» دېگەن ئەندىشىلەرلا ئۇنى ئۇمىدسىزلىككە سالاتتى.

## 3

دۆڭلۈكتە كۆيۈۋاتقان بۇ ئوت تىللىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ، قاراڭغۇلۇقنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن يالمايتتى. بارغانسېرى ئۇلغىيىۋاتقان يالقۇن ئۆز ئەتراپىنى ئاپئاق يورۇتۇۋەتكەن بولۇپ، يىراق ئېگىزلىكلەرمۇ سارغۇچ شولىغا كۆمۈلگەنىدى؛ ئاسماندىكى تولۇن ئاي ۋە يۇلتۇزلارمۇ خىرەلىشىپ ئۆچۈپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئەرلەر دۆڭگە قاراپ يۈگۈرۈشتى. كىمنىڭدۇر بوشاپ كەتكەن كالىسى بىلەن بىرنەچچە ئىت يورۇقلۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ

كەتتى . باللارنىڭ ۋاڭ - چۇڭى ، ئاياللارنىڭ چۇۋۇلداشلىرى تېخىمۇ ئەۋج ئالغاندى .
— بۇ ھەرقاچان ھېلىقى ئۈچ لوكچەكنىڭ قىلغان ئىشى .
ئوتتۇرا ياش بىر ئايال كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ بۇ گەپنى قىلدى . ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان ياشانغان ئايال ھەيران بولۇپ سورىدى :
— قايسى ئۈچىنى دەيسەن ، سىڭلىم ؟
— قايسى بولاتتى ، ھېلىقى ئاۋۇت ، ساۋۇت… يەنە بىرىنىڭ ئېتى نېمىدى ، خۇدايىم ؟… ھە ، داۋۇت . شۇ خەقنىڭ ئىشى بولمامدۇ .
— توۋا ، بىر ئادەمنى شۇنچىمۇ بوزەك قىلغان بارمۇ ؟ !
— مۇساپىر بولسىمۇ ئادەم - دە ، ئۇ !
— سىڭلىگىنى بەرمىسەڭ بەرمە ، ئۆيىگە ئوت قويۇۋەتكىنىنى نېمىسى ؟ !
— ئاڭلىدىڭلارمۇ ؟ ئەر خەقلەر ، ئۆينىڭ كۆيۈپ ھېچنېمىسى قالماپتۇ ، دېيىشىۋاتىدۇ .
— ھېلىقى ئۈچىنىمۇ ساقچىلار ئىزدەپ يۈرگۈدەك…
شۇ چاغدا يولدا مەھەللە ئىمامىنىڭ ئېگىز ، سۆلەتلىك گەۋدىسى پەيدا بولدى . ئاياللار ئۆزىنى چەتكە ئېلىشتى .
— ھەي مەزلۇملار ، — دېدى ئىمام ھاسىسىنى ئىككى قوللاپ ئالدىغا تىرەپ ، ئالدىغا سەل ئېگىلىشىپ تۇرۇپ ، — ئۇقمىغاندىن كېيىن ، ئاغزىڭلارغا كەلگەننى جۆيلۈۋەرمەڭلار . ئۆينى توختىنىڭ ئۆزى كۆيدۈرۈۋەتتى .
خوتۇنلار ئىمامنى ئورىۋېلىشتى .
— نېمە دەيدىغاندىلا ، ئۆزىنىڭ ئۆيىگىمۇ ئۆزى ئوت قويۇۋېتەمدۇ ؟

— قازايى تەقدىر، — دېدى ئىمام بىر توپ مېكىياننىڭ ئارىسىدا چوقچىيىپ تۇرغان خورازدەك گەۋدىسىنى رۇسلاپ، — توختى باياملا مېنىڭ قېشىمغا كىرىپتىكەن... ئۆزۈممۇ ئەمدىلا خۇپتەندىن يېنىپ تۇراتتىم، دەرۋازىنى بىرى شاراقشىتقاندەك قىلىپ قالدى. «كىمكىن، چىقىپ بېقىڭلارچۇ» دەپ بالىلارنى چىقىرىۋىدىم، توختىنى باشلاپ كىرىشتى. قارىسام، چىرايى ئۆمسەلا، «ھە، نېمە گەپ؟» دېۋىدىم، ئۇ بوسۇغىدا تۇرۇپلا سۆزلەپ كەتتى. گۇلشەننىڭ ھېلىقى بىغەرەز ئاكىلىرى ئۇنى قاتتىق رەنجىتكەن ئوخشايدۇ، ئۇرۇپ باش - كۆزىنى ئىششىتىۋېتىپتۇ. توختى مەندىن: «ئىمام دادا، بىرىگە كۆڭلى چۈشۈپ قېلىشمۇ گۇناھمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن: «يوقسۇ، ئوغلۇم، ئاشىقلىق ئوتىنىمۇ خۇدا سالىدۇ» دېدىم. ئۇ: «مېنىڭ مۇشۇ يۇرتلارغا مۇساپىر بولۇپ كېلىپ قېلىشىممۇ گۇناھمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن: «ياراتقان ئىگەم كىمنىڭ رىزقىنى نەگە چاچقان بولسا، شۇ يەردىن رىزقىنى تېپىپ يەيدۇ» دەپ جاۋاب قىلدىم. توختى يىغلىۋەتتى. «خۇدا گۇلشەننىڭ ئوتىنى يۈرىكىمگە سالپتىكەن. مۇشۇ مەھەللىنى ئەگىپ كېتەلمىدىم، تىرىشتىم - تىرماشتىم، پۇل تاپتىم، شۇنچە چىرايلىق ئۆيلەرنى ياساتتىم. يولىنى قىلىپ قىزغا ئەلچىلەرنى كىرگۈزدۇم... نېمە گۇناھىم بارلىقىنى ئۇقمايمەن، مانا خەۋەرلىرى باردۇ؟ گۇلشەننى قاماپ قويۇشتى. مېنى ئۇرۇپ قىلمىغان ھاقارىتى قالمىدى... ئىمام دادا، ئاڭلاپ قويسىلا، تاقىتىم چېكىگە يەتتى، جامائەت، توختىنىڭ نېمە قىلغىنىدۇ، دەپ قالمىسۇن. مۇشۇ مەھەللىدىن زادى كەتسەملا بولامدۇ؟ كېتىمەن، ئۆيۈمگە ئوت قويۇۋېتىپ كېتىمەن. قالغان ئىشنى

خۇداغا قويدۇم...» دېدى . يەنە نۇرغۇن گەپلەرنى دېگەندەك قىلىۋىدى ، ئېسىمدە يوق . ئۇ چىقىپ كەتتى . كۆزلىرى بىر قىسىلا . ھەي ، مۇشۇ بالا ئەقلىدىن ئېزىپ قالمىغىدى ، دېگەن بىر شەك كۆڭلۇمدىن كەچتى . كۆڭۈل دېگەن ئۇلۇغ . دېگەندەك ئاز ئۆتمەيلا «ۋاي ، ئوت كەتتى !» دېگەن چۇقاننى ئاڭلىدىم .

— توۋا ! — دەپ ياقىسىنى تۇتۇشتى ئاياللار ، — توختى ئۆيىگە ئۆزى ئوت قويۇۋېتىپتۇ .

— توختى ئۆيىگە ئوت قويۇۋېتىپ مەھەللىدىن كېتىپتۇ...

— توختى ساراڭ بوپتۇ !...

بۇ گەپ قۇلاقتىن - قۇلاققا تېز لا تارقىدى . كۆپچىلىك توختىنىغا كەلگەن پاجىئەگە ئېچىنىشتى . لېكىن ، بەش بارماق تەڭ بولمايدۇ . بىر تۇپ دەرەختىن بىر - بىرىگە ئوپمۇئوخشاش ئىككى تال يوپيۇرماقنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ . توختىنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈنگە مەھەللىدىكى ئايرىم كىشىلەر خۇشالمۇ ئىدى .

— خوي ئوبدان بولدى ، — دېيىشتى ئۇلار ، — «يېتىمغا يۆتەلنىڭ نېمە ئىشى» دەپ سەن توختەككە ئۇنچىۋالا ھەشەمەتلىك ئۆيلەرنى سېلىشنى كىم قويدى .

— ئۇنىڭ بۇ تۆت تام ئىچىدە ئولتۇرغۇدەك ئۇرۇق - ئەۋلاد ، خوتۇن ، بالا - چاقىسى بولسىمۇ كاشكى...

راست ، ئۇنىڭ ھېچنېمىسى يوق ، توختى بۇ مەھەللىدە پەيدا بولغاندا تېخى ئون بەش — ئون ئالتە ياشلاردىكى بالا ئىدى . ئۇنى كوچىدىن چاقىرىپ ئەكىرىپ ، تونجى قېتىم ئىسسىق چاي بەرگەن كىشى ئەترەتنىڭ ماخوسىغا قارايدىغان مەرۇپ بوۋاي بولدى . بوۋاي قولىقى يۇمشاق ، ئايىغى ئىتتىك ، چىرايى ئىللىق بۇ بالىغا ئامراق بولۇپ قالدى . بالا بوۋايغا ياردەملىشىپ بىدە

توغرايتتى ، ئاتلارغا يەم بېرەتتى ، هارۋا قاتاتتى ، كېچىلىرى ماخونىڭ ئىچىدىكى كىچىككىنە ئۆيدە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ئۇخلايتتى .

— مەرۇپكا ، ئەجەب ئوبدان ئوغۇلدىن بىرنى تېپىۋاپسەنا ؟ — دېيىشەتتى هارۋىكەشلەر .

— ھە ، خۇدايىم بەردى ، — دەيتتى بوۋاي توختىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ .

مەرۇپ ئاكا ياشلىقىدا هارۋىكەشلىك قىلىپ يۇرت كەزگەن ، كۆپنى كۆرگەن ئادەم بولغاچقا ، بۇ مۇساپىر بالىنىڭ قەلبىنى چۈشىنەتتى ، ماخو هارۋىكەشلەرنىڭ ۋاڭ - چۇڭىدىن خالىي بولۇپ قالغان بەزى كۈنلىرى ئۇ قوزۇقتىكى ھېچقانداق نەقىشسىز ، سىدامىلا ياسالغان دۇتارنى ئېلىپ ، كونا پەدىلەرگە چېلىپ ، ناخشا ئېيتاتتى ،

— ماۋۇ ئېيتقىنىم «لەيلۇن» ، ئەمدى ئاڭلايدىغىنىڭ «خانلەيلۇن» ، — دەپ چۈشەندۈرەتتى بوۋاي بالىغا .

توختى بۇ ناخشىلارنى ئاڭلىسا مۇڭلىناتتى ، ئېڭىكىنى ئىككى ئالىقىنى بىلەن تىرەپ ئولتۇرۇپ خىيالغا كېتەتتى . لېكىن ، ئۇ قايسىسى «لەيلۇن» ، قايسىسى «خانلەيلۇن» ، زادىلا ئايرىيالمايتتى . ئۇنىڭغا بۇ ناخشىلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر ئاھاڭدا ئېيتىلىۋاتقاندەك ياكى بىرى يەنە بىرىنىڭ داۋامىدەك ئاڭلىناتتى .

— ھەي - ي··· ئوغلۇم ! — دەپ دۇتارنى توختىتاتتى مەرۇپكام بەزىدە ، — مانا بىر چاغلاردا مېنىڭمۇ بالا - چاقام ، ئۆي - ماكانىم بولىدىغان ، تەقدىر ھەممىدىن ئايرىپ ، ئاخىرىدا مەن قېرىنى تىكەندەك يالغۇزلا قويدى··· . بۇنىڭغىمۇ شۈكرى !

قارا ، خۇدايىمنىڭ يەنە سېنى ماڭا يەتكۈزۈپ ، ھەمراھ قىلىپ قويغىنىنى ... — دەيتتى .

بالا بوۋاينىڭ سۆزىدىن رازى بولۇپ كۈلۈپ قوياتتى . بوۋاي :

— ئۇنداق ئېغەك تۇتۇپ ئولتۇرما ، يامان بولىدۇ . يەنە بىر كۈلۈۋەتكىنە... ھە مانا ، تېخى بەختىڭ ئالدىڭدا بالام ... — دەيتتى .

ئىككى يىلدىن كېيىن بۇ مېھرىبان ئادەم ئالەمدىن ئۆتتى . بوۋاينىڭ بىر پارچە كىگىز ، كونا يوتقان - كۆرپە ۋە ھېلىقى كىچىككىنە ھۇجرىسى بىلەن دۇتارى توختىغا قالدى . توختىمۇ بۇ چاغدا قاۋۇل ، كېلىشكەن يىگىت بولۇپ قالغانىدى ، ئەترەتتە كىملا ئىشقا بۇيرۇسا ئۇ «ياق» دېمەي يۈگۈرۈيتتى .

— توختى ، ئاتلارنى بېقىپ كەل .

— توختى ، هارۋا قات .

— توختى بالام ، تۇگمەنگە ئۇگۇت ئاپىرىشىپ بەرسەڭ .

— توختى ، ئازراق كېسىكىمىز بار ئىدى ، تۆكۈشۈپ بەرسەڭ .

— توختى ، پالانچىنىڭ توي ئىشى بار ئىدى ، يۈگۈر - يېتىمگە ھە - ھۇ دېيىشىۋەت !...

ۋاي - ۋۇي ! بۇ مەھەللىدە توختى قىلمىغان ئىش قالغانمۇ دەيسىلەر ؟ ئۇ ھېچكىمدىن ئۇشۇقچە ھەق تەلەپ قىلمايتتى . قولىغا بىر نەرسە بەرمەي ، قورسىقىنى تويدۇرۇپ قويسا شۇنىڭغىمۇ رەھمەت دەيتتى . ئېھتىمال ، پەلەك شۇندىقىسىغا چۆرگىلەۋېرىپ ، توختىنىڭ كۆنىمۇ ئاشۇ مەدىكارچىلىكتىن نېرى بارمىغان بولسا ، بۇگۇنكى پاجىئەلەر بولماسمىكىن . ئەمما ، شۇ

ئارىدا كىشىلەر ئويلىمىغان ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ قالدى، ئەترەتنىڭ يەرلىرى ئەزالارغا كۆتۈرە بېرىلدى.

ماخودىكى ئات - هارۋىلار تەقسىم قىلىنىۋاتقاندا، توختى نېمە ئىشلار بولۇۋاتقانلىقىنى تازا ئاڭقىرىپ كېتەلمىگەندەك بىر چەتتە تامغا يۆلىنىپ قاراپ تۇراتتى. تۇيۇقسىز ئەترەت باشلىقى سايىمنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا چۈشۈپ قالدى.

— هوي، ئاغىنىلەر! — دېدى ئۇ، — مۇنۇ توختاخۇنغىمۇ بىرنېمە بېرەرمىز؟

— توختىغا نېمىدەپ بىرنېمە بېرىمىز، ئۇ ئەترەتنىڭ ئەزاسى بولمىسا؟!

توغرا، توختى بۇ ئەترەتنىڭ ئەزاسىمۇ ئەمەس، ئۇنىڭ ئىسمى بۇ يەرنىڭ نوپۇس دەپتىرىدىمۇ يوق.

— شۇنداق بولسىمۇ، — دېدى سايىم، — مەرۇپكام رەھمەتلىك مۇشۇ ماخوغا يىگىرمە نەچچە يىل قارىغانتى، توختىنى ئۆزىنىڭ بالىسىدەك ياخشى كۆرەتتى. شۇ بوۋاينىڭ يۈز - خاتىرىسى ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇنىڭغا ئاۋۇ كونا ئۆكۈز هارۋىنى بەرمەيلىمۇ؟

— بوپتۇلا، — دېيىشتى يەنە بىرنەچچەيلەن، — توختىمۇ مەھەللىمىزنىڭ ئۆز بالىسىدەك بولۇپ قالدى.

— ئۇنىڭغىمۇ بىر تىرىكچىلىك لازىم - دە!

— هەي توختاخۇن، قېنى سەن؟… ماڭ، بوينۇڭنى قىسىپ تۇرماي، ئاۋۇ هارۋىنىڭ قېشىغا بار.

توختى ماخونىڭ چۆلدەرەپ قالغان يوغان هويلىسىدا غېرىبسىنىپ تۇرغان هېلىقى ئۆكۈز هارۋىسىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئىككى كۈن خىيال سۈردى: ئىشنى نەدىن باشلاش

كېرەك ؟... بۇ كېلەڭسىز هارۋىغا قاتىدىغان ئۆكۈز قېنى ، ئۇ ئۆكۈزنى سېتىۋالىدىغان پۇل نەدە تۇرۇپتۇ ؟... بىرەيلەننىڭ :

— توختى ئۇكام ، ئولتۇرۇشۇڭ ئىسسىقتىنمۇ ، سوغۇقتىنمۇ ؟ — دېگەن ئاۋازى توختىنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى . ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەترەتنىڭ هارۋىكىشى قادىرنى كۆردى . ئىلگىرى بۇ ئادەم كۆپرەك مۇشۇ ئۆكۈز هارۋىسىنى هەيدەيتتى . قادىر هارۋىكەش بېشىدىن دوپپىسىنى ئېلىپ ، ئالىقىنىغا ئۇرۇپ- ئۇرۇپ قويۇپ يەنە كىيدى - دە ، يانچۇقىدىن گېزىت قەغىزىنى چىقىرىپ ، موخوركا يۆگىگەچ توختىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردى ، — ئاپتاپ ئېزىپ قويۇۋاتامدۇ ، ئۇكا ، يا يۈرتۇڭ ئېسىڭگە چۈشۈپ قېلىۋاتامدۇ ؟

— خىيال ، ئاكا ، خىيال...

— ياش تۇرۇپ ساڭا نېمە خىيال . قارا ، بىنەمنىڭ قارلىرى كېتەي ، دەپ قاپتۇ . بۇدا يەنە بىر بوران چىقسا قارىغوجىمۇ يېتىپ كېلىدۇ . قىش كەتتى . دېگەن'شۇ... خۇدايىم بۇيرۇسا ياخشى كۈنلەر ئالدىمىزدا...

— سىلەرغۇ كۆتۈرە ئالغان يېرىڭلارنى تېرارسىلەر ، مەن بۇ قۇرۇق هارۋا بىلەن نېمە ئىش قىلارمەن ؟

— راست ئېيتتىڭ ، بۇنىڭ ئۆكۈزىنى ماڭا تەقسىم قىلىپ ، هارۋىسىنى ساڭا بەرگىنىنى دېمەمسەن... مۇنداق قىلىمىز ، ئۇكا ، يا سەن ماڭا هارۋاڭنى بەر ، يا مەن ساڭا ئۆكۈزنى ئۆتۈنەي .

— ئۇنداق قىلمايلى .

— قېنى سەنمۇ ئالتە شەهەرلىك ئوغۇل بالىغۇ ، تۆت ئوشۇق تېپىپ كېلەي ، «دەتتىكام !»لا دېيىشىۋېتىمىزمۇ - يا ؟ !

— ئۇنداقمۇ قىلمايلى .

— ئەمسە قانداق قىلىمىز ؟ قورسىقىڭدىكى گېپىڭنى بىر دەپ باقمىنە .
— ئۆكۈز هارۋىنى هويلىڭىزدا بىكار ياتقان ئېشەك هارۋىغا تېگىشەيلى .
— ئېشەك هارۋىغا ؟ ! — قادىر دوپپىسىنى پېشانىسىگە سۈرۈپ قويۇپ گەدىنىنى تاتىلىدى ، — ئۇنىڭدا كىم زىيان تارتار ، سەنمۇ ، مەنمۇ ؟...
— پايدا ـ زىيىنىنى هېسابلىشىپ نەگە بارىمىز ؟ سىزنىڭمۇ ئۆكۈزىڭىز بىكار ياتمىسۇن ، مەنمۇ ئېشەك هارۋا بىلەن چامىم يەتكۈچە مىدىرلاپ بىرنېمە قىلىپ باقاي . ئۇزۇن ـ قىسقا يېرى بولسا كېيىن تەڭشىۋالمايمىزمۇ .
— بوپتۇ ، چىدىغانغا چىقارغان ، ئەكەل قولۇڭنى...
قادىر ئېشەك هارۋىسىنى ئېشىكى بىلەنلا بېرىۋەتتى . توختى يەنە ئۆتنە ـ يېرىم قىلىپ ، يوغان تۇگدىن ئىككىنى سېتىۋالدى . زامان ـ زامانلاردىن تارتىپ بۇ يىراق يېزىدىن هېچكىم شەهەرگە سۈت ئەكىرىپ سېتىپ باقمىغانىدى . توختى مۇشۇ ئىشقا بەل باغلىدى . دەسلەپتە ، ئۇ هەر كۈنى كەچتە ئۆيمۇئۆي كىرىپ سۈت يىغدى . كېيىن ، دېهقانلارنىڭ ئۆزى يېڭى سېغىۋېلىنغان سۈتلەرنى ماخوغا ئەكېلىپ توختىغا ئۆتكۈزىدىغان بولدى .
توختى باشقا يېزىلارنىڭ سۈتچىلىرىدىن بىر ـ ئىككى سائەت ئىلگىرىرەك ئۇيقۇسىنى ئاچاتتى ـ دە ، سۈتنى بېسىپ ، «خۇدا !» دەپ يولغا چۈشەتتى . شەهەرگە قاراپ سوزۇلغان يول مەهەللىدىن چىقىپ يېرىم سائەتچە ماڭغاندىن كېيىن ، دەريا ياقىلاپ تۆۋەنلەپ كېتەتتى . يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا سەهەرچى تورغايلار چۇرۇقلىشاتتى . دەريا ئوتتۇرىسىدىكى تاللىقلاردا

بېلىقچىلارنىڭ كەپىلىرى كۆرۈنەتتى. دەريا دولقۇنلىرىدا ئەتىگەنلىك شەپەقنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى جۇلالىناتتى... توختى ناخشا ئېيتاتتى. ئۇنىڭ ناخشىسىنىڭ ئاھاڭى مەرۇپ بوۋاي ئېيتقان «لەيلۇن»غىمۇ، «خانلەيلۇن»غىمۇ ئوخشاشمايتتى. ناخشىنىڭ سۆزلىرىگىمۇ ئۇدۇل كەلگەن بېيىتلارنى سىلىپ ئېيتىۋېرەتتى. لېكىن، كۆز ئالدىغا بولسا ماخونىڭ ئارقا تېمى يېنىدا ئۆسكەن يوغان بىر تۇپ ئۈجمە كېلەتتى... توختى تۇنجى قېتىم — ئۈجمە تازا پىشىپ تۆكمە بولغان چاغدا گۇلشەننى ئەنە شۇ ئۈجمە تۈۋىدە ئۇچراتقانىدى. ئۇ چاغدا توختى ئۈجمە ئۈستىدە بولۇپ، تۆۋەنگە بىر توپ قىزلار ئولاشقانىدى. ئۇلار: «توختىكا، ئىرغىتىپ بېرىڭا، ئىرغىتىپ بېرىڭا!» دەپ ۋارقىرىشاتتى. يوپۇرماقلارنىڭ كۆلەڭگىسى ئۇلارنىڭ يۈزىدە چىمىرلايتتى. گۇلشەن بولسا بىر چەتتە تۇرۇپ، ئاپتاپ چاققان كۆزلىرىنى سەل قىسىپ، توختىغا قىزىقسىنىپ قارايتتى... كېيىن بۇ قىزنى توختى كۆل بويىدا پات - پات ئۇچرىتىدىغان بولدى. بۇ كۆلنى دېھقانلار مال سۇغىرىش ئۈچۈن ياسىغانىدى. يۇقىرىدىكى كىچىك بۇلاقلاردىن ئېقىپ چىققان سۇلار شۇ كۆلگە قۇيۇلۇپ توپلىناتتى. توختى ئاخشىمى - ئەتىسى بۇ يەرگە ئاتلارنى سۇغارغىلى ئېلىپ چىقاتتى. بۇلاقتىن سۇ ئېلىپ يانغان قىزلار كۆل بويىدىن ئۆتۈشەتتى. ئۇلارنىڭ كۈلكىلىرىدىن ئۈركۈگەن ئاتلار سۇ ئىچىشتىن توختاپ، قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ، باشلىرىنى كۆتۈرۈپ كىشنىشەتتى. گۇلشەننىڭ شولىسى كۆل سۈيىگە چۈشكەندە نازۇك تەۋرىنىپ، توختىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالاتتى. نېمىشقىدۇر ئۇلار بىر - بىرىنى كۆرگەندە تەڭلا قىزىرىشاتتى. قىزنىڭ كۆزىدە خەتەرگە يولۇققان توشقاننىڭ

كۆزىدىكى ھوشيارلىق ، ئۇركۇگەن كىپىكىنىڭ كۆزىدىكى يېتىرقاش ، قوزىسىنى يالاۋاتقان قويىنىڭ كۆزلىرىدىكى مۇلايىملىق ئەكس ئېتەتتى… ھازىر گۇلشەن بويىغا يېتىپ ، يېزا بويىچە ئەڭ گۈزەل ساھىبجامالغا ئايلانغانىدى . بىراق ، ئەمدى ئۇنى ئاكىلىرى تالا - تۈزلەرگە چىقارمايتتى . شۇنداق بولسىمۇ توختى بىلەن قىزنىڭ ۋەدىلەشكەن چاغلىرى ، خۇپىيانە ئۇچرىشىدىغان ئورۇنلىرى بار ئىدى… . شۇلارنى ئويلىغاندا توختى ئۆز - ئۆزىگە كۈلۈمسىرەيتتى - دە ، ناخشىسىنى تېخىمۇ ئىشتىياق بىلەن ئېيتىپ ، ئېشەكنى جېدەللەپ ھەيدەيتتى . قىش كۈنلىرى دەريا ساھىلى تۇمانلىشىپ كېتەتتى . مۇنداق چاغلاردا ، يىراقتىن قارىغان ئادەمگە توختى ئېشەك ھارۋىسى بىلەن بۇلۇتلار ئىچىدە ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى ، گويا ئۇ نېمىگىدۇر ئالدىرايدىغاندەك قىلاتتى… شۇنداق ، ئۇنىڭ يېتىشكە ئالدىرايدىغان مەنزىللىرى ئازمۇ دەيسىلەر ؟ ! ئۇ پۇلنى كۆپرەك تېپىپ ، كەمبەغەلچىلىكتىن قۇتۇلۇشقا ئالدىرايتتى ؛ گۇلشەن ئۈچۈن گۈزەل تۇرمۇش يارىتىشقا ، چىرايلىق سارايلارنى سالدۇرۇپ ، قىزنى بالدۇرراق ئەكېلىشكە ئالدىرايتتى…

توختى ئىككى يىل سوت سېتىپلا پۇللۇق بولۇپ قالدى .

بۇ يېزىدا ئەتىدىن كەچكىچە چوڭ يول ئۈستىدىكى ماگىزىننىڭ تېمىنى يۆلەپ ئولتۇرۇپ ، قۇرۇق پاراڭ بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان بىرنەچچەيلەن بار ئىدى . ئۇلار ئۈچۈن ئەتىيازدا يەرگە ئۇرۇق چېچىپ ، كۈزدە ئورۇۋېلىشتىن باشقىسى ئىش ھېسابلانمايتتى . ئۇلار مۇشۇ مەھەللىدىن بوسۇغا ئاتلاپ چىقىپ يىراقلارغا بارمىغانلىقى بىلەن پەخىرلىنەتتى ، ئۇلار ئۈچۈن يەر يۈزىدە ئەڭ چىرايلىق يەرمۇ مۇشۇ يېزا ، ئەڭ گۈزەل ئاسمانمۇ

مۇشۇ مەھەللىنىڭ ئاسمىنى ئىدى . ئىلىم - سېتىم ئىشىنى «ئالدامچىلىق» دەپ قارايتتى . سىرتلارغا ئىش - ئوقەت ئىزدەپ چىقىشنى «قەلەندەرچىلىك» دەپ بىلىشەتتى··· تامغا سوركىشىپ ئولتۇرۇۋەرگەچكە ئەڭ ئاۋۋال ئۇلارنىڭ چاپىنىنىڭ دۈمبىسى يىرتىلاتتى . خۇشى تۇتقان بىرىنىڭ گىپىنى قەغىزىگە قوپال قىلىپ يۆگىگەن تاماكىسىنى «ئەكەلگىنە ، بىر - ئىككى شورىۋالاي !» دېيىشىپ ، قولدىن - قولغا ئېلىپ چېكىشەتتى . بەزىدە ئۇلار داق يەردىلا ئولتۇرۇشۇپ ، ئالدىدىكى شىمىشكە شاكاللىرىنى پۈۋلىشىپ ، ئۈچ بۇرجەك سىزىق سىزىپ بۆرە قاتار ئوينىشاتتى . ئىشتىنىنىڭ كەينى يىرتىلىپ كەتسە ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ ، «يامىۋەتسەڭا» دەپ خوتۇنىنىڭ ئالدا دۈملا يېتىپ بېرىشەتتى··· توختىنىڭ ھال - ئەھۋالىدا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشنى دەسلىپىدە ئەنە شۇلار بايقىغاندەك بولدى .

— قاراڭلار ، ماۋۇ كارامەتنى !— دېيىشتى ئۇلار بىر كۈنى بىر - بىرىنى نوقۇشۇپ ، — توختى كاستۇم كىيىپتۇ !

توختى يېپيېڭى كاستۇمنى قاتۇرۇپ كىيىپ ، ھارۋىسىنى ھەيدەپ ، شەھەر تەرەپتىن پەرۋايى پەلەك چىقىپ كېلىۋاتاتتى . ئىشەكنىڭ قاتىرىشىغا تەڭكەش بولۇپ ، ھارۋىدىكى قۇرۇق تۇڭلار رىتىملىق داراڭلايتتى .

— كاستۇم كىيىپ ئىشەك ھارۋىسى ھەيدىدى ، دېگەن ئېغىلغا زەدىۋال تارتقاندەك بىر ئىش - دە .

— توختەك كاستۇم كىيگەن بولسا ، كاستۇم دېگىنىڭمۇ تايىنلىق ئەمەسكەن .

ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كاستۇم تىكتۇرۇشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقان بىرەيلەننىڭ ئەمدى ئۇنداق نېمىنى كىيىشتىنمۇ

رايى قايتتى .

لېكىن ئىش بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمىدى . ئاز ئۆتمەي توختى مەھەللە بويىچە بىرىنچى بولۇپ تېلېۋىزور سېتىۋالدى . ياز كۈنلىرى بۇ تېلېۋىزورنى ئۇ ھويلىغا قارىتىپ ، كىچىك ھۇجرىسىنىڭ دېرىزىسىگىلا قويۇپ قوياتتى . كەچكە يېقىن ئۇششاق - چوڭ ، قېرى - ياش بىر توپ ئادەم كىچىك بەندىڭلىرىنى كۆتۈرۈشۇپ ماخوغا يۇگۇرۇشەتتى... يەنە ئاز ۋاقىتتىن كېيىن توختىنىڭ ئاستىدا قىپقىزىل بىر موتسىكلىتمۇ پەيدا بولدى .

— ئاۋۇ قوڭىدىن ئىس چىقىرىپ كېتىۋاتقان قايسى؟ !

— ئۆمرىدە ئېشەك قولىقى تۇتۇپ باقمىغان بىرنېمىنىڭ...

— ئۇ نېمىسىگە شۇنچىۋالا تاراقشىپ كېتىۋاتىدۇ؟

— نېمىگە بولاتتى ، ئۇنى يوغىنىتىۋاتقان مەھەللىمىزنىڭ سۈتى .

— توغرا ئېيتتىڭ ، نېمىشقا ئۆزىمىزنىڭ مەھەللىسىنىڭ سۈتىنى ئۆزىمىز ساتمايمىز ؟

ئادەم دېگەن شۇنداق نېمە . قوشنىمىز بېيىپ كەتكىلى تۇرسا ، ھېچبولمىغاندا بىر يېرىمىز ئېچىشقاندەك بولىدۇ ، ئەگەر بىز كۆزىمىزگىمۇ ئىلىپ قويمايدىغان بىرى بىزدىن ئېشىپ كەتكىلى تۇرسا ، تېخىمۇ ئازاب ھېس قىلىمىز... توختىنىڭ «تاراقلاپ» كېتىۋاتقىنىغا چىدىمىغان بىرنەچچەيلەن ئاخىر كەنت باشلىقى— ئىلگىرىكى ئەترەت باشلىقى سايىمنىڭ ئالدىغا كىرىپ كېلىشتى .

— ھوي ، سايىم ، بىز نېمىدەپ ئۆزىمىزنىڭ سۈتىنى

ئۆزىمىز ساتمايمىز ؟
— قايسى سۈتنى ؟
— مەھەللىنىڭ سۈتىنىچۇ ؟
— ئەجەب خەقكەنسىلەر ، — دەپ تېرىكتى سايىم ، — ئۆزۈڭلار بىر ئىشنى جۆندەپ قىلالمايدىكەنسىلەر ، خەق قىلسا كۆرەلمەيدىكەنسىلەر…
— كۆرەلمىگىنىمىز ئەمەس ، نەچچە ۋاقىتنىڭ ياقى توختىكىنى سەل ئۆزىنى جۆندىۋالسۇن ، دەپ قويۇپ بەردۇق .
— بىردىن ئىشەك هارۋا قىلىپ سىلەرمۇ ساتامسىلەر ، كىم سىلەرنى تۇتۇۋاپتۇ ؟ !
— ۋاھ ، قىزىق گەپ قىلىسەنغۇ ، سايىم . بىزنىڭ بۇ كىچىككىنە يېزىدا نەچچە هارۋىدا ئەكىرىپ ساتقۇدەك نەنىڭ سۈتى بار ؟
— ئۇنداق بولسا ، مېنى نېمە قىل دەيسىلەر ؟
— سۈتنى ئۆزىمىز ساتىمىز .
— توختەك باشقا ئىش قىلسۇن .
— ئۇنىڭ هارۋىسىنى بىزگە ئېلىپ بېرىسەن !
— خەقنىڭ هارۋىسىدا نېمە ھەققىڭ بار ؟
— نېمىدەپ خەقنىڭ بولىدىكەن ؟ ئۆزىمىزنىڭ هارۋىسى ئۇ . ئات - هارۋىلارنى تەقسىم قىلغاندا يېپىيېڭى بىر ئۆكۈز هارۋىنى قاراپ تۇرۇپ توختىغا بېرىۋەتكىنىڭ ئېسىڭدىدۇ ؟… توختى ئۇنى غاچچىدە قادىرنىڭ ئىشەك هارۋىسىغا تېگىشىۋالدى . تېگى بىزنىڭ مۈلكىمىز ، دېگەن شۇ .
— هوي ، خەق ، ئىنساپ قىلىڭلار . توختى ئىچىپ بولالماي قېتىق قىلىپ ، قۇرت سېلىۋېتىدىغان سۈتلىرىڭنى شەھەرگە

ئەگەر بىر پۇل قىلىپ بېرىپ يامان قىلمىغاندۇ؟

— سايىموي، ئۇ قىلالىغان ئىشنى بىز مۇ گۇل چىقىرىۋېتەلەيمىز... ھارۋىنى چىرايلىقچە ئېلىپ بەرسەڭ ئېلىپ بەر، بولمىسا يولنى توسۇپ ئۆزىمىز تارتىۋالىمىز... ئەترەتنىڭ ھارۋىسىدا ئانىسىنىڭ ھەققى بارمىكەن!؟...

سايىم ئۇزاق ئويلاندى ـ دە، كەچقۇرۇن كونا ماخوغا بېرىپ، توختىنى بىر چەتكە تارتىپ ئەھۋالنى ئېيتتى.

— ئۇكام، — دېدى ئۇ گېپىنى يىغىنچاقلاپ، پىنەكچە يۆگىگەن قەغەزگە موخوركا سېلىپ تۇرۇپ، — بەش قول ئوخشاش بولمايدۇ، دېگىنە، ھال ـ كۈنىڭنىڭ ياخشىلىنىپ قالغىنىغا ئارىمىزدىكى بەزىلەرنىڭ كۆزى قىزىرىۋاتقاندەك قىلىدۇ. ھارۋىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىۋەتسەڭ بېرىۋەت، سۈتنى شۇلار ئۆزلىرى ساتسۇن، قولۇڭدىن ئىش كېلىدىغان يىگىتكەنسەن، يەنە ئاچ قالماسسەن.

— توختى يەرنى سىجاپ، بىرھازا ئۈنچىقماي ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىۋاتقىنى ھارۋىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئەمەس، مەھەللىدىكى بەزى ئادەملەرنىڭ ئۇنى تېخىچە ئارىغا ئالمايۋاتقانلىقى ئىدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا تېخى توك توگمەن، ماي تارتىش ماشىنىسى، كۆڭۈل ئېچىش ئۆيى، ئاشخانا دېگەندەك ئاجايىپ پىلانلار بار ئىدى.

— بوپتۇ، — دېدى توختى، — ھارۋىنى راست ئۆزىڭىز بېرىۋېتىڭىز، ئوتتۇرىدا سىز خىجالەت بولۇپ قالماڭ... . مەن زادى مۇشۇ خەقنىڭ كۆزى چۈشمەيدىغان يىراق بىر يەرگە بېرىپ ئوقەت قىلاي!

توختىنىڭ قورسىقىدا يەنە باشقىچە بىر چوت سوقۇۋاتقىنىنى

ياكى قېيىدىغىنىنى ھېچكىم بىلەلمەي قالدى . ئۇ ھارۋىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ، موتسىكلىت بىلەن تېلېۋىزورنى شەھەرگە ئەكىرىپ سېتىپ ، پۇلنى بەلگە مەھكەم تۇگۈپ ، يېزىدىن كېتىپ قالدى .

توختى سوت سېتىپ يۈرۈپ بىر ـ ئىككى سودىگەر ئاغىنىلەر بىلەن تونۇشۇپ قېلىشىدى ، بۇ قېتىم ئۇ شۇلار بىلەن شېرىكلىشىپ ، شەھەر ئاتلاپ ئوقەت قىلىشقا تەۋەككۈل قىلدى . يولى كەلسە بۇ پۇلغا ھەسسىلەپ پۇل قونىدىغان سەپەر ئىدى . توختى سەپەر سومكىسىنى كۆتۈرۈپ پويىز ئىستانسىلىرىدا قىستىلىپ يۈرۈپ ، پويىزنىڭ قاتتىق ئورۇندۇقىدا مۈگدەپ ئولتۇرۇپ ، نۇرغۇن چوڭ شەھەرلەرنى ئارىلىدى . ئۇ يەرلەردە ئاسمان ـ پەلەك ئېگىز بىنالار ، ۋاڭ ـ چۇڭغا تولغان بازار ، ھەشەمەتلىك مېھمانخانىلار بار ئىدى . لېكىن ، توختى نېمىشقىدۇر يىراقتا قالغان ھېلىقى خىلۋەت يېزىنى ئۇنتۇيالمىدى . ئۇ چۈشىدىمۇ دەريا ياقىلاپ كەتكەن يوللارنى ، داكىدەك نېپىز تۇمان ئىچىدە ياتقان تاللىقلارنى ، مەھەللىنىڭ يۇقىرىسىدىكى سۇيى تاتلىق بۇلاقلارنى ، ياپيېشىل سۇ ئوتلىرى قاپلىغان ھېلىقى كۆل ۋە لويلا ـ كوكاتلار بېسىپ كەتكەن ھويلىلارنى كۆرەتتى . ئۇ يەردە ئىسسىق قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ بويىنىغا گىرە سالغان بىر قىز قالغانىدى ، ئاشۇ ئاددىي يېزا قىزىدىكى سەمىمىيلىك ، پاكلىقنى بۇ شەھەرلەردىكى پۇلنى كۆزلەپ قىلتاق قويۇپ يۈرگەن نايناقلارنىڭ جىلۋىسىگە زادىلا ئوخشاتمايتتى…

ئېھتىمال ، گۈلشەننى ھېسابقا ئالمىغاندا ، مەھەللىدىكى خېلى كۆپ كىشىلەر توختىنى ئۇنتۇپ كەتكەنمۇ بولاتتى ، بىراق ،

ئىككىنچى يىلى باھاردا ئۇ يېزىدا يەنە پەيدا بولۇپ قالدى. توختى ئۇستىگە ئەترەك كاستۇم ـ بۇرۇلكا، پۇتىغا غاچىلداپ تۇرىدىغان سۇپەتلىك شىبلىت كىيگەن بولۇپ، كالتە قىلىپ قويۇۋالغان بۇرۇتلىرى بىلەن ئۇ باشقىچە بىر سۆلەتكە كىرگەنىدى. ماگىزىنغا غوجا تام بولۇپ قاتارلىشىپ ئولتۇرغان بىر نەچچەيلەن ئۇنىڭ سالىمىغا سالام قايتۇرۇشنىمۇ ئۇنتۇپ، ئاغزىنى ئېچىپلا قېلىشتى. قىزلار بىر ـ بىرىنى نوقۇپ پىچىرلىشاتتى. توختى ئۇدۇل كەنت باشلىقى سايىمنىڭ ئۆيىگە باردى.

— خوش، شۇنداق قىلىپ دېگىزغىچە يېتىپ باردىم ـ دە؟! — دېدى سايىم توختىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، — قېنى چاي ئىچ، مانا جىگىرىڭ بار يىگىتكەنسەن، ئەل كۆرۈپسەن، يۇرت ئارىلاپسەن، «ھەم زىيارەت، ھەم تىجارەت» دېگەن شۇ. مېنى دېسەڭ، شۇ يېشىمغا كېلىپ تېخى سايرامنىڭ نېرىسىغا ئۆتۈپ باقماپتىمەن.

— شۇنچە يەرلەرنى ئايلاندىم، سايىمكا، — دېدى توختى ئالدىدىكى چايدىن بىر ئوتلاپ، — نېمىسىنى ئېيتىسىز، يەنە مەشەگە ئۆگىنىپ قاپتىمەن... سىز ئۆز قېرىندىشىمنىڭ ئورنىدىكى ئادەم، كۆڭلۇمدىكى گەپنى سىزگە ئېيتماي كىمگە ئېيتىمەن؟ پۇلنىغۇ تاپتىم، لېكىننزە، بۇ سەرگەردانلىق تۇرمۇش جېنىمغا تەگدى... ئەمدى...

توختى گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالماي توختاپ قالدى.

— ھە، نېمە دېمەكچىدىڭ؟ قورساقتا بار گەپنى دەۋەر. مېنىڭ ياردىمىم بىلەن پۈتىدىغان ئىش بولسا مانا مەن تۇرۇپتىمەن.

— ئەمدى مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم ، ماڭىمۇ مەھەللە ئەتراپىدىن بىرەر جايلىق يەر كېسىپ بەرسەڭلار ، پۇلىنى تۆلىسەم ، تۆت تامنى سوقۇپ ، ماۋۇ ئۆزۈمنىڭ ئۆيىكەن ، دەپ پۇت - قولۇمنى سۇنۇپ ئولتۇرسام .

— ياخشى گەپكەن ، ئەمما يېزىنىڭ يەرلىرىنى سېتىپ بېرىشكە بولمايدۇ ، دېگىنە ، — دەپ ئويلىنىپ قالدى سايىم ، — مەھەللىنىڭ يۇقىرىسىدىكى دۆڭنى بىلىسەنغۇ ؟... ھە ، ياراتساڭ شۇ يەردىن بەش - ئالتە پۇڭ يەر بېرەيلى . ئۇ يەرگە سۇ چىقمايدۇ ، تېرىلغۇ بولمايدۇ ، باشقىلار مۇدىمۇ قوپۇپ كەتمەس...

بۇ يېزىنىڭ ئۆيلىرى تولىسى دېگۈدەك ئاددىي توپا تام ئۆيلەر ئىدى . قەدىمىي دېھقانلار بۇ ئۆيلەرنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرىنى ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە ئېچىۋەرگەندەك قىلاتتى . بەزى ئۆيلەردە ھەتتا دېرىزىمۇ يوق بولۇپ ، ياغاچ بىلەن شادىلانغان پەنجىرە ياكى ئۆگزىگە ئېچىلغان تۈڭلۈكلا بولاتتى . ئىشلەمچان يېزا ئاياللىرىنىڭ سىغىز لايىنى كالا پوقى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ، تىنىم تاپماي سوۋاپ تۇرۇشىدىن ئۆرە بولغىنىنى دېمىسە ، بۇ ئۆيلەرنىڭ بەزىلىرى ئاللىبۇرۇن تۆگەشكەنمۇ بولاتتى . توختىشەھەر كۆرۈپ ، يۇرت ئارىلىغاچقىمۇ ، ئۇنىڭ ئۆي سېلىش پىلانى باشقىچىرەك بولدى . ئۇ ھەر تەرەپكە چېپىپ يۈرۈپ ياغاچ - تاش ، پىششىق خىشلارنى تەييارلىدى . ئۆينىڭ ياغاچچىلىق ، تامچىلىق ئىشلىرىنى شەھەرنىڭ ئۇستىلىرىغا كۆتۈرە بەردى . شۇنداق قىلىپ ، ئۈچ - تۆت ئايغا قالماي مەھەللىنىڭ يۇقىرىسىدىكى دۆڭ ئۈستىدە كېلىشكەن بىر ئىمارەت قەد كۆتۈردى . ئىشىك - دېرىزە ، پېشايۋان تۈۋرۈكلىرى توق زەڭگەر سىرلانغان ، ئاستى-

ئۇستى تاختايلىق، كۇنگەيگە قارىغان بۇ جاينىڭ سۈلتىنى سېلىشتۇرۇشقا توغرا كەلسە، بۇ مەھەللىدىكى سەدىر پومېشچىكنىڭ ئۆيلىرىگىلا سېلىشتۇرۇشقا بولاتتى. ئەمما، باينىڭ ئۇ ئۆيلىرى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھازىر ئىسكەتىدىن كەتكەنىدى. پەقەت ئۇنىڭ قاپقاقلىرى سۇنۇپ چۈشكەن چوڭ - چوڭ دېرىزىلىرى، كۆك خىش بىلەن كۆتۈرۈلگەن ئۇلى، قىيسايغان چوڭ دەرۋازىسىلا ئۆز ۋاقتىدا ئاجايىپ قۇرۇلۇش ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولۇپ تۇراتتى.

— توختىنىڭ ئۆيى قانچە تەڭگىگە پۈتكەندۇ؟

— ئون مىڭ سوم.

— يىگىرمە مىڭ سوم.

— ئوتتۇز مىڭ سوم.

بۇنچىلىك سوملارنىڭ زادى قانچىلىك پۇل ئىكەنلىكىنى بەزى دېھقانلار تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايتتى.

— توختەك شۇنچىۋالا پۇلنى نەدىن تاپقاندۇ؟

— سۈت سېتىپمۇ شۇنچىلىك بېيىپ كەتكىلى بولارمۇ؟

— ئوغرىلىق قىلامدۇ - يە؟!

— يالغان گەپ قىلىپ گۇناھكار بولماڭلاررەي خەقلەر، مال- ۋارانىمىز ئېغىلدا، تاپقان - تۈگكىنىمىز ساندۇقىمىزدا تىنچ تۇرۇپتىغۇ!...

— ئەمىسە، كېيىنكى سۈتچىلەر نېمىشقا ئۇنداق باي بولۇپ كېتەلمەيدۇ؟

— ئاڭلىمىدىڭمۇ، ئۇرۇمچى دەمدۇ، شاڭخەي دەمدۇ، يەنە نېمە دەيدۇ خۇدايىم... بارمىغان يېرى قالماپتۇدەك. دوڭ سودىدىلا نۇرغۇن پايدا كۆرۈپتۇدەك...

توختىنىڭ مۇنداق ھەشەمەتلىك ئۆي سېلىشى گويا بەزىلەرگە ھاقارەتتەك بىلىندى. قېرىشقاندەك بۇ ئۆي دۆڭ ئۈستىگە چۈشكەچكە، كىملا ئۆيدىن چىقىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، خۇددى پېشانىسىگە ئەكېلىپ ئېسىپ قويغاندەك ئېنىق كۆرۈنەتتى... سەدىر بايغۇ ئاللىبۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن. ھازىر مەھەللىدە ئۇنىڭ نەۋرىلىرىدىن بىرنەچچەيلەن بار ئىدى. مۇنداق كاتتا ئۆينى ئەنە شۇلار سالغان بولسا ھېچكىم ئەجەبلەنمىگەن بولاتتى؛ قانداقلا بولمىسۇن، ئەسلى باينىڭ ئەۋلادى، ماي ئالغان قاچىنىڭ يۇقى بولىدۇ - دە!... لېكىن، توختى كىم؟ ئۇ بىر جىنىنى جان ئېتەلمەي كېلىپ، مۇشۇ يېزىدا توختاپ قالغان يېتىمەك...

ئاياللار ئاجايىپ خەق - دە! ئۇلارنىڭ پىكىر قىلىشى يەنە باشقىچىرەك ئىدى. بۈگۈنكى بۇ يېزا ئاياللىرى ئۆتمۈشنىڭ ئاياللىرىغا ئوخشاشمايتتى. ئۇلار رادىيو، ئۈنئالغۇ، تېلېۋىزور دېگەنلەردىن بۇ ئالەمنىڭ تولىمۇ كەڭ، رەڭگارەڭلىكىنى، ئاجايىپ توق، خۇشال - خۇرام ياشايدىغان ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى بىلىشكەنىدى، ئۆز ئەرلىرىنىڭمۇ ھەرىكەت قىلىشىنى، يېڭى، گۈزەل، باياشات دۇنيا يارىتىشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

— توختىنى قاراڭلار، — دېيىشەتتى ئاياللار بىر - بىرىنى نوقۇپ، — تۈنۈگۈنلا مەھەللىگە يالاڭ ئاياغ كېلىۋىدى، تىرىشىپ، بىرنېمىلەر قىلىپ بېيىپلا كەتتى.

— سالغان ئۆيلىرىچۇ؟... ئۇ كۈنى مەن ئوغرىلىقچە بېرىپ قاراپ باقتىم. ساراي دېگىنە، ساراي.

— ئۇ ئۆينى قايسى تەلەيلىك خېنىم تۇتاركىن؟

— كىم بولاتتى، گۈلشەنچۇ؟!...

# 4

ئوت يالقۇنى رەھىمسىزلىك بىلەن ھەممە نېمىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىپ ، ئاستا ـ ئاستا پەسىيىشكە باشلىدى . توختى ئېسىنى بىر بىلىپ ، بىر بىلمەي ، نېمىلەرگىدۇر پۈتلىشىپ كېتىپ باراتتى… ئارقىسىدا يىراقلاپ قېلىۋاتقان ئاشۇ يېزىغا بىر چاغلاردا ئۇ مۇشۇنداق قۇرۇق قوللا كىرىپ كەلگەنىدى ، ھازىرمۇ قولىنى سىلىپلا يېنىپ چىقتى . ئۇ چاغدا توختى يوقسۇل ئىدى ، ئەمما قەلبىدە ئۈمىد ، كۆڭۈللۈك تۇرمۇش تېپىشقا ئىنتىلىش بار ئىدى . ھازىر بولسا ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېغىر ھەسرەت چۇلغىغانىدى ، ئۈمىد ئۇچقۇنى ئۆچكەندەك قىلاتتى . ئۇ تىرىشتى- تىرماشتى ، پۇل تاپتى ، ئاخىرىدا نېمە بولدى !؟… بايلىقنىڭ ئۇنىڭغا خۇشاللىق ئەكېلەلمىگەنلىكىگە ئۆزىمۇ ھەيران ئىدى .

ئۇ پات ـ پات توختاپ ئارقىسىغا قاراپ قوياتتى ، كۆيۈپ كۈل بولۇۋاتقان ئۆيگە ئەمەس ، قاراڭغۇلىشىپ تۇرغان مەھەللىنىڭ باشقا بىر تەرىپىدىكى نىشانغا قارايتتى . ئۇ يەردە توختىنىڭ مەشۇقى گۈلشەن قاماقلىق قالغانىدى . توختى قىزغا ئېچىناتتى ، قىزدا سەللا جۈرئەت بولغان بولسا ئىدى ، توختى ئۇنى ھەرنېمە قىلىپ بولسىمۇ ئۇ گۇندىخانىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققان بولاتتى ، خەير !… ئاي نۇرىدا ئاقىرىپ كۆرۈنۈپ تۇرغان بۇ يوللار ئۇنى نەگە ئېلىپ بارار ؟ جەنۇبتىكى ئېتىزلىرى تەكلىماكانغا تۇتىشىپ كېتىدىغان يىراق يېزىلارغىمۇ ياكى ئىمارەتلىرى بۇلۇتلارغا تاقاشقان چوڭ شەھەرلەرگىمۇ ؟… ئۇ يەنە قايتىپ كېلەرمۇ ؟!

توختى ئۆزىنىڭ نەگە بېرىپ ، نەدە توختىشىنى ئۆزىمۇ

بىلمەيتتى . تەقدىر ئوقيانىنىڭ كىرىچىنى تارتىپ تۇرغان ئوۋچىغا ئوخشىشىدۇ ، بۇ ئوق ئۇچۇپ چىقتى ، نەگە چۈشۈپ ، قايسى نىشانغا تېگىشى پەقەت ئىگىسىنىڭ كۆڭلىگىلا ئايان .

## 5

گۈلشەننىڭ ئۈچ ئاكىسى بار ئىدى ، باللارنىڭ دادىسى گۈلشەن ئىككى ـ ئۈچ ياش ۋاقتىدىلا ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ ، تۇل ئانا ئۇلارنى ناھايىتىمۇ جاپادا چوڭ قىلغانىدى . ئۇ ئەتىدىن كەچكىچە تۆت بالىسىنىڭ كىرىنى يۇيۇپ ، يامىقىنى ياماپ ، ئاش-تامىقىنى ئېتەتتى . ئەترەت باشلىقىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ : «ئوغۇللارنى نومۇر جىقراق تېگىدىغان ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويساڭ» دەپ يالۋۇراتتى ، چاي ـ تۇز ، نورما ئاشلىق ئۈچۈن كاسسىر ، ئىسكىلاتچىلارنىڭ ئىشىكىدە سارغىياتتى… ئانا ئەنە شۇنداق پالاقلاپ يۈرۈپ بىر كۈنى تۇيۇقسىزلا يىقىلدى ـ دە ، بىر-ئىككى كۈنلا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ ئالەمدىن ئۆتتى . شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆينىڭ ھەممە ئېغىر ـ يېنىك ئىشلىرى گۈلشەننىڭ بېشىغا قالدى .

گۈلشەننىڭ ئاكىلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا ، ئەترەت باشلىقى دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ۋارقىراپ ، مەجبۇرىي ئىشقا ئاچىقىدىغان كۈنلەر ياخشىراق ئىدى . قانداقلا بولمىسۇن ، ئۈچ ئاكا ـ ئۇكىنىڭ ئەمگەك نومۇرى يىغىلىپ ، يىل ئاخىرىغىچە خېلى بىرنېمە بولۇپ قالاتتى . يەرلەر ئائىلىلەرگە كۆتۈرە بېرىلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئەھۋالى خارابلاشتى . بۇ ئاكا ـ ئۇكىلار بىر ـ ئىككى ياشتىنلا پەرقلەنگەچكىمىكىن ، بىر ـ

بىرىنىڭ گېپىگە ئانچە كىرىپ كېتەلمەيتتى ، مىجەز - خۇيىمۇ ھەر تۈرلۈك ئىدى . ئۇلار كۆزدە خەقنىڭ تاپا - تەنىسى بىلەن ئۆزۈقنى يەرگە ئارانلا چۈكۈرۈۋېلىشاتتى - دە ، كېلەر يىلى تېرىم- يىغىم ۋاقتىغىچە ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ خىيالىنى سۈرۈپ ، ئۆزى بىلگەن يولدا يۈرۈشەتتى .

چوڭى ئاۋۇت نەشىگە قاتتىق بېرىلىپ كەتكەنىدى . ئانچە - مۇنچە بامدات ، جۈمە نامازلىرىغا چىقىپ قوياتتى ، قالغان ۋاقىتلىرى ماگىزىنىنىڭ تېمىنى يۆلەيدىغان «غوجا تام»لار بىلەن قۇرۇق پاراڭدا ئۆتەتتى . ئۇنى پۇل تاپتى دېگەندىمۇ ، تاپقان پۇلى چېكىدىغان نەشىسىگە يەتمەيتتى .

كىچىكى داۋۇت كۆپىنچە ئۆيدە تۇرمايتتى ، ئۇنىڭ نەدە ئوتلاپ ، نەلەردە تۈنەپ يۈرگىنىنى بىلىپ بولمايتتى ، ئۆزىنىڭ تاپقانلىرىنى شۇ يەرلەردە ھاراق ئىچىپ تۈگىتىۋېتىپ ، يەنە ئۆيگە قۇرۇق قوللا يېنىپ كېلەتتى . بەزى مەست كەلگەن كۈنلىرى گۈلشەنگە ھال ئېيتىپ :

— مەندىن رەنجىمە ، سىڭلىم ، دەردىم بار ، شۇڭا ئىچىمەن… . بىز كىمنىڭ ئەۋلادى بىلەمسەن؟… مانا ، سەن تېخى ھېچنېمىنى بىلمەيسەن ، سەدىر باينىڭ ئۇرۇق - جەمەتى بولىمىز . سەدىر باينىڭ ! چوڭلاردىن سوراپ باققىنا ،بوۋىمىزنىڭ تاغدا مىڭلاپ قويى ، شەھەردە بىرقانچە يەردە قورۇ - جايى بولغانىكەن… مېنى بىكار لەلەڭلەپ يۈرىدۇ ، دەمسەن ، ئاۋۇ مەكتەپ قىلىۋالغان جاينىڭ دەۋاسىنى قىلىپ يۈرىمەن ، جاي قولىمىزغىلا قايتسا ، بېيىپ كەتكىنىمىزنى ئاندىن كۆرىسەن…

گۈلشەن مۇنداق گەپلەرنى ئۇنچىقماي تىڭشايتتى . داۋۇت شۇ گەپلىرى بىلەن سىڭلىسىنى خاتىرجەم قىلىپ قويغاندەك بولۇپ ،

خارقىراپ ئۇخلاپ قالاتتى ۋە تاتلىق چۈشلەرنى كۆرەتتى··· ئۇ چوڭلاردىن «سەدىر باينىڭ كۆمۈپ قويغان ئالتۇنى بار» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قالغانىدى . ئەگەر ھېلىقى مەكتەپ قىلغان جاي قولغا كىلىپلا قالسا ، داۋۇت بۇ ئۆيلەرنى چۇۋۇپ ، ھېلىقى ئالتۇنلارنى تاپماي قويمايتتى··· .

ئوتتۇرانجىسى ساۋۇت كەپتەر باقاتتى . ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى چېيىنى ئىچىپ چىقىپ ، پېشايۋاندا موخوركىسىنى چەككەچ دانلاپ يۈرگەن كەپتەرلەرگە قاراپ بىرھازا ئولتۇرۇپ كېتەتتى ، ئاندىن ئۇزۇن ياغاچنىڭ ئۇچىغا باغلانغان قىزىل لاتىنى پۇلاڭلىتىپ ، كەپتەرلەرنى ھاۋاغا ئۆرلىتىپ پەيزى ئالاتتى . ساۋۇت ئات ـ هارۋا تۇتۇشقا ھېرىس ئىدى . قولى بوشاپ قالسىلا ئېتىنىڭ دۈمبىسىنى تاتلاپ ، ھارۋا ـ جابدۇقلىرىنى مايلاتتى . قانداقلا بولمىسۇن ، ساۋۇت قالغان ئىككى ئەر قېرىندىشىغا قارىغاندا پەرقلىكرەك ئىدى . ئانچە ـ مۇنچە كۆمۈر ـ پۈمۈر توشۇپ ، كىراكەشلىك قىلىپ ، ئۆينىڭ چاي ـ تۇزىدىن خەۋەر ئالاتتى .

مۇنداق بىر ئۆيدە قازاننى ئۆكسۈتمەي قاينىتىشنىڭ قانچىلىك مۈشكۈللۈكىنى گۈلشەنلا بىلەتتى . ئاكا ـ ئۇكىلار باشقا ئىشتا كىلىشەلمىسىمۇ ، سىڭلىسىنى باشقۇرۇشقا كەلگەندە بىر پىكىردە ئىدى . ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ، بويىغا يېتىپ قالغان قىزنى چىڭ تۇتۇش ئەرلەرنىڭ تالىشىپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز بولغان مۇقەددەس بۇرچى ھېسابلىناتتى . گۈلشەن بولسا ياۋاش ، تىرىشچان قىز ئىدى ، ھەممىگە شۈكۈر قىلاتتى ، كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە ئۇچ ئاكىسىدىن «تاغدەك ئۇچ يۆلەنچۈكۈم بار» دەپ پەخىرلىنەتتى .

بۇ نامرات ئۆي ئاشۇ قىز بىلەن ئاۋات ئىدى . گۈلشەن ئۆي ئىچى ، ھويلا - ئارامىلارنى سىيرىپ - سۈپۈرۈپ ، ئىشىك - دېرىزىلەرنى ئېچىۋېتەتتى . پەس ئاۋازدا قانداقتۇر بىر ئاھاڭنى تەكرارلىغىنىچە ، سۈپىنىڭ كىگىز ياپالمىغان يېرىدىن تارتىپ قازان بېشى ، يازلىق ئوچاقلارغىچە سېغىز لايدا سۇۋاپ ئاقارتىپ چىقاتتى . ياز كۈنلىرى قىز ھويلىغا گۈللەرنى تېرىۋېتەتتى . ئۆينىڭ يېنىدىكى كىچىككىنە باغچىغا كىرىپ ئوتلارنى يۇلاتتى ، بەلگە يەتمەيدىغان ئارقا تامدىن قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ ياتقان داللارغا ، كۆپكۆك ئېتىزلارغا ، دولقۇندەك بولۇپ تۆۋەنلەپ كەتكەن ئېدىرلارغا قارايتتى . بۇ بىپايان كەڭلىك ، رەڭگارەڭ تەبىئەت يېزا قىزىنىڭ قەلبىنى شادلىق بىلەن تولدۇراتتى...

گۈلشەننىڭ گۈزەللىكى كىنو - تېلېۋىزوردىكى چولپانلارنىڭ ياكى يېزىلىقلار شەھەرگە كىرگەندە ھەيران بولۇپ قاراپ قالىدىغان «پەرى»لەرنىڭ گۈزەللىكىگە ئوخشىمايتتى . ئۇ ھېچقانداق زىبۇزىننەت ، ئۇپا - ئەڭلىكلەرسىزمۇ چاقناپ تۇراتتى . ئۇ كىشىلەرنىڭ نەزىرى چۈشمەيدىغان بىر ماكاندا ئۆسۈۋاتقان دالا گۈلىگە ، يىراق بىر ئورمانزارلىقنىڭ ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان تولۇن ئايغا ئوخشىشاتتى . بۇ ئاينىڭ نۇرى ئۆزىنى توسۇپ تۇرغان يوپۇرماقلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ ، توختىنىڭ يۈرىكىگە ئوت ياققانىدى... قىزمۇ تىنىمسىز بۇ يىگىتنى ياخشى كۆرەتتى . بەزىدە ئۇ : «بۇ يىگىت يېزىمىزغا قاچاندىن بېرى پەيدا بولۇپ قالغاندۇ ؟ بەلكىم ، ياراتقان ئىگەمنىڭ ئۆزى ئۇنى مەن ئۈچۈن ئاسماندىن چۈشۈرگەندۇ !» دەپ ئويلاتتى . قىزنىڭ نەزەرىدە توختى يەردە ماڭمايتتى ، ئۇنىڭ خىيال دۇنياسىدا ئۇزۇپ يۈرەتتى . قىز ئۇنى كۆرمىسىمۇ قەدەم ئاۋازىدىن تونۇيتتى . ئۇنىڭ يۈرىكى ئاشىقنىڭ ئۆزىنى قاچان ،

قەيەردە كۆتۈپ تۇرغانلىقىنى غايىبانە ھېس قىلاتتى ـ دە ، توختىنى تويتوغرا تېپىپ بارالايتتى... ئەمما ، قىز بۇ سىرنى ھېچكىمگە ئېيتىشقا پېتىنالمايتتى ، ئاكىلىرىنىڭ توختىنى نېمىشقا ياقتۇرمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپمۇ يېتەلمەيتتى .

بىر كۈنى قىز ئاكىلىرىنىڭ بۇ ھەقتە پىچىرلاشقىنىنى قورقۇنچ ئىچىدە ئاڭلاپ قالدى .

— ئەمدى گۈلشەننى ئادەم تېپىلمىغاندەك ئاشۇ توختەككە بېرىمىزما ؟ !

— ئادەمنىڭ نومۇسىنى كەلتۈرۈپ ، تەپ تارتماي گۈلشەنگە ئېغىز ئاچقىنىنى...

— نېمىسىگە يوغان سۆزلەيدۇ ھوي ئۇ ؟...

— شۇنى دەيمىنا ، بىز كىم ، ئۇ كىم ؟... بىز دېگەن سەدىر باينىڭ ئەۋلادلىرى !

— مۇشۇنىڭ بىلەن توختىنىڭ ئۇچىنچى قېتىم ئەلچى قويۇشى . «شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدۇ» دېگەن گەپ بار . توختىغا سىڭلىمىزنىڭمۇ ئازراق مەيلى بارمۇ ، قانداق ؟

— مۇشۇنداق گەپنى سىرتتا مەنمۇ ئاڭلىغاندەك قىلىۋىدىم...

— شۇنداقمۇ ؟... ئۇنداقتا ، بۇ بۇزۇقنى ئۆيگە مەھكەم سولايلى ، ئاۋۇ توختەكنى مەھەللىدىن سۈرۈپ چىقىرايلى .

— شۇنداق قىلايلى ، بولمىسا ، بىزنىڭ يۈزىمىزنى تۆكىدىغان بىر ئىش بولۇپ يۈرمىسۇن !

## 6

دۆڭدە كۆتۈرۈلگەن يالقۇن گۈلشەن سولاقلىق ئۆيگىمۇ

قىپقىزىل شولا چاچقانىدى . سىرتتىن ئادەملەرنىڭ ئەنسىز ۋاڭ-چۇڭى ، دۈكۈلدەپ ئۆتكەن ئاياغ تىۋىشلىرى ئاڭلىناتتى . قىز ئۆينىڭ يۇقىرىسىدىكى پەنجىرىگە ياماشتى . ئارقىدىكى هويلىدا قوشنا ئايال راهىلەخاننىڭ قارىسى كۆرۈنگەندەك قىلدى .

— راهىلە هەدە ، هوي ، راهىلە هەدە !— دەپ ئۈنلۈك چاقىردى گۈلشەن .

راهىلەخان چۆچۈپ توختاپ ، ئاستا مېڭىپ ، پەنجىرە يېنىغا يېقىنلاشتى .

— راهىلە هەدە ، نېمە ئىش بولۇۋاتىدۇ ؟ دۆڭدە بىر نەرسە كۆيۈۋاتامدۇ ، نېمە ؟…

— ساڭا ئېيتىشقا ئاغزىم كۆيىدۇ ، گۈلشەن… ئەنە ئۆزۈڭمۇ كۆرۈپسەن ، توختىنىڭ يېڭى سالغان ئۆيى كۆيۈۋاتىدۇ…

— نېمە ! ؟

— ئاكىلىرىڭ ئۇنى قاتتىق ئۇرۇۋەتكەن ئوخشايدۇ . ئەر خەق دېگەن بەزىدە ساراڭ بولىدۇ . ئۆيگە ئاچچىقىدا توختى ئۆزى ئوت قويۇۋەتتىمۇ ، ئاكىلىرىڭنىڭ قىلغان ئىشىمۇ… بەزىلەر تېخى توختى ساراڭ بولۇپ ، مەھەللىدىن چىقىپ كېتىپتۇ ، دېيىشىدۇ . قايسىسىنىڭ گېپى راست ، خۇدايىم ئۆزى بىلمىسە…

گۈلشەننىڭ پەنجىرىنىڭ گىرۋەكلىرىنى تۇتۇپ تۇرغان قوللىرىدا جان قالمىدى . ئۇ سىيرىلىپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى .

## 7

ھەممە نېمە كۆيۈپ تۈگىدى . خىلۋەت يېزىنىڭ توخۇلىرى يەنە بىر يېڭى تاڭدىن خەۋەر بېرىپ ، بەس - بەستە چىللاشقا

باشلىدى . ئەمدىلىكتە دۆڭدىن پەقەت تۈتەپ كۆيگەن ئاچچىق ئىسلا كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى . قويلار ئېغىللىرىدا تىپىرلاپ ئارامسىزلانغىلى تۇردى ، موزايلار ئۆز ئانىلىرىنى ئىزدەپ مۆرىشەتتى . كىشىلەر ئۇيقۇدىن كۆز ئېچىپ ، ھەر كۈندىكىدەك تىرىكچىلىكنى باشلىۋەتتى .

ئاۋۇت ئويغىنىپ ئۇياق - بۇيىقىغا قارىدى - دە ، يېنىدا يوتقاننى بېشىغا پۈركەپ ياتقان داۋۇتنى ئويغاتتى .

— داۋۇت ، ساۋۇت ! قوپۇڭ ، ئاۋۇ ئۆينى ئېچىۋەت .

— قايسى ئۆينى ؟

— ئامبار ئۆينى .

— نېمىشقا ؟

— گۈلشەن چىقىپ چاي قايناتسۇن .

داۋۇت ئۇيقۇلۇق بېرىپ ئامبار ئۆينىڭ قۇلۇپىنى بىرھازا ھەپىلىشىپ ئاران ئاچتى - دە ، ئۆيگە كىرىپ ، بوسۇغىدىلا تۇرۇپ قالدى . ئۆيدە گۈلشەننىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى .

— ھوي ، ھوي ، قوپۇڭلارچۇ ، گۈلشەن يوق ؟

— نېمە دەيدىغانسەن ؟ !

ئاكا - ئۇكىلار ئامبار ئۆيگە يۈگۈرۈشۈپ كىرىشتى ، يىللاردىن بېرى ئامبارنىڭ بۇلۇڭىدا تۇرىدىغان يوغان ئۇن ساندۇقى پەنجىرىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ قالغانىدى (بۇ ساندۇقنى قىزنىڭ قانداق يۆتكىيەلىگىنىگە كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى ) . ياغاچلىرى سۇنغان پەنجىرىدىن تاڭنىڭ غۇۋا يورۇقى چۈشۈپ تۇراتتى .

— قېچىپتۇ !

— نەدىن قاچىدۇ ؟

— كۆرمىدىڭمۇ ؟... پەنجىرىدىن قېچىپ چىقكېتىپتۇ .
شۇ چاغدا ئاۋۇت ساندۇقنىڭ ئۈستىدىكى قەغەزنى كۆردى .
— ماۋۇ نېمە خەت ؟
— ئوقۇغىنا .
— مە ، سەن ئوقى .
داۋۇت قەغەزنى قولغا ئېلىپ ، يورۇققا تۇتۇپ دۇدۇقلاپ ئوقۇدى :

«مەن كەتتىم... سىلەر مېنى كەچۈرمەيسىلەر... مەنمۇ سىلەرنىڭ توختىنى ئۇرۇپ ، مەھەللىدىن قوغلىغىنىڭلارنى كەچۈرمەيمەن... يىقىندىن بېرى... ئاپام رەھمەتلىك تولا چۈشۈمگە كىرىدىغان بولۇپ قالدى... ماڭا شۇ يەر تىنچراق ئوخشايدۇ... ئاپامنىڭ قېشىغا كەتتىم... »

— نېمە دەيدۇي ماۋۇ ! — دېدى ئاۋۇت ھېچنېمە چۈشەنمەي .
— ئەكەلگىنە ! — دەپ داۋۇتنىڭ قولىدىن خەتنى «شارتتىدە » تارتىۋالدى ساۋۇت .
— ھە ، سەن بىر ئوبدانراق ئوقۇغىنا !
ساۋۇت قايتۇرۇپ ئوقۇدى .
— قەيەردىكى ئاپىسىنىڭ قېشىغا كېتىدۇ ، ئاپىمىز ئۆلۈپ كەتكەن تۇرسا ؟ — دەپ ھەيران بولۇپ سورىدى ئاۋۇت .
— ھە ، شۇ مەنمۇ ئۆلۈۋالىمەن ، دېگەن سۆز !
ھەممىسى بىر - بىرىگە قارىشىپ داڭ قېتىپلا قالدى .
— يۈگۈر ! — دېدى ئاۋۇت داۋۇتقا .

— نەگە يوگوريمەن ؟ !
راست ئۇ نەگە يوگوريدۇ ؟ گۇلشەن نەگە باريدۇ ؟ ئۆزىنى ئېسىۋالامدۇ ، دەرياغا تاشلامدۇ ، بوغۇزلامدۇ ؟ بۇنى كىم بىلىدۇ .
شۇ تاپتا ، ئۆلۈۋېلىشنىڭ خىلمۇخىل تۇرلىرىنـــى كۆز ئـالدىغا كـەلتۇرۇۋاتقان ئـاكا ـ ئۇكىلارنـى قاتتىق دەھشەت باستى...

لايقىپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى بۇ پاك گەۋدىنى ئۆزىنىڭ لاتقىلىرى بىلەن يىراقلارغا ئەكېتىشنى راۋا كۆرمـــگەندەك ، يېقىنىلا بىر يەردىكى جىغانلىق ئارالغا چىقىرىپ قويدى . قىز ئۇخدا بولۇپ قالغاندى ، دەريا دولقۇنلىرى ئۇنىڭ چۇۋۇلغان چاچلىرىنى تاراپ ، يېنىك داۋالغۇتاتتى . سۇ قۇشلىرى ئۇنىڭ جامالىنى تاماشا قىلماقچى بولغاندەك شۇ ئەتراپنى ئەگىـــپ ئۇچۇشاتتى . سەھەردە ئويغانغان بىر بېلىقچى يىراق قىرغاقتا ئۆزىنىڭ تورلىرىنى يىغماقتا ئىدى...
جەسەتنى بىرىنچى بولۇپ سەلىم بوۋاي كۆردى . بوۋاي قىزنى سۇدىن سۇزۇۋېلىپ ، پۇت ـ قولىنى تۇزلەپ قىرغاققا ياتقۇزدى ـ دە ، يۇزىنى چاپىنى بىلەن يېپىپ قويۇپ ، مەھەللىگە قاراپ يوگوردى .
يولدا ئۇنىڭغا ساۋۇت ئۇچراپ ، يىراقتىنلا ۋارقىرىدى .
— هوي ، سەلىمكا ! مۇشۇ تەرەپلەردە بىزنىڭ گۇلشەننى كۆرگەندەك بولدۇڭمۇ ؟
بوۋاي دەرهال جاۋاب بېرەلمىدى . ئۇ هاسىراپ كەتكەنىدى . ئاڭغىچە ساۋۇتمۇ ئۇنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى .
— كۆردۇم .

— قەيەردە ؟… تىرىكمۇ ؟ !
— خۇدا ئامانىتىنى ئاپتۇ ، ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن .

## 8

جامائەت قىزنىڭ جىنازىسىنى نامازدىگەردىن كېيىن ئېلىپ چىقىشتى . مەھەللىنىڭ قەبرىستانلىقى توختى ئۆي سالغان دۆڭنىڭمۇ ئۇستىدىرەك بىر ئوچۇقچىلىقتا ئىدى . شىۋاق بېسىپ كەتكەن سانسىز قەبرىلەر ئارىسىدا يەنە يېڭى بىر قەبرە پەيدا بولدى . بېلىگە يوغان ئاق باغلاشقان ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا ئۇنچىقماي يەرگە قاراپ تۇراتتى . ئاۋۇتنىڭ كاللىسىدا «ھەي ـ ي ، ماۋۇ ھاماقەت قىزنىڭ قىلغان ئىشىنى قاراڭلار !… ئەمدى كىرىمىزنى كىم يۇيۇپ ، ئاش ـ تامىقىمىزنى كىم ئېتىپ بېرەر ؟ » دېگەن ئەندىشە كېزەتتى . داۋۇت ئۆز ـ ئۆزىگە : «ئەخمەق ! بىزنىڭ جاپالىرىمىزدىن بۇرۇنراق قۇتۇلماق بولۇپ مۇشۇ ئىشنى قىلدىڭـ ھە ؟… بوۋام كۆمگەن ئالتۇنلارنى تاپقاندا ئىش باشقىچە بولاتتى ئەمەسمۇ… » دەپ پىچىرلايتتى . ساۋۇتنىڭ يۈرىكىنى نېمىدۇر تاتلاپ ئازابلىغاندەك قىلاتتى . كاشكى ئۇ سىڭلىسىغا ئاشۇ كەپتەرلىرىگە قارىغانچىلىك كۆيۈنگەن بولسا ، ئۇنىڭ بېشىنى ھارۋىغا قاتىدىغان ئېتىنىڭ دۈمبىسىنى سىلىغانچىلىك مېھرى بىلەن سىلىغان بولسا ؟… ساۋۇت شۇلارنى ئويلىغاندا كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياش تۆكۈلۈپ ، مەڭزىنى بويلاپ ئاقتى .

ئەتىسى سەھەردە قەبرىستانلىقتا بىر كىشىنىڭ قارىسى كۆرۈندى . ئۇ ئاستا ـ ئاستا مېڭىپ ، يېڭى قەبرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ يۈكۈندى . مەھەللىدىكىلەر يىراقتىن بۇ كىشىنىڭ

چىرايىنى ئېنىق كۆرمىگەن بولسىمۇ ، كۆڭلىدە ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلدى .

توختى ئايەت ئوقۇپ قولىنى دۇئاغا كۆتۈردى . ئۇنىڭ ئالدىدا گۈلشەننىڭ بىر جۈپ كۆزى پەيدا بولغاندەك بولدى . بۇ كۆز بىلەن قىز ئۇنىڭ يۈرىكىگە مۇھەببەت تۇتاشتۇرغانىدى ، بۇ كۆز ئۇنىڭغا نۇرغۇن سىرلارنى بايان قىلغانىدى ، بۇ كۆزلەر ئۇنىڭغا توختىدىن باشقا ھېچكىم چۈشىنەلمەيدىغان نۇرغۇن ناخشىلارنى ئېيتقانىدى… توختى دۇئاغا كۆتۈرگەن قوللىرىنىڭ ئاراچىلىرىدىن يىراقتا كۆكۈچ بولۇپ كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان دەريا ساھىلىنى كۆردى . ئۇ يەردە سۇ يېيىلىپ ئاقىدىغان بىر كىچىك بار ئىدى ، توختى بىر يىللىرى گۈلشەننى ھاپاش قىلىپ ئاشۇ كىچىكتىن بىرقانچە قېتىم ئۆتكۈزگەن ، ئۇلار ئۇ قاتتىكى ئارالدا زىرىقلارنى تېرىشكەنىدى . كېيىن ، گۈلشەن ئۆيدىن نېرى بارالمايدىغان بولۇپ قالغاندا ، توختى ئۆزى يالغۇزمۇ ئۇ يەرگە بىرنەچچە رەت بارغان ، زىرىقلىق ئارالنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوچۇقچىلىقتا گۈلشەننى سېغىنىپ ، ئاسمانغا قاراپ يېتىپ خىياللار سۈرگەن ، نېمىشقىدۇر ھېلىقى كىچىكتىن قايتا - قايتا كېچىپ ئۆتكەنىدى… بۇ كىچىكنىڭ تۈۋەن تەرىپىگە بارغاندا سۇ يىغىلىپ ئېقىپ ، خەتەرلىك قايناملارنى ھاسىل قىلاتتى . قىز تۇنۇگۈن كېچە ئۇ يەرگە توختىنى ئىزدەپ بارغانمىدۇ ياكى ھايات بىلەن ئاشۇ خاتىرىلىك جايدا ۋىدالىشىشنى خالىغانمىدۇ ؟ !…

توختى يۈزىنى سىيپاپ ، قوللىرىنى چۈشۈردى - دە ، بىردىنلا ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى . «نېمىشقا مەن تۇنۇگۈن كېچە شۇ يەرگە بارمىدىم ؟… . نېمىشقا ئىشىكلەرنى چېقىپ تاشلاپ ، بۇ قىزنى ئەكەتمىدىم ؟ مېنىڭ ئېتىممۇ ئەرمۇ ؟… گۈلشەن !

گۈلشەن ! مۇلايىم ، ئاجىز گۈلشەن !… » ئۇ نەمخۇش تۇپراقنى قۇچاقلايتتى ، كۆزلىرىدىن ئاققان ياش توپىغا سىڭىپ ، يۈزكۆزىگە سۇۋىشىپ لايغا ئايلانماقتا ئىدى…

بىر چاغدا ئۇ ئۆرۈلۈپ مەھەللە تەرەپكە قارىدى . ئالدى تەرەپتە ئۇ ئۆي سالغان دۆڭ چوقچىيىپ تۇراتتى . توختى تۆۋەنلەپ چۈشۈپ هويلىسىغا كىردى . كۆز ئالدىدا كۆيۈپ كۇلگە ئايلانغان ئىمارەتنىڭ قارايغان تاملىرى تۇراتتى . توختى دەرۋازىنىڭ قېشىدىكى كۆمۈر قويۇش ئۈچۈن سېلىنغان پاكار ئۆيگە بۇرۇلدى . بۇ يەردە تامچىلار ئىشلەتكەن لاي چېلەكلىرى ، ئارغامچا ، ئەپكەش ، ياغاچ پۈزەكلىرى دېگەندەك نەرسىلەر چېچىلىپ ياتاتتى . ئۇ ئۆينىڭ ئارقا بۇلۇڭىغا باردى ـ دە ، تورۇسقا قولىنى سۇنۇپ ، يوغان داستىخانغا پۈختا يۆگەپ ئېسىپ قويغان دۇتارنى ئاۋايلاپ يېشىۋالدى ، توختى بۇ ئۆيلەردىن ۋاز كەچكەن چاغدا ھېچنېمە كۆزىگە كۆرۈنمىگەن ، ئەمما مەرۇپ بوۋاينىڭ مۇشۇ كونا دۇتارىنىڭ كۆيۈپ كېتىشىگە چىدىماي ، دۇتارنى بۇ ئۆيگە ئاچىقىپ قويۇپ كەتكەنىدى . رەھمەتلىك بوۋاي جان ئۈزۈشتىن بىرنەچچە سائەت ئىلگىرىمۇ قولىغا بۇ دۇتارنى ئېلىپ ، توختىغا ئاجىز ئاۋازدا ناخشا ئېيتىپ بەرگەنىدى . شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئېيتقىنى «خانلەيلۇن»مۇ ، «لەيلۇن» بولغىدىمۇ ؟ !

شۇ تاپتا توختى بولغان بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ چۈشكە ئايلىنىپ قېلىشىنى ، ھېلىقى ماخودا مەرۇپ بوۋاينىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ يېتىپ ئۇخلاپ قالغان كۇنلەرگە قايتىپ ، ھەممە ئىشنى باشقىدىن باشلاشنى خالايتتى . لېكىن ، بۇ چۈش ئەمەس ئىدى . ئۇ دۇتارنى قولتۇقىغا مەھكەم قىسىپ ،

مەھەللىدىن يىراقلاپ كېتىپ باراتتى. ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بۇرۇلۇپ قارىغاندا، تۆۋەندە يېيىلىپ ياتقان مەھەللە ئۇنىڭ كۆزىگە مۇشۇ بىر كېچىدىلا ئۆزىدىكى ھەممە گۈزەللىكلەرنى يوقىتىپ، قېرىپ، مۇكچىيىپ كەتكەندەكلا كۆرۈندى...

1987 ـ يىل، كۈز، چاپچال كان يېزىسى

# بىزنىڭ مەھەللە

غۇلجىنىڭ ئايدىڭ كوچىسى بىلەن ناغرىچى مەھەللىسىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان بىر خىلۋەت مەھەللە بار . كىشىلەر ئۇنى «ۋەخپە مەھەللىسى» دېيىشىدۇ . مېنىڭ بالىلىق دەۋرىمنىڭ مەلۇم مەزگىلى ئەنە شۇ مەھەللىدە ئۆتكەن . مەھەللە ئىچىنى گۇلدۇرلەپ ئېقىپ تۇرغان ئىككى ئۆستەڭ سۇ كېسىپ ئۆتەتتى . ئۆستەڭنىڭ بىر تەرىپى ئۆستەڭ ياقىلاپ كەتكەن باغلار بولۇپ ، كىشىلەر بۇ باغلارنى تاممۇ سوقماي ، شاخ ـ شۇمبىلار بىلەنلا قاشالاپ قويۇشقانىدى . يوپۇرماقلار ئارىسىدىن مارىشىپ تۇرغان ئالمىلار ، قىپقىزىل ئالۇچا ، ئالگىراتلار شاخلىرىنى ئۆستەڭ تەرەپكە ئېگىشىپ تۇراتتى . ئۆستەڭنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە بولسا كوچا ، كوچىلارنى ياقىلاپ كەتكەن هويلىلار بار ئىدى . هەربىر هويلا ئىچىدە ئۆگزىلىرىنىڭ گىرۋەكلىرىنى يامغۇر يالاپ كەتكەن ئاددىي توپا تام ئۆيلەر ، بالىلار تولا ئۆتۈۋېرىپ شور قىلىۋەتكەن پاكار ـ پاكار تاملار ، تام تۈۋلىرىدە ئېگىز ئۆسكەن لويلا-كوكاتلار كۆزگە چېلىقاتتى .

مەھەللە ئىچىدە سۇ مول بولغاچقىمىكىن ، بىر ـ بىرىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە ئىككى تۈگمەنمۇ بار ئىدى . تۈگمەن ئالدىدا دائىم كىملەرنىڭدۇر ئۈگۈت ئەكەلگەن هارۋىلىرى ، ئالدىغا تاشلاپ بەرگەن خۇش پۇراق چۆپنى بېشىنى سىلكىپ ـ سىلكىپ هەۋەس بىلەن كارتىلدىتىپ يەۋاتقان ئات دېگەندەك

نەرسىلەر تۇرغان بولاتتى . ئەتراپقا چېچىلغان دانلارنى تېرىپ يېيىش ئۈچۈن ، يەنە توپ - توپ قۇشقاچ ، كەپتەرلەر ئۇچۇپ چۈشۈشەتتى . بۇ مەھەللىدىن قويۇق بىر يېزا پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى .

قىش كۈنلىرى بىز كوچا دوقمۇشلىرىغا دۆۋىلەپ قويغان قارلار ئۈستىدە دومىلىشاتتۇق ياكى بولمىسا ، تۈگمەن نولىرى ئاستىدا قېتىپ قالغان ئۇزۇن چوكا مۇزلارنى سۇندۇرۇۋېلىپ ، ھۇزۇرلىنىپ يەپ ، تۈگمەن ئالدىدىكى توڭ تېزەكلەرنى تېپىپ ئويناپتتۇق . ياز كۈنلىرى مەھەللە ئىچى تېخىمۇ كۆڭۈللۈك بولۇپ كېتەتتى . قىپيالىڭاچ بولۇپ ئۆستەڭدە چۆمۈلەتتۇق . پاكار تاملاردىن ھويلىمۇھويلا سەكرەپ چۈشۈپ ، ئېگىز ئۆسكەن كوكاتلار ئارىسىدا مۆكىمۆكىلەڭ ئويناپتتۇق .

مەھەللىدە ئەكبەرجان ئاكا دەيدىغان بىر كىشى بولىدىغان . ئۇنىڭ ھويلىسى ئالدىدا خېلىلا كەڭرى ئوچۇقچىلىق بار ئىدى . ئەكبەرجان ئاكا ياز كۈنلىرى ئۆستەڭ تەرەپلەرگە گۈللەرنى تېرىۋېتەتتى . ھەر كۈنى ئەتىگەندە تۇرۇپ دەرۋازىسى ئالدىدىكى يولنى سىيرىپ - سۈپۈرۈپ ، سۇ چېچىپ ، چىرايلىق قىلىۋېتەتتى ، ئاندىن ئۇ پىنەكچى يۈگىگەن تاماكىسىنى چېكىپ ، قىلغان ئىشىغا زوقلىنىپ قاراپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى . كۈن چىققىشى بىلەن گۈللەر ئەتراپىدا گۈل ھەرىلىرى پەيدا بولۇپ كۆڭۈللۈك غوڭۇلدىشاتتى... نېمە ساراڭلىقىكىنتاڭ ، بىلمەيمەن ، ئەكبەرجان ئاكا ئىشىك ئالدىدا بىردەم كۆرۈنمەي قالسىلا ، مەھەللىنىڭ بالىلىرى ھېلىقى يېڭىلا سۇ چېچىپ ، سۈپۈرۈپ قويغان يەرنى پېتىقداپ ئۇياق - بۇياققا يۈگۈرۈپ ، گۈللەرنى ئۈزۈپ قاچاتتۇق ، ئاندىن دەرەخلەرنىڭ دالدىسىغا مۆكۈنۈۋېلىپ

ئەكبەرجان ئاكىنىڭ چىقىپ بۇ ۋەيرانچىلىقنى كۆرۈپ، تېرىكىپ ۋارقىراپ كەتكىنىگە قاراپ خۇشال بولۇشۇپ كېتەتتۇق.

كېيىن مەن مەكتەپكە بارغۇدەك بولدۇم. ھەر كۈنى ئەتىگەندە جىلتامنى مۈرەمگە سىلىپ، ھېلىقى ئۈستەڭلەرنى ياقىلاپ مېڭىپ مەكتەپكە باراتتىم. سەھەرنىڭ شامىلىدا ئۈستەڭ بويىدىكى دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى نىمىلەرنىدۇر پىچىرلاۋاتقاندەك، كۆپكۆك مايسىلار، گۈللەر ماڭا قاراپ كۈلۈۋاتقاندەك بىلىنەتتى. بالىلىق خىياللىرىم ئۈستەڭ سۈيىنىڭ بىر - بىرىنى قوغلىشىپ كېتىپ بارغان ئېقىنى بىلەن بىللە يىراق - يىراقلارغا ئۇچاتتى. جىلتامنى ئۆشنەمگە ئاسقىنىمچە، كېيىن ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقتىم، ئاندىن ئالىي مەكتەپكە باردىم، بارغانسېرى سۆيۈملۈك مەھەللەمدىن يىراقلاپ كەتتىم…

ئۇزۇن يىللار مەھەللىدىن ئايرىلىپ، يېقىندا بىر پۇرسەت بىلەن ئۇنى كۆرگىلى بارسام، كۆزۈمگە مەھەللە ناھايىتىمۇ كىچىكلەپ قالغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئەينى يىللاردىكى ھېلىقى ئۈستەڭلەر سۈيى تارتىلىپ كىچىككىنە ئېرىق بولۇپ قاپتۇ. ئۈستەڭ ياقىلاپ كەتكەن باغلار، ئەكبەرجان ئاكىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى ھېلىقى ئوچۇقچىلىقتا قىستىلىشىپ ئۆيلەر چۈشۈپ كېتىپتۇ. مەھەللىگە ھۆسن قوشۇپ تۇرىدىغان گۈللەر، ئۇنىڭغا يېزا پۇرىقى بېرىپ تۇرىدىغان تۈگمەنلەرمۇ كۆزدىن غايىب بوپتۇ. نېمىشقىدۇر قىممەتلىك بىر نەرسەمنى يىتتۈرۈپ قويغان ئادەمدەك بولۇپ قالدىم. شۇ تاپتا بالىلىقىمغا قايتقۇم، مەھەللەمنىڭ گۆدەكلىك چاغلىرىمغا گۇۋاھ بولغان، بالىلىق خىياللىرىمنى بېيىتقان، جەننەتتەك گۈزەل ۋە تىنچ مەنزىرىسىنى

قايتا كۆرگۈم كېلىپ كەتتى. ئەگەر ھەقىقەتەنمۇ بالىلىق دەۋرىمگە قايتالىغان بولسام، ھېلىقى سەھەر تۇرۇپ ھويلىسىنىڭ ئالدىنى سۈپۈرۈۋاتقان ئەكبەرجان ئاكىنىڭ قولىدىن سۈپۈرگىنى ئېلىپ، مەھەللەمنىڭ كوچىلىرىنى ئۇتلۇق بىر مۇھەببەت بىلەن سۈپۈرۈپ چىققان بولاتتىم.

1998 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى

# دوستلار سۆھبىتى

ئابدۇۋاقاس «سەپرايى» دەيدىغان بىر ئاغىنىمىز بولىدىغان، ئۇ ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسىلا «خوتۇن خەق دېگەننى پات - پات دۇمبالاپ تۇرمىسا بولمايدۇ» دەيتتى. ئارىمىزدا يەنە بىرەيلەن بولىدىغان، ئۇ بولسا: «مۇشۇ كۈنلەردە خوتۇندىن قورقمىغان ئادەم ئۆزى ئەخمەق!» دەيدىغان.

بىر كۈنى ئۈچ - تۆتەيلەن بىر قاۋاقتا هاراق ئىچىپ قالدۇق. گەپ يەنە شۇ ئاياللارنىڭ خوي - پەيلى ئۈستىدە بولۇپ قالدى. بىرەيلەن:

— بەزى خوتۇنلار ئىت مىجەزىنى تازا مېهمان كەلگەندە چىقىرىپ، ئادەمنى رەسۋا قىلىدۇ - دە! — دېدى.

— شۇنداق، — دەپ تەستىقلىدى يەنە بىرەيلەن، — ئەر كىشى مىڭ تېپىپ ئەكەلگەن بىلەن خوتۇن كىشى خامنى پىششىق قىلىپ بەرمىسە بىكار - دە! شۇڭا، بەزىدە ئۆزۈمۇ قايناپ، قازان بېشىغا چىقىپ قالىمەن. هازىرقى زاماندىكى ئەرلەرنىڭ تاماققا ئۇستا بولۇپ كېتىۋاتقىنىمۇ شۇنىڭدىن...

— هەي ئاغىنىلەر، شۇنداقمۇ دەيسىلەر، — دېدى هېلىقى خوتۇندىن قورقۇشنى ياقلايدىغان ئاغىنىمىز، — هازىرقى ئاياللار بۇرۇنقى زاماننىڭ خوتۇنلىرىغا ئوخشاشمايدۇ، بىز بىلەن تەڭ ئىشلەيدۇ، ئىشلەپ كېلىپ تاماق ئېتىدۇ، كىر يۇيىدۇ، بالا باقىدۇ... ئۇ خەقنىڭ جاپاسىغا قاراپ، خۇدايىمنىڭ ئايال

قىلىپ يارىتىپ قويمىغىنىغا كۆنگەنمىكىن قېتىم شۈكۈر دەيمەن... ئەمدى ئاياللارنىڭ : «ئېرىمنى قورقۇتالايمەن» دەپ ئازراق گىدىيىشىۋېلىشىغىمۇ يول قويمىساڭلار ، ئۇلارغا ئۇۋال ئەمەسمۇ ! ؟

— مانا ، مۇشۇنداق قىلىپ خوتۇن خەقنى بېشىڭلارغا مىندۈرۈۋالىسىلەر - دە ! — دەپ قايىنىدى ئابدۇۋاققاس «سەپرايى» — مېھمان كەلسە ھۆرۈ - پۆرۈ دېگەن خوتۇننى تازا ئاچ بىقىنىغا ئىككى - ئۈچنى مۇشتلاپ ، دەسسەپ بەرسە ئادەم بولىدۇ... بىزنىڭ خوتۇن شۇڭا مېھمان كەلسە ئاغزىمدىن چىقىپ بولغۇچە ھەممىنى تەل قىلىپ ، قول قوۋۇشتۇرۇپ تاق تۇرىدۇ...

ئىشتىن يېنىپ ئاچ قورساققىلا ئىچكەن ھاراق بىردەمدىلا ھەممىمىزنى تۇتتى . بىرەيلەن پوكەيگە بېرىپ يەنە بىر بوتۇلكا ھاراق كۆتۈرۈپ كەلدى .

— ھوي توختاڭلار ، ئاچ قورساققا مۇنداق ئىچىپ بىردەمدىلا تەييار بولمايلى ، بىرەر ئاشخاننى تېپىپ ، يېرىمدىن بولسىمۇ ئاش يېمەيلىمۇ ، — دېيىشتۇق . ئابدۇۋاققاس «سەپرايى» خېلى ئوبدانلا قىزىپ قالغان بولسا كېرەك :

— بولمىسا ، بىزنىڭ ئۆيگىلا كىرمەيلىمۇ ؟... مانا تۆت قەدەملا يەردە . ئۆي تۇرغان يەردە ئاشخانىدا تاماق يېگىدى ، دېگەن نېمە گەپكەن ئۇ... يۇرۇڭلار ، يۇرۇڭلار ! — دەپ ھەممىمىز-نىڭ باش كىيىمىنى ئېلىپ ، قولىمىزغا تۇتقۇزۇپ قويدى .

شۇنداق قىلىپ ، قىزىقچىلىقتا ئابدۇۋاققاس «سەپرايى»نىڭ ئۆيىگە بېرىپ قالدۇق . ئاغىنىمىزنىڭ ئايالى ئەرلەردەك بەستى بار ، تازىمۇ قاۋۇل خوتۇن ئىكەن . «پات - پات دەسسەپ تۇرسىمۇ

ھېچنېمە بولمايدىغانىغا خوتۇننىڭ يـوغىنىنى تاللىۋالغانىكەن ـ دە !» دەپ قالدىم . ئايال ساھىبخانا بىزنى كۆرۈپ ئاپتاپتەك ئېچىلىپ ، «خۇش كېلىشىپلا ، قېنـى يۇقــــرىغا مەرھەمەت قىلىـشىـــــلا !» دەپ مېھمانخانـــــغا باشلىـــــدى . «توغرا ، ماختىغۇچىلىكى بار ئىكەن» دەپ ئويلىدىم . ئەمدىلا جايلىشىپ ئولتۇرۇپ تىنچلىق ـ ئامانلىق سورىشىپ تۇراتتۇق ، ئابدۇۋاققاس «سەپرايى» بىزنى ئايالىغا تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى .

— خوتۇن ئاڭلاپ قوي ، بۇلار مېنىـــڭ ئەڭ يېقىـــــن ئاغىنىلىرىم بولىدۇ . مانا ماۋۇ ئابدۇرېھـــمجان ، ياغاچچـــــى كارخانىسىنىڭ كادىرى ، ئۆزىمۇ ئۇستا ياغاچچـــى . «بىـــــرى ياغاچتىن ئايروپىلان ياساپ ئۇچۇرۇپتۇ» دەپ ئاڭلىساڭ ، «ھە ، ئابدۇرېھـــــمجان ياساپتۇ ـ دە !» دېسەڭ بولۇۋېرىدۇ . ماۋۇ قورساقلىق ئاغىنىمىز ئاسىم قاسىم دېگەن شۇ ، رايوندا قىزىل قەغەز كېسىدۇ . ئەگەر ئۇ رۇخسەت قىلمىسا ، قازان ئېسىپ بولغان تويمۇ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ... ماۋۇ چوققىسىدا چېچى يوق ( ئۇ مېنى كۆرسەتتى ) ماخمۇتجان ، گېزىتخانىنىڭ مۇھەررىرى ، ۋىجىكلىكىگە قاراپ كۆزۈڭگە ئىلماي يۈرمە ، يوغان كۆزەينىكىنى تاقاپ ئولتۇرۇۋالىدىغان بولسا ھەرقانداق ماقالىدىكى مىكروبنى تۇتۇۋالالايدۇ... مېنى تونۇيسەن ، ئېتىم ئابدۇۋاققاس ، ئۆزۈڭنىڭ ئېرى . لەقىمىم «سەپرا» بولغان بىـــــلەن ئۆزۈم مۇشۇنداق خۇشخۇي... ھە ، ماۋۇ بولسا مېنىڭ رەپىقەم ئايجامال . ئوقۇغۇچى ۋاقتىمدا ئىككى يۈز قىزنى تىزىپ قويۇپ ، بەستىــگە قاراپ تاللىۋالغان . ئۆيدە ماشىنىچىلىق قىلىدۇ...

«سەپرايى»نىڭ چاقچاق ئارىلاش قىزغىن تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلاپ ھەممىمىز كۈلۈشۈپ جانلىنىپ كەتتۇق . ئۇنىڭ ئايالى قوللىرىنى ئىشقىلاپ :

— ۋاي - ۋوي ! ھەممىڭلارلا ئۇقۇمۇشلۇق ئادەملەركەنسە-لەرغۇ ! بولمىسا ، ئۇنىئالغۇنى قويۇپ تانسىلا قىلايلى . قانداق دەيسىز ، ئابدۇۋاققاس؟ — دېدى . «نېمىدەيدىغاندۇ بۇ ، ئۆيدە ئولتۇرۇپ تازا زېرىككەن خوتۇنكەن - دە ! » دەپ قالدىم . ئابدۇۋاققاس :

— تانسا دېگىنىڭگە يەنە بىرنەچچە خوتۇن بولمىسا ، بىر ئۆچكىگە ئون تېكە ، دېگەندەك گەپ بولمامدۇ ، — دېدى .

— قوشنا ئاياللارنى چاقىرىپ قويسامىمغۇ بولاتتى ، — دېدى ئايجامال ئېرىنىڭ گېپىنى تارتىۋېلىپ ، — ھەممىسىلا ۋاي دەپ كەتكۈچىلىكى يوق تومپايلار . ئاۋۇ نېرىقى ئۆيدە مەرەمنىسا دەپ ماڭا ئوخشاش ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئىش تىكىدىغان بىرى بار ، نەچچە قېتىم پەلتونىڭ ياقىسىنى مايماق ئورنىتىپ قويۇپ ، مەن ئوڭشاپ بەرگەن . قىز ۋاقتىدا قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان… ماۋۇ تۇردى دېگەننىڭ خوتۇنى ناھايىتى بىر دوختۇرخانىنىڭ ئىشچىسى ، يېقىندا ئىككى سوملۇق لاتارىيە بېلىتىگە ئىككى مىڭ سوملۇق رەڭلىك تېلېۋىزور چىقىپ قاپتىكەن ، قوۋۇرغامنى ئېگىپ ئۆزىچە ماڭا يوغانچىلىق قىلىپ قارىماي يۈرىدۇ… ئاۋۇ دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى خېنىم بىلەنغۇ ئەزەلدىن خۇشۇم يوق . ئىنتىزام تەكشۈرۈش بىرنېمىسىنىڭ بىرنېمىسى مەن ، دەيدۇ ، بىرنېمىنى سوراپ ئاچچىقىپ كەتسە زادى ۋاقتىدا ئەكىرىپ بەرمەيدۇ… مۇنۇ تام قوشنىمىز پاتەكنى خېلى بىر تۈزۈك دەپ يۈرسەم ، چەت ئەلگە چىقىپ ، ھەممە چىشىنى ئالتۇن قىلىپ كەلگەنىڭيانى ئۇنىڭغىمۇ ھال تەگدى . كەلگەن كۈنى چەت ئەلچە كۆرۈشتۇم ، دەپ بىزنىڭ ماۋۇ ئادەمنى بويىنىدىن قايرىپ سۆيۈۋاپتۇ…

«پاراققىدە» كۆلكىمىز ئۆينى بىر ئالدى .

— بولدى ، خوتۇن ، ھەممىسى يامان ، سىلى ياخشى .
ۋاتىلداۋەرمەي ئاۋۋال بىر تاماق قىلىڭلار ، ماۋۇ ئاغىنىلەرنىڭ قورسىقى ئاچ .

— مەن مېھمانلىرىڭىز بىلەن مۇڭدىشىۋاتقاندىن كېيىن ، ئۆزىڭىز «شاققىدە» چىقىپ خام سەيدىن بولسىمۇ توغرىلاپ كىرىڭا ، پاتەكىنىڭ گېپى چىقىۋىدى ، بولالىماي قالدىڭىز ـ ھە ! ؟...

— ئەجەب تۇگەتمىدىڭلىغۇ شۇ پاتىكىڭلىنىڭ گېپىنى .

— ئەمىسە يالغانمىدى ! ؟

— ئاپلا !...— «سەپرايى» يوق ساقىلىنى سىلاپ ، خوتۇنىغا ئارقىسىدىن بىر ئالايدى ـ دە ، ئاشخانىغا قاراپ ماڭدى .

ئېرى چىقىپ كېتىشى بىلەنلا ئايجامال باغلاقتىن بوشىغان تېكىدەك «لىككىدە» سەكرەپ ئۇنئالغۇنىڭ يېنىغا باردى ـ دە ، غاچ ـ غۇچلا بىر لېنتىنى سېلىپ ، ۋالىس مۇزىكىسىنى ياڭرىتىۋەتتى . ئارقىسىدىنلا ئۆرۈلۈپلا «كېلىڭا !» دەپ ئابدۇرېھىمجانغا قولىنى سۇندى .

تانسا باشلىنىپ كەتتى . ياغاچتا ئايروپىلان ياساپ ئۇچۇرىدىغان ئابدۇرېھىمجان ئايجامالنىڭ يوغان بېلىگە ئارانلا قولىنى يەتكۈزۈپ ، تۆتلا پىرقىراپ ئۇچۇۋىدى ، ئاچ قورساقتا بېشى قېيىپ كەتتىمۇ ، ئورۇندۇققا ئارانلا كېلىپ ئولتۇرۇۋالدى .

— ئەمدى نۆۋەت سىزنىڭ ، — دېدى ئايجامال ماڭا قاراپ ئىختىيارسىز ئورنۇمدىن تۇردۇم .

— ۋالىسقا پۇتۇم تازا كەلمەيتتى ، — دەپ ئۆزرە ئېيتتىم .

— ۋيەي ، مۇھەررىر تۇرۇپما !... بولمىسا مەن ئېلىپ ماڭاي...

ئايجامال قولـــــــنـــــى «شاققـــــده» دۈمبەمگە قويۇپ، قولتۇقۇمدىن ئىلىۋىدى، ئىگىز خوتۇنغا ئېسىلىـــپلا قالدىم. قالغان ئاغىنىلەر كۆلكىلىرىنى ئاران بېسىپ، تاماشا كۆرۈپ ئولتۇرۇشتى. ئايجامال غېمىدە يوق پىرقىراپ، قولىقىمنىڭ تۈۋىدە پىچىرلاشقا باشلىدى.

— بىزنىڭ بۇ ئادەمنىڭ مۇشۇنداق مەست كەلسىلا تاماقنىڭ جېدىلىنى قىلىدىغان قىلىقى بار دەڭا، — دېدى ئۇ، — دەسلەپتە مەنمۇ ئەخمەق بولۇپ، ئاغزىدىن چىقىپ بولغۇچە تاماق ئېتىمەن، دەپ ئۈزۈمنى ئاۋارە قىلىپ يۈرۈپتىمەن. «ياق» دېسىڭىـــز جېدەل، مىڭ جاپادا تاماقنى ئېتىپ كىرسىڭىز ئۇنى ئىچىدىغان ئادەم خارقىراپ ئۇخلاۋاتقان... هازىر تاماقنىڭ جېدىلىنى قىلسا «هە، ماقۇل» دەپ قويۇپلا ئاشخانىغا چىقىپ، قورۇق دۈشىگە چەيدونى ئۇرۇپ توكۇلدىتىپ بېرىدىغان بولدۇم. جىق بولسا بەش مىنۇتلا توكۇلداتسام ئابدۇۋاققاس غوجامنىـــــڭمۇ خورىكـــــى باشلىنىدۇ. «ئۇھ!» دەپ ئارامخۇدا باشقا ئىشلىـــــرىمنـــــى قىلىۋېرىمەن... باشقا ۋاقىت بولسا بۇ چاغقىچە ئۇخلايتتى، بۈگۈن سىلەر بار، قىلىۋاتقان قىلىقىنى كۆردىڭىزمۇ؟...

ۋالىس ئاياغلىشىپ تۇراتتى، ئابدۇۋاققاس «سەپرايى» بىر قولىدا بىر تۇتام چوكا، بىر قولىدا بىر تەخسە چىلىئغان سەينى كۆتۈرۈپ كىردى. چوكىلارنى ھەربىرىمىزنىڭ ئالدىغا بىـــــر جۈپتىن تارقاتتى. ھاراقنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ، يەنە ئىچىشۋازلىق باشلاندى.

— سىلەر هارىقىڭلارنى ئىچىشىڭلار، مەن ئۇسسۇل بولسىمۇ ئويناپ بېرەي، — دەپ ئايجامال سازنى ئۇسسۇل پەدىسىگە ئۆزگەرتتى.

ئاللا خالىدەم ،
ھاممامنىڭ قىزى...

چالا مەستچىلىكتە بىزمۇ «بەللى ، بەللى !» دېيىشىپ ، سازغا تەڭكەش قىلىپ چاۋاك چالغىلى تۇردۇق . ئايجامال قوللىرىنى سارنىڭ قانىتىدەك كېرىپ ، قوپال گەۋدىسىنى كۆچەپ لىغىرلىتىپ ، بىر قېشىنى ئاسماندا ، بىر قېشىنى يەردە قىلىپ ، ئۆينىڭ بوش قالغان يېرىنى ئالا قويماي دەسسىگىلى تۇردى...
ھەش - پەش دېگۈچە ھېلىقى پوكەيدىن سىتىۋالغان ھاراقنىمۇ يېرىملاشتۇردۇق . سوغۇق سەيگە تەرەپ - تەرەپتىن چوكا سالغىلى تۇرۇۋىدۇق ، تەخسىمۇ قۇرۇقدىلىپ قالدى . بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ قارىساق ، ئايال ساھىبخانا تېخىچە ئۆينىڭ ئىچىدە «تەبەسسۇم» قىلىپ پىرقىراپ يۈرۈپتۇ . «ئەيىۇھەنناس ! بۇ خوتۇنمۇ ئېرى يوق چاغدا ئازراق ئىچىۋالغانمۇ ، قانداق ؟» دەپ قالدىم . «سەپرايى» بىر تاتىرىپ ، بىر قىزىرىپ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى - دە :
— خوتۇن ، مېھمانلارغا ئىسسىقراق بىر تەخسە سەي بولسىمۇ قورۇمامسىلەر ؟ ! — دېدى .
— مەن نېمە قىلىۋاتىمەن ، كۆزىڭىز كۆرمەيۋاتامدۇ ! ؟
— نېمانداق تۈگىمەيدىغان ئۇسسۇل بۇ ! ... سىلىمۇ تازا ئۇسسۇلغا بىر چۈشۈۋالسا چاپۇتلاپ يىقىتىۋەتمىگۈچە توختىمايدىغانلارنىڭ بىرىمۇ نېمە ! ؟
«سەپرايى» زەردە بىلەن ئۇنىڭ ئالغۇنى «جاققىدە» بېسىپ ئۈچۈرۈۋەتتى . ئايجامال ئېرىگە سەت بىر گۆلەيدى - دە ، نېمىلەرنىدۇر دەپ چالۋاقىغىنىچە ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى .

— بۇنىڭ شۇنداق مىجەزى بار ، — دەپ چۈشەندۈردى ئابدۇۋاققاس «سەپرايى» ، — مېھمان كەلسە خۇشاللىقىدا قىلىدىغان قىلىق تاپالماي كېتىدۇ .

— شۇنداق ، قالتىس ئۇچۇق ئايالكەن ! — دېيىشتۇق .

ئاشخانا تەرەپتىن چەيدونىڭ دۈشىگە تېگىپ جىددىي تاقىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى . «خۇداغا شۈكۈر ، نېمىلا بولمىسۇن ، تاماققا تەييارلىق باشلىنىپتۇ - دە !» دېدۇق . ھەممىمىزنىڭ ئاشقازان بەزلىرىمىز ھەرىكەتكە كېلىپ ، قورساقلىرىمىز چەيدونىڭ يېقىملىق ئاۋازى بىلەن تەڭ كورۇكىرىغىلى تۇردى . ئايجامال بىردەمدىلا تەرخەمەكنى ئاقلىماي توغراپ ، سىركە - لازىنى بولۇشىغا قۇيغان خام سەيدىن بىر تەخسە كۆتۈرۈپ كىرىپ ، ئوتتۇرىغا «جاققىدە» قويدى - دە ، ئېرىگە يەنە بىر ئالىيىۋېتىپ چىقىپ كەتتى . سەينىڭ سۈيى تۆت ئەتراپقا چاچراپ چۈشتى . بىز بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ قالدۇق . شۇنىڭ بىلەن ئاشخانا تەرەپتىن كېلىدىغان ئاۋازمۇ ئۆچتى . دوق بىلەن قويۇلغان ھېلىقى بىر تەخسە سەيگە چوكا سېلىشقا رايىمىزمۇ بارمىدى .

— قاراڭغۇمۇ چۈشۈپ كېتىپتۇ ، قايتمايلىمۇ ! — دېدى ئارىمىزدىن بىرەيلەن .

— شۇنداق قىلايلى ، — دەپ ئورۇندۇقلارنى تاراقشىتىپ ئورنىمىزدىن تۇردۇق .

— قايتامسىلەر ؟ ! ... — دەپ «سەپرايى» ئېشىپ قالغان ھاراقنى كورۇكىرىتىپ قۇيۇپ ئىچىۋېتىپ ، بىردەمدىلا مەست بولۇۋالدى ، — قا - قايتامسىلەر... رەنجىمەڭلار - ھە ! ؟

— نېمىگە رەنجىيتتۇق ؟

— مـاۋۇ ئوسـال خوتـۇن قورسىقىڭـلارنى ئاچ قويدى...
— ئۇنـداق دېمـەڭ ، گـەپ يېمـەك ـ ئىچمەكتىمۇ ؟... مانا بىر چىرايلىق ئولتۇردۇق...
— سىلەرنى بار ، دەپ ئايىدىم ـ دە ، بولمىسا بۇ خوتۇننىڭ ئاچىىقىنلىرىغا تازا ئىككى ـ ئۈچنى...
— هاي قويۇڭ ! بىز كېلىپ سىلەرنى سوقۇشقا سېلىپ قويغاندەك ئىش بولمىسۇن .
— ئۆزىنىڭمـۇ تاياق يېمىگىنىگـە ئـۇزاق بولۇپ قالغان...
— قويۇڭ ، يوق گەپنى قىلماڭ !
— ئۇرىمەن دېدىمۇ ، ئۇرىمەن !
«سەپرايى» جىڭ سـەپرا بىرنېمە ئوخشايدۇ ، بىز «هاي ـ هاي !» دېگەنسېرى «ئۇرىمەن !» دېگەننى جاھىللىق بـــلەن تەكرارلاپ بىزنى ئۆزىتىپ قويدى . خوشلىشىپ چىقىـــپ ، دەرۋازىنىڭ ئالدىغا يېتىپ بېرىشىمىزغا «سەپرايى»نىڭ ئۆيـى تەرەپتىن ۋارقىراشقان بىلەن تەڭ نېمىلەرنىڭدۇر يەرگە جاراڭلاپ چۈشۈپ چېقىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى . «نېمە ۋەقە بولغاندۇ ؟» دەپ يۈگۈرۈشۈپ بېرىپ تالا تەرەپتىكى ئېگىز دېرىزىگە ياماشتۇق . قارىساق ، راسـتىنلا ئـۇرۇپتۇ ! ... ئايـجامال يۇمشاق سافادا كېرىلىپ ئولتۇرۇپتۇ ، ئاغىنىمىز ئاچچىقىدا ئۆينىـڭ ئىچىـدە دېيـى يوق باخشىدەك پىرقىراپ ئۆزىنى ئۆزى ئۇرۇۋېتىپتۇ .

1992 ـ يىل ، غۇلجا

# بۆرە جىلغا

بۇ يىل يازلىق دەم ئېلىشنى مەن بوستان يېزىسىدا ئۆتكۈزدۈم . بۇ تاغ ئېتىكىگە جايلاشقان ، ئىسمى- جىسمىغا لايىق چىرايلىق مەھەللە ئىدى . مەھەللىنىڭ تۆۋەن تەرىپى يىراقلارغا سوزۇلغان ئېتىزلىق ، ئارقا تەرىپىدە بولسا ياپيېشىل دۆڭلۈكلەر كۆزگە تاشلىنىپ ياتاتتى ، بۇ دۆڭلۈكلەر بارغانسېرى ئېگىزلەپ ، قارىغايلىق تاغلارغا ، قىش - ياز ئاپئاق قار بىلەن چۈمكىلىپ تۇرىدىغان ھەيۋەتلىك چوققىلارغا تۇتىشاتتى . تاغ ئىچىدىكى چوڭقۇر جىلغىدىن تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ ، كۆۋەجەپ چىقىپ كېلىدىغان مۇزدەك تاغ سۈيى چوڭ بىر ئۆستەڭ ھاسىل قىلىپ ، مەھەللىنىڭ يېنىدىن ئېقىپ ئۆتەتتى . باغلىق ھويلىلار ئىچىدىكى ئاددىي دېھقان ئۆيلىرى ، مەھەللە ئەتراپىدىكى زىرائەتلەر يەلپۈنۈپ تۇرغان بولۇق ئېتىزلار ، رەڭمۇرەڭ دالا گۈللىرى بىلەن بېزەلگەن ئېگىز - پەس دۆڭلۈكلەر ، كۆكۈچ تۇمان ئىچىدە ياتقان قارىغايلىق چوققىلار ، مەھەللە ئىچىدىن دۆڭلۈكلەرگە قاراپ سوزۇلۇپ كەتكەن ئەگرى - بۈگرى ئاياغ يوللار ، ئۆستەڭ ئۈستىگە سېلىنغان سالاسۇنلۇق كونا ياغاچ كۆۋرۈك ، يىراقتىن قارىغان ئادەمگە بۇلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ ئۇستا بىر رەسسام سىزغان قەدىمىي ماي بوياق رەسىملەرگە ئوخشىشىپ كېتەتتى .

بۇ مەھەللىنىڭ تارىخىنى ھاشىم بوۋايدىن پۇختىراق بىلىدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك . بوۋاينىڭ ئېيتىشىچە ، بۇ

مەھەللە ئىلگىرى مالچىلار ماللىرىنى قىشتىن ئۆتكۈزىدىغان بىر قىشلاق ئىكەن، كۈز كىرىشى بىلەنلا مالچىلار كىگىز ئۆيىنىڭ جابدۇقلىرىنى ئات - ئۆكۈزلىرىگە ئارتىپ، ماللىرىنى ئالدىغا سېلىپ تاغقا كۆچۈشكە باشلايدىكەن؛ ماللىرىنى ئوتلىتىپ تاكى قارلىق چوققىلار ئەتراپىغىچە يېتىپ بېرىپ، كۈز سوۋۇشقا باشلىغاندا يەنە ئاستا - ئاستا تۆۋەنلەپ قىشلاققا قايتىپ كېلىدىكەن. ئازادلىقتىن كېيىن، قىشلاقنىڭ تۆۋىنىدىكى تۈزلەڭلىكلەر ئېتىزغا ئايلاندۇرۇلۇپ، قىشلاق بىر مەھەللە بوپتۇ. ھازىرمۇ بۇ مەھەللىنىڭ ئادەملىرىنىڭ بىر قىسمى دېھقانچىلىق قىلسا، يەنە بىر قىسمى مال باقىدىكەن.

مېنى ھەممىدىنمۇ بەك قىزىقتۇرغىنى سۈپسۈزۈك تاغ سۇلىرى ئوقچۇپ ئېقىپ چىقىۋاتقان ئاشۇ جىلغا. كىشىلەر بۇ جىلغىنى «بۆرە جىلغا» دېيىشىدۇ. جىلغىنىڭ ئىچى بىلەن ماڭماق قىيىن. جىلغا ئىچى بىلەن ماڭغاندا سۇيىگە قېنىپ، ھەر تەرەپكە شاخ تارتىپ ئۆسكەن تېرەكلەر، بىر - بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن چاتقاللار، تىك قىيا، ئاق باش چوققىلاردىن شارقىراپ چۈشۈپ، جىلغا سۇيىگە قېتىلىۋاتقان تارماق ئېقىنلار ئالدىڭىزنى توسۇپ قويىدۇ. بۇ ھەيۋەتلىك جىلغىنى جىلغىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېگىزلىكلەرنى ياقىلاپ مېڭىپلا ئۈستىدىن تاماشا قىلىشقا بولىدۇ. جىلغىنى ياقىلاپ يۇقىرىلىغانسېرى قارىغايلىق تاغلارغا بېرىپ ئۇلىشىسىز. قارلىق چوققىلاردىن جىلغا ئىچىگە شارقىراپ ئېقىپ چۈشۈۋاتقان سۇلار يىراقتىن قارىغان كىشىگە تۆۋەنگە تاشلانغان كۈمۈش لېنتىدەك كۆرۈنىدۇ. شۇ چاغدا سىز، ئېھتىمال شائىرلار تاغ سۇلىرىغا بېغىشلاپ يازغان لىرىك شېئىرلىرىنى مۇشۇنداق مەنزىرىلەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ يازغان

بولسا كېرەك ، دەپ ئويلاپ قالىسىز... ئەنە شۇ چوققىلاردىن ئەسىرلەردىن بېرى ئېقىپ چۈشۈۋاتقان تاغ سۇلىرى بۇ يەردە شۇنداق ھەيۋەتلىك جىلغىلارنى ھاسىل قىلغان . يۇقىرىدىن تۇرۇپ قارىسىڭىز ، بەزىدە چوڭقۇر جىلغا ئاستىدىكى سۇلارمۇ كۆرۈنمەي قالىدۇ ؛ قۇلاق سالسىڭىز بۇژغۇنلار چاچرىتىپ ، گۈركىرەپ ئېقىۋاتقان تاغ سۇلىرىنىڭ بوغۇق ئەكس ساداسىنىلا ئاڭلايسىز .

بىر كۈنى تۇيۇقسىز خىيالىمغا ، نېمىشقا بۇ جىلغىنى «بۆرە جىلغا» دەپ ئاتايدىغاندۇ ؟ دېگەن سوئال كېلىپ قالدى . سوراپ كۆرمەكچى بولۇپ ، ھاشىم بوۋاينىڭ ئۆيىگە باردىم . بوۋاينىڭ نەۋرە قىزى ئالدىمغا داستىخان سالدى . ھاشىم بوۋاي يېشى سەكسەنلەردىن ھالقىپ كەتكەن ، ئۆمرى مۇشۇ تاغ ئىچىدە مال بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆتكەن ئادەم ئىدى . ئۇ قەددىنىڭ سەل پۈكۈلگىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئاپئاق ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆزىگە يارىشىپ ، ھېلىمۇ تىمەن تۇرۇپتۇ . شۇ كۈنلەردىمۇ يولى كەلگەندە قىمىزنى ياشلاردىن كۆپرەك ئىچەلەيدىكەن . بىز قىمىز ئىچىپ ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتۇق .

— قىرىلىق يەتتى ، — دېدى بوۋاي ، — سىپىڭدەك ۋاقىتلىرىمىزدا بىز ئاتنىڭ ئۈستىدە ئۇچۇپ يۈرەتتۇق . ھازىر مالنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان بولۇپ قالدىم . ئەمما ، تاغنىڭ خۇمارى دېگەن يەنە باشقا گەپكەن . ياز كەلدىمۇ ، ئۆيدە ئولتۇرالمايمەن . ئاتنى ئېگەرلەپ ، ئېتىمنىڭ ئىشىنى باللارغا تاشلاپ چىقىپ كېتىمەن . تاغلارنى بىر ئايلىنىپ ، مالچى ئاغىنىلىرىمنى يوقلاپ ، يايلاقتا يانپاشلاپ يېتىپ قىمىز ئىچىپ كەلمىسەم كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ... ماۋۇ ئاخشاملا ئەچۈشكەن قىمىز

ئىدى ، ئېغىز تەگ .

ئاپقۇردىكى مايلىشىپ تۇرغان قىمىزنى قولۇمغا ئېلىپ ، قېنىپ - قېنىپ سۇمۇردۇم . پۈتۈن بەدىنىم يايراپ كەتكەندەك بولدى .

— ھاشىم بوۋا ، مەھەللىنىڭ يېنىدىكى جىلغىنى نېمىشقا «بۆرە جىلغا» دەيدۇ ؟ — دەپ سورىدىم مەن ئاغزىمنى سۈرتۈپ تۇرۇپ .

— ھە ، سەن جىلغا تەرەپكە باردىڭمۇ ؟ — دېدى بوۋاي كۈلۈپ .

— باردىم . ھەقىقەتەن ھەيۋەتلىك جىلغا ئىكەن .

— سەن خېلى ئوقۇغان ئادەمغۇ ، ئۆزۈڭ دەپ باققىنە ، نېمىشقا بۇ جىلغىنى «بۆرە جىلغا» دەيدىغاندۇ ؟

— بىلمىدىم ، — دېدىم مەن ، — ئېھتىمال ، بۇرۇنلاردا بۇ جىلغىنىڭ ئەتراپىدا بۆرە نۇرغۇن بولسا كېرەك .

— بۆرىسى يوق تاغ بولامدۇ ؟

— ئەمىسە نېمىشقا يالغۇز بۇ جىلغىنىڭلا نامى «بۆرە جىلغا» دەپ ئاتىلىپ قالغان ؟

ھاشىم بوۋاي ئالدىدىكى قىمىزنى تازا بىر سۈمۈرۈپ ، ساقال- بۇرۇتىنى ئالقىنى بىلەن ئېرتىپ ، خىيالغا چۈشۈپ تۇرۇپ كەتتى - دە :

— بۇرۇن بۇ جىلغىنى «گۆر جىلغا» دەيتتۇق . ئۆزۈڭمۇ كۆردۈڭ ، بۇ جىلغىنىڭ يۇقىرى تەرىپى ناھايىتىمۇ چوڭقۇر ، قىش - ياز كۈن نۇرى چۈشمەي گۆردەك قاراڭغۇلىشىپ تۇرىدۇ . كېيىن نېمىشقا بۇ يەرنى «بۆرە جىلغا» دەيدىغان بولۇپ قالدى ؟ دېسەڭ ، بۇ ناھايىتىمۇ ئۇزۇن بىر ھېكايە ، — دېدى .

× ×

— بىز كىچىك چاغلاردا ، بۇ ئەتراپتا ياقۇپباي دېگەن بىر كاتتا باينىڭ ماللىرى يايلايدىغان ، — دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى بوۋاي ، — ياقۇپباينى مال - دۇنياسىنىڭ ھېسابىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدىغان چوڭ باي ، دەپ ئاڭلايتتۇق . باينىڭ يەنە باشقا يايلاقلاردىمۇ نۇرغۇن ماللىرى ، شەھەردە ھەشەمەتلىك سېلىنغان ئىچكىرى - تاشقىرى قورۇ - جايلىرى بار ئىكەن . تاشقىرىقى قورۇدا ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرى ، شەھەرگە ئىش - كۈش بىلەن چۈشكەن مالچىلار تۇراتتىكەن ؛ ئىچكەركى ياسىداق ئۆيلەردە باي ئۆزى چوڭ - كىچىك خوتۇنلىرى بىلەن تۇرىدىكەن . يەنە بىرقانچە يەرلەردە ئەنجان تاملار بىلەن قورشالغان چوڭ مېۋىلىك باغلىرىمۇ بار ئىكەن . راستىمنى ئېيتسام ، ياقۇپباي دېگەن ئاق ئادەممۇ ، قارىمۇ؟ بويى ئېگىزمۇ - پاكارمۇ؟ مەنمۇ كۆرۈپ باقمىغان . بىزنىڭ تولىراق كۆرىدىغىنىمىز ، باينىڭ يۈگۈر - يېتىم ئىشلىرىنى قىلىدىغان خىزمەتچىلىرى ئىدى . باينىڭ ھېساباتچىلىرى ھەر يىلى بىر - ئىككى قېتىم كېلىپ ، ئۆلگەن ، يىتكەن ، تۇغۇلغان ماللارنىڭ سانىنى دەپتىرىگە خەتلەپ ، مالچىلار بىلەن بولغان ھېساب - كىتابىنى پۈتتۈرۈپ كېتىشەتتى . ياقۇپباينى مەن تالا - تۈزگىمۇ چىقماي ، ساندۇقلىرىدىكى ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى شاراقلىتىپ ساناپلا ئولتۇرىدىغان ئادەممىكىن ، دەپ ئويلاتتىم .

ئۇ كەملەردە تاغنىڭ بۆرىلىرى ھازىرقىغا قارىغاندا ھەقىقەتەن كۆپ ئىدى . بۆرىلەر تۈتۈپ يەيدىغان ياۋايى ھايۋانلارمۇ يېتىپ ئاشاتتى . مالچىلارنىڭ ھەربىر قورۇ ماللىرىنى

قوغدايدىغان ئىشەكتەك يوغان ئىتلىرى بولىدىغان، بۆرىلەر ئېچىرقاپ بولالمىغان چاغلىرىدىلا مالچىلارنىڭ ماللىرىغا چېقىلاتتى. بەزىدە تاغ يوللىرىدا يالغۇز قالغان يولۇچىلارنى بۆرە يەپ قويىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولۇپ قالىدىغان. تەجرىبىلىك مالچىلار بۆرىلەرنىڭ دائىم ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان يوللىرىنى بىلەتتى. شۇنداق يەرلەرگە قاپقان قويۇپ بۆرە تۇتاتتى. تۇتقان بۆرىلىرىنى تۇلۇمچىلاپ سويۇپ، تېرىسىنى يىغىپ، شەھەردىكى ياقۇپبايغا كىرگۈزۈپ بېرىشەتتى. نېمىشقا دېسەڭ، ئۇ زامانلاردا قىشنىڭ سوغۇقى ناھايىتى قاتتىق، بايلار ياقىلىق بۆرە جۇۋىلارنى كىيىشنى ياخشى كۆرەتتى. بۆرىلەرنىڭ تېرىسىنى بايغا تاپشۇرىدىغان ئىشنى باينىڭ يايلاقتا پات - پات چىقىپ تۇرىدىغان ھېلىقى ھېساباتچى غالچىلىرى ئويلاپ تاپقانىدى. مالچىلار ياقۇپبايغا قارىغاندا ئۇنىڭ بۇ غالچىلىرىدىن بەكرەك قورقۇشاتتى. بۇ ئىككى پۇتلۇق بۆرىلەر تاغنىڭ تۆت پۇتلۇق بۆرىلىرىدىن يامانراق ئىدى. ئۇلار تاغقا ھەربىر چىققىنىدا كۈنگە بىرنەچچە قوينى سويۇپ يەپ، قايتقاندا يەنە ھارغىچە گۆشنى غانجۇغىلاپ مېڭىشاتتى. ئۆلتۈرۈلگەن بۇ قويلارنىڭ ھېسابىنى «بۆرە يېدى» دەپلا دەپتەرگە يېزىشاتتى. ئاندىن مالچىلارنىڭ تۇتقان بۆرىلىرىنىڭ تېرىسىنى ئاپىرىپ بايغا كۆرسىتىپ، زىياننىڭ ھەقىقەتەن بۆرىلەردىن بولۇۋاتقانلىقىغا ئىشەندۈرۈشەتتى.

ياقۇپبايغا ھەربىر يايلاقتىن مۇنداق كېلىپ تۇرىدىغان بۆرە تېرىلىرى ئازمۇ، دەيسەن، ئۇنىڭ ھەممىسىنى باي جۇۋا كىيىپ تۈگىتەلەمتى؟... ياقۇپباينىڭ يامۇلدىكى ئەمەلدارلار بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى ئىكەن. باي يىغىلغان بۆرە تېرىلىرىنىڭ ياخشىلىرىنى تاللاپ، يامۇلغا سوۋغات قىلىپ كىرگۈزۈپ

بېرەتتىكەن. شۇ چاغلاردا بۆرە تېرىسىدە جۇۋا كىيىش بىر مەزگىل ناھايىتى ئەۋج ئېلىپ كەتكەن، دېيىشىدۇ. ياخشى ئەيلەنگەن بۆرە تېرىسى كۆركەم، ئىسسىق ھەم يېنىك بولىدۇ، بايلار، ئەمەلدارلار، سۆلەتۋاز بايۋەچچىلەر، ئۇلارنىڭ خېنىملىرى ھەممىسى دېگۇدەك بۆرە جۇۋا كىيىدىغان بوپتىكەن. شۇ زاماننىڭ تىككۈچىلىرىنىمۇ بازار تالىشىپ، بۆرە جۇۋىنىڭ ئاجايىپ - غارايىپ پاسونلىرىنى ئويلاپ تېپىشقان، دېيىشىدۇ. بولۇپمۇ خېنىملارنىڭ جۇۋىلىرىنى تىككەندە تېرىنىڭ رەڭگى پار كېلىدىغانلىرىنى تاللاپ، ناھايىتىمۇ تۇجۇپىلەپ تىكەتتىكەن. بەزى تىككۈچىلەر تۇلۇمچىلاپ سويۇلغان ئىككى بۆرە تېرىسىنى تاللاپ، بۆرىنىڭ تۇمشۇق تەرىپىنى جۇۋا ياقىسىنىڭ ئىككى بېشىغا توغرىلاپ تىكىپ چىقىدىكەن، مۇنداق جۇۋىنى كىيگەن خېنىم ياقىسىنى تۈگمىلىسە، بۆرىنىڭ ئىككى تۇمشۇقى دەل خېنىمنىڭ ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان مەيدىسى ئۈستىدە بىر - بىرىگە تېگىپ، خۇددى ئىككى بۆرە بۇ خېنىمنىڭ يۇمشاق كۆكسىنى تالىشىپ بىر - بىرى بىلەن خىرىس قىلىپ تۇرۇشقاندەك ھەيۋەت كۆرۈنىدىكەن.

بىر يىلى تاغقا ناھايىتىمۇ قېلىن قار چۈشۈپ، قاتتىق سوغۇق بولدى. ئاچ قالغان بۆرىلەر قوتراپ بىزنىڭ بۇ قىشلاقچە يېتىپ كەلدى. كېچىسى مال قوتانلىرىغا تۇيۇقسىز يوپۇرۇلۇپ چۈشۈپ، قويلارنىڭ يېگىنىنى يەپ، يېمىگەنلىرىنى بوغۇپ قويۇپ كېتىشەتتى. يانپېشى، قۇيرۇقى يولۇۋېلىنغان بەزى قويلار ئېچىنىشلىق مەرەيتتى. بۆرىلەر توپلىشىپ كېلىپ ھۇجۇم قىلغانلىقتىن، مالغا قارايدىغان ھېلىقى يوغان ئىتلىرىمىزمۇ قۇيرۇقىنى قىسىپ، كاڭشىغىنىچە بۇلۇڭ - بۇلۇڭغا كىرىپ

كېتىشكەنىدى . بۇ پاراكەندىچىلىك بىرنەچچە قېتىم تەكرارلىنىپ زىيان چوڭىيىپ كەتكەندىن كېيىن ، چوڭلار شەھەرگە ئادەم كىرگۈزۈپ ، ئەھۋالنى بايغا خەۋەر قىلىشتى . بۇ ئىشنى ياقۇپبايغا بىرەرى مەسلىھەت قىلدىمۇ ياكى ئۆزىنىڭ خىيالىغا كەلدىمۇ ، بىلمىدىم ، بۆرىلەرنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان باي «نېمىشقا يامۇلدىكى چېرىكلەردىن بىرنەچچىسىنى ئېلىپ چىقىپ بۆرىلەرنى ئاتمايمىز» دېگەننى ئويلاپتۇ ، يامۇلدىكى ئەمەلدارلارمۇ باينىڭ ئۆتۈنۈشىنى يەردە قويماي ، چېرىكلەر ئىچىدىن بىر مەرگەننى تاللاپ چىقىرىپ بېرىپتۇ .

مەرگەننى قىشلاقتا ياقۇپباينىڭ ھېساباتچىلىرىدىن بىرى باشلاپ چىقتى . ئۇ چاغلاردا بۇ يەردە ئون نەچچە ئۆيلۈكلا مالچىلار بار ئىدى . ئۇلارنىڭ كۆرۈمسىز پاكار - پاكار ئۆيلىرى ئۇ يەر - بۇ يەردە تارقاق چوقچىيىپ تۇراتتى . مەرگەن چىققان كۈنى ھەممىمىز ئولىشىپ ئۇنى كۆردۇق . مەرگەن بەستلىك كەلگەن ، ساقاللىق ، چىرايى قارىداپ كەتكەن بىر ئادەم ئىكەن . بېشىدا كونا بىر پاختىلىق قۇلاقچا ، ئۇستىگە كۈل رەڭ جۇۋا ، پۇتىغا كېلەڭسىز بىر يوغان ئۆتۈك كىيىۋاپتۇ . مۈرىسىدە سېپى ئۇزۇن بىر قارا مىلتىق ، يېنىدىكى ئات قېتىلغان چانىدا ئاددىي بىر يۇك - تاق ، كونا بىر چېلەكنىڭ ئىچىدە پىچاق ، چۆمۈچ ، قاچا - قومۇچ دېگەندەك نەرسىلەر تاشلىنىپ ياتاتتى . قىشلاقنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە سىتپان دەيدىغان بىر ئورۇسنىڭ ياغاچ ئۆيى بولىدىغان ، بۇ ئورۇس بەزى يىللىرى بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ بۇ يەرگە چىقىپ ، ياغاچ ئۆيىنىڭ ئەتراپىدىكى مۇنبەت يەرلەرگە ياڭيۇ تېراتتى . رەڭمۇرەڭ تاغ گۈللىرى ئېچىلىپ كەتكەن دۆڭلۈكلەرگە ساندۇقلارنى قويۇپ ھەسەل

ھەرىسى باقاتتى؛ بەزىدە بولسا يىللاپ نەلەرگىدۆر يوقىلىپ كېتەتتى. بۇ قىشلاقتىكى تۇزۇكرەك ئۆيمۇ شۇ سىتىپانىنىڭ ياغاچ ئۆيى ئىدى. چوڭلار مەسلىھەتلىشىپ، مەرگەننى شۇ ئۆيگە ئورۇنلاشتۇردى.

يامۇلدىن چىققان ھېلىقى چېرىكنىڭ ئىسمىنىڭ نېمىلىكى ھازىرمۇ ئېسىمدە يوق، ئىشقىلىپ بىز ئۇنى «مەرگەن بېگىم»لا دەيتتۇق. نېمىشقا دېسەڭ، ئۇ نېمىلا بولمىسۇن ھۆكۈمەت ئادىمى ـ دە، ئۇنىڭ ئۇستىگە قولىدا مىلتىقى بار. شۇڭا ئىسمىنى چاقىرىشنى بىئەپ كۆرەتتۇق. ئۇنىڭ يېشى شۇ چاغلاردا قىرىقلاردا بارمىتىكىن، ئۆكەملەردە يامۇللاردا مۇشۇنداق قېرى چېرىكلەرمۇ بولاتتىكەن. باشقىلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئىلگىرى جەڭلەردە خېلى خىزمەت كۆرسەتكەن مەرگەن ئادەم ئىكەن. لېكىن، قىمار ئويناپدىغان، ئەپيۇن چېكىدىغان قالايمىقان ئىشلىرى كۆپ بولغاچقا، زادىلا مەنسىپى ئۆسۈپ باقماپتىكەن.

مەرگەن قىشلاقتا كېلىپ بىرەر بۆرە ئېتىپ باقمىدى. ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك چىقىپ ئەتراپلارنى ئايلىنىپ، پاك ـ پۇك قىلىپ بىرنەچچە پاي ئوق ئېتىپ قويۇپ ياغاچ ئۆيگە قايتىپ كېلەتتى. ئۇ بىرنەچچە قىرغاۋۇل، ياۋا توشقان دېگەندەك نېمىلەرنى ئاتتى. بىز ئۇنىڭ مەرگەنلىكىگە ئىشىنىپ قالدۇق. ئۇ نېمىنىلا ئاتسۇن، دەل بېشىنى چېنەپ يىقىتاتتى. قىشلاقتىكىلەر ئۇنىڭ كەلگىنىگە خۇشال بولۇشتى. بۆرە دېگەن مىلتىق ئاۋازىغا سەزگۈر كېلەمدۇ، بىلمىدۇق، مەرگەن بۇ يەردە پەيدا بولغاندىن كېيىن، قىشلاقتا بۆرىمۇ كېلىپ باقمىدى.

ئۇ چاغلاردا مېنىڭمۇ بۆرۈتلىرىم خەت تارتىپ، يىگىت

بولۇپ قالغان ۋاقتىم . قىشلاقتىكى مەن دېمەتلىك بىرنەچچەيلەن زېرىككەندە مەرگەن بېگىم تۇرغان ياغاچ ئۆيگە بېرىپ ، مەرگەن بېگىمنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلايتتۇق . قاچانلا كىرسەك ، ئۇنىڭ مىلتىقىنى سۈرتۈپ ئولتۇرغىنىنى كۆرەتتۇق . ئېغىر قارا مىلتىقىنى قولدىن - قولغا ئېلىپ ھەۋەسلىنىپ تۇتۇپ باقاتتۇق . مەرگەن بېگىم يەنە مىلتىقنى قولىمىزدىن ئېلىپ يېنىغا قويۇپ قوياتتى . ماڭا بۇ ئادەمنىڭ شۇ قارا مىلتىقدىن باشقا ئەزىز نېمىسى يوقتەك بىلىنەتتى...

مەرگەن بېگىمنىڭ گەپلىرىمۇ ناھايىتى قىزىق ئىدى . ئۇ يامۇلدا كۆپرەك گۇندىخانىدىكى جىنايەتچىلەرگە قارايدىكەن . بۇ گۇندىخانا دېگەندە ، ئوغرى ، قىمارۋاز ، قاتىل ، رەمچى ، ئالدامچى دېگەندەك ھەممە خىلدىكى ئادەملەر بولىدىكەن . گۇندىخانىنىڭ ئۆزىمۇ ئاجايىپ بىر دۇنيا ئىكەن . كېچىسى ئۇ يەردە قىمار قىزىپ كېتىدىكەن . گۇندىپايلارنىڭ ئۆزىمۇ جىنايەتچىلەر بىلەن قوشۇلۇپ قىمار ئوينايدىكەن . ئوتتۇرىدا پۇل تۈگەپ قالسا ، يانچۇقچى - ئوغرىلارنى سىرتقا پۇل ئوغرىلاپ كېلىشكە چىقىرىدىكەن . ئۇ يەردە يىللاپ يېتىۋېرىپ ، جىنايەتچىلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى شۇنچىلىك بېزەپلىشىپ كېتەرمىش ، پىتلارنىڭ چاققىنىغا چىدىماي كىيىمىنى سېلىپ يېنىغا قويۇپ قويسا ، مىغىلدىشىپ كەتكەن پىتلار كىيىمىنىمۇ كۆتۈرۈپ ماڭىدىكەن...

شۇنداق قىزىق پاراڭلارنى ئاڭلاپ بەزى كۈنلىرى مەرگەن بېگىمنىڭ قېشىدا تۈن يېرىمىغىچە ئولتۇرۇپ قالاتتۇق . قايتقاندا مەرگەن بېگىم بىزنى ئۇزىتىپ چىقىپ ، پاڭ - پۇڭ قىلىپ ئۇياق- بۇياققا يەنە بىرنەچچە پاي ئوق ئېتىۋېتىپ كىرىپ كېتەتتى .

يازغا چىققاندا مەرگەن بېگىم مالچىلار بىلەن بىللە تاغقا كۆچۈپ چىقتى . قىمىز ، سۈت ـ قايماق ئىچىپ ، گۆش يەپ ، رەڭگىرويىغا خېلىلا قىزىللىق يۈگۈرۈپ ، ئوبدانلا بولۇپ قالدى . ئۆزىمۇ بۇ يەرگە ئۆگىنىپ قالغان بولۇپ ، يامۇلغا زادىلا قايتقۇسى يوق ئىدى . مالچىلار قاپقانلىرىغا چۈشكەن بۆرىلەرنىڭ تېرىسىنى ئەمدى مەرگەن بېگىمگە ئەكېلىپ تاپشۇرۇشاتتى . بېگىم ئۆزى «مۇنىڭدىن كېيىن بۆرە تېرىلىرىنى ماڭا ئەكېلىپ تاپشۇرۇڭلار» دەپ بۇيرۇغانىدى . ئۇ يامۇلدىكىلەرنىڭ ئۆزىنى يامۇلغا ئەكېتىشىدىن ئەنسىرەپ ، يىغىلغان بۆرە تېرىلىرىنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا يامۇلغا ئەۋەتىپ ، تاغدا بۆرىلەرنىڭ تېخى تۈگىمىگەنلىكىنى ئېيتىپ ، ئۆزىنىڭ بۇ يەردە داۋاملىق تۇرۇشى لازىملىقىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى . يامۇلنىڭ سېپىلى ئۈستىدە پىت بېقىپ ئولتۇرغانغا قارىغاندا ، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بۇ يەردىكى كۈنى مىڭ مەرتىۋە ياخشى ـ دە !...

شۇ يىلى يازدا ، يامۇلنىڭ ئەمەلدارلىرىمۇ يايلاققا كېلىپ بىر ـ ئىككى كۈن تۇردى . ياقۇپباينىڭ خىزمەتچىلىرى ئالدىن چىقىپ ، مېھمانلار ئۈچۈن سويۇلىدىغان مال ۋە باشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەييارلاشتى . مەرگەن بېگىممۇ تەرلەپ ـ پىشىپ ، يۈگۈرۈپ يۈرۈپ يامۇلدىن چىققان ئەمەلدارلارنى كۈتتى . قىشچە بۆرە جۇۋىسى كىيىپ چىققان بۇ ئەمەلدارلار ئۇنىڭدىن تاغدىكى بۆرىلەر توغرىسىدا ئۇنى ـ بۇنى سورىغان بولسا كېرەك ، راستىنى ئېيتقاندا ، مەرگەن بېگىم تاغدىكى بۆرىلەر زادى نەدىن پەيدا بولۇپ قېلىشىدۇ ۋە يەنە قايسى بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلارغا كىرىپ غايىب بولۇپ كېتىدۇ ؟ ئۇلارنىڭ ئۇۋىسى نەدە ؟ توپ ـ توپ بولۇپ يۈرەمدۇ ، يەككە يۈرەمدۇ ؟... بۇ ئىشلار توغرىسىدا ھېچنېمە

بىلمەيتتى . ئۇ ئەمەلدارلارنى باشلاپ ، گۆر جىلغىسىنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ : «مانا ، بۆرىلەر مۇشۇ چوڭقۇر جىلغىنىڭ ئىچىدە ياشايدۇ» دەپ كۆرسەتكەن ئوخشايدۇ . ئۆزۈڭ بىلىسەن ، تاغنىڭ يۇقىرىسىدىكى ئېگىزلىكتىن تۇرۇپ بۇ جىلغا ئىچىگە قارىغاندا ھەقىقەتەن ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ . چوڭقۇر جىلغىنىڭ ئاستىدىكى گۈلدۈرلەپ ئېقىۋاتقان سۇنىڭ بوغۇق ئاۋازى تاغ شامىلىنىڭ تىك قىيالارغا ئۇرۇلۇپ قايتقان ئەكس ساداسى بىلەن قوشۇلۇپ ، قۇلاق سالغان ئادەمگە بۆرىلەرنىڭ ئاسمانغا قاراپ ھۇۋلاشقىنىدەك قورقۇنچلۇق ئاڭلىنىدۇ . يامۇلدىن چىققانلار باشلىرىنى لىڭشىتىپ قايىل بولۇپ قايتىشىپتۇ .

ئىككىنچى يىلى قىش ، قېلىن قار چۈشكەندە مەرگەن بېگىم راستتىنلا بىر بۆرىنى ئېتىۋالدى . ئۇ بۆرىنى قەيەردە ئاتتى ، قانداق قىلىپ ئېتىۋالدى ، بىلمىدۇق ، ئوق بۆرىنىڭ مېڭىسىگىلا تەگكەنىدى . بىز ئۇنىڭ تاغ تەرەپتىن ئوق يېگەن بۆرىنى مۈرىسىگە ئارتىپ كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق . مەرگەن بېگىمنىڭ دۇمبىسى ، چاپىنىنىڭ يەڭلىرى بۆرە قېنى بىلەن بويالغانىدى . ئۇ ياغاچ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە «ئاكاڭ قارىغاي قانداق ؟» دېگەنىدەك ئەتراپقا قارىۋېتىپ ، بۆرىنى ياغاچ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى چولاق تېرەكنىڭ يېنىغا تاشلىدى . ئاندىن ئۆيدىن بىر پىچاقنى كۆتۈرۈپ چىقىپ بۆرىنى بوغۇزلاپ ، تېرىسىنى ئاجراتقىلى تۇردى . ئۇ تولۇمچىلاپ سويۇش دېگەنلەرنى بىلمەيتتى . ئاۋۋال بۆرىنىڭ بېشىنى كېسىۋېلىپ ، يىراققا پىرقىرىتىپ تاشلىدى ، ئاندىن ئۇنىڭ تېرىسىنى ئاجرىتىۋېلىشنىمۇ قاملاشتۇرالماي ، ئۇدۇل كەلگەن يېرىدىن كېسىپ ھەر تەرەپكە ئاتتى . ئاخىرىدا ئۇنىڭ قولىدا بۆرىنىڭ

ئىككى پاچىقى قالدى . ئۇ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ خېلى ئۇزاق ھەپىلىشىپ ، ھېلىقى پاچاقلاردىن ئىككى تال بۆرە ئۇشۇقىنى چىقىرىۋالدى . بىز ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ :

— بېگىم ، بۇ ئۇشۇقلارنى نېمە قىلىسىز ؟ — دەپ سورىدۇق .

ئۇ بۆرە ئېتىشنىڭ ئېپىنى ئەمدى بىلىۋالغانلىقىنى ، بۇنىڭدىن كېيىن ھەربىر ئاتقان بۆرىسىنىڭ ئۇشۇقىنى مۇشۇنداق چىقىرىۋېلىپ ، تېشىپ يىپقا ئۆتكۈزۈپ بويىنىغا ئېسىۋالىدىغانلىقىنى ئېيتتى . بۇ ئۇنىڭ ئۆلتۈرگەن بۆرىلىرىنىڭ نىشانى بولىدىكەن . بۆرە ئۇشۇقىنى بويىنىغا ئېسىۋالغان ئادەمگە بالا - قازا يېقىن يولىماسمىش...

نېمە بالا بولغانلىقىنى بىلمىدۇق . شۇ كېچىسى مەھەللىنىڭ ئەتراپىغا بۆرە يېغىپ كەتتى . قورقۇپ كەتكەن ئىتلار كاڭشىغىنىچە ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇراتتى . قوتاندىكى قويلار دۈپدۈگىلەك دائىرە بولۇشۇپ تېپىرلىشاتتى . ئاتلار پۇشقۇرۇپ قاتتىق كىشنىشەتتى . مالچىلار قوتانلارنىڭ ئالدىغا گۇلخانلارنىڭ يېقىۋېتىشتى . ئاپئاق ئايدىڭ قىش كېچىسى ئىدى . بۆرىلەرنىڭ مەھەللىنىڭ يۇقىرىسىدا — مەرگەن بېگىم تۇرغان ياغاچ ئۆينىڭ ئەتراپىدا ھەرىكەتلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگىلى بولاتتى . بىز «مەرگەن بېگىمگە ئەمدى تازا بۆرە ئاتىدىغان پۇرسەت كەلدى» دەپ ئويلىۋىدۇق ، نېمىشقىدۇر زادىلا مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلىمىدۇق . بۆرىلەر ياغاچ ئۆينىڭ ئەتراپىنى توختىماي پىرقىرىشاتتى . چولاق تېرەك ئاستىدىكى مەرگەن بېگىم كۈندۈزى بۆرە سويغان يەرنى تاتىلاپ ، تۇمشۇقلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، دەھشەتلىك ھۇۋلىشاتتى...

تاڭ يورۇغاندا ئەتراپ جىمىپ قالدى . ئۆيلىرىمىزدىن بىر-بىرلەپ تالاغا چىقىشتۇق . قىزىق يېرى ، بۇ كىچە بۆرىلەر ھېچكىمنىڭ مېلىغا چېقىلماپتۇ ، يۇگۇرۇشۇپ ياغاچ ئۆي تەرەپكە باردۇق . بۆرىلەر چولاق تېرەكنىڭ ئاستىنى تىلغاپ ، خامان چۆرىگەندەك قىلىۋېتىپتۇ . ياغاچ ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئىتتەردۇق ، ئىشىك ئىچىدىن مەھكەم تاقىۋېلىنغانىكەن ، دېرىزىدىن قاراپ مەرگەن بېگىمنىڭ ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا مىلتىقىنى مەھكەم قۇچاقلاپ ، غال - غال تىترەپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۇق . بىزنى كۆرۈپ ئۇ تامنى تىرەپ تەستە ئورنىدىن تۇردى ، پۇتلىرىنى سۆرەپ مېڭىپ ئىشىكنى ئېچىپ چىقتى . كىچىچە كۆز يۇممىغان بولسا كېرەك ، كۆزلىرى قىزىرىپ ، مەڭزلىرىنىڭ گۆشى قېچىپ ياڭىقىغا چاپلىشىپلا قالغان ، بىر كېچىدىلا ساقال - بۇرۇتىغا ئاق كىرىپ چارلىشىپ كەتكەنىدى .

— بۇ - بۇ - بۇگۇن كېچە نېمە بولغانلىقىنى تۇ - تۇ - تۇيدۇڭلارمۇ ؟ — دېدى ئۇ .

— تۇيدۇق ، مەھەللىگە بۆرە كەلدى ، — دېدۇق بىز .

— بىرەر يۈز - يۈزچە ، بىرەر مىڭچە بۆرە ، — دېدى ئۇ خۇددى ئۇخلىماي كېچىچە بۆرە ساناپ چىققاندەك ، — بۇ ئۆينىڭ ئەتراپىدىن نېرى كەتمەي ، ھۇۋلاپ ساراڭ قىلىپ قوياي دېدى . دېرىزىدىن قارىسام ، ھېلىقى مەن بوغۇزلاپ تاشلىۋەتكەن بۆرىنىڭ بېشى ئىشىكنىڭ ئالدىدىلا سەكرەپ يۈرۈپتۇ . قاراپ تۇرسام ، ئۇ بىردەمدىلا يوغان بىر كۆك بۆرىگە ئايلىنىپ ، ئۆي تەرەپكە قاراپ كەلدى . دېرىزىگە ئۆرە بولۇپ چاپلىشىۋېلىپ ، چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ زادىلا نېرى كەتمىدى .

— نېمىشقا ئاتمىدىڭىز ؟— دەپ سورىدۇق ھەممىمىز تەڭلا .

— ئاتتىم، مىلتىق زادىلا پىستان چاقمىدى...

ئۇ شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ قولىدىكى مىلتىقنىڭ تەپكىسىنى يەنە باسقان بولسا كېرەك، مىلتىق گۈملا قىلىپ ئېتىلىپ كەتتى. مەرگەن بېگىم مىلتىقنى تاشلاپ، ئۆينىڭ تېمىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ چىرايى مۇردىدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى. بىزمۇ قورقۇپ كەتتۇق. يەردە ياتقان مىلتىقنىڭ ئېغىزىدىن كۆكۈچ ئىس چىقىپ، ئەتراپقا مىلتىق دورىسىنىڭ ھىدىنى تارقىتىپ تۇراتتى.

شۇنىڭدىن باشلاپ مەرگەن بېگىم كۆزىمىزگە سەل غەلىتە بولۇپ قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بىر كۈنى ئۇ كۈپكۈندۈزدىلا مەھەللە ئىچىگە يۈگۈرۈپ كېلىپ، بىزنى ۋارقىراپ چاقىردى. يۈگۈرۈشۈپ يېنىغا باردۇق.

— مەن ھازىر جىلغا تەرەپتىن كەلدىم، — دېدى ئۇ، — جىلغىنىڭ ئىچىگە بىر توپ بۆرىلەر يىغىلىۋاپتۇ، ئارىسىدا بىرى ھېلىقى كۈنى مېنىڭ دېرىزەمگە چاپلىشىپ تۇرۇۋالغان يوغان كۆك بۆرە، ھەممىسىنىڭ باشلىقى شۇ ئوخشايدۇ، ئوتتۇرىدا پۇرقىرىتىپ تاماكا چېكىپ تۇرىدۇ. قالغانلىرىنىڭ قانداقتۇر بىر چۈشىنىكسىز تىلدا پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. تېخى بىرى مەن تەرەپنى شەرەتلەپ، «ئاۋۇنىڭ دۈمبىسىدىكى، قوللىرىدىكى نېمە قان!» دەپ ۋارقىرىدى. قورققىنىمدىن ئۇدۇل بۇ يەرگە قاراپ قاچتىم...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بىز نېمە دېيىشىمىزنى بىلمەي، ئۇنىڭغا ھاڭۋاققىنىمىزچە قاراپلا قالدۇق. ئىچىمىزدە «بۇ بىچارە راستتىنلا ئېلىشىپ قېلىۋاتامدۇ، قانداق؟» دەپ ئويلىدۇق. يەنە بىر كۈنى، ئۇ بىزدىن:

— بۈگۈن نېمە ئىشلارنىڭ بولغانلىقىنى تۇيدۇڭلارمۇ ؟ — دەپ سورىدى .

شۇ كۈنى كېچە ناھايىتى تىنچ ئۆتكەنىدى .

— تۇيمىدۇق ، نېمە ئىش بولدى ؟ — دېيىشتۇق .

ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، قوللىرىغا مىلتىق تۇتقان توپ - توپ بۆرىلەر سەپ بولۇپ تىزىلىپ ، كېچىچە ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا گۇلدۇرلەپ مېڭىپ چىقىپتۇدەك . سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدا يېنىغا تاپانچا ئېسىپ ، پۇشتەك چېلىپ كېتىۋاتقىنى ھېلىقى كۆك بۆرە ئىمىش… گېپىنىڭ ئاخىرىدا ئۇ :

— مەن يامۇلغا خەۋەر قىلىمەن . بۇ يەرگە بىر پەي چېرىك يۆتكەپ كەلمىسە بولمىغۇدەك ، — دېدى .

ئارىدا ئۇ بىر - ئىككى كۈن يوقىلىپ كېتىپ پەيدا بولۇپ قالدى . ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇ شەھەرگە كىرىپتۇ . تۇۋا دەيدىغان ئىش ، قارىسا شەھەر كوچىلىرىدىمۇ بۆرىلەر مېڭىپ يۈرگۈدەك ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر - ئىككىسىنىڭ چىرايى تونۇشتەك قىپتۇ . تازا زەن سالسا ، يازدا مۇشۇ يەردىن سويۇپ تېرىسىنى يامۇلغا كىرگۈزۈپ بەرگەن بۆرىلەر ئىمىش… يەنە بىر دۇكاننىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ئىككى بۆرىنى كۆرۈپتۇ . بىرى بەكمۇ قېرىپ كەتكەن بۆرە ئوخشايدۇ ، ھاسا تايىقىنى چاترىقىغا قىسىپ ، يەرگە قاراپ ئولتۇرۇپتۇ . يېنىدىكى ياشراق بىر بۆرە مەرگەن بېگىمگە ھەدەپ كۆزىنى قىسىپ ، ئۇنى شەرەتلەپ يېنىغا چاقىرىپتىمىش…

مەرگەن بېگىم يامۇلغا كىرىپ ، بۇ گەپلەرنى قىلىپ بەرگەنىكەن ، يامۇلدىكى ئەمەلدارلار باشتا ھەيران بوپتۇ ، ئاندىن قورساقلىرىنى تۇتۇپ تازا كۈلۈشۈپتۇ . ئۇلار :

— هە ، سېنىڭ ھېلىقى ئەپيون چېكىدىغان كونا كېسىلىڭ يەنە قوزغىلىپتىمۇ نېمە ؟

— ھېلىقى بۆرىنىڭ سېنى كۆز قىسىپ شەرەتلىگىنىگە قارىغاندا ، سېنىڭ بويتاقلىقىڭنى بىلىپ قالغان چىشى بۆرىمۇ قانداق ؟ — دېيىشىپتۇ .

ئىشقىلىپ ، بۇ بىچارىنىڭ كاللىسىدا ھازىر بۆرە بىلەن بۆرە جۈۋسى كىيگەن ئادەملەر ، جەڭ مەيدانىدىكى قورال تۇتۇپ سەپ بولۇپ ماڭغان چېرىكلەر بىلەن ئۆينىڭ ئەتراپىدا ھۇۋلىغان بۆرىلەر... ئوڭى بىلەن چۈشى ، ئۆتمۈش بىلەن ھازىرنىڭ ھەممىسى ئارىلىشىپ كەتكەنىدى . ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندا بىزمۇ كۆلۈۋېتىشتىن ئۆزىمىزنى ئارانلا تۇتۇپ تۇرۇشاتتۇق ، ئۇ يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىن ، ياقىمىزنى تۇتۇپ تازا كۈلۈشەتتۇق .

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن تېخى كۈن يورۇقلا ۋاقىت ئىدى . تۇيۇقسىز ئېتىلغان بىرنەچچە پاي ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق . ئارقىدىنلا مەرگەن بېگىم ياغاچ ئۆيدىن چىقىپ ، يۈگۈرگىنىچە بىزنىڭ يېنىمىزغا يېتىپ كەلدى . ئۇ ھېلىقى ئىككى تال بۆرە ئوشۇقىنى يىپقا ئۆتكۈزۈپ بوينىغا ئېسىۋالغانىدى .

— سىلەر مەن دېسەم ئىشەنمىدىڭلار ، شۇنداققۇ ، ئىشەنمىدىڭلار ، تېخى كۈلدۈڭلار ، كۈلدۈڭلار... — دېدى ئۇ .

— بېگىم ، نېمىگە ئىشەنمىدۇق ، نېمىگە ؟ — دەپ سورىدۇق بىز ئۇنىڭ باش ـ ئايىغى يوق سۆزلىرىنى چۈشەنمەي .

— بۆرىلەر سەپ بولۇپ كېلىۋاتىدۇ ، دېسەم... مانا مەن ئۇلارنى ئېتىپ تاشلىدىم .

— نېمىنى ئېتىپ تاشلىدىلا ؟

— سەپ بولۇپ كېلىۋاتقان بۆرىلەرنى…

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە ، قىشلاقنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە قاراپ يۈگۈردى . بىزمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈشتۇق . يىراقتا بارمايلا ئاپئاق قار ئۈستىدە ياتقان قارا نەرسىنى كۆردۇق . بېرىپ قارىساق ، ئوق يەپ يىقىلغان ئىككى ئادەم ئىكەن . ئۇلارنىڭ ئۇچىسىدا ياقىلىق ئېسىل بۆرە جۇۋىلىرى تۇرۇپتۇ .

ئەسلىدە ئۇلار يامۇلنىڭ ئادەملىرى ئىكەن . بىزنىڭ قىشلاققا يېقىن بىر يېزىغا كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن چىقىپ ، هاراقنى تازا ئىچىشىپتۇ .ئاندىن قىشلاقتا تۇرۇۋاتقان مەرگەن بېگىمنى ئېسىگە ئېلىشىپتۇ ، ئۇنىڭ يامۇلغا كىرىپ دېگەن هېلىقى غەلىتە گەپلىرىنى قىلىشىپ تازا كۇلۇشۇپتۇ ، كەيپچىلىكتە : «يۈرۈڭلار ، شۇ مەرگەننىڭ قېشىغا بېرىپ ، ئۇنىڭ تاپانچا ئېسىپ يۈگۈرۈپ يۈرگەن بۆرىلىرىنى بىر كۆرۈپ باقمايمىزمۇ !» دېيىشىپ قىشلاققا قاراپ مېڭىشىپتۇ . بۇ چاغدا قىشلاقتىن باشقا يېزىلارغا بارىدىغان يوللارنى قار ئېتىۋەتكەنىدى . ئۇلارنىڭ چانىغا قاتقان ئېتى يېرىم يولغا كەلگەندە ماڭالماي قالغاچقا ، چانىنى تاشلاپ قار كېچىپ ، بىرىنىڭ ئىزىنى بىرى بېسىپ قاتارلىشىپ كېلىۋاتقانىكەن . مەرگەن بېگىمنىڭ كۆزىگە بۇلار يىراقتىن سەپ بولۇپ كېلىۋاتقاندەك بۆرىلەرگە ئوخشاپ كېتىپتۇ ـ دە ، ئېتىپ تاشلاپتۇ . ئۇلارنىڭ ئالدىدىكىلىرى يىقىلىپ ، قالغان بىرنەچچىسى ئارقىغا قاراپ قېچىپتۇ .

بىز ئۆلۈكلەرنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتۇق . مەرگەن بېگىمگە سوئال نەزىرىمىزدە قاراشتۇق . ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قان تولغانىدى . ئۇ هېلىمۇ ئادەمنى ئاتتىم ، دەپ ئويلىمىسا كېرەك :

— تۇۋا ، بۇ بۆرىلەر قاچاندىن بېرى ئىككى پۇتلاپ ئۆرە ماڭىدىغان بولۇپ قالدى ؟… بۆرە دېگەن زادى ئىككى پۇتلاپ ماڭاتتىمۇ ، تۆت پۇتلاپمۇ ؟ … — دەپ بىر ئالدىغا ، بىر كەينىگە ماڭاتتى .

«ئەمدى بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولاركىن ؟» دەپ ھەممىمىز ئەنسىرەشتۇق . شۇ كېچە ھېچكىم ئۆيدىن چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى . تاڭ سەھەردە ۋاڭىلداپ ئېتىلغان ئوقلارنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىشتۇق . تۈنۈگۈن مەرگەن بېگىمنىڭ ئوقىدىن ئامان قېلىپ قېچىپ كەتكەن بىرنەچچەيلەن يامۇلغا : «تاغدا راستىنلا مىلتىق ئاسقان بۆرىلەر پەيدا بولۇپ قاپتۇ ، ئىككى ئادىمىمىزنى ئېتىپ تاشلىدى» دەپ خەۋەر يەتكۈزگەن چېغى ، قىشلاقنىڭ ئەتراپىنى چېرىكلەر قورشىۋالغانىدى ، ئۇلار ھەر تەرەپكە قارىسىغىلا ئوق ئۈزەتتى . ياغاچ ئۆي تەرەپتىن مەرگەن بېگىمنىڭ ئاندا ـ ساندا ئېتىپ قويغان ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالاتتى . مەرگەن بېگىم ھېلىمۇ بۆرىلەر بىلەن جەڭ قىلىشىۋاتىمەن ، دەپ ئويلىسا كېرەك ، ئۇنىڭ ھەربىر ئاتقان ئوقى بىر چېرىكنىڭ جېنىغا زامىن بولاتتى .

شۇنداق بىرەر سائەت ئېتىشقاندىن كېيىن ، چېرىكلەر مەھەللە ئىچىگە بېسىپ كىردى . ئۇلار ھويلا ـ ھويلىلاردىن ئالدىغا ھاۋشىپ چىققان ئىتلارنى ئېتىپ تاشلاپ ، مالچىلارنىڭ ئۆيلىرى ، مال قوتانلىرىنى قويماي ئاختۇرۇشتى . ئۇلارنىڭ زادى نېمە ئىزدەۋاتقانلىقىنى بىزمۇ بىلمىدۇق . ئاندىن ئۇلار مەھەللىدىن چىقىپ ، چولاق تېرەك يېنىدىكى ياغاچ ئۆينى قورشاپ قاتتىق ئوققا تۇتۇشتى . بۇ چېرىكلەر ئۆزىنىڭ ئادىمى بىلەن ئېتىشىۋاتقانلىقىنى بىلەمدۇ ، بىلمەمدۇ ، ياكى ئۇلارمۇ

بۆرىلەر بىلەن جەڭ قىلىۋاتىمىز ، دەپ ئويلاۋاتامدۇ؟ بۇ تەرەپلىرى بىزگە نامەلۇم . يەنە بىر قىسىم چېرىكلەر مىلتىقلىرىنى پاشىلدىتىپ ئېتىپ جىلغا تەرەپكە قاراپ ماڭدى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى زادى بۆرە دېگەننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنىمۇ كۆرۈپ باقمىغان بولسا كېرەك ۋە بەلكىم بەزىلىرى «بۆرە دېگەن ئۈچۈپ يۈرىدىغان نېمە» دەپمۇ ئويلايدىغاندۇ ، ئىشقىلىپ ، ئۇلار ئالدىغا ئۇركۇپ چىققان تۈلكە ، ياۋا توشقان ، «پالاقىدە» قانات قېقىپ ئۇچقان تاغ قۇشلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئوق ئاتاتتى . ھەقىقەتەن كۈلكىلىك بىر جەڭ بولدى . مانا «بۆرە جىلغا» دېگەن نام ئەنە شۇ ۋەقەدىن كېيىن قالغان .

× ×

ھاشىم بوۋاي ھېكايىسىنى تۈگىتىپ ، ئالدىدىكى قىمىزنى بىر - ئىككى ئوتلىدى ، ئاپقۇرلارغا يەنە قىمىز قۇيدى .

— ھېلىقى مەرگەن بېگىم قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدىم مەن تاقەتسىزلىنىپ .

— ھە ، مەرگەن بېگىمما؟... مەرگەن بېگىمنى ئۇنتۇپتۇق-ھە ، — دېدى بوۋاي ، — ئۇنىڭ گېپىنى سورىساڭ كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ... چېرىكلەر ياغاچ ئۆينى تازا ئوققا تۇتۇپ ، ياغاچ ئۆي تەرەپتىن بىرەر شەپە بولمىغاندىن كېيىن ، ئاستا بېرىپ دېرىزىدىن قارىشىپتۇ . قارىسا ئۆينىڭ ئىچىدە مەرگەن بېگىم كۆرۈنمەسمىش .

— مەرگەن بېگىم قېچىپ كېتىپتىمۇ؟

— بىلمىدۇق . ئۆيدە بىر كۆك بۆرە مىلتىقنى سۈرتۈپ

بەخىرامان ئولتۇرغۇدەك...

— كۆك بۆرە دەمسىز ؟

— ھە ، كۆك بۆرە ، ھېلىقى تاپانچا ئېسىپ ، پۈشتەك چالىدىغان بۆرە شۇ بولسا كېرەك . دېرىزىدىن بىرىنچى بولۇپ قارىغان چېرىك قورقۇپ ھوشىدىن كېتىپتۇ ، ئارقىدىن كەلگەنلىرىمۇ ھەيران بولۇپ قېتىپ تۇرۇپ قېلىشىپتۇدەك . كۆك بۆرە مىلتىقنى مۈرىسىگە ئېسىپ ، ئۆيدىن خاتىرجەم چىقىپ كېتىپتىمىش .

— نېمە دەيدىغانسىز ، بوۋا ، مۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ ؟

— ئۇلارنىڭ گېپىگە مەنمۇ ئىشەنمىدىم ، — دېدى بوۋاي ، — شۇ كۈنى كەچكە يېقىن چېرىكلەر بۇ يەردىكى جەڭنى بولدى قىلدى . بىر مالچىنىڭ چانىسىنى ئارىيەت ئېلىپ ، ئۇنىڭغا يارىملىق بىر ئاتنى قاتتى . ياغاچ ئۆيدىن مەرگەن بېگىمنىڭ قالدى - قاتتى بىرنېمىلىرىنى ئاچىقىپ چانىغا تاشلاشتى . يەنە كىگىزگە ئورالغان ئۇزۇن بىرنەرسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ باستى . مەن ئۇنى جەسەتمىكىن ، دېدىم . نېمىشقا دېسەڭ ، كىگىزنىڭ بىر بېشىدىن چىقىپ قالغان بىر تال ئاق يىپنى كۆرۈپ قالدىم . يىپنىڭ ئۇچىدا ئىككى تال بۆرە ئوشۇقى پۇلاڭلاپ ئېسىلىپ تۇراتتى...

1998 - يىل ، ئۈرۈمچى

# ئوت كەتكەن دەريا

يازنىڭ دىمىق بىر كۈنى . ئاززاق سالقىنداش ئۈچۈن ئاممىۋى باغچىغا كىرىپ ، بىر ئېرىقنىڭ يېنىغا قويۇلغان يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا ئەمدىلا كېلىپ ئولتۇرۇۋىدىم ، بىرى ئىسمىمنى ئاتاپ چاقىرغاندەك قىلىپ قالدى . بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام ، روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرى سەيدۇللا ئاكا . چۆچۈپ كەتتىم . بۇ ئادەم تېخى نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئۆلۈپ كەتكەنىدى . بىچارە ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىنى بىلمەمدۇ ، قانداق ؟ يىراقتىنلا قولىنى پۇلاڭلىتىپ :

— ھەي ، يازغۇچى ئەپەندىم ، يازغۇچى ئەپەندىم ! ... — دېگىنىچە ماڭا قاراپ كېلىۋاتاتتى .

«چۈش كۆرۈۋاتىمەنمۇ ، قانداق ؟» دەپ كۆزۈمنى يۇمۇپ - ئېچىپ چىمچىقلىتىپ باقتىم . ئەتراپىمغا قارىسام ، نېرىراقتىكى گۈللۈكنىڭ يېنىدىن ئۆتىدىغان يولدا ئادەملەر ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرۈشۈپتۇ . ئالدىمدىكى دەرەخلىكتە ئۇششاق باللار چاڭىلداپ كۈلۈپ يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈپتۇ . ھەممە نىمە شۇنچىلىك نورمال . ئاڭغىچە دوختۇرمۇ ماڭا يېقىنلاپ كېلىپ قالدى ، ئۇنىڭ بىر قولىدا ھاسا تاياق . بۇ ئادەم ئىلگىرى روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىدا ئۇزۇن يىل ئىشلىگەنىدى . ئۇنىڭ مېنى كۆرۈپ شۇنچە خۇشال بولۇپ كەتكىنىگە قاراپ : «بۇ ئادەمنىڭ ماڭا دەيدىغان مۇھىم بىر گېپى بارمىكىنا ؟» دەپ قالدىم - دە ،

چاچراپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم .

— ئۇلتۇرۇڭ ، ئولتۇرۇڭ ! — دېدى دوختۇر ئوڭ قولىدىكى ھاسا تايىقىنى سول بىلىكىگە ئېلىپ قويۇپ ، ماڭا قولىنى ئۇزىتىپ تۇرۇپ ، — سالامەتمۇسىز ؟

ئۇنىڭغا قولۇمنى سۇندۇم - دە ، ئىختىيارسىز ئالىقىنىمغا قارىدىم . ئالىقىنىمدا قۇرۇق ئىسكىلىت ئەمەس ، تىرىك ئادەمنىڭ گۆشلۈك قولى تۇراتتى .

— ئۆزىڭىزنىڭ ئەھۋالى ياخشىدۇ ؟

«تۇۋا !» دېدىم ئىچىمدە ، ئۆلگەن ئادەمدىن «ئەھۋالىڭىز ياخشىدۇ ؟» دەپ سورىغىنىم نېمىسى…

— خۇداغا شۈكۈر ، — دېدى دوختۇر ، — مۇشۇنچىلىك تۇردۇق . ئۆزىمىز تۈگەشكەن بولساقمۇ ، يەنە روھىمىز جايىدا .

«روھ ئۆلمەيدۇ» دېگەننى ئاڭلىغانمۇسىز ؟

— ھە ، روھ ھە… ئاۋۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ ئېيتىشىۋاتقان ناخشىسىغا قاراڭ ، پادىچىلارنىڭ ھاي - ھايلىرى ئۇنىڭدىن ياخشىراق…

ئۆزۈمنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقىنىمنى بىلمەيلا قالدىم . ئىچىمدە بولسا : «دوختۇر ئۆلگەن بىلەن روھى ئۆلمەپتۇ - دە ؟… دېمەك ، مەن دوختۇرنىڭ روھى بىلەن كۆرۈشۈۋاتقان ئوخشىمامدىمەن ؟» دەپ ئويلاۋاتاتتىم .

— كېلىڭ ، كېلىڭ ، ئولتۇرۇڭ ! — دېدى دوختۇر ھاسا تايىقىنى ئورۇندۇقنىڭ بىر يېنىغا تىكلەپ قويۇپ جايلىشىپ ئولتۇرۇپ ، — سىزمۇ بۇ يەرنى ياخشى كۆرىدىكەنسىز - دە ؟ مەنمۇ بۇ باغچىغا كىرسەملا مۇشۇ ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرىمەن .

— ھە ، بۇ يەرنى دەمسىز ؟... بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا بەڭگىلەر بۇ يەرگە كېلىپ قاپاق چىلىم تارتاتتىكەن .

— ئۇ چاغلاردا بۇ يەردە قۇچاق يەتمەيدىغان ھەر يوغان قارىياغاچلار بولىدىغان ، قۇرۇپ تۈگىدى ، — دېدى دوختۇر ، — ماۋۇلار شۇ قارىياغاچلارنىڭ يىلتىزىدىن ئۈنۈپ چىققان روھلىرى... مۇنۇ ئېرىقتىكى سۇنىڭ رەڭگىنىڭ سەتلىكىنى كۆردىڭىزمۇ ؟ ئۆز ۋاقتىدا بۇ ئېرىقتىكى سۇنىڭ سۈزۈكلۈكىدىن ئاستىدىكى تاشلارمۇ كۆرۈنۈپ تۇراتتى ، چوكانلار سۇدىكى شولىسىغا قاراپ چېچىنى تارايدىغان... شۇ كۈنلەردە ھەممىمىز ئۆيلىرىمىزنىڭ ئىچىنى زىننەتلەپ ئاجايىپ - غارايىپ قىلىۋەتكىلى تۇردۇق . ئەتراپىمىزدىكى مۇھىتنىڭ بولۇپ كېتىۋاتقىنىنى قاراڭ... نېمىشقا ئۆرە تۇرىسىز ؟

— مېنى دەمسىز ؟... توۋا ، ئولتۇرمىدىمما ؟... مەن تېخى ئولتۇرۇپ بولدۇم دەپتىمەن... بوپتۇ ، ئولتۇرسام ئولتۇراي ، — دەپ دوختۇرنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم . ئۆزۈمنىڭ مەيلىمچە بولسا ، ئالدى - كەينىمگە قارىماي قاچقۇم بار ئىدى . قانداق قىلىپ ئۆلۈپ كەتكەن بىر ئادەم بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغىنىمغا زادى ئەقلىم يەتمەيتتى .

— ھە ، يېڭى بىر نەرسىلەرنى يېزىۋاتامسىز ، قانداق ؟ — دەپ سورىدى دوختۇر .

— يېقىندىن بېرى ھېچنېمە يازمىدىم .

— قاچانلا سورىسام سىزنى ئۇياقتا كەتتى ، بۇ ياقتا كەتتىلا دەيدۇ ، يازىدىغان نېمىنى تاپالماي پالاقلاپلا يۈرەمسىز نېمە ؟

— بەزىدە شۇنداقمۇ بولۇپ قالىدۇ .

— «چىراغ تۈۋى قاراڭغۇ» دېگەن شۇ - دە . مانا ، مېنىڭ

قېشىمغىلا كەلسىڭىز بولمامدۇ . روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىدا ئىشلەپ يۈرگەن چاغلىرىمدا كۆرگەن - بىلگەنلىرىمنى سۆزلەپ بەرسەممۇ نەچچە كىتاب بولىدۇ .
— ئۇ يەردە يازغۇدەك نېمە ئىش بولسۇن ؟
— ۋاھ ، دەۋاتقان گېپىڭىزنى قاراڭ ، ھەممە قىزىقچىلىق شۇ يەردە . ياراتقان ئىگەم ھەربىرىمىزنىڭ مېڭىسىنى شۇنچىلىك نازۇك قىلىپ قۇراشتۇرۇپ چىققانكى ، قويۇۋېرىڭ ، ئۇنىڭدا بىر تال ۋېنىتا ئۈشۈق بولۇپ قالسىمۇ ، كەم بولۇپ قالسىمۇ ، ساق ئادەم ھازىرلا غەلىتە بولۇپ قالىدۇ . ئاھاي ، قىزىقچىلىقنى شۇ چاغدا كۆرىسىز . مانا ، بىزنىڭ ئۇ روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىنى ئاشۇنداق ساراڭلار يىغىلىدىغان ئورۇن دېسىڭىز بولىۋېرىدۇ... مەن شۇنداق نېرۋا كېسەللەرنى كۆرگەنمەنكى ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى جاگىلداپ تۇرغان سوغۇقتا يالىڭاچ تۇرۇپمۇ توڭلاپ قالمايدۇ ؛ بەزىلىرى كۇنلەپ ھېچنېمە يېمەيدۇ ، ئۆلۈپ قالمايدۇ . بەزىلىرى شۇنچىلىك ياۋاشكى ، ئولتۇرغان يېرىدە بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە كەچ كىرگۈچە مىدىرلىماي ئولتۇرىدۇ . بەزى يامانراقلىرى ئالدىغا ئۇچرىغاننى ئۇرۇپ ، قولىغا چىققاننى سۇندۇرۇپ ، ئەسەبىيلىكتىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالىدۇ . بىز بۇ ساراڭلارنى دوختۇرخانىنىڭ ئىچىدىكى ئېگىز تاملار بىلەن قورشالغان بىر قورۇدا ساقلايتتۇق ، يامانلىرىنى يەنە ئايرىم ئۆيلەرگە قاماپ قويياتتۇق . ئىشقىلىپ ، ئۇ يەردە ھەر كۇنى ئەقلىڭىز يەتمەيدىغان ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرىسىز...
سەيدۇللا دوختۇر ئاشۇنداق قىزىپ سۆزلەپ ، ساراڭلار توغرىسىدىكى پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى . بىر ئۆلگەن ئادەمنىڭ يېنىدا ئولتۇرغىنىمنى ئاز دەپ ، ئۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئىچىمگە

تېخىمۇ قورقۇنچ چۈشتى . «ئەستا !» دەيمەن ، ئورنۇمدىن قوپۇپ ماڭغۇدەك بولسامىلا ، دوختۇر خۇددى يېنىدىكى ھاسا تايىقى بىلەن بېشىمغا سالىدىغاندەك قىلىدۇ . خۇددى بىرى ئورۇندۇقتا يەملەپ قويغاندەك ئورنۇمدىن تۇرالمايمەن .

— مانا ، مەن بىر كېسەلنى داۋالىغان ، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى دوختۇر ، — قاچانلا قارىسىڭىز سىزگە قاراپ ھىجىيىپ تۇرغىنى تۇرغان . بۇ شۈنچىلىك مەنىسىز ، شۈنچىلىك غەلىتە ھىجىيىشكى ، بىز ئۇنى ئۇرۇپمۇ ، تىللاپمۇ ، ھەرقانداق قىلىپ چىرايىدىكى ھېلىقى يېقىمسىز ھىجىيىشىنى يوق قىلالمىدۇق . بەزىدە ئۇنىڭغا قاراپ شۈركۈنۈپ كېتەتتىم . ئۇ خۇددى ماڭا قاراپ : «ھەي ، بىچارە دوختۇر ، ھەر كۈنى ئىشقا كېلىسەن ، ئىشتىن قايتىسەن ، بالا - چاقاڭنى باقىمەن دەپ توختىماي پالاقلايسەن ، ئايلىق مائاشىمدىن ، خىزمەت ئورنۇمدىن ئايرىلىپ قالىمەنمىكىن ، دەپ ، كىملەرگىدۇر خۇشامەت قىلىسەن ، يالغان سۆزلەيسەن ، ساڭا نېمە ئازاب !» دەپ مېنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى .

— توۋا ! — دېدىم مەن ، — ئۇ شۇنداقمۇ ئويلامدىغاندۇ ؟

— ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ ، — دېدى دوختۇر ، — بىز ئۇلارنى ساراڭ دېگىنىمىز بىلەن ، ئۇلارغا بىزنىڭ تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە پالاقلاپ يۈرۈشلىرىمىز ساراڭنىڭ قىلىقىدەك بىلىنىشى مۇمكىن… تېخى بەزىلىرىنىڭ كۆزىگە ئوڭ نەرسە تەتۈر كۆرۈنىدۇ دېمەمسىز . ئۇ يەردە بىر ئايال بولىدىغان ، ئۇمۇ قاقاقلاپ كۈلۈپلا يۈرەتتى . كېسىلى ئەدەپ كەتكەندە ، باشلىرىنى تامغا ئۇرۇپ يېرىۋالاتتى . پۇت - قولىنى باغلاپ قويايلى دېسەك ، قايسى ۋاقىتتا كېسىلى تۇتىدىغانلىقىنى بىلمەيتتۇق . ئۇ

تىنچلىنىپ قالغاندا ، كىرىپ يارىلىرىنى تېڭىپ قويالىتتىم .
شۇنداق چاغدا ئۇ خۇش بولۇپ پۇتۇمنى سۆيۈپ قوياتتى . بىز ئۇنى
«سارى خېنىم» دەپ چاقىراتتۇق . بىر كۈنى ئۇنىڭدىن :
«سارى خېنىم ، نېمىشقا پۇتۇمنى سۆيىسىز ؟ بۇ نەنىڭ
قائىدىسى ؟» دەپ سورىسام ، ئۇ :
«مەڭزىڭىزگە سۆيدۇمغۇ ، تۇۋا ، شۇنىمۇ بىلمەمسىز ؟»
دېدى .
كېيىن ئېنىقلىساق ، ئۇ خوتۇننىڭ كۆزىگە ھەممە نەرسە
بېشى تۆۋەن ، ئايىغى يۇقىرى كۆرۈنىدىكەن .
— تۇۋا ، بۇ نېمە گەپ ئەمدى ؟ — دېدىم مەن .
— كىچىك ۋاقتىڭىزدا ئۇجمىنىڭ شېخىغا پۇتىڭىزنى
ئىلىۋېلىپ ، بېشىڭىزنى تۆۋەن قىلىپ يەرگە قاراپ
باقمىغانمۇ ؟ — دېدى دوختۇر ، — ئاسمان ئايىغىڭىزدا ، ئۆيلەر
كوچىدا كېتىپ بارغان ئادەملەر باش تەرىپىڭىزدە ، تازىمۇ قىزىق
كۆرۈنىدۇ ـ ھە ! سارى خېنىمنىڭ توختىماي قاقاقلاپ كۈلۈشىمۇ
شۇنىڭدىن ئىكەن...
«مېنىڭمۇ كۆزۈمگە ئۆلگەن ئادەم تىرىك كۆرۈنۈۋاتامدۇ ،
قانداق ؟» دەپ دوختۇرغا تازا زەن سېلىپ قارىدىم . ئۇنىڭدىن
ئەرۋاھلاردا بولىدىغان ھېچقانداق بەلگىنى ئىزدەپ تاپالمىدىم .
دوختۇر پەرۋاسىز سۆزىنى داۋام قىلماقتا ئىدى .
— سارى خېنىم بىلەن بىر ئۆيدە ياتىدىغان جانانىخان
دەيدىغان يەنە بىر چوكان بار ئىدى . مەڭزىگە قىپقىزىل بوياقلارنى
سۈركەپ ، چېكىسىگە گۈللەرنى قىسىپ ، توختىماي ناخشا
ئېيتاتتى . ئۇنىڭ ناخشىلىرىنىڭ ئاھاڭىنى شۇ كۈنگىچە
ھېچقانداق بىر مۇزىكانتمۇ خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغاندۇ

دەيمەن . ناخشىسىنىڭ سۆزلىرىچۇ ؟ سۆزلىرىنى شۇنچە باش قاتۇرۇپ بىر يەرگە جەم قىلسىڭىزمۇ بىر مەنە چىقىرالمايسىز .

يارىم سېنى ئامرىقىم ،
چۇشمۇ كۆرمەي نەگىدۇر .
تۇتۇلمىغان قازانغا
تاتلىق قىلغان تەمىدۇر...

دېگەندەك بىر گەپلەر . ھېچ گەپ تاپالمىغاندا ، «ناڭنىناڭناڭ ، ناڭناڭ... » دەپ كېتىۋېرىدۇ... ماۋۇ قىزىق ئىشنى كۆرمەمسىز ، بىر كۇنى دوختۇرخانىغا قاسىم دېگەن ساقاللىق بىر بوۋاينى باغلاپ ئەكېلىپ بېرىشتى . ئۇقساق ، ئۇ ئادەم يېقىندىن بېرى بىردىنلا ئالجىپ ، بىكار تۇرماي تۆت ئەتراپىغا تاش ئېتىپ ، قوشنا - قولۇملىرىنىڭ ھېچ ئارامىنى قويمىغانىكەن . ئىشىنەمسىز ؟ ھېلىقى بوۋاي دوختۇرخانىغا كېلىپلا جانانخانىنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ شۈكلەپ قالدى .

— بۇ نېمە كارامەتتۇ ؟

— مەنمۇ بىلمىدىم . قاسىم بوۋاينى ھېلىقى ئېگىز تاملىق قورۇنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ باغلاقتىن يەشتۇق . ئۇنى ئەكەلگەنلەر : «دوختۇر ، ئاۋايلاڭ - ھە ، ئاۋايلاڭ ، سىزنى زەخىملەندۇرۇپ قويمىسۇن ! » دېيىشىپ كەتتى . نەدىكىنى ، شۇ چاغدا جانانخان ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تازا ۋاڭشىتىپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى ، بوۋاي باغلاقتىن بوشىنىپ ، ناخشىغا قۇلاق سېلىپ تۇرۇپ كەتتى - دە ، بىر بېسىپ ، ئىككى بېسىپ جانانخانىنىڭ قېشىغا بېرىپ ، بىر چەتتە ئېگىكىنى تۇتۇپ «موككىدە»

ئولتۇردى . مانا شۇ كۇندىن باشلاپ ، ئۇ ھەر ئەتىگىنى كۆزىنى يىرتىپ ئىچىپ قويىدۇ ـ دە ، جانانىخانىنىڭ يېنىغا يۈگۈرىدۇ ، ئۇنىڭ ناخشىسىنى تىڭشىغىنى تىڭشىغان . جانانىخانىنىڭ ناخشىسىدىكى سېھرىي كۈچنى بەلكىم بۇ دۇنيادا ئاشۇ قاسىم بوۋايدەك چوڭقۇر چۈشەنگەن ئادەم يوقتۇ ؟ !... مانا ، مۇشۇلارنى يازسىڭىز بولمامدۇ ؟ — دەپ كۆزۈمگە قارىدى دوختۇر .

— بۇ ۋەقەلەرنى مەن «ئوت كەتكەن دەريا» دېگەن ئەسىرىمگە كىرگۈزسەم بولغۇدەك .

— «ئوت كەتكەن دەريا» دېگەن قانداق ئەسەر ئۇ ؟ نېمىلەرنى دەۋاتقىنىمنى ئۇزۇممۇ بىلمەيتتىم . كۆزۈم دوختۇرنىڭ كۆزىگە تىكىلگەن بولۇپ ، ئۇنىڭ قارىچۇقىدا مېنىڭ شولام بىلەن پۈتۈن باغچىنىڭ مەنزىرىسى تەۋرىنىپ تۇراتتى . ئۆلگەن ئادەمنىڭ كۆز قارىچۇقىدا ھېچنېمە ئەكس ئەتمەيدۇ ، دەپ ئاڭلىغۇدىم ، سەيدۇللا دوختۇر ئۆلۈپ تىرىلىپ قالدىمۇ ـ يە ؟ !

— يەنە بىرى بولىدىغان ، ئۇنىڭ ئىسمىمۇ ئېسىمدە قالماپتۇ ، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى دوختۇر ، — ھېلىقى بايقۇش پىرقىراپلا يۈرەتتى . بەزىدە ئىككى قولىنى كېرىۋېلىپ شۇنداق ئۇزاق پىرقىرايتتىكى ، قاراپ تۇرغان ئادەمنىڭمۇ بېشى قېيىپ كېتەتتى . كېيىن ئىنىقلىساق ، بۇ بىچارىنىڭ شۇنداق پات ـ پات پىرقىراپ تۇرمىسا ، بېشىغا ئاغرىق كىرىپ كېتىدىكەن... خالمۇھەممەت دېگەن بىر ئادەمنىڭ ئىشىغا ھەيران قالىسىز . ئەسلىدە ئۇ ئۇستا بوغالتىر ئىكەن . ئادەتتىكى ۋاقىتتا قارىسىڭىز ساپساقلا ، بەزىدە بىز دوختۇرخانىنىڭ يىللىق كىرىم ـ چىقىم ھېساباتىنىمۇ ئۇنىڭغا ئىشلىتەتتۇق . قىلغان ئىشىدىن قىلچە ئېۋەن تاپالمايسىز . بۇ كاساپەت شاھماتقىمۇ

شۇنداق ئۇستا ئىدى . خېلى - خېلى يەرلەردىن شاھماتچىلار كېلىپ ئويناپ ، ھېچقايسىسى ئۇتالماي بېشىنى تاتىلاپ كېتىشكەنىدى .

— ئۇنىڭ نېمە كېسىلى بار ئىدى ؟ — دەپ سورىدىم مەن ھەيران بولۇپ .

— بىكار بولۇپ قالسىلا تامغا قاراپ شۇنداق غەلىتە گەپلەرنى قىلىشقا باشلايتتىكى ، ھەيران قالىسىز . ئۇ بىر دورىنى خاتا ئىچىپ قويۇپ شۇنداق بولۇپ قالغانىكەن . ئۇنىڭ دورا دەپ زادى قانداق نېمىنى ئىچىۋالغىنىنى ئېنىقلىيالمىدۇق . بەزىدە ئۇ تامغا قاراپ تازا قىزىشىپ سۆزلەۋاتقاندا ، ئاستا ئارقىسىغا كېلىپ ، «بۇ ئاغىنە تامدا نېمىنى كۆرۈۋاتىدىكىن ؟ » دەپ سىنچىلاپ قارايتتىم . قارىسىڭىز شۇ دوختۇرخانىنىڭ تۇتاش كەتكەن قوپال پىششىق كېسەكلىك تېمى . ئەمما ، بۇنىڭغا ھەيران قالمىغۇلۇق . سىز بىلەن بىز تىكىلىپ قاراپ ئولتۇرىدىغان كىنو ئېكرانىمۇ ئەسلىدە ھېچنېمە يوق بىر پارچە ئاق لاتىغۇ ؟ !

— ئۇ نېمىلەرنى سۆزلەيتتى ؟

— ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىسىڭىز ، تۇغۇلماستىن ئىلگىرى ئانىسىنىڭ قورسىقىدا تۇرۇپ سۈرگەن خىياللىرى ، بۇ دۇنيانى كۆرۈشكە ئالدىراپ ئانىسىنىڭ قورسىقىنى ئاچچىق بىلەن تەپكەنلىرى ، دۇنياغا كۆز ئېچىپلا بۇ دۇنيانىڭ ئۇ ئويلىغاندەك ئەمەسلىكىنى كۆرۈپ قىرقىراپ يىغلىغىنى… ھېسابنى توغرا ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن باشلىقلارنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ ئۈچ ئىدارىدىن قوغلانغانلىقى… دېگەندەك ھەممە گەپلەر بار . نىياز دېگەن بىرىنىڭ قىلىقلىرىنى دېمەمسىز ، بىز ئۇنى نىياز «تەتۈر» دەيتتۇق . خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇ زادىلا ئالدىغا قاراپ

ماڭماي ، كەينىچىلەپ تەتۈر ماڭاتتى . قاراپ تۇرسىڭىز ، بېشىنى سەل يېنىغا قىيپاش قىلىۋېلىپ ئارقىچىلاپ شۇنداق ئىتتىك ماڭىدۇكى ، يائاللا ، بۇ ئادەم ئانىسىنىڭ قورسىقىدىنمۇ بېشىچە چۈشمەي ، پۇتىچە تەتۈر چىققانمىكىن ، دەپ قالىسىز . مىڭدىن بىرگىچە بولغان سانلارنى تەتۈرسىگە شۇنداق ئىتتىك سانىغىلى تۇرسا ، ئەقلىڭىز يەتمەيلا قالىدۇ . ئەگەر ئۇنىڭ قولىغا بىر كىتابنى تۇتقۇزۇپ قويسىڭىزمۇ ئارقا بەتتىن ئېچىپ ئوقۇمىدىكىن ، دەيمەن . مەن ئۈچ يىل ھەپىلىشىپ ئۇنى ئالدىغا قاراپ ماڭىدىغان قىلالمىدىم... ناسىر «مەينەت» دەپ يەنە بىرى بار ئىدى . قىلىپ يۈرگەن ئىشىنى كۆرسىڭىز كۆڭلىڭىز ئېلىشىپ ، قۇسقۇڭىز كېلىدۇ . نېمە قىلىدۇ ، دېمەمسىز ؟ قولىغا ئۇزۇن بىر تاياقنى تۇتۇۋېلىپ ، كىم چىچسا بېرىپ شۇنىڭ پوقىنى مالتىلايدۇ . ئەسلىدە ئۇ چەت ئەلگە تۇغقان يوقلاپ چىقىپ ، قايتىشىدا بىر قىممەتلىك بۇيۇمنى چېگرادىن ئۆتكۈزۈپ كېتىشكە كۆزى يەتمەي كاپ ئېتىۋالغان چېغى ، كېيىن يەنە نېمە بالا بولدى ، ھېلىقى نەرسە ئۇنىڭ تەرىتىدىن زادى چىقماپتۇ . بىچارە شۇنىڭدىن باشلاپ پوق مالتىلايدىغان كېسەلگە قالغانىكەن... ئىشقىلىپ ، ئۇ يەردە ھەر كۈنى ھەر سائەت ئۇخلىسىڭىز چۈشىڭىزگىمۇ كىرمەيدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ... سىز يازىمەن دېسىڭىز ، مانا ساتتار «گېنېرال»نى يېزىڭ .

— ئۇ قانداق گېنېرال ؟ — دەپ سورىدىم مەن . ئەمدى مەن بارغانسېرى قورقۇنچۇمنى ئۇنتۇپ ، دوختۇرنىڭ سۆزلىرىگە قىزىقىپ قېلىۋاتاتتىم .

— قانداق گېنېراللىقىنى مەن نەدىن بىلەي ، — دېدى

دوختۇر، — گېنېراللارنىڭ سارىڭمۇ، ساراڭلارنىڭ
گېنېرالىمۇ، ئىشقىلىپ، باشتىن - ئاياغ سېرىق كىيىم كىيىپ،
ئايىغىنىڭ سېسىق پېتىكىنى ئىككى مۇرىسىگە پاگون قىلىپ
قويۇۋالىدىغان غەلىتە بىر ئادەم. مەيدىسىگە ھەرخىل ئىزناك،
رەڭلىك تۈگمە، قايسى زامانلاردىندۇر قالغان مىس يارماقلارنى
مېدال قىلىپ قاتار ئېسىۋالىدۇ. تېخى قەدىمكى زاماننىڭ
گېنېراللىرىدەك قەيەرلەردىندۇر تېپىۋالغان تۆمۈر زەنجىرنىڭ
بىر ئۇچىنى مەيدە يانچۇقىغا، بىر ئۇچىنى چاپىنىنىڭ تۈگمىسىگە
تاقاپ ساڭگىلىتىۋالىدۇ. سىز ئۇنى قانداق ئادەم دەپ تونۇسىڭىز
تونۇۋېرىڭ، ئۇ ئۆزىنى خىيالىدا يېڭىلمەس بىر گېنېرال، دەپ
ھېسابلايدۇ، تاماق يېگەندىمۇ باشقىلارغا قېتىلماي، قاچىسىنى
كۆتۈرۈپ ئايرىم بىر يەرگە ئاپىرىپ يەيدۇ. ھويلىدا ئەتىدىن كەچ
كىرگۈچە ئالدىراش يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، خىيالىدا كىملەرنىدۇر
سەپكە تىزىدۇ، كىملەرگىدۇر ۋارقىراپ كوماندا بېرىدۇ.
«ھۇررا!» دەپ نەلەرگىدۇر ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. ئەگەر ئۇ
تۇيۇقسىز ئالدىڭىزغا كېلىپ، ئىككى پۇتىنى «تاققىدە» جۈپلەپ
تۇرۇپ چاس بېرىدىغان بولسا، كۈلۈۋېتىش خىيالىڭىزغىمۇ
كەلمەي، سەل جىددىيلىشىپ ئەتراپىڭىزغا قاراپ قالىسىز.
لېكىن، ئادەتتە ئۇ ھېچكىمگە چاس بەرمەيدۇ. ئۇ دېگەن
گېنېرال- دە!... قاچانلا قارىسىڭىز، ئۇنىڭ شۇنداق جىددىي،
ئالدىراشلا يۈرگىنىنى كۆرىسىز، يول ماڭغاندىمۇ ھېچكىمگە كۆز
قىرىنى سالماي، گەۋدىسىنى تىك تۇتۇپ، گېنېراللاردەك
گۈرسۈلدەپ دەسسەپ ماڭىدۇ. ناخشىچى جانانىسخان،
پىرقىرايدىغان كەينىچە ماڭىدىغان، پوق مالتىلايدىغان، شاھمات
ئوينايدىغان دېگەنلەرگە نەزىرىنىمۇ سېلىپ قويمايدۇ.

— سىزگە قانداق مۇئامىلە قىلىدۇ ؟ — دەپ سورىدىم مەن .
— ئۇ مېنى چوڭ كۆرەتتى .
— نېمىشقا ؟
— نېمىشقا دېسىڭىز ، مەن ئۇنــى پات - پات داۋالاپ تۇرىمەن ، بەزىدە ئىشتىنىنى سالدۇرۇپ ، كاسىسىغا ئوكۇل سالىمەن . گېنېرالنىڭ ئىشتىنىنى سالدۇرالىغان ئادەمنىــڭ دەرىجىسى ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن چوڭ بولۇشى كېرەك - دە !... ئۇ مېنى «مارشال» دەپ تونۇيتتى . ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن بەزىدە كېسەللەر تۇرىدىغان هويلىغا پەيلى يامانراق كېسەللەرنىــڭ ئاغرىقىنى كۆرۈشكە كىرگەندە ، مۇھاپىزەت قىلىدىغان بىر - ئىككى ئادەمنىمۇ بىللە ئەگەشتۇرۇپ كىــرەتتىــم . ساتتار «گېنېرال» يېنىمدىكىلەرنى مارشالنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى ، دەپ بىلەتتى . ئۆزىنىڭ هازىرغىچە بىرمۇ مۇھاپىزەتچىسىــنىــڭ يوقلۇقىغا ئۆكۈنۈپ ، ماڭا هەۋىسى كېلىپ قاراپ كېتەتتى . بەزىدە مەن ئۇنىڭدىن :

«خوش ، ساتتار ‹گېنېرال› ئەھۋال قانداق ؟» دەپ سوراپ قوياتتىم .

مۇنداق چاغدا ساتتار «گېنېرال» ئىككى پۇتىنى «تاققىدە» جۈپلەپ ، قولىنى چېكىسىگە ئاپىرىپ چاس بېرىپ :

«سالام ، جانابىي مارشال ، ساتتار ‹گېنېرال› سىــزگە دوكلات قىلىدۇ . كېچىكى جەڭدە دۈشمەنىنىــڭ سول قانات لىنىيەسى يىمىرىپ تاشلاندى . بىزدىن ئەللىك ئايروپىلان ، يۈز تانكا ، مىڭغا يېقىن ئەسكەر چىقىم بولدى . دۈشمەن تارتقان تالاپەتنى بۇنىڭدىن ئون ھەسسە ئېغىــر ، دەپ ھېسابلاۋېرىڭ . دوكلات تامام . گېنېرالىڭىزغا داۋاملىق ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت

قىلارسىز... ۋەھاكازالارنى دەيتتى ـ دە ، «شارتتىدە» ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ، يەنە «جەڭ مەيدانى»غا قاراپ مېڭىپ كېتەتتى . مۇنداق چاغلاردا ، سىز بۇ «گېنېرال»نىڭ بېلىدىكى شوينىغا تاپانچا قىلىپ ئېسىۋالغان قويننىڭ ئېگەك سۆڭىكى ، يانپېشىغا باغلىۋالغان ياغاچ قىلىچقا قاراپ كۈلۈۋەتسىڭىز ، قاتتىق ھۆرمەتسىزلىك قىلغان بولىسىز ، سىزمۇ جىددىي ھالدا پۈتلىرىڭىزنى جۈپلەپ چاس بېرىپ ، ئۇنى ئۆزىتىپ قويۇشىڭىز كېرەك .

ئۆلۈپ تىرىلگەن ئادەم شۇنداق سۆزمەن بولۇپ قالامدۇ ، بىلمىدىم ، دوختۇرنىڭ ھېكايىسى بارغانسېرى مېنى جەلپ قىلغىلى تۇردى . ئىختىيارسىز :

— مانا بۇ ئاجايىپ ئوبراز ئىكەن ! — دەۋەتتىم .

دوختۇر بۇ گېپىمدىن روھلاندى بولغاي ، ھوزۇرلىنىپ كۈلۈپ سۆزىنى داۋام قىلدى :

— ھە ؟ بۇ «گېنېرال» سىزنى خېلى قىزىقتۇردىمۇ ، نېمە ؟ قىزىق ئىشنى ئەمدى ئاڭلايسىز... ساتتار «گېنېرال» ئاشۇ تەرىقىدە دوختۇرخانىنىڭ ئېگىز تاملىرى بىلەن قورشالغان ھويلىسىدا توختىماي جەڭ قىلىپ ، ئۇرۇش سېپىدە قاتتىق جاپا چەككەچكە ، كېچىلىرى ئۆزىنى بىلمەي خارقىراپ ئۇخلاپ كېتەتتى... ئۇ يەردە يەنە بىر كېسەل بولىدىغان ، ئۇنىڭمۇ ئىسمىنى ئۇنتۇپتىمەن . ئۇلارنىڭ قايسىبىرىنىڭ ئىسمىنى تۇتۇۋالغىلى بولىدۇ دەيسىز ؟ ھەممىيلەن ئۇنى «ئالىم» دەيتتۇق . ئەسلىدە ئۇ قايسىبىر ئالىي مەكتەپنىڭ پىروفېسسورى ئىكەن . نېمە بالا بولغان ئەيتاۋۇر ھۆكۈمەتكە ياقمايدىغان گەپنى قىلىپ قويۇپ ، كۈرەشكە تارتىلىپ ، تاياق يەپ شۇنداق ئېلىشىپ

قالغانىكەن ، بۇ ئالىمغا قاچانلا قارىسىڭىز ، چاپانىنىڭ ئۈستىگە كۆڭلەك ، ئۇزۇن بۇرۇلكىنىڭ ئۈستىگە قىسقا تامبال ، پۇتىغا يەكپاي ئاياغ كىيىپ يۈرەتتى . بىكار تۇرماي «12» دېگەن رەقەم بىلەنلا ھەپىلىشەتتى . ئۇنىڭ ئېيتىشىچە بۇ «12» ناھايىتىمۇ خاسىيەتلىك سان ئىمىش ، مەسىلەن ، 12 ئاي ، 12 مۈچەل ، 12 بارماق ئۇچەي… دېگەنلەر بۇنىڭغا مىسال ئىمىش . ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقىنىنى شەيتان بىلمىسە ، كىم بىلىدۇ دەيسىز ؟ ئاڭلاپ «ھە ، ھە» دەپلا بېشىمىزنى لىڭشىتىپ قوياتتۇق . ئۇ دوختۇرخانىغا كېلىپمۇ ئون ئىككى تەرەپلىك بىر چوڭ قەپەس ياساپ ، ئۇنى ئون ئىككى خىل بوياقتا بوياپ چىقتى . ئەمدى ئۇ بۇ قەپەسنىڭ ئىچىگە ئون ئىككى خىل قۇشنى تۇتۇپ سالماقچى بولۇپ ، شۇ ھەلەكچىلىكتە يۈرەتتى . بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى كېسەللەرنىڭ ياتىقىنى ئارىلاپ تەكشۈرۈپ كېلىپ ، ساتتار «گېنېرال» ياتقان ئۆيگە بېشىمنى تىقسام ، ئالىم قولىغا نەدىندۇر تېپىۋالغان بىر ئەينەك پارچىسىنى تۇتۇۋېلىپ ، ساتتار «گېنېرال»نىڭ ئاجايىپ ئوردېنلار قادالغان چاپىنىغا خۇددى لوپا ئەينەكتىن قارىغاندەك سىنچىلاپ قارىغىلى تۇرۇپتۇ .

«ھۆرمەتلىك ئالىم ، كۆزىڭىزگە نېمە كۆرۈنۈۋاتىدۇ ؟» دېدىم ھەيران بولۇپ .

«پاھ ، مۇنۇ يارماقلارنى كۆردىڭىزمۇ ؟ — دېدى ئالىم بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ ، — سىز بىلمەيسىز ، بۇ ناھايىتىمۇ قىممەتلىك بۇيۇم ، بۇيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردىسىدا مۇنداق يارماقتىن پەقەت ئون ئىككىسىلا ساقلىنىپ قالغان ، كېيىن بۇ يارماقلار خەزىنىدىن ئوغرىلىنىپ ، پۈتۈن ئوردا تەۋرەپ كەتكەنىدى . بۇ يارماقنىڭ بىرى بۇ «گېنېرال»نىڭ چاپىنىغا

قانداق قادىلىپ قالدۇ؟ قالغان ئۇن بىر دانىسى قېنى؟»

«نېمە دەيدىغاندۇ بۇ؟!» دەپ بېرىپ چاپانغا ئېگىشىپ قارىسام، ئالىم كۆرسەتكەن يارماق چاپاننىڭ سول مەيدىسىدە، بىرمۇنچە ئىنزناك، تۈگمە دېگەندەك بالايىبەتتەرلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاداقلىق تۇرۇپتۇ. سىز بىلەن بىز كىچىك ۋاقتىمىزدا تەپكۈچ ياساپ ئوينايدىغان، ئوتتۇرىسى تۆشۈك، داتلىشىپ كەتكەن ئاددىيلا بىر مىس يارماق. ئالىمنىڭ توقۇپ چىققان گەپلىرىنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى ئۆزى بىلمىسە، خۇدا ھەققى مەن ھېچنېمىنى چۈشەنمىدىم... شۇ ئارىدا دوختۇرخانىمىزغا يەنە يېڭى بىر كېسەل كېلىپ قالدى. ئۇ شوپۇر ئىكەن. بىر قېتىملىق ماشىنا ۋەقەسىدە كابىنكىنىڭ دېرىزىسىدىن ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپ، بېشى بىر تاشقا قاتتىق تېگىپ زەخىملەنگەنىكەن. شۇنىڭدىن بېرى، ئۇ توختىماي يول ماڭىدىغان بولۇپ قاپتۇ... بۇ شوپۇرنىمۇ دوختۇرخانىنىڭ ئىچىدىكى ھېلىقى ئايرىم قورۇغا ئەكىرىپ قويدۇق. ئۇ خۇددى ئىككى پۇتىغا ماتور بېكىتىۋالغاندەك ھويلىنىڭ ئىچىنى توختىماي ئايلىناتتى، تاماقنىمۇ مېڭىپ يۈرۈپ يەيتتى، ھەتتا ئۇخلايدىغان چېغىدا كىيىم ـ كېچەكلىرىنىمۇ مېڭىپ يۈرۈپ سېلىپ، ئۆزىنى ئورۇنغا بىر تاشلايتتى ـ دە، كۈن بويى توختىماي مېڭىپ ھالىدىن كەتكەچكە، خارقىراپ ئۇخلاپ كېتەتتى. ئەگەر ئۇنىڭ پۇشايمىنى بار دېسەك، مېڭىپ يۈرۈپ ئۇخلىيالمىغىنىغا پۇشايمان قىلامدىكىن، دەيمەن. ئەتىسى كۆزىنى يىرتىپ ئېچىپلا يەنە سەيرىنى باشلايتتى. گويا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئايىغى چىقماس ئۇزۇن بىر يول، ئۇنى شۇنچە ئالدىرىتىۋاتقان نەرسىنىڭ زادى نېمىلىكىنى، يەتمەكچى بولغان نىشانىنىڭ قەيەردىلىكىنى

چۈشىنىــپ بولالمايسىز… بىر ـ ئىككى كۈن ئۆتمەيلا بۇ شوپۇر ساتتار «گېنېرال»نىڭ ھەرىكەتلىرىگە قىزىقىپ قالسا بولىدۇ. دېمىسىمۇ، ساتتار «گېنېرال»نىڭ ھەرىكەتلىرى بىــزگە ھەر كۈنى كۆرۈپ يۈرگەچكە، ئادەتتىكى ئىشتەك بىلىنگىنى بىلەن، يېڭى كەلگەن ئادەمگە ناھايىتى قىزىق تۇيۇلاتتــى. شوپۇر بۇ «گېنېرال»غا قاراپ: «نېمىشقا بۇ كوماندىرنىڭ بىرمۇ ئەسكىرى يوق؟» دەپ ئويلاپ قالغان ئوخشايدۇ. يۈگۈرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

«سالام، ھۆرمەتلىك كوماندىر!» دەپ قولىنى چېكىسىگە ئاپىرىپ سالام بېرىپتۇ.

ساتتار «گېنېرال» قاپىقىنى تۈرۈپ:

«مەن ئادەتتىكــــى كوماندىر ئەمەس، ساتتار گېنېرال بولىمەن، بىلىپ قوي!» دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى تۈزىتىپتۇ.

— ھەي، بۇ خەقنىڭ قىلغانلىرىغا نېمە دەيسىز، شوپۇر يەنە تىك تۇرۇپ:

«سالام، ھۆرمەتلىك گېنېرال، مەن يېڭى كەلگەن پالانچى بولىمەن، مۇمكىن بولسا قوشۇنىڭىزغا قوبۇل قىلسىڭىز» دەپ ئىلتىماس قىپتۇ.

«مۇمكىن!» دەپ ۋارقىراپتۇ ساتتار «گېنېرال».

شۇ كۈندىن باشلاپ، ساتتار «گېنېرال»نىــــڭ كوماندا بەرگەن ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەنلا ئۇنىڭ ئالدىغا شوپۇر پەيدا بولىدىغان بولدى. «ئوڭغا، سولغا، ئارقىغا بۇرۇل!» دېگەن كوماندىلارغا دۈپۈرلەپ دەسسەپ، ئىككىسى ھويلىنىڭ ئىچىنى تېخىمۇ قىزىتقىلى تۇردى. بۇنى كۆرۈپ باشقا كېسەللەر ھەيران قېلىشتى. ئۇلار شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى مۇشۇ يەردە تۇرۇپ،

ساتتار «گېنېرال»نى ئەسكەر قوبۇل قىلمايدۇ، دەپ ئويلاپ قېلىشقان بولسا كېرەك، شوپۇرنىڭ كېلىپلا ئۇنىڭ قىسمىغا جەڭچى بولۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ئۇلتۇرالماي قېلىشتى. ئالدى بىلەن ھېلىقى ناسىر «مەينەت» پوق مالتىلايدىغان تايىقىنى پىرقىرىتىپ تاشلاپ، شوپۇرنىڭ ئارقىسىغا بېرىپ تىزىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن پىرقىرايدىغان، ئارقىچە ماڭىدىغان، ھىجىيىپلا تۇرىدىغان ئاغىنىلەر بىر - بىرلەپ كېلىپ سەپكە قېتىلىشقا باشلىدى. ھەتتا ھېلىقى ناخشىچى جانانىخان، ئۇنىڭ ناخشىسىنى زېرىكمەي تىڭشايدىغان قاسىم بوۋاي، ئىشقىلىپ، ماڭغۇدەك مادارى بارلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ تىزىلىپ ھەيۋەتلىك بىر قوشۇن بولدى. بۇنى كۆرۈپ ساتتار «گېنېرال»نىڭ روھى ناھايىتى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇ ئەسكەرلىرىنى بويىغا قاراپ، ئېگىزلىرىنى ئىككى باشقا، پاكارلىرىنى ئوتتۇرىغا تىزدى. تەرتىپنى ھەر دائىم ھېلىقى ئارقىچە ماڭىدىغان ئاغىنە بۇزاتتى. ساتتار «گېنېرال» ئۇنى ياقىسىدىن تۇتۇپ سۆرەپ سەپتىن چىقىرىۋەتسە، ئۇ يەنە كەينىچە مېڭىپ كېلىپ سەپكە قېتىلىۋالاتتى. ھېلىقى پىرقىرايدىغان ئاغىنە موللاقچى كەپتەرلەر ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ ئۆز توپىدىن ئايرىلىپ بىر - ئىككى موللاق ئېتىۋەتكەندەك پات - پات سەپتىن چىقىپ بىر قەپەس قاتتىق پىرقىرىۋېتىپ، يەنە سەپكە يېتىشىپ تىزىلىۋالاتتى. ئۇلار ھەر كۈنى شۇنداق تىزىلىپ، گۈلدۈرلەپ دەسسەپ، ساتتار «گېنېرال»نىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھەر تەرەپكە قاراپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، تېخى بەزىدە جانانىخاننىڭ «ناڭنىناڭناڭ، ناڭنىناڭ» دېگەن ناخشىسىغا قوشۇلۇپ ۋارقىراپ، دوختۇرخانىنىڭ ئىچىنى چاڭ چىقىرىۋېتىدىغان بولدى.

— شۇنداق قىلىپ ، نەق ساراڭلاردىن ھەيۋەتلىك بىر قوشۇن تەشكىللەندى ، دەڭ ؟

— ۋاي گەپ قىلماڭ . روھىي كېسەللەر تۇرىدىغان ھويلىنىڭ رېشاتكىلىق تۆمۈر دەرۋازىسىنى مەھكەم قۇلۇپلاپ قويۇپ ، رېشاتكىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ ، ساتتار «گېنېرال»نىڭ قوشۇنىنىڭ ھەربىكەتلىرىگە قاراپ «توۋا !» دەپ ياقىمىزنى تۇتاتتۇق . ساراڭ دېگەننىڭ قىلىقلىرىغا چەك قويۇپ بولغىلى بولامدۇ ، دەيسىز ؟ بىر - بىرىنى ئۇرۇپ زەخىملەندۈرۈپ ، ئىش تېرىپ بەرمىسىلا بىز شۇنىڭغا خۇش . بىر ھېسابتا ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ساتتار «گېنېرال»نىڭ بىر ئەپلىك باشقۇرۇپ يۈرگىنىگە قاراپ خاتىرجەم بولۇپمۇ قالدۇق . بىر يەكشەنبە كۈنى بىزنى نېمە غەپلەت باستىكىن دېمەمسىز ، نۆۋەتچى خادىملار كېسەللەرنىڭ چۈشلۈك تامىقىنى بېرىپتۇ - دە ، دەرۋازىنى قۇلۇپلاشنى ئۇنتۇپ كېتىپ قاپتۇ . ساتتار «گېنېرال»نىڭ يەكشەنبە- پەكشەنبە ، دەم ئېلىش كۈنلىرى دېگەنلەر بىلەن نېمە كارى ، تاماقتىن كېيىن قورسىقى تويغان ئەسكەرلىرىنى سەپكە تىزىپ دوختۇرخانىدىن توسالغۇسىزلا كوچىغا چىقىپ كېتىپ قالسا بولىدۇ . ھەممىنىڭ ئالدىدا ئاجايىپ ئوردېن ، تاپانچا ، قىلىچلارنى ئاسقان ساتتار «گېنېرال» ئۇنىڭ ئارقىسىدا پىرقىرايدىغان ، ئارقىچە ماڭىدىغان بىر - بىرىدىن غەلىتە ئادەملەر . بۇ قىزىقچىلىقنى كۆرۈپ يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۇشتاق باللار ئولىشىپ چۇۋۇلداشقىنىچە ئەگىشىپ مېڭىپتۇ . تېخى بەزى مەست گالدا - گۇلدۇڭ ئاغىنىلەرمۇ ساتتار «گېنېرال»نىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ قوشۇلۇپ ، خۇددى ئۇلارغا بايرام بولۇۋاتقاندەك خۇشال كېتىۋاتقۇدەك . ساتتار

«گېنېرال» قوشۇننى باشلاپ ماڭغانچە مېڭىــــپ نەق قايناق بازارنىڭ ئىچىگە يېتىپ كېلىپ، قولىغا چىققاننى ھەر تەرەپكە ئېتىپ، ئېلىپساتارلار نېمە ۋەقە بولغىنىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە شۇنداق قاتتىق ھۇجۇم باشلاپتۇكى، ئايھاي، بۇ تاماشانــــى كۆرۈڭ! مېۋە - چېۋىلەر يەرگە تۆكۈلۈپ، دوپپا - ئاياغ دېگەنلەرنىڭ ئاسماندا ئۇچۇپ، داس - چېلەكلەر داراڭلاپ چۇشۇپ، قىيامەتنىڭ ئۆزىلا بوپتۇ... بۇ خەۋەر يېتىپ كەلگەندە، تازا چۇشلۇك ئۇيقۇمنى ئۇخلاۋاتاتتىم. چۆچۈپ ئويغىنىــــپ كەتتىم. قارىسام، جاھان تىپتىنچ. بابا مەن سىزگە سۆزلەپ بەرگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى چۇشۇمدە كۆرۈپتىمەن. «خۇدايا شۈكۈر!» دېدىم.

— باياتىن بېرى سۆزلەۋاتقانلىرىڭىزنىڭ ھەممىســــى چۇشىڭىزمىكەن؟ — دەپ ھەيران بولدۇم مەن.

— شۇنداق، چۇشۇمكەن، — دېدى دوختۇر، — نېمانداق ئۇزۇن يىللارنىڭ ئالدىدا بولغان ئىشلار چۇشۇمگە كىــــرىپ يۈرىدىغاندۇ، دەپ ئويلىنىپ قالدىم...

دوختۇر سۆزدىن توختاپ، گەدىنىدە مېڭىــــپ يۈرگەن چۇمۇلىمۇ بىر نەرسىنى ئۇرۇپ چۇشۇردى - دە، قولياغلىقنى ئېلىپ قولىنى سۈرتتى. دوختۇرنىڭ سۆزلىگەنلىــــرى راست بولغان ئىشلارمۇ ياكى بىر خىيالىي چۇشمۇ؟ دوختۇرنىڭ ئۆزى زادى ئۆلۈكمۇ - تىرىكمۇ؟ ھېچ نەرسىنى چۈشىنەلمەي قالدىم.

— ھېلىقى... نېمە دېمەكچىدىم؟... ھە، ھېلىقى ساتتار «گېنېرال» ھازىر ھاياتمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— ھەي، بۇ ئادەمنىڭمۇ ئۆلۈپ كەتكىنىگە خېلى يىللار بولۇپ قالدى، — دېدى دوختۇر، — مانا، ئالدىنقى كۈنى ئۇ

دۇنياغا بېرىپلا شۇ ئاغىنە بىلەن ئۇچرىشىپ قالسام بولىدۇ . قارىسام ، ناھايىتى غەمكىن . بىزنىڭ دوختۇرخانىدىكى چاغلىرىدا بىر قوشۇننى باشلاپ جەڭ قىلىپ يۈرگەن شۆھرەتلىك چاغلىرىنى ھېلىمۇ ئەسلەيدىكەن . مەن بۇ ياققا چىقىدىغان چاغدا : «قانداق ، گېنېرال ؟ تىرىك جانلارغا گەپ ـ سۆزلىرىڭىز بارمۇ ؟» دەپ سورىسام ، «ئوغلۇمغا ئېيتىپ قويسىڭىز ، بېشىمغا ئۇنچىۋالا جىق تاش ـ كېسەكنى ئەكېلىپ دۆۋىلەپ قويۇشنىڭ نېمە ھاجىتى دېمەمنى سىقىپ ؟ ...» دېدى .

چىقىپ قارىسام ، راست دېگەندەك ساتتار «گېنېرال»نىڭ قەبرىسىنىڭ ئۈستىدە كاتتا بىر گۈمبەز بار ئىكەن . ئىزدەپ سوراپ ساتتار «گېنېرال»نىڭ ئوغلىنىڭ ئۆيىنى تاپتىم . چەت ئەل پاسونىدا قەۋەتلىك قىلىپ سېلىنغان تازىمۇ ھەيۋەتلىك ئۆي ئىكەن . مەن بېرىپ تۇرۇشۇمغا ئۆينىڭ ئالدىغا بىر پىكاپ كېلىپ توختىدى . قارىسام ، پىكاپتىن ساتتار «گېنېرال»نىڭ ئوغلى چۈشۈۋاتىدۇ . كۆرۈپلا تونۇدۇم . ئۆز ۋاقتىدا دوختۇرخانىغا پات ـ پات دادىسىنى يوقلاپ كېلىپ تۇراتتى . بىچارىلەر تازىمۇ كەمبەغەل ئىدى . ھازىر ئۈستىدە شۇنداق پۇزۇر كىيىملەر ، ئۇمۇ مېنى تونۇدى .

«ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، دوختۇر سەيدۇللا ئاكىغۇ ، دەيمەن ؟» دېدى .

مەنمۇ كۆرۈشۈپ تونۇشلۇق بەردىم .

«پاھ ، بىر ئامەت كېلىپ تازىمۇ بېيىپ كەتتىڭمۇ نېمە ؟» دەپ سورىدىم .

«دادامنىڭ ھېلىقى چاپىنىنى بىلىسىزغۇ ؟» دېدى .

«قايسى چاپىنىنى دەيسەن ؟» دېسەم :

«ھېلىقى مۇرىسىگە پاگونلارنى قادىۋالىدىغان ئەسكى چاپانچۇ ؟… شۇ چاپاننى سېتىپ بېيىپ كەتتىم» دەيدۇ .

ھەيرانلا قالدىم .

«ھوي… شۇ ئەسكى چاپان شۇنچە پۇلغا يارامدىكەن ؟» دەپ سورىدىم .

سورىسام ئۇ نېمە دېدى دېمەمسىز .

«چاپانغا قاداقلىق ئىزناك ، تۇگمە ، مىس يارماق دېگەنلەردىن خەۋىرىڭىز بارغۇ ؟… بىر كۈنى بىر ـ ئىككى ئادەم ئۆيگە دادامنىڭ شۇ چاپىنىنى سۈرۈشتۈرۈپ كېلىپ قالدى . ‹نېمە قىلماقچى سىلەر ؟› دېسەم : ‹شۇ چاپاننى بولسا سېتىۋالايلى دېگەن› دېيىشتى . ئۇلار چاپاننى ئالامدۇ ياكى ئۇنىڭغا قاداپ قويغان نېمىلەرنىمۇ ؟ مەن نەدىن بىلەي ، كۆتۈرۈپلا چىقىپ كۆرسەتتىم . ئۇنىڭغا قاداقلىق جاڭگىر ـ جۇڭگۇرلارنى كۆرۈپ ھېلىقىلارنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى . ئۆزئارا بىرنېمىلەرنى دەپ كۇسۇرلىشىپ : ‹قانچىگە ساتىسەن ؟› دېدى . كۆزۈمنى يۇمۇپ گەپنىڭ يوغىنىنى قىلاي دەپ : ‹بۇ رەھمەتلىك دادامدىن قالغان تەۋەررۈك چاپان ، ئالساڭلار يۈز مىڭ سومنى نەق ساناڭلار ، بولمىسا ساتمايمەن› دېدىم . ھېلىقىلار چاپاننى ئۇياققا ئۆرۈپ ـ بۇياققا ئۆرۈپ ، يالۋۇرۇپ يۈرۈپ ئەللىك مىڭ سومنى تاشلاپ بېرىپ ، چاپاننى كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىشتى . ئۆزۈممۇ ھەيران بولۇپ پۇلنى تۇتقانچە قاراپلا قاپتىمەن . ‹بۇ بىرنېمىلەر ئەتىلا كېلىپ پۇلۇمنى ئەكەل› دېمىسۇن ، دەپ ، ھېلىقى پۇلنى بىر يىل ساقلاپتىمەن . قارىسام ئۇلار كېلىدىغاندەك ئەمەس . شۇنىڭ بىلەن پۇلنىڭ ئىزىنى يىتتۈرۈپ قويماي دەپ قورقۇپ ، ئۇنى سودىغا سېلىپ ئۇياققا دومىلاتتىم ، بۇياققا

دوملاتتىم . خۇدا بەردى دېگەن شۇمۇ ، بىر - ئىككى يىلدىلا «لەپپىدە» كۆتۈرۈلۈپ كەتتىم . ھېلىقى بىرنېمىلەر ئەمدى چاپاننى قايتۇرۇپ كەلسە ، ئۆزۈممۇ يۈز مىڭنى نەقلا ساناپ سېتىۋالىمەن» دېدى .

ساتتار «گېنېرال»نىڭ ئوغلىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ،ھېلىقى بىر چاغدا دوختۇرخانىمىزدىكى «12»نى تەتقىق قىلىدىغان ئالىمنىڭ ئون ئىككى يارماق توغرىسىدىكى گەپلىرىنى ئويلاپ قالدىم .

«ئوغلۇم ، ساڭا خۇدايىم غايىبتىن بېرىپتۇ ، خەير !» دەپ خوشلىشىپ قايتتىم . ئۇنىڭغا : «چوقچايتىپ قويغان گۇمبەزلىرىڭنى چۇۋۇپ تاشلا» دېگىلى بولامدۇ ، دەيسىز ؟... ھوي ، كۇنمۇ خېلى ۋاخ بولۇپ قاپتىغۇ ؟... تولا ۋالاقلاۋېرىپ سىزنى زېرىكتۈرۈپ قويدۇممۇ ، قانداق ؟...

دوختۇر گېپىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ، ھاسا تايىقىنى ئالدى - دە ، ئورنىدىن تۇردى ، ماڭا تازا قاراپ كېتىپ :

— راست ، يەتتە نەزىرىمنىڭ باغىقىنى تاپشۇرۇۋالغانسىز ؟... بارماي قالماڭ - ھە ! — دېدى .

نېمە دېيىشىمنى بىلمەي قالدىم . دوختۇر مەندىن يىراقلاپ غۇۋالىشىپ يوقىلىپ كەتكەندى . پۈتۈن بەدىنىمنى سوغۇق تەر بېسىپ كەتتى . ھېلىلا دوختۇر ئولتۇرۇپ قوپۇپ كەتكەن ئورۇننى سىلىسام مۇزدەك بولۇپ ، ئۇ يەردە بىركىم ئولتۇرغاندەكمۇ قىلمايتتى .

1999 - يىل 3 - ئاي ، ئۈرۈمچى

# تەييارباي

غۇلجا شەھرىدىن قىرىق كىلومېتىرچە يىراقلىقتا، ئىلى-ئۆرۈمچى تاشيولىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە كۈرە دېگەن بىر يەر بار. ھازىر ئۇنى ئانچىمۇ كۆزگە چېلىقمايدىغان ئاددىي بىر يېزا دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما، چىڭ خاندانلىقى شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان بىر يېرىم ئەسىردىن ئوشۇق ۋاقىتتا بۇ يەر شىنجاڭنىڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى تۇرىدىغان مۇھىم ئورۇن بولۇپ كەلگەندى. چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ بېيجىڭدىن تەيىنلەپ ئەۋەتكەن جياڭجۈنلىرى مانا مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىغا ھوقۇق يۈرگۈزەتتى.

كۈرە — كونا كۈرە، يېڭى كۈرە دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. كونا كۈرە قەلئەسى ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا بولۇپ، 1860 - يىلىدىن كېيىن كۆتۈرۈلگەن ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى (كونىلارنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «سادىر پالۋان سوقۇشى» )دا ۋەيران بولغان، بۇ سوقۇشتا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلىدىكى قوشۇنلىرى پۈتۈنلەي تارمار بولۇپ، شۇ چاغدىكى كۈرەدە تۇرۇشلۇق ئىلى جياڭجۈنى مىڭ شۈي بالا - چاقىسىنى ئېلىپ، ئوق - دورا ئامبىرىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ، دورىغا ئوت يېقىشنى بۇيرۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتىكەن. شۇ قېتىمقى پارتلاشتا كۈرەنىڭ ئەتراپى يەر تەۋرىگەندەك سىلكىنىپ، چېرىكلەرنىڭ پارە - پارە بولۇپ كەتكەن پۇت - قوللىرى نەچچە

چاقىرىم يەرگە ئۆچۈپ چۈشكەن، قەلئە ئىچىدىكى پۈتۈن ئىمارەتلەر كۆيۈپ تۈگەشكەن، دېيىشىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن 1890 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ھازىرقى يېڭى كۇرە قەلئەسى سېلىنغانىدى.

ئىككى ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت، دېمەك ئوتتايمۇ دەيسىلەر؟ ئىچكىرىدىن ھەربىر يېڭى جياڭجۈن يېتىپ كەلگەندە، بۇ يەردە داقا ـ دۇمباقلار چېلىنىپ، تەنتەنىلىك قارشى ئېلىش مۇراسىملىرى ئۆتكۈزۈلەتتىكەن. بىرەر جايدا پۇقرالارنىڭ ئازراقلا ئىش تېرىغانلىقى ئاڭلانسا، كۇرەنىڭ دەرۋازىلىرىدىن دۈپۈرلەپ قوشۇنلار چىقىپ تەرەپ ـ تەرەپكە يۈرۈش قىلاتتىكەن. شۇ يىللاردا يۈز بەرگەن قانچە قانلىق ۋەقەلەرنىڭ پىلانى مانا مۇشۇ كونا ـ يېڭى كۇرەدە تۈزۈلگەن؛ قانچە كۆلكىلىك كومېدىيەلەر مانا مۇشۇ ھۆكۈمرانلار ئۆزۈسىدا ئوينالغان. بۇ ئىشلارنى تەپسىلىي يېزىشنى بىز ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى ئۆزىدىن يوغان كىتابلار ئارىسىدا ئۆتكۈزۈپ، بېشىنىڭ تۈكى قالمايۋاتقان تارىخچىلارغا قويۇپ، ئۆزىمىزنىڭ گېپىگە كەلسەك، شۇ يىللاردا يېڭى كۇرە قەلئەسىدە «تەييارباي» دېگەن بىر كىشى ئۆتكەن. بىزنىڭ بۇ ھېكايىمىز چوڭ ئىشلار ئۆتكەن شۇ قەلئەدىكى ئاشۇ ئاددىي بىر پۇقرانىڭ ھاياتىغا بېغىشلانغان.

## 1

يېڭى كۇرە قەلئەسى ناھايىتى ھەيۋەتلىك سېلىنغانىدى. قەلئەنىڭ سېپىللىرى ئېگىز، مۇستەھكەم بولۇپ، شەھەر ئىچىدىكى تۆت چوڭ كوچا تۆت تەرەپتىكى سېپىل دەرۋازىلىرىنى

بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇراتتى . چوڭ كوچىلارنىڭ كېسىشكەن جايى — كورەننىڭ ئوتتۇرىسىدا تۆت قەۋەت ھەشەمەتلىك بىر راۋاق قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى ، ئۇ «قوڭغۇراق راۋىقى» دەپ ئاتىلاتتى . سېپىلنىڭ ئىچى ـ تېشىدا ھەربىي گازارمىلار بار ئىدى . قەلئە ئىچىدىكى چوڭ ـ كىچىك يامۇللار ، ئوق ـ دورا ئىسكىلاتلىرى ، ئوزۇق ـ تۈلۈك ساقلىنىدىغان ئامبارلارنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا پوست تۇراتتى . سېپىل دەرۋازىسىنىڭ ئۈستى ۋە سېپىلنىڭ تۆت دوقمۇشىدىكى كۆزەتخانىلاردىمۇ كېچە ـ كۈندۈز قاراۋۇل ئۈزۈلمەيتتى . ھۆكۈمەت يېڭى كورەنى ئاۋاتلاشتۇرۇش ئۈچۈن چوڭ كوچىلارغا دۇكان ـ سارايلارنى ئېچىپ بەرگەنىدى . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، بۇ دۇكان ـ سارايلارنى ئاچىدىغان سودىگەرلەرنىڭ تولىسى چىڭ خانىدانلىقىنىڭ زو زۇڭتاڭ ، ليۇ جىڭتاڭ دېگەن ئەمەلدارلىرى شىنجاڭدىكى توپىلاڭلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئەسكەر ئېلىپ چىققاندا قوشۇنغا ئەگىشىپ كەلگەن ئادەملەر ئىكەن .

غۇلجىغا كېتىدىغان شەرقىي دەرۋازىنىڭ سىرتىغا ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر ۋە ئاھالىلەر كېلىپ ئولتۇراقلاشقانىدى ؛ سۈيدۇڭگە قاتنايدىغان دەرۋازىنىڭ سىرتىدا خەنزۇ ، خۇيزۇ ئاھالىلىرى بىرقەدەر كۆپرەك ئىدى . ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئۈچ پو ئېتىلىشى بىلەن سېپىل دەرۋازىلىرى ئېچىلىپ ، سىرتتىكىلەر قەلئە ئىچىگە ئېقىپ كىرىشكە باشلايتتى . دۇكانلار ئېچىلىپ سودا ـ سېتىق قىزىپ كېتەتتى . ئىچكىرىنىڭ چاي ، دورا ـ دەرمان ، يىپەك ماللىرى ، شىنجاڭنىڭ ئاشلىق ، تېرە ـ يۇڭ ، قۇرۇق مېۋىلىرى قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ سودا بولاتتى . ئاشپۇزۇل ، قاۋاقخانىلارنىڭ چۆرىسىگە قىزىل پەرەڭ تۇتۇلغان

ۋىۋىسكىلىرى لەرزان پۇلاڭلىشىپ ، خىرىدارلارنى ئىختىيارسىز جەلپ قىلاتتى . بۇ يەرگە ئەمەل تۇتۇپ كەلگەن ئامباللار ئەتراپتىكى يېزا ـ قىشلاقلارغا چىقىپ بىر ئايلىنىپ كەلسىلا ، يىغنۇېلىنغان باج ـ سېلىق ، سوۋغا ـ سالام بىلەن يانچۇقى يامبۇغا توشۇپ كېتەتتى . تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى شەھەرلەرنىڭ بىرەرىگە بېرىپ ، بىر ـ ئىككى يىل ئەمەل تۇتۇپ قايتقانلار بىر ئۆمۈر يەتكۈدەك مال ـ دۇنياغا ئىگە بولاتتى . كۇرەدىكى قىمارخانىلار بىلەن قاۋاق ، ئەپيۇنخانىلارنىڭ چىراغلىرى تاڭ ئاتقۇچە ئۆچمەيتتى . هارامدىن كەلگەن يامبۇلار بۇ يەردە شاراقشىپ تۆكۈلۈپ سۇدەك ئاقاتتى . شۇڭا ، ئىچكىرىدىن كەلگەنلەر كۇرەنى «كىچىك بېيجىڭ» دەپمۇ قويۇشاتتى . ئاۋاتچىلىقتا كەلگەندە ئەينى يىللاردىكى ئۈرۈمچى شەھىرى ئۇنىڭ قولىغا سۇمۇ قويۇپ بېرەلمەيتتى . بۇ يەردىن خېبېي ـ خېنەن ، خۇبېي ـ خۇنەن ، شەنشى ـ سەنشى ، سىچۇەن ، گەنسۇ دېگەندەك ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلارنىڭ ئادەملىرىنى تاپقىلى بولاتتى . كاتتا ئەمەلدارلار ، ئاددىي ئەسكەرلەر ، مال ـ دۇنيا قوغلىشىپ يۈرگەن سودىگەرلەردىن باشقا يەنە خىلمۇخىل جاھانكەزدىلەر ، يۇرتىدىن تەزگەن مۇساپىرلار ، خەۋپ ـ خەتەرنى ئىزدەپ يۈرىدىغان تەۋەككۈلچىلەرمۇ ئۇچراپ تۇراتتى . تەييارباي ئەنە شۇ يىللاردا كۇرەدە پەيدا بولۇپ قالغان ئادەملەرنىڭ بىرى ئىدى .

تەييارباينىڭ ئايالى بەي خېنىم خەنزۇ بىلەن مانجۇنىڭ ئارىسىدىن تۇغۇلغان بېيجىڭلىق ئايال بولۇپ ، قامىتى كېلىشكەن بۇ ئايال گەرچە تەيياربايدىن ئون ياشچە چوڭ بولسىمۇ ، يەنە ناھايىتى گۈزەل كۆرۈنەتتى . بەي خېنىم شەرقىي كوچىدىكى

تىككۈچىلەر قاتارىدا بىر دۇكان ئاچقانىدى . دۇكاندا ئىككى ـ ئۈچ تىكىمچىلەر ئىش تىكەتتى . بەي خېنىم ئۆزى ئىش كېسەتتى . جىياڭجۇن مەھكىمىسىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ مانجۇ پاسونىدىكى ھەر خىل كىيىملىرى ، چاڭپاۋ ، كەنجەر ، خېنىملارنىڭ ھەر خىل پاسوندىكى يىپەك كۆڭلەكلىرى مۇشۇ دۇكاندىن پۈتۈپ چىقاتتى . ئۇ يىللاردا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆرە ئىچىدە ئولتۇراقلىشىشى مەنئى قىلىنغانىدى . بەي خېنىمنىڭ يۇزى بىلەن تەييارباينىڭ ئائىلىسىگە كۆرە ئىچىدە تۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنغانىدى . تەييارباي ئۆزىمۇ ئاق يۈزلۈك ، قاپقارا بۇرۇت قويغان ، ئوتتۇرا بوي ، كېلىشكەن ئادەم ئىدى . خەنزۇ ، مانجۇ تىللىرىدا راۋان سۆزلەيتتى . قىلىدىغان مۇقىم ئىشىمۇ يوق ئىدى . ھەر كۈنى ئەتىگىنى بەي خېنىمنىڭ بەرگەن پۇلىنى يانچۇقىغا سېلىپ ، ئىچكىرىنىڭ قانداقتۇر بىر ناخشىسىغا غىڭشىغىنىچە ئۆيدىن چىقاتتى .

بۇتخانا ئىدى ھەيۋەت ،
يېشىللىق ئارا خىلۋەت...

ئاندىن كۆرەنىڭ بازارلىرىنى ئارىلاپ ، ئاشخانا ، قىمارخانا ۋە راۋاق ئەتراپىدىكى قىزىقچىلىقلارنى تاماشا قىلىپ يۈرەتتى . بەي خېنىم ئۇنىڭغا ئارتۇقچە تەلەپمۇ قويمايتتى ، پەقەت يامان ئىشلارغا ئارىلاشماي ، كەچتە ئۆيگە ۋاقتىدا قايتىپ كەلسىلا رازى بولاتتى . تەييارباي ئۆزىمۇ قالايمىقانچىلىقتىن قاچىدىغان ياۋاش ئادەم ئىدى . «ئەلگە كىرسەڭ ئىلىكچە...» دەپ ، چاغان كەلسە خوتۇنىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن بىرەر جوزا چاغانلىق نەرسىلەرنى

راسلاپ قوياتتى . ئۆزى هاراق دېگەننى ئاغزىغا ئالمايتتى . هېيت كەلگەندە يەنە راۋۇرۇس تەييارلىق قىلىپ هېيت قىلاتتى ، ئەل- ئاغىنىلىرى بىلەن بىللە بولغاندا ئانچە - مۇنچە قىزىقچىلىقلارنىمۇ قىلىپ قوياتتى . هەر قېتىم چاغان يېقىنلىشىپ قالغاندا بەزىلەر ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ :

— تەييارباي ، بۇداقى چاغاندا قانچىلىك پوجاڭزا ئاتارسەن ؟ — دەپ سورىسا ، ئۇ :

— يىگىرمە — ئوتتۇز تىزىق پوجاڭزا ئېلىپ قويدۇم . ئەر - خوتۇن بىلمىزگە باغلاپ ئۇچىغا ئوت يېقىشۇپتەيلىمىكىن ، دەيمىنا ، — دەپ كۇلدۇرەتتى .

بىكارچىلار يىغىلىپ قالغان بەزى سورۇنلاردا تەييارباي بىيىجىڭ چاڭچىلىلىرىگە تەقلىد قىلىپ ، خېيىي باڭزىنىڭ ناخشىلىرىنى خېلىلا قاملاشتۇرۇپ ئېيتىپ قوياتتى :

بۇ جاهاندا ئەسلىدە قانۇن - مىزاندىن يوق ئەسەر ،
بەزىبىر نائەهلىلەر پۇقرانى قىينىاركەن بەتەر .
هەي ئىسىت ، بىلسەم ئەگەر بالدۇرلا زالىم پەيلىنى ،
مەرد بولۇپ تاغلار ئارا ، كەلمەس ئىكەنمەن بۇ سەپەر...
كۆپىيەر ئوغرى - قاراقچى ، يولىدىن تايسا زامان ،
ئوغرى بولماقتىن پۇل تۆلەپ بەگ بولۇش بەكمۇ ئاسان......

تەييارباي ئاغزىدا چاڭچىلىكەشلەرنىڭ داقا - دۇمباق ، غىجەكلىرىنى دوراپ چېلىپ ، نەچچە پىرقىراپ موللاق ئېتىپ تىك تۇرالايتتى . ئۇ ناخشىلارنىڭ ئاخىرىدىكى «ئا - ئا ، ئى - ئى... » دەيدىغان يەرلىرىنى نەپەس ئالماي ، بىرنەچچە دەقىقىغىچە سوزۇپ چۇشۇرگەندە ، ئاڭلاپ تۇرغانلار ئىختىيارسىز چاۋاك چېلىپ سەكرىشىپ كېتەتتى . خەنزۇ چاڭچىلە ناخشىلىرىنى بىر

ئۇيغۇرنىڭ مۇشۇنچىلىك قاملاشتۇرۇپ ئېيتالىغىنى ئۇلارغا تېخىمۇ قىزىق تۇيۇلاتتى.

«تەييارباي» دېگەن تەييارباينىڭ ئىسمىمۇ ياكى لەقىمىمۇ؟ بۇنى ھېچكىم ئېنىق دەپ بېرەلمەيتتى. بەزىلەر: «تەييارباينىڭ ئەسلىي ئىسمى تاھىر. تەييارباي بەي خېنىمغا ئۆيلىنىپ، ئۇنىڭ تەييار پۇلى بىلەن بايۋەچچىلەردەك ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرگەچكە، باشقىلار ئۇنى ‹تەييارباي› دەۋالغان» دېيىشەتتى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تەييارباي ئەسلىي كۆچالىق ئادەم ئىكەن. ئۇ نەچچە ياش ۋاقتىدا، كىراكەشلىك قىلىدىغان دادىسىغا ئەگىشىپ بېيجىڭغا بېرىپ قالغانىكەن. ئۇ چاغلاردا ھەرقايسى جايلاردىكى بەگلەرنىڭ ئۆز دەرىجىسىگە قاراپ ئۈچ ـ تۆت يىلدا بىر قېتىم پايتەختكە بېرىپ خانغا كۆرۈنۈش قىلىدىغان تۈزۈمى بار ئىكەن. شۇ قېتىمدا تەييارباينىڭ دادىسى ئوغلىنى ئېلىپ، بىر بەگنىڭ خانغا ئېلىپ ماڭغان سوۋغاتلىرىنى كىرا قىلىپ بېيجىڭغا مېڭىپتۇ. يولدا قانچە بېكەتلەردە ئات يەڭگۈشلەپ، مىڭبىر جاپادا ئاران مەنزىلگە يېتىپتۇ. قايتىدىغان ۋاقىتتا «يۇرتتا ئۇپۇر ـ توپۇرچىلىق بولۇپ كېتىپتۇدەك» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، كېتەلمەي بېيجىڭدا تۇرۇپ قاپتۇ. ئۇ چاغلاردا بېيجىڭدىمۇ كىراكەشلىك يامان ئەمەس بولسا كېرەك، ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن بۇ يەردە بىر مەزگىل كىراكەشلىك قىلىپ جان بېقىپتۇ. كۈتۈلمىگەندە تەياربايىنىڭ دادىسى بىر ـ ئىككى كۈن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپلا ئۆلۈپ كېتىپتۇ. تەييارباي ئات ـ ھارۋىنى تاراقلىتىپ بىرەر يىلچە كىراكەشلىك قىلىپ بېقىپ قاملاشتۇرالماي، ئات ـ ھارۋىنى سېتىپ پۇلنى بەلگە تۈگۈپ، چاڭچىلىخانىلاردا ئويۇن كۆرۈپ، ناخشا تىڭشاپ، چايخانىلاردا

مەدداھلارنىڭ جەڭنامىلىرىنى ئاڭلاپ، بىيجىڭنىڭ كوچىلىرىنى ئالا قويماي ئارىلاپ ئاۋات قىلىپ يۈرۈپتۇ. ئاز ئۆتمەيلا ھەممە پۇل تۈگەپ، تەييارباي تازا تەس كۈنگە قالغاندا ئۇنىڭغا بەي خېنىم يولۇقۇپ قالغانىكەن.

ئۇ چاغ تەييارباينىڭ يېشى يىگىرمىگە يېقىنلىشىپ، بەي خېنىمنىڭ يېشى ئەمدىلا ئوتتۇزدىن ئاشقان ۋاقىتلار ئىكەن. بەي خېنىم بۈرۈتلىرى يېڭىدىن خەت تارتقان، يوغان قارا كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان بۇ يىگىتكە ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا زادى قانچىلىك مۇھەببەت ۋەقەلىرىنىڭ سادىر بولغانلىقى كىشىلەرگە قاراڭغۇ. ئەمما، ئېرىدىن ياشلا تۇل قالغان بەي خېنىم پۈتۈن مال - مۈلكى بىلەن ئۆزىنى تەيياربايغا تاپشۇرۇۋەتكەندەك كۆرۈنىدۇ. تەييارباي بۇ خېنىمنىڭ پۇلىنى بۇزۇپ - چېچىپ، ھەر كۈنى ئۇنىڭ قېشىغا مەست كېلىدىكەن. بەي خېنىم:

— كىشى قەدرىنى بىلمەيدۇ، يار كىچىك، نادان كەلدى.
بېرىپ مەيلىنى شارابقا، مەست بولۇپ ئاران كەلدى.

دېگىنىچە يەنە ئۇنى خۇشخۇيلۇق بىلەن كۈتۈۋالىدىكەن.

ئارىدىن يەنە بىرنەچچە يىل ئۆتۈپتۇ. تەييار باي بارغانسېرى كەيپ - ساپاغا بېرىلىپ كېتىپتۇ، «يۇرت تىنچلىنىپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ: «يۇرتۇمغا كېتىمەن» دەپ چاتاق سالىدىغان بوپتۇ. تەيياربايدىن ئايرىلىپ قېلىشقا كۆڭلى قىيمىغان بەي خېنىم: «يۇرتىڭىزغا بارساق بارايلى، ئەمما، بىرىنچىدىن، يۇرتقا بېرىۋېلىپلا مېنى تاشلىۋەتمەيسىز؛ ئىككىنچىدىن، ھاراق

دېگەننى ئاغزىڭىزغا ئالمايسىز » دەپ شەرت قويۇپ ، تەيياربايغا ئەگىشىپ شىنجاڭغا چىققانىكەن . ئۇلار ئاۋۋال تەيياربايىنىڭ يۇرتى كۇچاغا بېرىپ ئورۇنلاشقان ، دېيىشىدۇ . لېكىن ، تەيياربايىنىڭ ئانىسى بىر يىل ئىلگىرىلا ئالەمدىن ئۆتكەنىكەن . تەيياربايىنىڭ يات دىيىاردىكى بىر خوتۇننى ئەگەشتۇرۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ، يۇرتداشلىرى ئۇنىڭغا ئانچە ياخشى كۆز بىلەن قارىماپتۇ ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئايلىنىپ مۇشۇ كۇرەگە كېلىپ توختاپ قالغانىكەن .

تەيياربايى دائىم ياخشى ئاتتىن ئايرىلمايتتى . ئېتىنىڭ ئېگەر- جابدۇقىنىمۇ ناھايىتى تاللايتتى . بەزىدە ئېتىنى مىنىپ سۇيدۇڭ ، غۇلجا شەھەرلىرىگە باراتتى ياكى بولمىسا خەنزۇ جەڭنامىلىرىدىكى ناخشىلارغا توۋلاپ :

مەرد ئىكەن چىڭ جى ئاجايىپ ، خىسلىتى پالۋانغا باب ،
گېلىغا شەمشەر سۇرۇپ ئۇ ، بەردى زەپ خانغا جاۋاب .
ئەھدىدىن قايتمىدى ئەسلا يەتسىمۇ ھەتتا ئەجەل ،
قالغۇسى نامى جاھاندا داڭقى ئالەمگە تاراپ .
كەلمىدى كارغا ئىسسىت ! ۋېي بەگلىكى سەردارلىرى…

دېگىنىچە داللارغا چىقىپ بولۇشىغا ئات چاپتۇراتتى . يەردە تۇرۇپ بىر موللاق ئېتىپ ، دەل ئېگەرنىڭ ئۈستىگە مىنىۋالالايدىغان ، يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ئات ئۈستىدىن موللاق ئېتىپ ، يەرگە تىك چۈشۈپ تۇرالايدىغان ھۈنەرلىرىمۇ بار ئىدى . بۇ ھۈنەرلەرنى ئۇ بالا ۋاقتىدا كۇچادىكى دارۋازلار ، يەرلىك سېرك ئۇستىلىرىدىن ئۆگەنگەنىدى .

يۈگۈرۈپ كېتىپ بارغان ئاتنىڭ ئۈستىدىن موللاق ئېتىپ

چۈشۈشنىڭ زادى قانچىلىك ھۈنەر ئىكەنلىكىنى ئات بىلەن ھەپىلىشىپ باقمىغان ئادەملەر بىلمەسلىكى مۇمكىن ، بىر يىلى كۈرەدە گەنسۇلۇق بىر چامباشچى پەيدا بولۇپ قالدى . ئەسلىدە ئۇ چاغچىلىلەردە ئالا - چىپار يۇزلۇكلەرنىڭ رولىنى ئالىدىغان ئۇستا چامباشچىلاردىن ئىكەن . ئۇ تەييارباينىڭ ئات ئۇستىدىن موللاق ئېتىپ تىك چۈشەلەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ : «بۇ ئىشنىڭ نىمە ھەيران قالغۇچىلىكى بار» دەپ نەزەرىگىمۇ ئىلىپ كەتمىدى . بىر قېتىم ئۇ قوڭغۇراق راۋتى يېنىدىكى قاۋاقلارنىڭ بىرىدە ھاراق ئىچىپ ئولتۇرۇپ : «ئەمدى مېنىڭ بىگىسىمنى بىر كۆرۈپ بېقىڭلار ـ ھە !» دەپ ، ئاغىنىلىرىنى سېپىلنىڭ يېنىغا باشلاپ باردى ، ئاندىن ئۆزى سېپىل ئۇستىگە چىقىپ ، پۇت ـ قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۇرۇپ ، تازا چىڭقىلىپ كۆچ يىغقاندىن كېيىن ، ئېگىز سېپىلنىڭ ئۇستىدىن موللاق ئېتىپ يەرگە تىككىدە چۈشتى . ئەتراپتىكىلەر : «پاھ ، پاھ ، پاھ !» دەپ چۇقان سېلىشىپ كەتتى . تەييارباييمۇ بىر چەتتە تورۇق ئاتنىڭ ئۇستىدە قىڭغىيىپ ئولتۇرۇپ بۇ تاماشىنى كۆرۈۋاتاتتى . بىر چاغدا ھېلىقى چامباشچىنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا چۈشۈپ قالدى .

— ھەي ، ئىسمىڭ نىمىدا سېنىڭ ؟ قېنى ئېتىڭنى بۇياققا ئەكەلمەمسەن ؟ — دېدى ئۇ تەييارباييغا قولىنى شىلتىپ .

تەييارباي ئېتىنى دېۋىتىپ كېلىپ ، ئاتتىن چۈشۈپ چۇلۋۇرىنى چامباشچىغا تۇتقۇزدى . چامباشچى ئاتقا مىنەر ـ مىنمەستىنلا تورۇق ئات تۇيۇقسىز يۇگۇرۇپ كېتىۋىدى ، چامباشچى ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ چۈشتى . ھەممەيلەن «پاراققىدە» كۈلۈۋېتىشتى . بىر ـ ئىككىيلەن كېلىپ چامپاشچىنى يۆلەپ :

— بىر يەرلىرى زەخىملەنمىگەندۇ ؟ — دەپ كۆڭۈل سوراشتى .

— ھېچ گەپ يوق ، ھېچ گەپ يوق ، — دەپ چاپانلىرىنى قاقتى چامباشچى ، — تازا تەربىيە كۆرمىگەن ئاتكەن ـ دە ، بۇ ! قېنى ئەمدى ئەكېلىڭلار .

تەييارباي ئېتىنــى قايتۇرۇپ كېلىـــپ ، چامباشچـــى مىنىۋالغىچە بېشىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇردى ـ دە ، ئاندىن ئاتنىڭ ساغرىسىغا يېنىك شاپىلاقلاپ قويۇۋەتتـــى . تورۇق ئات باشتا سىلىق يورغىلاپ مېڭىپ ، ئىتتىكلەپ كەتتى . چامباشچى مەيداننى بىر ئايلىنىپ ، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىغا ئاتنى ئوقتەك چاپتۇرۇپ كەلدى . ئېگەردىن كۆتۈرۈلۈپ ، ھاۋادا بىر موللاق ئېتىپ يەرگە تىككىدە چۈشتى ـ دە ، تەڭپۇڭلۇقنى تەڭشىيەلمەي ، ئالدىغا مۈدۈرۈپ يەرگە بېشىچىلاپ يىقىـــلدى . ئادەملەر يۈگۈرۈشۈپ يېتىپ كەلگۈچە ئۇ يۈز ـ كۆزى توپا ، پېشانىسى يېرىلغان پېتى ئورنىدىن قوپتى . بەزىلەر پىخىلداپ كۈلۈپ ئاغزىنى تۇتۇشتى ، بەزىلەر : «يامان بولدى ـ ھە ، يامان بولدى !» دېگىنىچە بېرىپ ئۇنى قايتا يۆلىدى . بۇ ئىش ھېلىقى چامباشچىغا قاتتىق ئار كەلگەن چېغى ، ئەتىسىدىن باشلاپ ئۇ كورەدە كۆرۈنمـــدى . تەييارباينىڭ ئات ئۈستىدىن موللاق ئېتىپ چۈشىدىغان ھۈنىرى شۇنىڭدىن باشلاپ كورەدە ئالاھىدە ماھارەت ھېسابلىنىـــدىغان بولدى .

تەييـاربـاي بـەي خېنىمنىـــڭ دۆلىتىدە كورەدە ئويناپ ـ كۈلۈپ ، ئەنە شۇنداق غەمسىز خېلى يىللارنى ئۆتكۈزگەندى .

## 2

چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىـــللـــرىغا كەلگەندە

ھۆكۈمەتنىڭ ھالى خارابلىشىپ كەتتى . بەكمۇ ئۇزۇن يىل ھۆكۈم سۈرۈپ كەتكەن بۇ خاندانلىق ئەمدى قېرىپ ماغدۇرىدىن كەتكەندەك قىلاتتى... كۆرەدىكى ئەسكەرلەرگە بەزىدە تاماق راسخوتىمۇ تارقىتىلماي قالاتتى . كۆرە بازىرىدىكى ئاۋاتچىلىقلار سۇسلىشىپ ، قوڭغۇراق راۋىقى ئەتراپىدا بولىدىغان كىچىلىك تىجارەتلەر بالدۇرلا يىغىشتۇرۇلىدىغان بولۇپ قالدى . بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئاز دەپ ، بەي خېنىم ئاغرىپ ئۇزۇنغىچە ياخشى بولالمىدى . ئاخىرىدا ئۇ تەيياربايغا : «مېنى كۆزۈمنىڭ ئۇچۇقىدا بېيجىڭغا يەتكۈزۈپ قويۇڭ ، ئۆلگەندە بولسىمۇ ئۇرۇق-ئەۋلادىمنىڭ قېشىدا ياتاي !» دەپ يۈرەك سۆزىنى ئېيتتى . تەييارباي ئۆزىگە بىر ئۆمۈر پاسىبان بولغان بۇ ئايالىنى مەيلىگە سېلىپ ، جيۇچۈەن ئەتراپىغا يېتىپ بارغاندا بەي خېنىم جان ئۈزدى . بۇ يازنىڭ تازا دىمىق ، ئىسسىق كۈنلىرى ئىدى ، جەسەتنى بېيجىڭغا يەتكۈزۈشنىڭ ھېچبىر ئامالى يوق ئىدى . ئاخىر ، تەييارباي ئايالىنى ئىلاجسىز جيۇچۈەنگە دەپنە قىلىپ ، يەنە كۆرەگە قايتىپ كەلدى .

بەي خېنىم ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ تىككۈچىلىك دۇكىنىمۇ تاقىلىپ قالدى . تەييارباي ۋاپادار ئايالىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ ھېچنېمىگە كارغا كەلمەيدىغان بىر ئادەم بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى . ئەمدى ئۇنىڭ ھۈنەر ئۆگىنىپ ، بىرەر ئىشنى باشتىن باشلايدىغان ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەنىدى . سودا - سېتىق قىلىپ بەش — ئون تەڭگە پايدا كۆرۈش ياكى بىرەرىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىپ پۇل تېپىشمۇ ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى . دەسلەپكى كۈنلەردە ئۇ بەي خېنىمدىن قالغان ئالتۇن - كۈمۈشنى خەجلەپ ، ئۆيدىكى بەزى ئۇشۇقچە

جابدۇقلارنى سېتىپ كۈن ئالدى . لېكىن ، يېتىپ يېسە تاغمۇ توشمايدۇ ـ دە !

يوقسۇزچىلىق جېنىغا پاتقانسېرى تەييارباي بەي خېنىمنى بەكرەك سېغىنىدىغان بولۇپ قالدى . هازىر ئۇنىڭ بىردىنبىر ھەمراھى ئاق بوز ئات ئىدى . بۇ ئاتنى بەي خېنىم ئۆزى ئاغرىق ياتقان ۋاقتىدا : «تورۇق ئېتىگىز قېرىپ قالدى ، ئۇبدانراق بىر ئات سېتىۋېلىڭ» دەپ ئېلىپ بەرگەنىدى . شۇڭا تەييارباي بۇ ئاتنى ناھايىتى ئەتىۋارلايتتى .

«ھەمراھ ! — دەپ چاقىراتتى ئۇ ئېتىنى ، — مانا ، خېنىمدىن ئايرىلىپ ، ئىككىمىز يېتىم بولۇپ قالدۇق . كۆپار بولسىمۇ ئۇ ناھايىتى ئىنساپلىق ، ساداقەتمەن خوتۇن ئىدى… »

تەييارباي ئېتىنىڭ بېشىنى سىلاپ ، ئۇنىڭغا خوتۇنىنىڭ ياخشى گەپلىرىنى ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق سۆزلەيتتى ، بوز ئاتمۇ ئۇنىڭ گەپلىرىنى چۈشىنىۋاتقاندەك بېشىنى سىلكىپ ، پۇتلىرى بىلەن يەرنى تېپىپ ـ تېپىپ قوياتتى .

بىر كۈنى ، تەييارباي كۈرەنىڭ غۇلجىغا كېتىدىغان دەرۋازىسى سىرتىدىكى بىر ئاشخانىغا تاماق يېمەكچى بولۇپ كىردى . بۇلۇڭدىكى شىرەدە بىرقانچەيلەن ھاراق ئىچىپ ئولتۇرۇشاتتى .

— ھەي تەييارباي ! — دەپ قىچقىرىشتى ئۇلار ، — بۇياققا كەل .

— خوش ، ئاغىنىلەر ، بىرەر خىزمەت بارمىدى ؟ — دەپ ئۇلارنىڭ قېشىغا باردى تەييارباي .

— ئازراق ئىچىپ قويمامسەن ؟

— بىلىسىلەرغۇ ، مەن بۇ نېمىنى ئاغزىمغا ئالمايمەن .

— خوتۇنۇڭدىن ئايرىلغاندىن بىرى بەك غېرىبسىنىپ قالدىڭ ، ئازراق كۆڭلۈڭ ئېچىلىپ قالسۇن ، دەيمىز !...

تەييارباي تۇرۇپ قالدى . يېقىندىن بىرى ئۇ ئۆزىمۇ «ئازراق هاراق ئىچىپ باقسام قانداق بولار ، كۆڭلۈمگە ئارام بولارمۇ ؟» دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالغانىدى . تەييارباينىڭ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ ، هېلىقىلار هجىرغا يېرىم قۇيۇلغان هاراقنى تەڭلىدى :

— قېنى ، تەييارباي ، كۆتۈرۈۋەت . بىزمۇ جىق ئىچمەيمىز . تاماقنىڭ ئالدىدىن ئازراق...

تەييارباي هاراقنى قولىغا ئېلىپ بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى .

— بەللى ، بەللى ! — دېيىشتى شېرەدىكىلەر ، — قېنى ئولتۇر ، تاماق هازىرلا كېلىدۇ .

ئازراق هاراق ئىچىپ تەييارباي ئوبدانلا كەيپ بولدى . ئاشخانىدىن چىققاندا ئۇ ئاغىنىلىرىگە ناخشا ئېيتىپ بەرمەكچى بولدى . ئۇنىڭ چاۋچىلە ناخشىلىرىنى ئېيتىپ باقمىغىنىغىمۇ ئۇزۇن بولۇپ قالغانىدى . ئەتراپقا ئۆتكەن ـ كەچكەنلەردىن يەنە بىرنەچچەيلەن ئولاشتى .

تا ئەزەلدىن هەر گۇناهقا مەي سەۋەب ، دەپ ئېيتىلار ،
بىر سۆزۈم بار ئاڭلىساڭلار سىر شۇنىڭدىن يېشىلەر ،
بەزىلەر مەي شۆھرىتىدىن تاپتى شانۇ ئېيتىخار ،
زور پالاكەت كەلتۈرۈپ مەي بەزىلەرنى قىلدى خار ،
كۆڭلى سۇنۇق بەزىلەرگە قىلدى شادلىق ئىختىيار ،
مەي كىشىنى مەست قىلالماس ، مەينى ئادەم مەست قىلار .
...

دەل شۇ چاغدا ، ئاشخانا ئالدىغا چىرايلىق بىر پەيتۇن كېلىپ توختىدى . پەيتۇندىن قارا تاۋار چاپان كىيگەن ، ئۇزۇن ئۆرۈمە چېچى كەينىگە تاشلانغان بىرەيلەن چۈشۈپ كەلدى . تەييارباينىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاۋاتقانلار : «گۇاڭ بېگىم ، گۇاڭ بېگىـــم !» دېگىنىچە سالام بېرىپ يول بوشاتتى . بۇ يەردە تۇرۇپ قالغان بىرنەچچە ئەسكەر ئالمان ـ تالمان ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ باش قويدى . بۇ كەلگەن كىشى شۇ يىللاردىكى ئىلى جياڭجۇنى گۇاڭ فۇ ئىدى .

— بۇ نېمە ئادەم ؟ — دەپ سورىدى جياڭجۇن ئوتتۇرىدا نېمە قىلارىنى بىلمەي تېڭىرقاپ قالغان تەييارباينى كۆرسىتىپ .

— بـۇ كىشـى مۇشـۇ كۇرەلـىـك تەييارباي بولىدۇ ، — دەپ تونۇشتۇردى جياڭجۇنگە بىرەيلەن ، — بىـــز ئۇنىـــڭ ناخشىسىنى تىڭشاپ تۇرۇۋىدۇق ، ئۆزى ئۇيغۇر ، خەنزۇ ، مانجۇ تىللىرىنى سۇدەك بىلىدۇ . ياش ۋاقىتلىرىدا بېيجىڭدا تۇرغان ، خېبېي باڭزىلىرىغا ئوبدانلا توۋلاپ قويىدۇ...

— تەييارباي ئات بېقىشقىمۇ ئۇستا ، ئات ئۇستىدە موللاقمۇ ئاتالايدۇ ... — دېگەنلەرنى قوشۇمچە قىلىپ قويدى يەنە بىرەيلەن .

— ۋاھ ! — دەپ ھەيران بولدى جياڭجۇن ، — ئۇنداقتا ، سەن مەھكىمىنىڭ ئاتلىرىنى بېقىپ بەرسەڭ بولامدۇ ؟ ئوبدانراق بىر ئات باقار تاپالماي يۈرىمىز .

بار بىساتىنى سېتىپ خەجلەپ قۇرۇقدىلىپ قالغان تەييارباي بۇ تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى .

## 3

گۇاڭ جياڭجۇن ئەسكەرلىكتىن ئۆسۈپ چىققان ئادەم ئىدى .

ھەممە ئۇنى ئاق كۆڭۈل ، كەمتەر ، كىبىرسى يوق كىشى ، دەپ ماختىشاتتى . جياڭجۇن دائىم تاماكا خالتىسى بىلەن ئۇزۇن غاڭزىسىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ، كورەنىڭ ئىچىنى پىيادە ئايلىناتتى . كەمبەغەللەر ئۇچرىسا سەدىقە بېرەتتى . جياڭجۇن بولماستىن ئىلگىرى ئۇ دوتۇڭ ئىدى . ھازىرمۇ دوتۇڭ مەھكىمىسىدە تۇراتتى . ھەر ئاينىڭ بېشى ۋە ئوتتۇرىلىرىدا جياڭجۇن مەھكىمىسىگە كېلىپ ئىشلارنى باشقۇرۇپ قوياتتى . تەيياربايى بۇ جياڭجۇن بىلەن ئوبدان چىقىشىپ قالدى . گۇاڭ فۇ بەزىدە ئۇنى ئالدىغا چاقىرتىپ ، چاڭچىلە ناخشىلىرىنى ئېيتقۇزۇپ ئاڭلاپ ، كۈلۈپ كېتەتتى .

تەيياربايىنىڭ ئاتخانىدا قىلىدىغان ئىشلىرىمۇ ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى . جياڭجۇننىڭ مەپىگە قاتىدىغان بىر قانچە ئېتىنى باقاتتى . بېدە توغرايدىغان ، ئېغىللارنى تازىلايدىغان ئىشلارنى يامۇلدىكى جىنايەتچىلەر بېجىرەتتى . تەيياربايى ئاتلارغا ۋاقتى ـ قارارىدا يەم ـ خەشەك بېرىپ ، يۇيۇپ پاكىز باقاتتى ، ھارۋا جابدۇقلىرىنىمۇ مايلاپ پارقىرىتىۋېتەتتى . ئۆزىنىڭ ئاق بوز ئېتىنىمۇ مۇشۇ قاتاردا بېقىلىپ كېتەتتى . جياڭجۇننىڭ ئۇنىڭغا ئاجرىتىپ بەرگەن ئايلىق ئىش ھەققىمۇ يېتەرلىك ئىدى .

بەزىدە ئۇ ئىشلىرىنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ قويۇپ ، ئازراق ھاراق ئىچىۋېلىپ ، خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان بېدىنىڭ ئۈستىدە يېتىپ خىيالغا كېتىپ قالاتتى . كۆز ئالدىغا ۋاپادار خوتۇنى بەي خېنىم بىلەن دەسلەپكى تونۇشقان چاغلىرى كېلەتتى . ئاۋات بېيجىڭ كوچىلىرىدىكى تەنزىكەشلەر ، خۇيزۇلار ئولتۇراقلاشقان كوچىلاردىكى شورپا بىلەن يۇمشاق قۇيماق ساتىدىغان ئاشخانىلار ، ۋاڭ ـ چۇڭلۇق چايخانىلار ، ئادەملەر

دائىم تىقما ـ تىقماق بولۇپ تۇرىدىغان چاڭچىلىخانىلار ، ھارىقى تەملىك قاۋاقلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ناھايىتىمۇ جانلىق گەۋدىلىنەتتى . كۆزىنى يۇمسىلا ، چايخانىلاردا مەدداھلارنىڭ ۋارقىراپ تۇرۇپ «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»دىن ھېكايىلەرنى سۆزلىگىنى قۇلىقىغا ئاڭلانغاندەك بولاتتى . مەدداھلار جەڭنامىلەرنىڭ تازا قىزىق يېرىگە كەلگەندە :

قايسىبىر مەغرۇر قوشۇن جەڭدە قۇچۇپ باققان زەپەر ،
يەڭگىنى بار جەڭدە كىم سەل چاغلىسا ياۋنى ئەگەر .

كىم يېڭىپ ، كىمنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى ئەتە كېلىپ ئاڭلىغايسىز ، دەپ ھېكايىسىنى توختىتىۋالاتتى . ئادەملەر : «ئاپلا !» دېيىشكىنىچە سورۇندىن كۆزى قىيماي تارقىلىشاتتى ـ دە ، ئەتىسى دېگەن ۋاقىتىدا يەنە كېلىپ ھېكايە تىڭشايتتى . تەييارباي دادىسىدىن ئايرىلىپ ، ئات ـ ھارۋىنى سېتىپ ، بار پۇلىنى ئەنە شۇنداق سورۇنلاردا خەجلەپ تۈگەتكەنىدى . ئەگەر شۇ چاغدا ئۇنىڭغا بەي خېنىم باشپاناھ بولمىغان بولسا ، ئىشىنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولاتتىكىن ؟...
بەي خېنىمنىڭ ئاۋات كوچىلارنىڭ بىرىدە تىككۈچىلىك دۇكىنى بار ئىدى . دۇكاننىڭ ئارقا ئىشىكىدىن چاققانغىنا بىر ھويلىغا چىققىلى بولاتتى . قەدىمىي پاسوندا سېلىنغان بۇ تۆت چاسا قورۇنىڭ ئاستىغا تۆت بۇرجەك چوڭ خىشلار ياتقۇزۇلغان بولۇپ ، ھويلىنى ئايلاندۇرۇپ سېلىنغان تۇۋرۇكلۇك ئۆيلەر ناھايىتىمۇ كۆركەم ئىدى . پېشايۋانلاردىكى يوغان پىڭلاردا گۈللەر ئېچىلىپ تۇراتتى . ھەممە نەرسە شۇنچە پاكىز ، رەتلىك ئىدى .

تەييارباي تۆنجى قېتىم بۇيەرگە مال كىرا قىلىپ كېلىپ قالدى . بەي خېنىم غەربىي يۇرتتىن كەلگەن بۇ يىگىتنىڭ كېلىشكەن بەستىگە ھەيران بولۇپ قاراپلا قالدى ۋە ئۇنى ئۆيىگە باشلاپ مېھمان قىلدى .

— پات - پات كېلىپ ئۇقۇشۇپ تۇرۇڭ ، دۇكىنىمىزنىڭ كىرا ئىشلىرى چىقىپ تۇرىدۇ ، — دەپ ئۇنىڭغا شۇ قېتىمدا ئوبدان ھەق تۆلىدى .

تەييارباي بۇ ئايالنىڭ ماللىرىنى يەنە بىرنەچچە قېتىم توشۇدى ، ھەر قېتىم ئايال ئۇنى ياخشى كۈتەتتى . ئوبدان ھەق بېرىپ ، يەنە كېلىشىنى تاپىلايتتى . تەييارباي كېيىن ئات - هارۋىدىن ئايرىلىپ سەرسان بولۇپ يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ بىرىدە بەي خېنىمنىڭ ئۆيىگە مەست كېلىپ قالدى . مەستچىلىكتە ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن ، نېمىدەپ كەلگەنلىكىنى ئۇقمايتتى . بەي خېنىم ئۇنىڭ ئات - هارۋىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ كۈلدى ، ئاچچىق چاي دەملەپ ئۇنىڭ مەستلىكىنى قايتۇردى ، ئاندىن قايتىدىن جوزا راسلاپ ، يەنە هاراق كەلتۈردى . هاراق ئىچىپ ئولتۇرۇپ خېنىم ئۆزىنىڭ بۇ ئۆيدە يالغۇزلۇقىنى ، بۇ قورۇ - جاي ، مۈلۈكلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئېرىدىن قالغانلىقىنى ، ئېرىنىڭ ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ، بالىسىمۇ يوق ، ناهايىتى غېرىبسىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ يىغلىدى . شۇ كېچە تەييارباي بەي خېنىمنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدى . ئەتىسى بەي خېنىم ئۇنى پاكىز يۇيۇندۇرۇپ ، خىراجەت ئۈچۈن يانچۇقىغا پۇل سېلىپ ، يەنە كېلىشىنى ئۆتۈنۈپ يولغا سېلىپ قويدى .

تەييارباي شۇ قېتىم ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ ، ئەمدى بۇ ئۆيگە ئىككىنچى دەسسىمەي ، دېگەننى كۆڭلىگە پۈككەندى . بىراق ، ھەر قېتىم جىقراق ئىچىپ قويغان كۈنى ئۇ يەنە بەي خېنىمنىڭ ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالاتتى . بەي خېنىم ئۇنى ھەر قېتىمدا ئوخشاشلا خۇشخۇي كۈتۈۋالاتتى . چاي دەملەپ ئۇنىڭ مەستلىكىنى قايتۇرۇپ ، يەنە جوزا راسلاپ ھاراق كەلتۈرەتتى ، يەنە ئىچىپ ، يەنە مەست بولۇشاتتى .

بىر قېتىم تەييارباي خېلى ئۇزاق كۈنلەرگىچە كەلمەي قالدى . بەي خېنىم ئۇنى چايخانا ، چاڭچىلىخانىلار ۋە قاۋاقلاردىن ئىزدەپ تاپالمىدى . شۇ كۈنلەردە تەييارباي ئۆزى تۇرۇۋاتقان سارايدا ئاغرىپ ياتاتتى . ئۇ ئوت - كاۋاپ قىزىپ جۆيلۈيتتى . سارايۋەن قايىنتىپ بەرگەن دورىلارمۇ كار قىلمىغانىدى . ئەنە شۇ چاغدا ئۇنىڭ ياتقىنىنىڭ بوسۇغىسىدا بەي خېنىم پەيدا بولۇپ قالدى . ھارۋا كىرا قىلىپ ، تەيياربايىنى ئۆز ئۆيىگە ئەكەتتى .

تەييارباي بەي خېنىمنىڭ ئۆيىدە يەنە بىر ئايچە يېتىپ ، ياخشى بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى . بەي خېنىم چىرايلىق ۋە ناھايىتى قائىدە - يوسۇنلۇق ئايال ئىدى . ئۇنىڭ سىياقىدا مانجۇ قىزلىرىغا خاس قامەت ، خەنزۇ جانانلىرىنىڭكىدەك ئاق ، سۈزۈك چىراي مۇجەسسەم ئىدى . ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ ۋاپادارلىقى ، تەيياربايغا بولغان قىزغىن مۇھەببىتى بىلەن ئاخىر تەيياربايىنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى . ئۇلار بىر خويزۇ ئاخۇنۇمنى چاقىرىپ ، ئىسلام دىنى قائىدىسى بويىچە نىكاھ ئوقۇتۇپ ئەر - خوتۇن بولۇشقانىدى...

# 4

يېقىندىن بېرى تەيياربايغا جاھان ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنىدىغان بولۇپ قالدى . كىشىلەر ئارىسىـــدا : «ۋۇچاڭدا توپىلاڭ بوپتۇدەك① ، خاننى ئاغدۇرۇپ تاشلايمىـــز ، دەيدىغان باتۇرلار چىقىپتۇمىش··· » دېگەندەك مىش - مىش پاراڭلار ئېقىپ يۈرەتتى . يامۇللارنىڭ ئىچىدە بوينىغا تاقاق ، پۇتىغا ئېغىـــر كىشەنلەر سېلىنغان جىنايەتچىلەر كۆپىيىپ قالغىلى تۇردى . ئېچكىرىدىن ئىلىغا پالانغان جىنايەتچىلەرنى توشۇيدىغان ياغاچ شادىلىق مەھبۇس ھارۋىلىرى كورەنىڭ كوچىلىرىدىن پات - پات ئۆتۈپ قالاتتى . مەھبۇس ھارۋىلىرىدىكى چاچلىـــرى ئۆسۈپ چىگىچلىشىپ كەتكەن جىنايەتچىلەر ، كۆرگەندە تەيياربايىنىـــڭ ئېسىگە قايسىبىر جەڭنامىدىكى :

تەلىيى كاچ پەھلىۋاننىڭ باتۇرلۇقى بىر تىيىن .
بەگ - غوجاملار ھىيلىسى كۆپ ، قۇتۇلمىقى بەك قىيىن···

دېگەن نەزمىلەر كېلەتتى .

شۇ يىللىرى ، گۇاڭ فۇ جياڭجۇننىڭ ئورنىغا خاڭجۇدىن جى رۇي دېگەن بىر جياڭجۇن يۆتكىلىپ كەلدى . «جى رۇي جياڭجۇن خان جەمەتىدىن بولىدۇ ، ئوردىنىڭ دىۋان مىرزىسى بولغان» دەپ ھەممىلا ئادەم ئۇنىڭدىن چۆچۈيتتى . بەزىلەر ئۇنى : «خانىش چىڭ جىنىنىڭ ئىنىسى»مۇ دېيىشەتتى . بۇ جياڭجۇن كېلىشى بىلەنلا

① ۋۇچاڭ — 1911 - يىل 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ۋۇچاڭدا چىڭ سۇلالىسىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەنىدى .

كۆرەنىڭ تىنچلىقى بۇزۇلدى . ئۇ تولىمۇ رەھىمسىز ، تەكەببۇر ئادەم كۆرۈنەتتى . قوشۇننى تەرتىپكە سالىمەن ، دېگەننى باھانە قىلىپ ، بىر قىسىم ئەسكەرلەرنى قىسقارتىۋەتمەكچى بولدى . بۇ قىش - قىرۇۋدا ئۇلارنىڭ ئۆز يۇرتىغا ئامان يېتىپ بارمىقى مۇشكۇل ئىدى . ئەسكەرلەرنىڭ ئايلىقىمۇ ۋاقتىدا تارقىتىلماي ، ئاشلىق تەمىناتى قىسىۋېتىلدى .

قىشنىڭ سوتەك ئايدىڭ بىر كېچىسى ، كېچىچە كۆرە ئىچىدە ئوق ئاۋازى بېسىلماي ئەنسىزچىلىك بولدى .

— كېچە نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سورىدى تەييارباي ئەتىگەندە يان قوشنىلىرىدىن .

— نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمىدىڭمۇ؟ — دېيىشتى قوشنىلار ، — بۈگۈن كېچە سوقۇش بولدى .

— نېمە؟ !

— ئۇرۇش !

— ئۇرۇش دېگەن شۇنداق بولامدۇ؟ — دەپ ھەيران بولۇپ سورىدى تەييارباي .

— ئەمىسە ، سېنىڭچە قانداق بولسا بولاتتى؟ — دەپ قىزىقسىنىپ سورىدى قوشنىلىرى .

تەييارباي ئۆزى ئاڭلىغان جەڭنامىلەردىكى ئۇرۇشنى مىسال قىلىپ سۆزلەپ كەتتى :

— ئۇرۇش دېگەندە ئىككى تەرەپنىڭ سەردارلىرى ئاۋۋال لەشكەرلىرىنى كەڭرى بىر مەيدانغا ئاچىقىپ ، بىر - بىرىگە قارىتىپ سەپ قىلىپ تىزىدۇ . ئاندىن ئىككى تەرەپتىن ئىككى پالۋان ئوتتۇرىغا چۈشۈپ يەكمۇيەك ئېلىشىدۇ . كىمنىڭ پالۋىنى يىقىلسا ، شۇ تەرەپ يېڭىلگەن بولىدۇ . ئۇنىڭغىمۇ قايىل

بولمىسا، سەردارلار ئۆزلىرى باشلاپ ئات سېلىپ جەڭگە كىرىدۇ. مانا بۇ ئۇرۇش. شەيتاندەك تامنىڭ كەينىگە ئۆتۈشۈۋېلىپ، تاڭ - تۇڭ ئېتىشىپ قويغانمۇ ئۇرۇشقا ھېسابمۇ؟ !... ھەي، جاھان دېگەندە مەردلەر راستتىنلا قالمىغىلى تۇرۇپتۇ - دە!

بۇ گەپنى ئاڭلىغانلار كۈلۈشۈپ كەتتى. ئارىدىن بىرەيلەن:

— تەييارباي، سوقۇشقانلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىمىزنىڭ ئەسكەرلىرى، ھەربىي مەكتەپتىكىلەر① بىلەن خەنزۇ ئەسكەرلەر تۇتۇشۇپ قاپتۇ، — دېدى.

— ئۆزىنىڭ ئادەملىرى بىلەن ئۆزى سوقۇشىدىغان بۇ قانداق ئۇرۇش؟... ئەسكەرلەرنىڭ بېشى ئايلىنىپ قېلىۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟ ... — تەييارباي يەنە نېمىلەرنىدۇر دېگىنىچە بوز ئېتىغا مىنىپ، ئاتخانىغا قاراپ كەتتى.

تەييارباي ئاتخانىغا كىرىپ ئەمدىلا ئاتتىن چۈشەي، دەپ تەمشىلىپ تۇراتتى، ئۇزۇن تاۋار چاپان كىيگەن ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى بىر كىشى كەينىگە بىرنەچچە ئەمەلدارنى ئەگەشتۈرۈپ ئاتخانىغا كىرىپ كەلدى. بۇ جى رۇي جياڭجۇن ئىدى. كېچىدىكى قالايمىقانچىلىقتىن قاتتىق خاپا بولغان جياڭجۇن ئۆزى يامۇلمۇيامۇل كىرىپ تەكشۈرۈپ يۈرەتتى. تەييارباي بۇ يېڭى جياڭجۇننى تېخى كۆرۈپ باقمىغانىدى. جياڭجۇن ئاتخانىغا كىرىپلا، ئات ئۈستىدە بەخىرامان ئولتۇرغان تەيياربايغا كۆزى چۈشۈپ تۇرۇپ قالدى.

— سەن نېمە ئادەمسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى جياڭجۇن.

— مەن مۇشۇ يامۇلنىڭ ئات باقارى.

---

① ئەينى يىللاردا كۆرەدىكى ھەربىي مەكتەپتە شىبە، مانجۇ، موڭغول بالىلىرى ئوقۇيتتى.

— ئات باقار بولساڭ، ئىشىڭنى قىلماي ئاتنىڭ ئۈستىدە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟

— بۇ، بۇ، بۇ دېگەن ئۆزۈمنىڭ ئېتى - دە!

— سېنىڭ ئېتىڭ يامۇلنىڭ ئاتخانىسىدا نېمە قىلىدۇ؟

— گۇاڭ بېگىم ئۆزى بۇ ئاتنى يامۇلنىڭ ئاتلىرى قاتارىدا بېقىپ، مىنىپ يۈرۈشۈمگە رۇخسەت قىلغان.

— ئۇنداقتا، بۇ ئېتىڭ خېلىدىن بېرى يامۇلنىڭ ئوت - بوغۇزىنى يەپ يۈرگەنىكەن - دە؟ !... بۇنىڭ ئېتىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۆزىنى مەن بىلەن ئات ئۈستىدە تۇرۇپ تاكاللاشقىنى ئۈچۈن قىرىق تاياق ئۇرۇڭلار!

بىرنەچچە چېرىك يوپۇرۇلۇپ كېلىپ تەييارباينى ئاتتىن تارتىپ چۈشۈرۈپ، سۆرەپ ئېلىپ ماڭدى. خېلى ياشلارغا كېلىپ قالغان تەييارباي ئەگەر بۇ قىرىق تاياقنى يەيدىغان بولسا، مەڭگۈ ئورنىدىن تۇرالماسلىقى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

— ماڭا ئۇۋال بولدى، بېگىم، ئۇۋال! مەن سىلىنىڭ يېڭى كەلگەن جياڭجۈن جانابلىرى ئىكەنلىكلىرىنى بىلمەپتىمەن. بولمىسا ئاتتىن چۈشۈپ، يۈكۈنمەي ھەددىممىدى! — دەپ ئاۋازىنىڭ بارىچە نالە قىلدى تەييارباي.

— توختا! — دەپ قولىنى كۆتۈردى جياڭجۈن، — ئۇنىڭ مېنى تونۇماي قالغىنىمۇ راستتۇ، قويۇپ بېرىڭلار، گۇاڭ دېگەن كالۋا مالايلارنى قانداق ئىشلىتىشنىمۇ بىلمەيدىغان ئوخشايدۇ. مەن ئۇنىڭغا ئات باقار دېگەننىڭ زادى نېمە ئىش قىلىدىغىنىنى بىر كۆرسىتىپ قوياي.

شۇ كۈندىن باشلاپ تەييارباي ئاق بوز ئېتىدىن ئايرىلدى. جې رۇي جياڭجۈن مەھكىمىنىڭ كونا قائىدە - تۈزۈملىرىنى

ئەسلىگە كەلتۈرگەنىدى . ئۇ سىرتقا چىقسا ھەشەمەتلىك مەپىگە ئولتۇراتتى . ئالدىدا قىرىق — ئەللىك ئاتلىق چېرىك ، ئوتتۇرىدا مۇزىكا ئەترىتى ، كەينىدە يەنە بىرمۇنچە مۇھاپىــزەتچىـــلەر قوشۇلۇپ ماڭاتتى . جياڭجۇن يامۇل دەرۋازىسىدىن چىقىشىغا ئالتە پاي پو ئېتىلىپ ، كۆرەدىكى بارلىق ئىش - ھەرىكەتلەر توختاپ ، كىشىــلەر جياڭجۇن ئۆتۈپ كەتكۈچە سالام بېرىپ تۇرۇشى لازىم ئىدى . مەھكىمىگە قايتىپ كەلگەندىمۇ ئۈچ پاي پو ئېتىلاتتى . جياڭجۇن يولغا چىققاندا تەييارباي ھەممىنىڭ كەينىدە ، توپا - چاڭغا كۆمۈلۈپ يۈگۈرەيتتى . مەپە نەدە توختىسا ئۇنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ، شۇ يەردىلا دۈم ياتاتتى . جياڭجۇن ئۇنى پەلەمپەي قىلىپ دەسسەپ يەرگە چۈشەتتى . ئاتخانىــــدا تاكاللاشقىنى ئۈچۈن تەيياربايىنى جى رۈي ئەنە شۇنداق خورلۇققا سالغانىدى . تەييارباي توپىغا مىلىنىپ دۈم ياتقان چاغلىرىدا ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ ، ئۈستىدىكى جياڭجۇننـــى موللاق ئاتقۇزۇۋېتىپ ، ئەتراپىدىكى چېرىكلەرنىمۇ يەر بىلەن يەكسان قىلىپ ، بىر كارامەت كۆرسەتكۈسى كېلىپ كېتەتتى . لېكىن ، بۇ جەڭنامىدىكى پالۋانلارنىڭ ھېكايىلىرىنى كۆپ ئاڭلاپ كەتكەن تەيياربايىنىڭ قۇرۇق خىيالىلا بولۇپ ، ئۆزىدە مۇنچىلىك جاسارەت يوق ئىدى .

تەييارباي ھەر كۈنى ئۆيىگە ھارغىن ھالدا قايتاتتى . ئۆزىنى قاتتىق ھاقارەتلەنگەن ھېس قىلىپ ، ھېچكىمنىڭ چىرايىغىمۇ قارىيالمايتتى ، «ياشىنىپ قالغاندا بۇ خورلۇقلارنى تارتقۇچە ، ھېلىقى قىرىق تاياقنى يەپ ئۆلۈپلا كەتسەم بوپتىكەن» دەپمۇ ئويلايتتى . ئىشنى خاتا قىلىپ قويۇشتىن قورقۇپ ، كۈندۈزلىرى ھاراق ئىچىشكىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى . پەقەت كەچلىكى ئۆيىگە

قايتقاندا ، ئازراقلا بىرنېمە يەپ ، يېرىم ھېجىر ھاراقنى ئىچىۋېتىپ ، ئۆزىنى چۈشەككە ئاتاتتى . ئۈستىخانلىرى سىرقىراپ ئاغرىپ ئۇنى بىئارام قىلاتتى .

بىر كۈنى ، قاراڭغۇ چۈشەر - چۈشمەستىنلا كۇرەنىڭ ئىچىدە ئۇوق ئاۋازى ياڭراپ ، گۈلدۈرلەپ زەمبىرەكلەر ئېتىلىشقا باشلىدى . نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن تەييارباي كوچىغا يۈگۈرۈپ چىقتى . دۇكانلار ئاللىبۇرۇن تاقالغان ، خەلقلەر ئىشىكلىرىنى مەھكەم ئېتىۋېلىشقانىدى . جياڭجۇن يامۇلى تەرەپتىن ئۈزۈلمەي ئوق ئاۋازى كېلىپ تۇراتتى . بەزىدە نەلەرگىدۇر چۈشۈپ يېرىلغان زەمبىرەك ئوقى يەرلەرنى تىترىتىۋېتەتتى . قايسىبىر تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن ئوت ئەتراپنى يورۇتماقتا ئىدى . «كۆيە ، كۆيۈپ كۈل بول !» دەيتتى تەييارباي ئىچىدە .

تەييارباي بىر قاۋاقنىڭ ئالدىغا يېتىپ بېرىپ ، دۇكاننىڭ كېچىلىك خېرىدارلارغا ھاراق ساتىدىغان كىچىك تۆشۈكىنى مۈشتلىدى . بىر چاغدا تۆشۈك ئېچىلىپ دۇكاندارنىڭ يۈزى كۆرۈندى .

— تەيياربای ، ئۆيۈڭدە جىم ياتماي نېمە قىلىپ يۈرىسەن ؟ — دېدى دۇكاندار ، — جېنىڭدىن تويدۇڭمۇ ؟

— بىر ھېجىر ھاراق سۇنۇۋەتكىنە ، — دېدى تەيياربای ، — ئۆيدە ھارىقىم قالماپتىكەن... نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ ، خۇدا ھەققى ؟

— ياڭ قوماندانىنىڭ[①] ئادەملىرى جى رۇي جياڭجۇن بىلەن

---

① ياڭ قوماندان — ياڭ زەنشۈي ، ئۇ 1911 - يىلى 12 - ئايدا ئىلى شىنخەي ئىنقىلابىنى قوزغاپ ، چىڭ خانىدانلىقىنىڭ كۇرەدىكى ئەڭ ئاخىرقى جياڭجۇنى جى رۇينى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان ئىلى ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانى .

سوقۇشۇۋاتىدۇ. بۈگۈن كېچە جياڭجۇننى تۇتىدىكەن، — دەپ چۈشەندۈردى دۇكاندار.

— جياڭجۇننى تۇتۇپ نېمە قىلغۇدەك؟ — دەپ سورىدى تەييارباي دۇكاندار سۇنغان ھېجىرنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ.

— جازاغا تارتقۇدەك، ئەمدى شەھەرنى ياڭ قوماندانىنىڭ ئادەملىرى سورىغۇدەك.

— ئۇلار سورىسا قانداق سورىغۇدەك؟

— ئەمدى پۇقرالار ئەمەلدارلارغا باش ئۇرىدىغان ئىشلار تۈگىگۈدەك، ئەرلەر ئۇزۇن چاچلىرىنى چۈشۈرۈۋېتىدىكەن. ئاياللارمۇ پۇتىنى بوغىدىغان ئىشلار بولمايدىكەن. يامۇلنىڭ دەرۋازىسىدا پوستمۇ تۇرمىغۇدەك، كىمنىڭ ئەرزى ـ ھالى بولسا ئامباللارغا ئۇدۇل كىرىپ ئېيتىۋېرىدىكەن.

— ئۇنداقتا، ئەمەلدارلار مەپىدىن ئادەمنىڭ دۈمبىسىگە دەسسەپ چۈشىدىغان ئىشلارمۇ تۈگەر؟...

دۇكاندار تەيياربايىنىڭ سوئالىغا جاۋابمۇ بەرمەي «تاراققىدە» قىلىپ تۆشۈكنى ئېتىۋەتتى.

تەييارباي قولىدىكى ھاراقنى بىراقلا كۆتۈرۈۋېتىپ، ھېجىرنى پىرقىرىتىپ ئاتتى. شۇ چاغدا قاتتىق گۈمبۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ يامۇل تەرەپتىن ئوت كۆتۈرۈلدى ـ دە، ئەتراپنى يەنە ئاپئاق يورۇتۇۋەتتى.

قاپلاپ شەھەرنى قارا ئىس ـ تۇمان،
راۋاقلار كۆيۈپ ياسىدى گۈلخان.
سۇندى چىرايلىق، رەڭدار كاھىشلار،
كۆلگە ئايلاندى ياقۇتۇمارجان.

قىزىلگۈل كەبى قىزلار ـ چوكانلار ،
قىلىندى ھالاك ، چەيلەندى شۇئان .
نى ـ نى ئەمەلدار ، قىران يىگىتلەر .
ئايرىلدى جاندىن ، سەلدەك ئاقتى قان...

بۇ نەزمىنى تەييارباي قايسى جەڭنامىدە ئاڭلىغانلىقىنى ئېسىگە ئالالمىدى .

تەييارباي ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ، يەنە ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدى . ئۇ خانىنىڭ بېيجىڭدىكى ھەشەمەتلىك ئوردىلىرىنى ، قوۋۇقلاردىن ئايىغى ئۇزۇلمەي كىرىپ ـ چىقىپ تۇرىدىغان سانسىز لەشكەرلەرنى كۆرگەنىدى . ئەگەر ئىلىدەك بىر كىچىك ئورۇندا ئىش تېرىپ ، خاننى ئاغدۇرۇۋېتىمەن ، دېگەن بولسا ، ياڭ قوماندان دېگەننىڭمۇ يۈرىكى قاپتەك بار ئىكەن ـ دە ، دەپ ئويلاتتى ئۇ . شۇ كېچە ھېچكىم چىراغ يېقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى . زەمبىرەكلەرنىڭ گۈلدۈرلىگەن ئاۋازى تۈن بويى توختىمىدى . تۇرۇپ ـ تۇرۇپ كوچىدا ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازى پەيدا بولاتتى ـ دە ، يەنە يىراقلاپ كېتەتتى .

## 5

تەييارباي قايسى ۋاقىتتا كۆزىنىڭ ئۇيقۇغا ئىلىنىپ قالغانلىقىنى بىلمەي قالدى . ئۇ ئويغانغاندا تاڭ تېخى تولۇق ئاتمىغان بولسىمۇ ، غەربكە قىيسايغان ئاي نۇرى تالانى ئېنىق يورۇتۇپ تۇراتتى . تەييارباي ئورنىدىن تۇرۇپ ، يۈز ـ كۆزىنى ئالدىراپلا يۇدى ـ دە ، ناشتىمۇ قىلماي ئاتخانىغا قاراپ يۈگۈردى .

سىرتتا ئۇق ئاۋازى جىمىپ قالغانىدى . تەييارباي كېچىــــچە ئاتخانىدىكى ئاتلار نېمە بولغاندۇ ؟ دەپ ئەنسىرەپ چىققانىدى ، شۇ ئاتلار ئىچىدە ئۇنىڭ ئاق بوز ئېتىمۇ بار ـ دە ! ئاسمان ـ پەلەك بېدە ـ چۆپ دۆۋىلىنىۋېتىلگەن ئاتخانىغا بىرەر تال ئۇچقۇن چۈشۈپ كەتسىلا ھەممە نېمە كۆيۈپ كۈل بولاتتى .

تەييارباي ئاتخانىغا يېتىپ كېلىپ ھەيران بولدى . بۇ يەردە ھېچنېمە كۆيمىگەن بولسىمۇ ، دەرۋازا يوغان ئېچىۋېتىــلگەن بولۇپ ، ئوقۇردىكى ئاتلارنىڭ بىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى . تەييارباي ھەيران بولۇپ يەنە كوچىغا قايتىپ چىقتى . قەيەرلەردىدۇر تۇتەپ كۆيۈۋاتقان بىر نەرسىلەرنىڭ ئاچچىق ھىدى دىماغقا ئۇرۇلاتتى . كوچىلاردا سەھەرلەپ ئۇلجا ئىزدەپ چىققان ئەسكەرلەر ، كۆيگەن چامادان ، ساندۇق ، پۇرلەشكەن كىيىــــم ـ كېچەكلەرنــــى كـۆتۈرۈشۈۋالغـان ئادەملەر غىــل ـ پال كـۆزگە چېلىقىــپ قالاتتى... تەييارباي ئاتخانىدىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر كوچىدا كېتىۋېتىپ ، بوز ئاتنىڭ كىشنىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالغاندەك بولدى ـ دە ، توختاپ قالدى . ئالدىدا يوغان بىر دەرۋازىلىق ھويلا تۇراتتى . تەييارباي دەرۋازىنىڭ يوچۇقىدىن ھويلا ئىچىگە قارىدى . راست دېگەندەك ، ھويلىدىكى پېشايۋان تۈۋرۈكىدە ئۇنىڭ بوز ئېتى باغلاقلىق تۇراتتى . ئات تەييارباينىڭ تىنىقىنى ئېلىپ ، دەرۋازا تەرەپكە قاراپ كىشنەپ ، يەرنى توختىماي تەپمەكتە ئىدى . ئات ئۈستىدە جىياڭجۇننىڭ ياسىــداق ئېگەر ـ جابدۇقلىــــرى توقۇقلۇق تۇراتتى . شۇ چاغدا كوچىنىڭ بېشىدا بىرنەچچە ئەسكەر پەيدا بولدى . ئۇلار ئـۇدۇل ھــېلىقــى ھــويلىغا كىرىشتى ـ دە ، ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ قويۇپ ، بوز ئاتنى يېشىپ ئېلىپ كوچىغا چىقتى . «ماۋۇ ئات مېنىڭ» دېسە ئاتنى ئالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن تەييارباي :

— ئاتنى نەگە ئاپىرىسىلەر؟ بۇ جياڭجۇننىڭ ئېتى جۇمۇ! — دەپ ئۇلارغا ۋارقىرىدى.

— جياڭجۇننىڭ ئېتى!؟ — ئۇلار توختاپ تەييارىبايغا قارىدى، — ھوي، بۇ، يامۇلنىڭ ئات باقارىغۇ، بۇ راستىنلا جياڭجۇننىڭ ئېتىمۇ؟

— جياڭجۇننىڭ بولماي، ئۇستىدىكى ئېگەر - جابدۇقلىرىغا قارىمامسەن.

— ئۇنداقتا، جياڭجۇنمۇ مۇشۇ ئەتراپتا ئوخشىمامدۇ؟

— بېشىڭلار ئايلىنىپ قالدىمۇ؟ ئېتى نەدە بولسا، ئۆزىمۇ شۇ يەردە بولمامدۇ!

مۇشۇ بىر ئېغىز گېپى بىلەن تەييارىباي ئىنقىلابچىلارنىڭ جياڭجۇننى تۇتۇش ئىشىغا قانچىلىك ھەسسە قوشقىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى. ھېلىقى ئەسكەرلەر ئاتنى تەييارىبايغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ھويلىغا قايتىپ ئوقتەك ئېتىلىپ كىرىپ كېتىشتى. ھەممە يەرنى ئالا قويماي ئاختۇرۇپ، ئاخىرىدا ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا تىكلەپ قويغان قومۇش دۆۋىسى ئىچىدىن جى رۇي جياڭجۇننى تېپىپ چىقىشتى. جياڭجۇننىڭ ئۇستىدە ھاۋارەڭ ئۇزۇن تاۋار چاپان تۇراتتى. پۇتىدىكى ئايىغى قومۇش ئىچىدە سۇغۇرۇلۇپ قالغان بولسا كېرەك، ئاق پايپاق بىلەن يەر دەسسەپ تۇراتتى، باش - كۆزىگە قومۇش پۆپۈكىنىڭ توزۇندىلىرى يېپىشىپ قالغانىدى. چېرىكلەر ئۇنى دەرۋازا ئالدىغا ھەيدەپ چىققاندا، جياڭجۇننىڭ كۆزى ئاق بوز ئاتنى تۇتۇپ تۇرغان تەييارىبايغا چۈشتى - دە، ئىتتىك يەرگە قارىۋالدى. ئۇنچىقماي ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدى. ئەسكەرلەر ئەمدى ئاتنى ئۇنتۇشقانىدى…

ئەسكەرلەر جياڭجۇننى چوڭ كوچىغا ئېلىپ چىققاندا، ئۇ: «مېنى مۇنداق سۆرەپ يۈرگىچە ئۆلتۈرۈۋەتسەڭلەر بولمامدۇ!» دەپ ۋاقىرىدى. تەييارباي ئۇلارنىڭ جياڭجۇننى قانداق جازالايدىغانلىقىنى ئويلاپ يېتەلمىدى. «جادىدا توغرارمۇ ياكى قىلىچ بىلەن قەتلى قىلارمۇ؟... قوڭغۇراق راۋۇقى تەرەپكە ئەكېتىشىۋاتقىنىغا قارىغاندا، راۋاقتا ئېسىپ ئۆلتۈرسە كېرەك» دەپ پەرەز قىلاتتى ئۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئېسىگە جەڭنامىلەردىكى:

غۇلىغان ھاڭغا تۈمەنمىڭ ھارۋىلار بۇندىن بۇرۇن،
ئىز بېسىپ ماڭغانلىرىمۇ ئالغۇسى شۇندىن ئورۇن.

دېگەن مىسرالار كەلدى.

راست دېگەندەك، ئەسكەرلەر جياڭجۇننى راۋاق ئالدىغىچە سۆرەشتۈرۈپ ئاپاردى. شۇ يەرگە بارغاندا جياڭجۇن تىرەجەپ تۇرۇۋېلىپ ماڭغىلى ئۇنىمىغان بولسا كېرەك، «پاڭ ـ پۇڭ» قىلغان ئىككى پاي ئوقنىڭ ئاۋازى چىقتى ـ دە، يول ئۈستىدە ھېچكىمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەي، ئەتراپ جىمىپ كەتتى. تەييارباي ئىشنىڭ مۇنداق ئاددىي ئاخىرلىشىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇ ئېتىغا سەكرەپ مىندى ـ دە، راۋاق يېنىغا ئۇچقاندەك يېتىپ باردى. ئەسكەرلەر جياڭجۇننى ئېتىپ، شۇ يەرگە تاشلىۋېتىپ كېتىشكەنىدى. ئۇنىڭ ئېسىگە بىر نەزمىدىكى:

بەك كۆرەڭلەپ كەتسە ئادەم بولغۇسىدۇر ئۆزى لەت ،
خەقنى بوزەك ئەيلىگەنگە ياخشى كۈن يوق ئاقىۋەت .

دېگەن مىسرالار كەلدى .

جياڭجۇننىڭ بۇرۇن تۆشۈكچىلىرىنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس لىپىلداپ تۇرغىنىغا قارىغاندا ، ئۇ تېخى تولۇق جان ئۈزمىگەندەك قىلاتتى . تەيياربايى قەيەردىندۇر كەلگەن غەيرەت بىلەن ئات ئۈستىدىن موللاق ئېتىپ چۈشتى . جياڭجۇننىڭ جەستى يېنىدا هازىرلا پەيدا بولۇپ ، هاڭۋېقىپ قاراپ قالغان بىر ئەسكەرنىڭ يېنىدىكى قىلىچىنى سۇغۇرۇۋالدى - دە ، جياڭجۇننىڭ يۈزىگە ئەڭ ئاخىرقى ئەجەللىك بىر تىغنى ئۇردى . قىلىچنى ئەسكەرگە تاشلاپ بېرىپ ، يەنە موللاق ئېتىپ ئات ئۈستىگە چىقتى - دە ، ئالدى - كەينىگە قارىماي چاپتۇرۇپ ، كۈرەنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتتى .

## 6

تەيياربايىنىڭ ئوق يەپ يىقىلغان جياڭجۇنگە تۆپىلەپ قىلىچ ئۇرۇشى كىشىگە خۇددى ئۆلگەن يولۋاسنى كالتەكلىگەندەكلا كۆلكىلىك تۇيۇلىدۇ . بۇ پەقەت خورلانغانلىقنىڭ ئەتتىنى ئېلىش ئۈچۈنلا قىلىنغان هەرىكەت ئىدى . تەيياربايى ئۈچۈن بۇنىمۇ بىر قەهرىمانلىق دېمەي بولمايتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، جياڭجۇننىڭ تۇتۇلۇشىدىمۇ ئۇنىڭ تۆهپىسى بار - دە ! كىم بىلىدۇ ، شۇ چاغدا تەيياربايى هېلىقى ئەسكەرلەرگە شۇ هويلىدا جياڭجۇننىڭ بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئەسكەرتمىگەن بولسا ، جياڭجۇن قېچىپ چىقىپ

كېتىپ، يەنە قانداق پاراكەندىچىلىكلەر يۈز بېرەتتىكىن.

تەييارباي جياڭجۈنگە بىر قىلىچ ئۇرۇپ قويۇپ سەل قورقۇپ قالدىمۇ ياكى ئۇنىڭ كۆرەدىن كۆڭلى سوۋۇپ كەتكەنمۇ؟ ئۇ كۆرە دەرۋازىسىدىن چىقىپ ئۇدۇل غۇلجا شەھىرىگە قاراپ ماڭدى. ئەتىگەنلىك قۇياش شەرقتىن ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. غەربىي ئاسماندا بولسا ئاي تېخىچە ئېسىلىپ تۇراتتى. تەييارباي ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ، ئېگەرنىڭ تازا راۋۇرۇس توقۇلمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. يولنىڭ چېتىگە چىقىپ ئاتتىن چۈشتى. «ھەي، ھاماقەت جياڭجۈن! — دېدى تەييارباي ئۆز ـ ئۆزىگە، — ئېگەرنىمۇ ئوڭلاپ توقۇيالمىغىنىنى قارا...»

تۇيۇقسىز ئۇ يوپۇقنىڭ ئاستىدا تۇرغان بىر خۇرجۇننى كۆرۈپ قالدى. خۇرجۇننى سۇغۇرۇۋېلىپ ئاغزىنى ئاچتى ـ دە، پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپ ئولتۇرۇپ قالدى. خورجۇننىڭ ئىككى بېشى ئالتۇن جابدۇقلار بىلەن لىق تولغانىدى. «بۇ تەقدىرنىڭ مەسخىرىسىمۇ ياكى خۇدانىڭ ئىلتىپاتىمۇ؟ — دەپ ئويلايتتى تەييارباي، — ماڭا دائىملا مۇشۇنداق تەييار بايلىق ئۇچرامدۇ؟!...»

ئۇ ئەمدى بۇ بايلىقنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ئۈستىدە بىرھازا ئويلاندى. ئاخىرىدا نەدىندۇر ئېسىگە چۈشۈپ قالغان:

ئۆزگىنىڭ ھەققىگە چاڭ سالغان ئەمەلدار ئوغرىدۇر،
توپلىسا كىمكى ھارام مال، تارتىۋالماق توغرىدۇر.

دېگەن نەزمىنى تەكرارلىدى ـ دە، ئاتقا ئىرغىپ مىنىپ يولىغا راۋان بولدى.

× ×

كېيىنكىلەرنىڭ گەپلىرىگە قارىغاندا، تەييارباي شۇ قىشنى غۇلجىدا ئۆتكۈزۈپ، يازغا چىققاندا ئاق بوز ئېتىنى مىنىپ، جەڭنامىلەردىكى نەزمىلەرگە توۋلاپ، مۇزداۋان ئارقىلىق يۇرتىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. كۇچادا كاتتا بىر مەسچىــت سالدۇرۇپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى ناھايىتى تەقۋادارلىق بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. يەنە بەزىلەرنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، تەييارباي شۇ قېتىم كۇرەدىن چىققىنىچە ئۇدۇل جيۇچۈەنگە يېتىپ بېرىپ، بەي خېنىمنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە ھەشەمەتلىك بىر گۈمبەز ياستىپتۇ. كېيىن جيۇچۈەن بىلەن قۇمۇل ئارىسىدا قاتناپ سودا قىلىپ، تېخىمۇ بېيىپ كېتىپتۇدەك…

1998 - يىل، ئۈرۈمچى

# ئىت ئېتىش

ئەگەر بەختىياروپنى تونۇمىسىڭىز ، بۇ شەھەردە ھېچكىم بىلەن تونۇشماپتىمەن ، دېسىڭىزمۇ بولىدۇ . ئۇنىڭ سىلىق - يۇمشاق مىجەزى ، سىپايە مېڭىش - تۇرۇشى ، گەپ قىلغاندا خۇددى سىزنىڭ بىر يېرىڭىزنى ئاغرىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەندەك ، ھەرقانداق ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان نازۇك ئىبارىلەرنى تاللاپ سۆزلىشى... قويۇۋېرىڭ ، بۇنداق مىجەز باشقا بىركىمدە بار دېسە ، ھەرگىز ئىشەنمەيمەن . شۇڭا ، مەن ھەممە تونۇش - بىلىشلىرىم بىلەن سەنلىشىپ سۆزلەشسەممۇ ، بەختىياروپنى «سەن» دېيىشكە زادىلا تىلىم بارمايدۇ . كوچىدا بەختىياروپ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ :

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، بەختىياروپكا ! — دەپ سالام بېرىپ قويدىڭىزمۇ ، بولدى ، بالاغا قالغىنىڭىز شۇ .

— ھوي دوختۇر ئەپەندىمۇ ؟ (مەن روھىي كېسەللىكلەر ساناتورىيەسىدە ئىشلىگەچكە ، ئۇ مېنى شۇنداق دەپ ئاتايدۇ ) قانداق ، ئۇكام ، ئەھۋالىڭىز ؟ ئاغرىق - سىلاق ، تۇمۇ - پۇچقاقتىن ساقتۇرسىز ؟ ھە ، خوتۇنىڭىزنىڭ ، بالىلىرىڭىزنىڭ ئەھۋالىچۇ ؟ قوشنا - قولۇم ، خىزمەتداشلىرىڭىز... ئاغىنە - بۇرادەر...

تاس قالىدۇ ئۇ باققان ئىت - مۇشۇك ، توخۇ - تۇمانلىرىڭىزنىڭمۇ ئەھۋالىنى سورىغىلى .

— ياخشى… ياخشى . ھە ، ئۆزىڭىزنىڭ ئەھۋالى قانداقراق ؟ — دەيسىز كېتىشكە ئالدىراپ .
— خۇداغا شۈكۈر ، كۆپىنىڭ دۇئاسى بىلەن مانا مۇشۇنچىلىك يەر دەسسەپ تۇرۇۋېتىمەن . نەگە ئالدىرايسىز ؟ كۆڭلىڭىز ئاچچىق - چۇچۇك بىر نەرسە تارتسا ، ئازراق خىزمەتتە بولمايمۇ ؟ — دەيدۇ ئۇ ئۆمرىدە بىر ئادەمنى ئاشخانىغا ئەكىرىپ مېھمان قىلىپ باقمىغان بولسىمۇ ھۆرمىتىڭىز ئۈچۈن .
— رەھمەت ، خىزمەتتە بولىدىغان ئىش بولسا ، مەن خىزمىتىڭىزدە بولسام بولاتتى ، ئالدىراپ تۇرۇۋېتىمەن .
— ئاپلا ، ئاران بىر ئۇچراشقاندا - ھە ، — دەيدۇ ئۇ ئەپسۇسلىنىپ ، — بوپتۇ ، يولىڭىزدىن قالماڭ ، كېيىن بىر پۇرسەت چىقىپ قالار…
بەختىياروپ ئۆيدىكى خوتۇنىدىن تارتىپ ھەممە ئادەم بىلەن ئەنە شۇنداق سىزلىشىپ ، سىپايە سۆزلىشىدۇ .
— رىزۋانگۈل ، سىزگە بىر ئىلتىماسىم بار ، ئېيتىشقا مۇمكىنمىكىن ؟ — دەيدۇ ئۇ تاماق ئۈستىدە خوتۇنىغا .
— قېنى ئېيتىڭ ، بەختىياروپ ، قۇلىقىم سىزدە ، — دەيدۇ خوتۇنى .
— بۈگۈنكى تامىقىڭىزنى دەيمەن…
— ھە ، تاماق نېمە بوپتۇ ؟
— شۇنچىلىك لەززەتلىك بوپتۇ . ئۆزىڭىز بىلىسىز ، ئۆزۈممۇ لەگمەنگە ئامراق . مۇمكىن بولسا ، ماڭا يەنە ئىككى پىلتا سېلىپ بەرسىڭىز . ئىككى پىلتىلا - ھە !
ئەگەر بەختىياروپ دەسلەپكى بىر چىنە تاماقنىلا تويغان بولسا ، ئۇ چاغدا ئۇ :

— رىزۋانگۈل ، ھۇنىرىڭىزگە ئاپىرىن ! تاماقنىڭ سېپىنى شۇنچىلىك ئوخشىتىپ قورۇپسىزكى ، بازارنىڭ ئاشپەزلىرى بىكار قالسۇن… مەن مۇشۇ بىر چىنە بىلەن بولدى قىلاي . مېنىڭ يېمىگىنىمگە قاراپ تامىقىم ئوخشىمىدىمىكىن ، دەپ كۆڭلىڭىزگە كېلىپ قالمىسۇن ، بۇگۈن ئىشتىھايىم شۇنچىلىك ، ئوخشىغان تاماقتىن يەنە ئازراق يېيەلمىگىنىمگە ئۆزۈممۇ ئۆكۈنۈشتە ، — دەيدۇ .

بۇ ئۆيگە سىرتتىن كېلىپ قالغان ئادەم مۇشۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىسا ، غىدىقى كېلىشى مۇمكىن ، ھەتتا بەزىلەر مازاق قىلىپ : «بەختىياروپ ئاخشىمى ئايالىنىڭ قوينىغا كىرمەكچى بولسىمۇ ، ئاۋۋال پۇتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ كېلىپ ، خوتۇنى ياتقان كارىۋاتنىڭ ياغىچىنى تاكىلدىتىپ چېكىدىكەن ، خوتۇنى : ‹بەختىياروپمۇ سىز ؟… ھە ، نېمە گەپ ؟ › دېسە ، بەختىياروپ :

‹ئۆزۈمچە… خوش پۇراق ھىدىڭىزنى پۇرىقىم كېلىپ… مۇمكىنمىكىن… ئەگەر مۇمكىن بولسا… › دېگەندەك تەكەللۇپ گەپلەرنى قىلىپ ، كارىۋاتنىڭ بېشىدا بىر ئاش پىشىم تۇرىدىكەن » دېيىشەتتى .

بۇ گەپلەرنىڭ راست - يالغىنى قانچىلىك ، بىلمەيمەن ، ئەمما بەختىياروپنىڭ بەزى قىلىقلىرى سىز بىلەن بىزگە ھەقىقەتەن غەلىتە تۇيۇلىدۇ . بەختىياروپ سىزگە بىر گەپنى قىلماقچى بولسىمۇ ، مەقسەتنى تۇپتوغرىلا دېمەي ، سۆزنى ناھايىتى يىراقتىن ئەگىتىپ ئەكېلىدۇ . مەسىلەن ، ئۇ سىزدىن بىرەر كىتابنى سورىماقچى بولسا ، گەپنى يېقىنقى يىللاردىن بېرى شائىر ، يازغۇچىلارنىڭ خېلى تەمى بار بىر نەرسىلەرنى

يېزىۋاتقانلىقى ، ئۆزى ھەرقانچە ئالدىراش بولسىمۇ ، بىر - ئىككى سائەت ۋاقىت چىقىرىپ كەچتە كىتاب ئوقۇيدىغانلىقى ، بولۇپمۇ پوكۇنچى دېگەن يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىگە بەكمۇ قىزىقىدىغانلىقى ۋەھاكازالار ئۈستىدە ئۇزاقتىن - ئۇزاق سۆزلەپ ، ئاندىن تۇيۇقسىز يادىغا كېلىپ قالغاندەك :

— ھوي راست ، شۇ مۆھتەرەم يازغۇچىمىزنىڭ پالانى دېگەن كىتابى سىزدە بارمىدۇ ؟ — دەپ سورايدۇ .

— بار ، بەختىياروپكا ، كېرەكمىدى ؟ — دېسىڭىز ، ئاغزىڭىزغا ناۋات ، ئوكام ، ئەگەر مۇمكىن بولسا... مۇمكىن بولسا بېرىپ تۇرسىڭىز ، بىر كۆرۈۋالسام... بولمىسا مەيلى ، ھەرگىز خىجىل بولماڭ... بولسا ئۆزىڭىز ئوقۇپ بولغان بولسىڭىز... ھە شۇنداق... كۆرۈپ بولۇپلا مۇبارەك قولىڭىزغا ئۆزۈم ساق ئەكېلىپ تاپشۇرسام...— دەيدۇ .

بەختىياروپ ئۆيىگە بىھۇدە مېھمانمۇ چاقىرمايدۇ . ئەگەر مەلۇم زۆرۈرىيەت تۈپەيلى مېھمان چاقىرىشقا توغرا كەلگەندىمۇ ، مېھماننى ئۇدۇللا باشلاپ بارماي ، ئوششۇقچە كوچىلارنى ئايلاندۇرۇپ ، مېھمانغا ئىلگىرى بۇ كوچىلاردا قانداق نامدار ئادەملەرنىڭ ئۆتكەنلىكى ، ھازىر كىملەرنىڭ ئۆلۈپ ، كىملەرنىڭ قالغانلىقى ، كىملەرنىڭ بېيىپ ، كىملەرنىڭ گادايلىشىپ كېتىۋاتقانلىقى ، ئىلگىرى مانا ماۋۇ ئېگىز بىنانىڭ ئورنىدا كىمنىڭ قورۇ - جايى بارلىقى ، بۇرۇنقى بايلار سالدۇرغان ئىمارەتلەرنىڭ سەلتەنەتى ، دەرۋازىلىرىنىڭ كۆركەملىكى ، ئىشىك - دېرىزىلىرىدىكى ئاجايىپ نەقىشلەر ، ئەسلىدە شۇ ئىمارەتلەرنى بۇزماي ساقلاپ قېلىش لازىملىقى... دېگەندەك بىر تالاي ئىشلارنى چۈشەندۈرۈپ ، ئاخىرىدا سۆزىنى : «ھازىر

سىلىنىۋاتقان ماۋۇ بىنالارغا قاراڭ، شۇمۇ ئىمارەت بوپتۇمۇ، ھەممىسى سەرەڭگە قېپىنى تىكلەپ قويغاندەك بىر نەرسىلەر» دەپ ئاياغلاشتۇرىدۇ. قىسقىسى، بەختىياروپنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بارغۇچە، مېھمان بۇ مەھەللىدىكى كوچىلارنىڭ كونا - يېڭى تارىخىدىن خەۋەردار بولۇپ بولىدۇ.

بەختىيارووپنىڭ ئۆتمۈشىنى، ئۇنىڭ قانداق تەربىيە ئاساسىدا ئاشۇنداق بىر مىجەزنى يېتىلدۈرگىنىنى تازا بىلىپ كەتمەيمەن. ئىشقىلىپ، ئۇ شۇنداق ئاجايىپ ئادەم. ئۇنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ رەتلىك، تازىلىقىنى دېمەيسىز، شۇنىڭغا مۇناسىپ چىرايمۇ شۇنچىلىك پاكىز. قاچانلا قارىسىڭىز، مەڭزى سارىم ئالمىدەك پارقىراپ تۇرىدۇ. ھەرقانچە سىنچىلاپمۇ چېچىدىن بىرەر تال ئاق تاپالمايسىز. ھېچكىم ئۇنى تۇرقىغا قاراپ يەتمىشتىن ئاشقان ئادەم دېمەيدۇ.

× ×

بىر يىلى قىشتا مانا شۇ بەختىيارووپنىڭ خوتۇنى تۇيۇقسىز قازا قىلدى. جامائەت نامىزىنى چۈشۈرۈپ كۆمۈپ قويدۇق. بەختىياروپ ئۆمرىدە بالا يۈزى كۆرمىگەنىدى. بىچارىنىڭ يالغۇزلۇقتىن ئىچى سىقىلدىمۇ، يازغا چىققاندا بىر ئىت بېقىۋالدى. ئۇ ئىتنى «بارس» دەپ چاقىراتتى. «بارس» دېگەن زادى نەچە گەپ، ئۇ دۇگىلەيدىغان چاقمۇ ياكى ھەسەل ساتىدىغان بىرەر ئورۇسنىڭ ئىسمىمۇ بىلمىدىم، ئىشقىلىپ، بەختىياروپ ئىتنى «بارس» دېسە «بارس» دەپ يۈيۈپ تازىلاپ، ھويلىسىدا يۈگۈرتۈپ، ئۇنىڭغا قانداقتۇر بىر ھەرىكەتلەرنى ئۆگىتىپلا

يۈرەتتى . « ‹بارىس › ، قېنى كۆرۈشۈپ قويايلى !» دېسە ، ئىت قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ كېلىپ بەختىياروپقا ئۇلۇق پۈتىنى سۇناتتى . « ‹بارىس › ، ئاۋۇنى ئەكېلىڭ !» (ھەتتا ئۇ شۇ ئىت بىلەنمۇ سىزلىشىپ سۆزلىشەتتى ) دەپ بىر نەرسىنى يىراققا تاشلىسا ، ئىت ئۇچقاندەك بېرىپ ھېلىقى نەرسىنى چىشلەپ ئەكېلەتتى . ئىت بەزىدە ئۇنىڭغا ئەركىلەپ ئېسىلغۇدەك بولسا ، بەختىياروپ سەل ئۆزىنى قاچۇرۇپ :

— ھاي - ھاي ، ‹بارىس › ، سىزنىڭ بۇ قىلىقلىرىڭىز سەل ئېشىپ كەتتىغۇ دەيمەن ، قاراڭ ، كىيىملىرىمنى بۇلغىۋەتتىڭىز ، — دەيتتى .

ئەگەر بەختىياروپ بىلەن كوچىدا ئۇچرىشىپ قېلىپ ، بۇ ئىت توغرىسىدا گەپ ئېچىپ قالسىڭىز ، بەختىياروپ ھاياجانلىنىپ ، قوللىرىنى ئۇشقۇلاپ سۆزلەپ كېتەتتى .

— بىزنىڭ «بارىس»نى دەمسىز ؟ سورىغىنىڭىزغا رەھمەت ! — دەيتتى ئۇ ، — مېنىڭ ئىت بىلەنغۇ ئانچە خۇشۇم يوق ئىدى . ئەمدى قاراڭ ، رەھمەتلىك رىزۋانگۇلۇمدىن ئايرىلدىم . يالغۇزلۇق دېگەن بەك يامانكەن . ئۇياق - بۇياققا كەتكىنىمدە ئۆيگە قارانچۇق بولۇپ قالار ، دەپ بېقىپ قويۇۋىدىم ، ياخشى ئىت چىقىپ قالدى ، ساپ ئاپشاركا نەسلىدىنكەن ئەمەسمۇ . مۇبارەك كۆزىڭىزگىمۇ چېلىققاندۇ ، قۇلىقى دىك ، تۈكلىرى مايلاپ قويغاندەك يالتىراپ تۇرىدۇ . پاھۇي ، بۇ ھايۋاننىڭ ئەقىللىقلىقىنى دېمەيسىز ، ۋاي ياقەي ، ئۇنى ھايۋان دېگىلى بولسۇنمۇ ، بەزى قىلىقلىرى ئادەمنىڭ ئۆزىلا ، ھويلىدىكى قىل چاغلىق نەرسىگە قالايمىقان چېقىلمايدۇ . سارغۇچ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ، بويىنىنى سەل سىگاريان قىلىپ قاراپ

كەتسە ، ئامراقلىقىڭىز كېلىپ قولىقىدىن تۇتۇپ سۆيۈپ قويغۇڭىز كېلىپ كېتىدۇ... مانا قاراڭ ، بىرىگە دېسەم ئىشەنمەيدۇ ، ئۇ كۈنى ئۇنىڭ بويىنىغا خالتا ئېسىپ ، ئاغزىغا پۇل چىشلىتىپ قويۇپ بەرسەم ، توپتوغرا قاسساپ دۇكىنىغا بېرىپ گۆش ئەكەپتۇ...

تۇرمۇش دېگەن تاسادىپىيلىققا باي . ئارىدىن بىر يىل ئۆتمىكىن ، بىر كۈنى قانداق بولغان ، بەختىيارو‌پنىڭ دەرۋازىسى ئوچۇق قالغانىكەن ، «بارىس» ئېتىلىپ چىقىپ ، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر چوكانغا «هاپلا» قىلىپ تاشلىنىپتىكەن ، هېلىقى چوكان ئېسىدىن كېتىپ يىقىلىپ قاپتۇ . قورقۇپ كەتكەن بەختىيار‌وپ يۈگۈرۈپ چىقىپ ، ئايالنى يۆلەپ ئۆيگە ئەكىرىپ ، بىرنېمىلەرنى قىلىپ هوشىغا كەلتۈرۈپتۇ . قارىسا ، ئۇ ياشلا بىر چوكان ئىكەن . قايتا ـ قايتا ئەپۇ سوراپ ، خېلىغىچە مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپتۇ . بەختىيار‌وپ ئۆزىنىڭ قەدىناس خوتۇنىنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىنى بىر يىلدىن بېرى يالغۇز ، بويتاقچىلىق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ ؛ چوكانمۇ ئۆزىنىڭ بىر قېتىم ياتلىق بولغانلىقىنى ، پەيلى يامان ئېرىنىڭ دەردىنى جىق تارتىپ ئاخىر ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىنى ، شۇنىڭدىن بېرى «ئەر دېگەن شۇنداق بولسا» دەپ قايتا ياتلىقمۇ بولمىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ . پاراڭلىشا ـ پاراڭلىشا ، ئىككىسىگە ئوبدانلا ئىسسىق ئۆتۈشۈپ قاپتۇ . شۇنداق قىلىپ ، ئاز ئۆتمەي بەختىيار‌وپ هېلىقى چوكاننى نىكاهلاپ ئۆيىگە ئەكېلىۋالدى . مەهەللىدە خېلىغىچە «بەختىيار‌وپ ئۆزىنىڭ قىزىدەك ياش بىر خوتۇننى ئېلىۋاپتۇدەك . بۇ نېمە بەختىيار‌وپقا قانچىلىك ئاش بولاركىن ، هېلىتىن سەكىلدەپ كوچىدىن

كىرمەيدىكەن... » دېگەندەك گەپلەر ئېقىپ يۈرگەندى .
بىر كۈنى بەختىياروپنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيرانلا قالدىم . بۇ ئادەم زۆرۈر بىر ئىشى بولمىسا ، قوشنا - قولۇملار بىلەنمۇ ئانچە كىرىش - چىقىش قىلىپ كەتمەيتتى .
— دېگەنىبىلەن ئۆيدە ئىكەنسىزغۇ ، دوختۇر ئەپەندىم . ھە ، سالامەتلىكىڭىز قانداقراق ؟ — كۆلۈمسىرىگىنىچە كىرىپ كەلدى بەختىياروپ ، — بىمەھەل ۋاقىتتا كېلىپ ئاۋارە قىلدىممۇ ، قانداق ؟
— ۋاي ياقەي ، بۇ نېمە دېگىنىڭىز ؟ قېنى ، ئۆيگە كىرىڭ !
— ياق... ئەمدى... ۋاقتىڭىز بولمىسا مۇشۇ يەردىلا قايتاي . ئانچە زۆرۈرمۇ گەپ يوق ، بىر ئىشنى مەسلىھەت سالاي ، دەپ كۆڭلۈم تارتىپ...
— كېلىڭ ، كېلىڭ ، مانا بۇياققا ، ئۆيگە .
بەختىياروپ بىمەھەل ۋاقىتتا كىرىپ قالمىغاندىمەن ، دېگەن خىيالدا تەكەللۇپ سۆزلەر بىلەن بىر ئالدىغا ، بىر كەينىگە مېڭىپ ، ئاخىر ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا يېتىپ كەلدى - دە ، ئۇ يەردە تۇرغان ۋېلىسىپتكە قاراپ تۇرۇپ قالدى .
— بۇ كىمنىڭ ۋېلىسىپتى ؟ — دەپ سورىدى ئۇ .
— ئوغلۇمنىڭ .
— ۋاي توۋا ، بىرى بىكارغا بېرىۋەتكەنما ؟
— نېمىنى دەيسىز ؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەنمەي .
— ۋېلىسىپتنى دەۋاتىمەن ، يېڭىلا ۋېلىسىپتكەن...
— مۇشۇ كۈندە كىم بىكارغا بىرنېمە بېرىۋېتىدۇ .

بەختىياروپكا؟ پۇلغا ئالغان!

— ئەمىسە، نېمىدەپ ئاپتاپقا تاشلاپ قويدىڭىز؟

— ھە، باللارنىڭ قىلىقى بولمامدۇ.

— گەپ باللارنى قانداق ئۆگىتىشتە!

ۋېلىسىپىتنى دەس كۆتۈرۈپ، تامنىڭ تۈۋىگە — سايە يەرگە يۆتكەپ قويدۇم.

— ياق، بولمىدى، ئۇنداق قويمايمىز، دوختۇر ئەپەندىم، — دېدى بەختىياروپ بېشىنى لىڭشىتىپ، — ئاۋۇ پارچە تاختاينىڭ لازىمى بارمۇ؟

— يوق.

— ئەكىلىڭ!

نېرىراقتا تاشلىنىپ تۇرغان تاختاينى ئەكىلىپ بەختىياروپقا سۇندۇم.

— ھە، ئەمدى ۋېلىسىپىتنى سەل كۆتۈرۈپ تۇرۇڭ.

ۋېلىسىپىتنى كۆتۈرۈپ تۇردۇم. بەختىياروپ ئېڭىشىپ ھېلىقى تاختاينى ئىككى چاقنىڭ ئاستىغا قويدى، ئاندىن قولىنى قېقىپ تۇرۇپ:

— بىر كىشىنىڭ شەخسىي ئىشىغا ئارىلىشىش ياخشى ئىش ئەمەس، — دەپ چۈشەندۈردى ئۇ، — لېكىن سىز بىلەن بىز ئۆز ئادەملەر. تۇرمۇشتا سەرەمجان بولغان ياخشى. پۇلغا ئالغان نەرسىنى بۇنداق تاشلاپ قويسىڭىز، تۆت كۈندىلا كاردىن چىقمامدۇ؟ ۋېلىسىپىت دېگەننى توختاتقاندا، ئاۋۋال غاچ - غۇچ قىلىپ، ئېرىنمەي بىر سۈرتۈۋېتىدىغان گەپ، ئاندىن قۇرۇق، سايە يەردە قويىمىز. چاق تاختاينىڭ ئۈستىدە تۇرسا پاكىز تۇرىدۇ، نەم تارتمايدۇ، تۆمۈرنىڭ دۈشمىنى دات. داتلاشتىمۇ

توگەشتى ، دېگەن گەپ . قانداق دېدىم؟ ئۇشۇقچە گەپ قىلىپ رەنجىتىپ قويمىغاندىمەن؟

— ياق ، توغرا دېدىڭىز .

بەختىياروپ هويلىدىكى گۇللەر ، پېشايۋاننىڭ ياغاچلىرى ، شېخى يېرىلىپ كەتكەن ئالما ، ۋەهاكازالار ئۈستىدە بىر مۇنچە پايدىلىق مەسلىهەتلەرنى بېرىپ ، ئاخىر ئۆيگە كىردى . ئايالىم بەختىياروپنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي داستىخان سېلىپ چاي قىلدى . چاي ئىچكەچ پاراڭلاشتۇق .

— خوش ، بەختىياروپكا ، يېڭى كېلىن بىلەن خېلى چىقىشىپ قالدىڭىزمۇ ، قانداق؟ — دەپ سورىدىم .

— رەھمەتلىك رىزۋانگۇلۇمنىڭ قارىسىنى تۇتۇپ ، قېرىغىنىمدا ئەمدى ئۆيلەنمەيلا ئۆتۈپ كېتەرمەن ، دېگەن ، — دەپ گەپ باشلىدى بەختىياروپ ، — ئەمدى قاراڭ ، تەقدىر دېگەن باشقا گەپ ئىكەن . بۇ چوكان بىزنىڭ «بارىس» هاپلا قىلىپ ئېتىلغان باهانە بىلەن نەق بىزنىڭ ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ يىقىلىپ بەرسە بولىدۇ . مانا باهانە ـ سەۋەب شۇ بولدى . ئىككىمىز بىر ئۆيدە بولۇپ قالدۇق . يېشىغۇ مەندىن بەك كىچىك ئىكەن ، ئەمدى ، ياق دەي دېسەم ، بېشىغا كەلمىگەن ئادەم بىلمەيدۇ ، يالغۇزلۇق بەك يامان ئىكەن... مۇشۇ كۈندە ھەممىلا ئادەمنىڭ بۆرىكى ئاجىزلاپ كېتىۋاتامدۇ ، تېلېۋىزور بىلەن رادىيونى قاچانلا ئاچسىڭىز بۆرەكنى كۈچەيتىش دورىسىنىڭ ئېلانى... كوچىدا كېتىپ بارسىڭىز ، قولىڭىزغا تۇتقۇزۇپ قويىدىغان ۋەرەقىلىرىچۇ تېخى ، ئېچىپ ئوقۇشقا نومۇس قىلىسىز...

تۇرۇپلا بەختىياروپ مۇشۇنداق ھېچ مۇناسىۋەتسىزلا گەپلەرگە چۈشۈپ كەتتى . «ھەرقانچە بولسىمۇ بۇ ئادەم ماڭا

مۇشۇنداق تاپىنى يوق گەپلەرنى قىلغىلى كىرىمگەندۇ ؟… بۇ ئادەمنىڭ مۇشۇنداق يىراقتىن ئەگىتىپ گەپ قىلىدىغان بىر ئەزمىلىكى بولىدىغان ، ھەرقاچان دەيدىغان گېپىنى ئۇدۇللا دېيەلمەي بۇ گەپلەرنى قىلىپ ئولتۇرامدۇ ـ يا !» دېگەنلەر كۆڭلۈمدىن كەچتى . شۇ چاغدا بەختىياروپ تۇيۇقسىزلا :

— ھوي راست ، مۇشۇ «بارىس»نى قانداق قىلساق بولار ؟ — دەپ سوراپ قالدى .

— نېمىنى دەيسىز ؟ — دېدىم مەن .

— «بارىس»نى دەيمەن .

— «بارىس»قا نېمە بوپتۇ ؟

— يېقىن خوتۇن بىلەن مەنغۇ ئەپلىشىپ قالدىم . لېكىنزە ، بىزنىڭ «بارىس» زادى چىقىشالمايۋاتىدۇ .

— قانداق ؟

— خوتۇنۇم ئۆيدىن چىقاي دېسىلا ، بوسۇغىدا ھۇرپىيىپ خىرىس قىلىپ تۇرغىنى تۇرغان . بىرىنچى قېتىم قاتتىق قورقۇپ كەتكەچكىمۇ ، خوتۇنۇمنىڭ «بارىس»نى كۆرسىلا چىرايىدا قان قالمايدۇ .

— يېقى كەلگەن بولغاچقا ، يات كۆرۈپ شۇنداق قىلىۋاتامدىكىن ؟

— ئۆگىنىپ قالسۇن ، دەپ بىر ئوبدان تاماقلارنى ئېتىپ ئالدىغا تۆكۈپ بېرىپمۇ باقتىم . ياق ، تاماققا قارايدىغاندەكمۇ ئەمەس ، خوتۇنۇمغا قاراپ خىرىس قىلغىنى قىلغان . ئاچچىقىدا شۇنداق قىلامدىكىن ، يېقىندىن بېرى ھويلىغا كىرگەنلا ئادەمگە ئېتىلىدىغان بولۇۋالدى دېمەمسىز . خۇداغا شۈكۈر ، ھازىرغىچە بىرەرنى چىشلىۋالمىدى . ئەمدى ، ئىت دېگەننىڭ سۆرى بار ـ

ده ، «هاپ» قىلىپ يۆگۆرسە ، ھەرقانداق ئادەمنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ ، دەرۋازىنىڭ ياغىچىغا يۆلىنىپلا قالىدىكەن. يېڭى ئايالنى ياكى قوشنا - قولۇملارنىڭ بىرەرىنى چىشلەپ قويۇپ ، كۆڭۈلسىزلىك تېپىپ بېرەمدىكىن ، دەپ ئەنسىرەپ قالدىم.

— باغلاپلا قويسىڭىز ئىش پۈتمەدىمۇ؟

— باغلاپ دەمسىز؟... قويۇڭ ، قويۇڭ ، بىر - ئىككى كۈن باغلاپ بېقىۋىدۇق ، توختىماي قاۋاپ ، قولاق - مېڭىمىزنى يەپلا كەتتى. شۇ جانىۋارغىمۇ ھۆرلۈك لازىم - دە!... بۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى خوتۇنۇمنىڭ : [«بۇ ئۆيدە يا ئىتىڭىز تۇرسۇن ، يا مەن تۇراي!»] دەپ جېدەل قىلىۋاتقىنىنى دېمەمسىز. بىرىگە بېرىۋېتىپلا قۇتۇلاي دەپ ، سەھرادىن قوغۇن - تاۋۇز سېتىپ كىرگەن دېھقانلارنىڭ ھارۋىسىنىڭ كەينىگە ئىككى قېتىم باغلاپ بەردىم. ئىككىلا قېتىمدا تېخى كۈن ئاتلىمايلا قېچىپ كەلدى. تۈنۈگۈن بولغان ئىشنى دېمەمسىز ، بىر تىلەمچى ئۇقۇشمايلا ھويلىغا كىرىپ قالغانىكەن ، بىچارىنى تالاپ ، چاپىنىنىڭ يېرىم پېشىنى يۇلۇۋاپتۇ. ھىم ، بۇ ئىتنى كۆزدىن يوقاتمىسام زادى بولمىغۇدەك ، دېگەن يەرگە كېلىپ قالدىم.

— قانداق قىلاي دەيسىز؟

— ئۆلتۈرۈۋېتەيلىمىكىن دەيمىنا.

— ئۆلتۈرۈۋېتەيلىمىكىن دېگىنىڭىز نېمىسى؟ مېنىڭ بىرەر ياردىمىم لازىممىدى؟

— بىر ئەقىل كۆرسىتەمدىكىن دەپ ، ئالدىڭىزغا كىرىشىمغۇ ، دوختۇر ئەپەندىم. ماڭا قويۇپ بەرسىڭىز ، ئۆمرۈمدە بىر قۇشقاچنىمۇ بوغۇزلاپ باقمىغان بەندە ئەمەسمەن...

— نـاھايىتى بىـر ئـىتقۇ ! — دېدىم مەن ، — بىر پارچە ئۆپكە ـ قېرىن ياكى جىگەردەك بىرنېمىنى تېپىك ، ئىچىگە يىگىنىمۇ ، مىخمۇ ياكى بولمىسا ئۇششاق ئەينەك پارچىسىنىمۇ تىقىپ ، ئىتنىڭ ئالدىغا تاشلاش ، يەيدۇ ـ دە ، ئاشقازىنى كاردىن چىقىپ ، ھەپتە — ئون كۈنگە قالمايلا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىدۇ .

— ۋاي قويۇڭ ، بىچارە «بارىس»نىڭ جېنى شۇ نەچچە كۈنگىچە قىينىلىپ نېمە بولۇپ كېتەر ؟ ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرۇپ مەنمۇ تۈگىشىپ كېتەرمەن .

— ئەمىسە ، قانداق قىلاي دەيسىز ؟

— ئەمدى ، سىز دوختۇر بولغاندىكىن ، يېسە شۇ زامات قاتۇرۇپلا قويىدىغان دورىلىرىڭىز بولسا بەرسىڭىز دېمەكچىمەن ـ دە ، مەن نانغا ياكى ئۆزىڭىــــز ئېيتقاندەك ئۆپكە ـ قېرىنغا ئارىلاشتۇرۇپ بېرىۋەتسەم ، بىچارە قىينالمايلا كۆزىنى يۇمسا...

بەختىيارونىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتىم .

— ھوي ، بەختىيارونكا ، — دېدىم مەن ، — سىز بىزنىڭ ئۇ روھىي كېسەللىكلەر ساناتورىيەمىزنىڭ قانداق ئورۇنلۇقىنى تازا چۈشىنىپ كەتمەيسىزغۇ دەيمەن ؟ بىزدە ئۇنداق زەھەرلىك دورىلارنى ئىشلەتمەك تۈگۈل ، ساقلاشمۇ خەتەرلىك . ئۇ يەردە داۋالىنىــــۋاتقان كېسەللەر شۇنداق غەلىــــتە ئادەملەركــــى ، قويۇۋېرىڭ ، ئادەتتىكى دورىلارنىمۇ ھەر كۈنى ، دەل ۋاقتىدا ، ئۆلچىمى بىلەن ئەكىرىپ بەرمىسىڭىز ، دورا دېگەننى چاڭگاللاپ يۇتۇۋېلىپلا ئىش تېرىيدۇ... ئەڭ ياخشىسى ، مەن ئىتىڭىزنى ئېتىپلىۋېتەي .

— نېمە دەيسىز ؟... — دەپ چۆچۈپ كەتتى بەختىياروپ .

— «بارىس»نى دەيمەن ، قوشۇلسىڭىز ۋاڭلا قىلىــــپ ئېتىۋېتەي .

— سىزدە قورال بارمۇ ؟ — دېدى بەختىياروپ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ .

— مەن نېمە دەۋاتىمەن ؟ بىزنىڭ ئۇ ساناتورىيەنى مېڭىسىنىڭ سۈيى بار ئاغىنىلەر يىغىلغان ئورۇن دېسىڭىز بولىدۇ . قايسىبىر يىلى ، كۆزەتتە تۇرغان بىر ئادىمىمىزنى كېچىسى بىر ساراڭ كىرىپ بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغاندىن بۇيان ، زۆرۈر بولغاندا ئۆزىمىزنى قوغداش ئۈچۈن بىزگە قورال ساقلاشقا رۇخسەت قىلىنغان .

— لېكىن ، سىز دەرۋازىدا تۇرىدىغان كۆزەتچى ئەمەس - دە ! ؟

— كۆزەتچى بولمىساممۇ ، ھەر كۈنى شۇ بىنورمال ئادەملەرگە ئارىلىشىپ يۈرىمەن - دە . ئۇلارنىڭ كېسىلىنى كۆرۈۋاتقان چېغىمدا ، قايسىبىر ساراڭنىڭ خىيالىغا بولمىغۇر خىيال كىرىپ ، تۇيۇقسىز ماڭا تاشلانمايدۇ ، دەپ كىم ھۆددە قىلالايدۇ ؟

— مۇنداق دەڭ . سىزدىكى قانداق قورال ؟ مىلتىقمۇ ياكى…

— قىزىق ئادەم - دە سىز ، بەختىياروپكا ، بىزنىڭ ئۇ ساناتورىيەدە مىلتىق كۆتۈرۈپ يۈرگىلى بولسۇنمۇ !…

— نېمىشقا ؟

— ئەگەر جېنىدىن تويغان بىر تەلۋە «شارتتىدە» قىلىپ مىلتىقنى تارتىۋالىدىغان بولسا ، ئۇ چاغدا پۈتكۈل ساناتورىيە ۋە پۈتكۈل شەھىرىمىزنىڭ ئىچىدە نېمە قالايمىقانچىلىق بولۇپ كېتەر ؟… مەندىكىسى يان قورال — ئەپچىلگىنە تاپانچا . قورالنىڭ گېپىنى كۆرگەنلا ئادەمگە دېگىلى بولمايدۇ ، سىزنى ئۆز

كۆرۈپ دەۋاتىمەن . مانا ، كىرەك بولسا ئاچقاي . ئىتىڭىزنى گۆملا قىلىپ ئىتىپ تاشلايلى .

— ياق ، توختاڭ ! — دېدى بەختىياروپ خۇددى ئۇنىڭ ئىتىنى مەن هازىرلا تاپانچىنى ئاچىقىپ ئىتىۋېتىدىغاندەك جىددىيلىشىپ ، — بۇ ئىشنى ئوبدان بىر ئويلىشايلى ، «بارس» نى ئاتساق قايسى ۋاقىتتا ، قانداق ئاتىمىز ؟ ئوق تەگكەندىن كېيىن قان چىقىدۇ ـ دە ، بىچارە «بارس»نىڭ جېنى قانچىلىك قاقشار... ئۇھ ، مەن نېمىشقىمۇ شۇ ئىتنى باقاندىمەن ، نېمىدەپ يېڭى خوتۇن ئېلىپ يۈرگەندىمەن...

بەختىياروپنىڭ تېخى ئىتنى ئاتماي تۇرۇپلا يۈرىكىنى تۇتۇپ ۋايۋايلىغىنىنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتىم .

— سىز كۈلىسىز ، ئۇكام ، — دېدى بەختىياروپ ، — نېملا بولمىسۇن ، ئۆزى باققان ئىتقا ئادەمنىڭ كۆڭۈل رىشتى باغلىنىپ قالىدىكەن .

— بۇ ئىشنى مۇنداق ئەپلەيمىز ، — دەپ چۈشەندۈردۈم ئۇنىڭغا ، — سىز ئۆزىڭىز بىر كۈننى بەلگىلەيسىز ، تاپانچىغا ئوقنى بەتلەپ ، يانچۇققا سېلىپ بارىمەن . ئىتنى زەنجىرلەپ مەهكەم باغلاپ قويىسىز ، بولمىسا ، تاپانچىنى كۆتۈرۈپ ئۇنى هويلىنىڭ ئىچىدە قوغلاپ يۈرسەك بولمايدۇ ـ دە ! «بارس»قا ئىچىم ئاغرىيدۇ ، دېسىڭىز ، ئۇنى باغلاپ بېرىپ ، ئۆزىڭىز تالاغا چىقىپ كەتسىڭىزمۇ بولىدۇ . ئاندىن مەن ئۇنى «ۋاڭگىدە» قىلىپ ئاتىمەن ، ئىش تامام .

— كۆپكۈندۈزدە دېمەكچىمۇ ؟... ياق بولمايدۇ . ئوقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قوشنا ـ قولۇملار يۈگۈرۈپ كىرسە ، «بارس» نىڭ قان ئىچىدە ياتقانلىقىنى كۆرسە ، ئۇ چاغدا مەن خەقنىڭ

نەزىرىدە قانداق ئادەم بولۇپ قالىمەن ! ؟
— ئەمىسە كېچىسى ، ئەل ئۇيقۇغا كەتكەندە ئاتايلى .
— مەسلىھەتىڭىزگە رەھمەت دوختۇر ئەپەندىم ، نېمە دېسىڭىز دەڭ ، ئىتنى ھويلىدە ئاتساق بولمايدۇ .
— نېمىشقا ؟
— شۇ «بارىس»نىڭ قېنى ھويلىغا تۆكۈلمىسۇن دەيمىنا !
— ئەمىسە قانداق قىلىمىز ؟
— مېنىڭچە ، مۇنداق قىلساق ، دوختۇر ئەپەندىم ، ئۆزىڭىز بىلىسىز ، بىزنىڭ ئۆينىڭ كەينى كەڭرى كەتكەن ئېتىز . ۋاقتىڭىز يەتكەن بىر كۈنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇپ ، تاپانچىڭىزنى بېلىڭىزگە قىستۇرۇپ بېرىڭ ، مەن داستىخان ھازىرلاپ ، سىزنى ئۇبدان بىر مېھمان قىلاي ، سىز ئېيتقاندەك ، يېرىم كېچىگىچە چىرايلىقچە پاراڭلىشىپ ئولتۇرايلى . ئەل ياتقاندا ئاستا ئىتنى يېتىلەپ چىقىپ ، ئېتىزلىقتىكى بىر دەرەخكە مەھكەم باغلاپ قويۇپ كېرەي . سىز چىقىڭ - دە ، «گۈممىدە» ئېتىپ تاشلاڭ .
— «بارىس»نىڭ ئۆلۈكىنىمۇ شۇ يەرگە تاشلاپ كېتىۋېرىدىغان گەپمۇ ياكى ئۆزىڭىز يىغىشتۇرۇۋالامسىز ؟
— خۇدايىم ساقلىسۇن ، مەن ئۇ بىچارىنىڭ ئۆلۈكىگە يېقىن يولىماي !
— ئەمىسە...
— ماڭا قاراڭ ، دوختۇر ئەپەندىم ، «بارىس»نىڭ ئۆلۈكىنى ئوچۇقچىلىققا تاشلاپ قويساق ، ئەتىسىلا خەق كۆرۈپ گەپ بولىدۇ دەڭە . شۇ كۈنى ئىشەنچلىكىرەك بىر بۇرادەرنىمۇ باشلىۋالغاچ بېرىڭ . «بارىس»نىڭ ئۆلۈكىنى شۇ ئاپىرىپ بىر يەرگە كۆمۈۋەتسۇن ، ھەققىنى مەن بېرەي . ئىشقىلىپ ، ھېچقانداق ئىز

قالدۇرماي ھەممىنى پاك - پاكىز يىغىشتۇرۇۋڭلار ، نېمە قىلغىنىڭلارنى كۆزۈممۇ كۆرمىسۇن . ئەتىسى خەق سورىسا ، ئىتنى بىرىگە بېرىۋەتتىملا دەيمەن ، پۈتتى .

× ×

بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ بەختىياروپتىن ئىككىلىك خەت ئالدىم : «دوختۇر ئەپەندىم ، — دەپ يېزىپتۇ ئۇ ، — ھېلىقى مېھماندارچىلىقتا مۇمكىن بولسا ، بۇگۈن كەچتە قەدەم تەشرىپ قىلسىڭىز ، بىرەر بۇرادەرنىمۇ باشلىغاچ كېلىشنى ئۇنتۇماسسىز . سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم . رەھمىتىمنى كېيىن ئايرىم ئېيتارمەن .»

بۇ مېھماندارچىلىقتا كىمنى باشلاپ بارسام بولار ، دەپ ئۇزاق ئويلاندىم . تۇيۇقسىز يادىمغا كوچىمىزنىڭ بېشىدا ئولتۇرىدىغان جېلىل دېگەن يىگىت كېلىپ قالدى . جېلىلنى مەھەللىمىزدە بەختىياروپتىن قالسىلا ئىككىنچى مەشھۇر شەخس دېسىڭىز بولىدۇ . قىلىدىغان تىجارىتى — ئەتىگىنى - ئاخشىمى يوغان تەڭنىدە بىر تەڭنە قوي پاچىقىنى پىشۇرۇپ ، كوچىنىڭ دوقمۇشىغا ئاچىقىپ ساتىدۇ . ئۇنىڭ پاچاقنى قانداق ھۈنەر بىلەن پىشۇرىدىغىنىنى بىلمەيمەن ، قولىڭىزغا ئالسىڭىز ، ساپسېرىق ، تىترەپ تۇرىدۇ ؛ چاينىماي شورىسىڭىزمۇ گېلىڭىزدىن غىرتلا ئۆتۈپ كېتىدۇ ، لەززىتى ئاغزىڭىزدىلا قالىدۇ . شۇڭا ئۇنى جېلىل «پاچاق» دېسە تونۇمايدىغان ئادەم يوق . جېلىل بىر تەڭنە پاچاقنى بىر سائەت ئىچىدىلا پۇل قىلىپ ، قالدى - قاتتى سۆڭەكلەرنى يىغىپ ئۆيگە ئاپىرىپ ئىت باقىدۇ . شەنبە -

يەكشەنبە كۈنلىرى بولسا ئىت بازىرىدىن كەلمەي ئىت ئېلىپ، ئىت ساتىدۇ. «توغرا، بەختىياروپنىڭ مېھماندارچىلىقىغا تەكلىپ قىلىپ ئاپىرىشقا جېلىل ‹پاچاق›تىنمۇ مۇۋاپىق ئادەم بولماس» دېدىم ـ دە، ئۇنى چاقىرتىپ كېلىپ، بەختىياروپ بىلەن ئوتتۇرىمىزدا بولغان گەپنىڭ مەزمۇنىنى ئېيتتىم.

— نېمە دەيدىغانسىز؟! — دېدى جېلىل «پاچاق» ماڭا ھەيران بولۇپ قاراپ، — بەختىياروپنىڭ ھېلىقى ئاپشاركىسىنى ئېتىۋېتىمىز، دەمسىز؟

— شۇنداق، ئۇكا. ئۇ ئىت ھويلىغا كىرگەنلىكى ئادەمنى تالاپ، يامان بولۇپ كەتكىلى تۇرۇپتۇ. ئىتنى مەن ئاتىمەن، سېنىڭ قىلىدىغان ئىشىڭ ئىتنىڭ ئۆلۈكىنى ئاپىرىپ كۆمۈۋېتەمسەن يا تېرىسىنى سويۇۋېلىپ بىرەرىگە ساتامسەن، ئىشقىلىپ، كۆزدىن يوقاتساڭلا بولدى. تېگىشلىك ھەققىڭنى بەختىياروپتىن ئۆزۈم ئېلىپ بېرىمەن.

— توۋا! — دېدى جېلىل «پاچاق»، — ئىتنى ئېتىۋېتىڭلار، دېگەن گەپنى بەختىياروپ ئۆز ئاغزى بىلەن دېدىما؟

— سېنىڭچە، مەن سېنى ئالاھىدە چاقىرتىپ كېلىپ يالغان گەپ قىلىپ ئولتۇرۇپتىمەن ـ دە!؟

— يا ئەمدى دەيمىنا، بەختىياروپ بۇ ئىتنى بەك ئارزۇلاپ باققانتى ـ دە!… شۇ ئادىمىڭىزنىڭ ئېسى جايىدىدۇ؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭ… مانا، بىر ـ ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا بەختىياروپ ئۆزى مۇشۇ ئۆيگە كېلىپ، ئاشۇ سەن ئولتۇرغان يەردە ئولتۇرۇپ، ئۆز ئاغزى بىلەن شۇ گەپلەرنى قىلدى. بۈگۈن ئەتىگەن يەنە خەت كىرگۈزۈپ، «ھېلىقى ئىتنى ئاتىدىغان ئىشنى

بىرنېمە قىلساق» دېگەن گەپلەرنى يېزىپتۇ . بەختىياروپ كەچتە داستىخان راسلاپ بىزنى كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ ، دېگەن گەپ .

— ئەستاغپۇرۇللا ! — دېدى جېلىل «پاچاق» ، — سىلەر كادىر خەقلەر غەلىتە ئادەملەركەنسىلەر ـ دە ، تېخــى ئادەم چىشلىمىگەن بىر ئوبدان ئىتنى ئادەم چىشلىۋالــدۇ ، دەپمۇ ئۆلتۇرۇۋەتكەن بارمۇ ! ؟... بازارغا ئەكىرسىڭىز تۆت ـ بەش مىڭ سومغا ئالىدىغان ئىت ئاۋۇ !

— نېمە دېدىڭ ؟... ئاشۇ بىر ئىتنى شۇنچــىۋالا پۇلغا ئالارمۇ ؟ ! — دېدىم مەن ھەيران بولۇپ .

— ئۇ دېگەن ساپ ئاپشاركا نەسلىدىن بولغان ئېسىل ئىت ـ دە !

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەنمۇ ئويلىنىپ قالدىم ـ دە :

— ئۇنداق دېگىنىــڭ بىـــلەن ، — دەپ سۆزۈمنـــى داۋاملاشتۇردۇم ، — ئۇنداق يامان ئىتلارنىڭ غالجىــر بولۇپ قالىدىغان ئىشلىرى بار . ناۋادا شۇنداق بولۇپ قېلىپ ، قوشنا ـ قولۇملاردىن بىرەرىنى چىــشلەپ قويسا ، بەختىــياروپكامغا تۈگىمەسلا باش ئاغرىقى بولىدىغان گەپ...

— ماڭا قاراڭ ، ئاكا ، — گېپىمنى تارتىۋالدى جېلىل «پاچاق» ، — مەن بىلمەن ، بەختىياروپ ئۇ ئىتنى پىششىق تاماق بېرىپ باققان ، پىشقان ئاش يەپ يۈرگەن ئىتنىڭ غالجىر بولغىنىنى كىم كۆرگەن ؟ مانا بىز ئىت بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرگەن ئادەملەرغۇ .

— ئۇنىڭ ئۈستىگە... گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا ، بۇ ئىت بەختىياروپنىڭ يېڭى ئالغان خوتۇنىغىمۇ خىرىس قىلىپ زادى ئارامىنى قويمايۋاتقان ئوخشايدۇ .

— هه ، گەپ مەيەردە دەڭە ؟... — دەپ ئويلىنىپ قالدى جېلىل «پاچاق» ، — ياش خوتۇن ئېلىۋالغان قېرىلارغا قويۇپ بەرسىڭىز ، خوتۇنى ئاناڭنى ئۆلتۇرۇۋەت ، دېسىمۇ ، بەزىلىرى بېرىپ ئۆلتۇرۇۋېتىشتىن يانمايدۇ . بوپتۇ ، بۈگۈن بەختىياروپنىڭ ئۆيىگە بارساق بارايلى . ئۆمرىدە بىر ئادەمگە بىر چىنە قايناق سۇنى ئۇشۇق قۇيمايدىغان ئادەمنىڭ بىزگە ھاجىتى چۈشكەندىكىن مېھمان قىلسا قىلسۇن ، ئىتنى ئېتىزغا ئاچىقىپ باغلاپ بەرسە بەرسۇن ، بەختىياروپ بېشىمىزدا دېۋەيلەپ تۇرمىغاندىكىن ، سىز ئاسمانغا قارىتىپ ، «پاڭ - پۇڭ !» قىلىپ بىر - ئىككى پاي ئېتىڭ ، قالغان ئىشنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ . ئوغرىلىغان ئىتنى كاڭشىتماي جۆندەيدىغان قالتىس ئەسۋابلىرىمىز بار ، بېشىغا كىيدۈرىمەن - دە ، ئاستا يېتىلەپ ماڭىمەن . يەكشەنبە بازارغا ئاپىرىپ ئۆزۈم نەق پۇل قىلىمەن . تۆت - بەش مىڭغا ئالمىسىمۇ ، ئىككى - ئۈچ مىڭغا ئالار . مۇشۇ كۈندە ئىككى - ئۈچ مىڭ دېگەنمۇ ئاز پۇلمۇ !

جېلىل «پاچاق»نىڭ بۇ گېپى ئويلىمىغان يەردىن چىقىپ قالدى . نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم - دە :

— ھوي ، ئۇنداق قىلساق چېنىپ قالارمىكىن ؟ — دېدىم .

— نېمىسى چانىدۇ ؟ ! — دېدى جېلىل «پاچاق» كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ، — ئىت دېگەن كوچىدا مېنىپ يۈرىدىغان ئات ئەمەس - دە ئىگىسى تونۇۋالىدۇ دەيدىغانغا . ئىتنى ئالغان ئادەم ھويلىسىغا ئەكىرىپ باغلاپ باقىدۇ . بەختىياروپ بۇ شەھەردىكى جىمى ئادەمنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ - چىقىپ يۈرەمتى ؟ قانچىگە ساتسام ، يېرىم پۇلنى ئالدىڭىزغا نەقلا قويىمەن .

ھەي… ي … پۇل دېگەن يامان نېمە ـ دە ! جېلىل «پاچاق» نىڭ گېپىنى ئاڭلاپ مەنمۇ بوشىشىپ كەتتىم . ئەگەر ئىككى مىڭ سومغا سېتىلسا ، مىڭ سوم ، ئۈچ مىڭغا سېتىلسا ، بىر يېرىم مىڭ سوم ، بازىرى چىقىپ تۆت مىڭغا سېتىلىپ قالسا ، نەق ئىككى مىڭ سوم مېنىڭ بولىدۇ ، دېگەن پىكىر كاللامدىن چاقناپ ئۆتتى .

— ئۇكا ، گېپىڭغۇ ئورۇنلۇقتەك تۇرىدۇ … — دېدىم مەن ، — بىر ئوبدان ئىتنى ئۆلتۈرۈۋەتسەك ، ئۇۋالىغىمۇ قالىمىز دېگىنە . بىراق بەختىياروپ ناھايىتىمۇ زىل ئادەم ، كېيىنكى كۆڭلۈكتە ئىتنى ئاتماي ، سېتىپ پۇلنى بۆلۈشۈۋالغانلىقىمىزنى ئۇقۇپ قالسا ، تۈگىمەسلا گەپكە قالىمىز . ساتساڭمۇ ئىتنى يىراقراق بىر يەرلەرگە ئەكېتىدىغان ئادەملەرگە ساتارسەن .

— بولدى ، ئۇ تەرەپلەردىن خاتىرجەم بولىڭە ، ئاكا ، — دەپ گەپنى ئۈزدى جېلىل .

× ×

كەچكە يېقىن بەختىياروپنىڭ ئۆيىـــگە قاراپ ماڭدۇق ، بەختىياروپ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا ساقلاپ تۇرغانىكەن .

— ھۇششەرە ، قەدىمىڭلارغا مۇبارەك ، — دېدى ئۇ بىز بىلەن قىزغىن سالاملىشىپ .

— بۇ ئىتىمىزنى تونۇيدىغانسىز ؟ — دېدىم جېلىل «پاچاق» نى كۆرسىتىپ .

— نېمىشقا تونۇمايدىكەنمەن ، — دېدى بەختىياروپ ، — مەھەللىمىزنىڭ يىگىتى تۇرسا ، قېنى ئۆيگە ، ئۆيگە مەرھەمەت قىلىڭلار !

دەرۋازىدىن كىرىشىمىز بىلەن، ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا زەنجىرلەپ باغلاپ قويۇلغان «بارىس»نىڭ قەھرى بىلەن ھاۋشىغان ئاۋازى ھويلىنى بىر ئالدى.

— ياپىرەي، — دېدى جېلىل «پاچاق»، — راست ئەجەب يامان ئىتكىنا بۇ، ھېلىمۇ ياخشى باغلاپ قويۇپتىكەنسىز...

— سىزنىڭ كېلىدىغانلىقىڭىزنى بىلىپ، پاچاقتىنلا ئالمىسۇن دېدىم - دە، ئۇكا! — دەپ كۈلدى بەختىيار.

جېلىلنىڭ «پاچاق» لەقىمىگە كەلتۈرۈپ قىلىنغان بۇ ئەپچىل چاقچاقنى ئاڭلاپ مەنمۇ كۈلۈپ كەتتىم. بەختىيارنىڭ بۇنداق ئەپلىك چاقچاق قىلالايدۇ، دەپ ئويلىمىغانىكەنمەن.

بەختىيارنىڭ چىرايلىق سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ھويلىسىدىن ئۆتۈپ، زەنجىرنى ئۈزۈۋەتكۈدەك ئەلپازدا بىزگە قاراپ يۇلقۇنۇپ قاۋاۋاتقان «بارىس»قا قاراپ - قاراپ قويۇپ ئۆيگە كىرىۋالدۇق. بەختىيار بىلەن شۇنچە يىل سالام - ساھەت قىلىشىپ يۈرۈپمۇ بىر پۈرسىتى بولمىغاچقا، ئۆيگە كىرىپ باقمىغانىكەنمەن. ئۆي ئىچىنى كۆرۈپ ھەيرانلا قالدىم. بۇرۇنقى ھاللىق ئادەملەر سالدۇرغان ئاستى - ئۈستى تاختايلىق ئۆيلەردىن بولۇپ، ئەينەكلىك ئىشكاپ، تامدىكى ئويۇقلارنىڭ ھەممىسى قەدىمىي پىغلار، چىنە - قاچا، گۈللۈك تاۋاق، چوڭ - كىچىك تەخسىلەر بىلەن تولغانىدى. يۇختا ياغاچلاردا ياسىلىپ، چىلان رەڭ سىرلانغان ئۈستەل - ئورۇندۇقلاردا ئۆز ۋاقتىدىكى ھۈنەرۋەنلەرنىڭ نازۇك ھۈنەرلىرى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئىشكاپ، ئويۇقلارنىڭ گىرۋەكلىرىگە چېكىلگەن گۈللەر، تام - تورۇسلاردىكى قاپارتما نەقىشلەر ئۆزىنىڭ نەپىسلىكى بىلەن كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. قايسىبىر زامانلاردا رۇس يېرىدىن

كىرگەن گۈللۈك پەتنۇس ، چوڭ ـ كىچىك ساماۋارلار تېخى سىرلىرى خىرەلەشمەي يالتىراپ تۇراتتى . بۇ كونا زاماننىڭ جابدۇقلىرى بەختىياروپتەك مۇشۇنداق سەرەمجان ئادەمنىڭ قولىدا بولغاچقىلا ، هازىرغىچە ئىسكەتىنى يوقاتماي كەلگەندى . هەممە نەرسە پاكىزلىقى ، ئېسىللىقى ، قەدىمىيلىكى بىلەن كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇراتتى . بەختىياروپ يەنە تاراقلاپ ، سۇرۇلۇپ پولنىڭ سىرىنى چۇشۇرۇۋەتمىسۇن ، دەپ ياغاچ ئورۇندۇقلارنىڭ پۇتلىرىغا يۇمشاق رېزىنكە پارچىلىرىنى قېقىپ قويۇشنىمۇ ئۇنتۇمىغانىدى . پەردىلەر يېرىم چۇشۇرۇلگەن دېرىزىلەردىكى گۈل تەشتەكلىرى غالتەكلىك يىپ ئىشلىتىدىغان يىللاردىن قالغان يىپ غالتەكلىرى بىلەن ئېگىز كۆتۈرۈپ قويۇلغانىدى .

— قېنى ، قېنى ، ئاياغ كىيىملەرنى مانا بۇ يەرگە ، چاپان-چاربلارنى ماۋۇ جازىغا ئاسايلى… هە ، خوش ، باش كىيىملەرنىمۇ ئېلىۋېتىڭلار ، هە ، مانا بۇ يەرگە ، — دەپ بەختىياروپ بىزنى يېشىندۇرۇپ ، هەممە نەرسىنى جاي ـ جايىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ، داستىخانغا باشلىدى .

— قېنى ، ئۇكام ، سىز ماۋۇ ئورۇندۇققا كېلىڭ !— دېدى ئۇ نەدە ئولتۇرۇشنى بىلمەي ئالدى ـ كەينىگە مېڭىپ پىرقىراپ قالغان جېلىل «پاچاق»قا قاراپ ، — سىز دوختۇر ئەپەندىم ، چوڭ بولغاندىكىن يۇقىرىراق ئولتۇرۇڭ… ياق ، سىز دېگەن مېهمان ئەمەسمۇ ، مانا مەن مەيەردە ئولتۇرىمەن .

بەختىياروپ ئاشخانا بىلەن مېهمانخانا ئوتتۇرىسىدا دىكىلداپ مېڭىپ يۈرۈپ ، داستىخانغا هەر خىل يېمەكلىكلەرنى ئەكېلىپ تىزغىلى تۇردى . ئاۋۋال ئوتتۇرىغا يوغان چىنە تاۋاقتا بىر چىنە هورى چىقىپ تۇرغان قورداقنى قويدى . تاۋاقنىڭ ئەتراپىغا

چوڭ كىچىك تەخسىلەردىكى ھەر خىل سوغۇق، پىشىشىق سەيلەرنى رەت - رېتى بىلەن تىزدى.

— بولدى، بولدى، بەختىيار وپكا، بەك ئاۋارە بولۇپ كەتتىڭىز، ئايال ئۆيدە يوقمۇ، قانداق؟ — دېيىشتۇق بىز.

— بار، بار، — دېدى بەختىياروپ نان ئۇشتۇپ، چىنىلەرگە چاي قۇيۇپ تۇرۇپ، — ئەمدى بۇ ئۆيگە تېخى يېڭىياچى ئەمەسمۇ، ئالدىڭلارغا كىرىشتىن خىجىل بولۇۋاتىدۇ. قېنى خوش، تاماق ئالايلى!

— بەختىياروپكا، مۇنچىۋالا سەينى قورۇۋەتكىنىڭىزگە قارىغاندا، ئانچە - مۇنچە ئىچىپمۇ قويامدۇق، قانداق؟ — دېدى جېلىل «پاچاق».

— ئىچمەمدىغان، ئۇكا، — دېدى بەختىياروپ، — بولمىسا تۇننى قانداق يېرىم قىلىمىز؟ ئاۋۋال ئازراق تاماق يەپ قورساقنى ئەستەرلىۋالايلى!

بەختىياروپ بىر ئىشكاپنىڭ ئاللىقانداق يەرلىرىنى تاراقشىتىپ ئېچىپ، بوتۇلكىلارنى چىقارغىلى تۇردى.

— مانا ماۋۇ سىلەرگە ئاتاپ ئەكەلگەن «ئىلى ئالمى ھارىقى»، ماۋۇ «ئىلى داچۇ»، ماۋۇ قايسىبىر يىلى سوۋېتتىن كەلگەن مېھمان سوۋغات قىلغان ۋوتكا… ماۋۇسى ئالدىنقى كۈنى بىزنىڭ يېڭى ئايالنىڭ دوستلىرى كەلگەندە قويۇپ بەرگەن «قىزىلگۈل ھارىقى»… قېنى، ئۇكام، ياش بولغاندىكىن، ھاراقنى سىز قويۇپ بېرىڭ!… مېنى ئۆزۈڭلار بىلىسىلەر، مۇشۇنداق مۆرىتى كەلگەندە ئېغىز تېگىپ قويىمىسام، ئادەتتە بۇ نېمىنى ئانچە ئىچىپمۇ كەتمەيمەن. بوپتۇ، قاتاردا مەنمۇ بىر - ئىككى رومكا ئىچىپ قوياي، قېنى ئازادە ئولتۇرۇڭلار.

شۇنداق قىلىپ، جىلىل «پاچاق»نىڭ ئالدىغا ئېگىز پۇتلۇق بىر رومكا بىلەن بىرقانچە بوتۇلكا تىكلەندى. تاماق يېگەچ بىر-ئىككى رومكىدىن ئىچتۇق. ھويلىدا باغلاقلىق تۇرغان «بارىس» يات ئادەملەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ توختىماي ھاۋشۇاتاتتى. ئىتنىڭ قاۋىغىنى قۇلىقىمىزغا ئاڭلىنىپ تۇرغاچقىمۇ، گېپىمىزمۇ ئىت ئۈستىدىلا بولغىلى تۇردى. بايا بىزنىڭ ئۆيدە بەختىياروپنىڭ ئىتىنى ماختاپ ھالى قالمىغان جىلىل «پاچاق» ئازراق ئىچىۋېلىپلا «بارىس»نى يامانلىغىلى تۇردى:

— كاساپەت، خۇي - پەيلى تازىمۇ يامان ئىتكەن بۇ! — دېدى جىلىل «پاچاق»، — مانا مەن ئىت بازىرى بىلەن ئارىلىشىپ يۈرگەنگە، مۇنداق يامان ئىتنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. خۇدايىم ساقلىسۇن، قىش كىلىپ، سوغۇق چۈشسە، مۇنداق يامان ئىتلار بىر باشتىن غالجىر بولغىلى تۇرىدۇ. مۇنداق يامان ئىتنى ئېتىپلىۋېتىپ كۆزدىن يوقاتقان تۈزۈك...

«توۋا! — دېدىم ئىچىمدە، — ماۋۇ «‹پاچاق› ھېلى بىزنىڭ ئۆيدە پىششىق تاماق يېگەن ئىت غالجىر بولمايدۇ، دەۋاتاتتى، ئەمدى دەپ ئۇلتۇرغان گېپىنى».

— شۇنىڭدىن ئەنسىرەپ، مانا سىلەرنى ئاۋارە قىلىپ ئولتۇرۇشۇمغۇ، — دېدى بەختىياروپ. ئۇ بىر رومكا ھاراق ئىچىپلا شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەندى، — قېنى سەيلەردىن ئېلىڭلار، ياق، ئۇكا، ماڭا ئارىلاپ بىرەر رومكا قۇيسىڭىزلا بولىدۇ. سىلەر بىلەن تەڭ ئىچەلمەيمەن.

— بوپتۇ، سىزنىڭ ئۆچىرىتىڭىزنى مەن ئىچىۋېتەي، — بىر رومكا ھاۋاقنى «گۇپپىدە» قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى

جبلىل «پاچاق» ، — هازىر پۇل تاپقان غوجاملار ئۆيمۇئۆي ئىت باقىدىغان بولۇۋالدى . ھۆكۈمەتنىڭمۇ كارى يوقمىكىن ، خۇداغا ئامانەت ! ئەگەر غالجىر كېسىلى تارقىلىپ كېتىدىغان بولسا… سىلەر ئىت بازىرىغا بېرىپ باقمىدىڭلارغۇ دەيمەن ؟

— توۋا ، ھازىر ئىتلار ئۈچۈنمۇ مەخسۇس بىر بازار ئېچىلدىما ؟ — دېدى بەختىياروپ ھەيران بولۇپ .

— بولمىسا ، سىزنىڭ بۇ ئىتىڭىز نەدىن كېلىپ قالغان ؟

— ھە ، «بارىس»نى دەمسىز ؟ ئۇنى ماڭا ساقچىخانىدا ئىشلەيدىغان بىر بۇرادىرىم ئەكېلىپ بەرگەن .

— مانا ، ئىت بازىرىغا بارساڭلار قىزىقچىلىق دېگەننى شۇ يەردە كۆرىسىلەر . ئىت باھاسىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئۆرلەپ كېتىۋاتقىنىغا قاراپ : «توۋا ، جاھان نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ» دەپ قالىسىلەر . ھەر چوڭ بايلار ، پۇزۇر كىيىنگەن بايۋەچچىلەر ، كالپۇكىنى ئالۇچىدەك بويىۋالغان خېنىملار پۇل دېگەننى شاراقشىتىپ ساناپ ، سېتىۋالغان ئىتلىرىنى پارقىراپ تۇرغان قوڭغۇز پىكاپلىرىغا سېلىپ غۇيۇلداپ ماڭسا ، بىر سوم تۆلەپ خادىك ھارۋىغىمۇ چۈشەلمەيدىغان بىچارىلەر ھاڭۋېقىپ قاراپلا قېلىشىدۇ . شۇنىڭغا قاراپ ، مۇشۇ كۈندە ئىتقا قارىغاندا ، ئادەمنىڭ ھېچ ئېتىبارى قالمايۋاتامدۇ ، قانداق ، دەپ قالىمەن… راست - دە ، ئىت بولساڭ مۇشۇ كۈندە كوچىدا تەمتىرەپ يۈرىدىغانمۇ ئىش يوق ، ئىسسىق بىر ئۆيگە بارىسەن ، خوجايىنىڭ ئالدىڭغا قويۇپ بەرگەن سۈتنى ئىچىپ ، سۆڭەكنى غاجىلاپ لاغايلاپ يۈرىسەن . يات بىرەرى كىرىپ قالسا ، ئانچە - مۇنچە قاۋاپ قويساڭ ، باققان ئادىمىڭنى كۆرگەندە قۇيرۇقۇڭنى شىپپاڭشىتىپ ئەركىلەپ تۇرساڭ بولغىنى . نېمىدېگەن ئوبدان

ئىش... مانا مەن ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپتىمەن ، نەچچە يىل قاتراپ يۈرۈپ ، جان باققۇدەك تۇزۇك بىر ئىشنى تاپالماي ، ئاخىر پاچاقچىلىققا تۇردۇم . تاڭ يورۇماستىنلا كۆزۈمنى يىرتىپ ئېچىپ قۇشخانىغا يۈگۈرىمەن . تاغاردا يۈدۈپ كەلگەن پاچاقنى ئۇكلەۋاتقان ، تازىلاۋاتقان ، تۇگىمەسلا بىر مۇشەققەت . ئاخىردا ئاشقان ـ تاشقان ئۇستىخانلارنى يىغىپ كېلىپ يەنە ئىت باقىمەن... هاراقنىڭ ئۆچىرتى يەنە سىزگە كېلىپ قالدى ، بەختىياروپكا .

— مېنى سەل ئاياڭلار ، ئۇكا... بوپتۇ ، ئەكېلىڭە ، قولىڭىزنى قايتۇرماي ئىچىۋېتەي .

بەختىياروپ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ هاراقنى يۇتۇپ ، بىر چوكا سەي ئالدى ـ دە :

— ئۇكا ، بىزنىڭ مۇشۇ «بارىس»نى سىز دېگەن بازارغا ئاپارسا ، قانچىگە ئالار ؟ — دەپ سورىدى .

«هىم ، توختىماي ۋالاقلاۋېرىپ يوق ئىشنى بەختىياروپنىڭ ئېسىگە سالدىڭ ـ دە ، ‹پاچاق ›— ئويلىدىم ئىچىمدە ، — ئەمدى ئىتنى سېتىپ ، پۇلىنى بۆلۈشىدىغان ئىشمۇ سۆغا چىلىشىدىغان بولدى .»

— هويلىڭىزدىكى ماۋۇ ئىتنى دەمسىز ؟ — دېدى جېلىل پاچاق ، — مۇنداق ئىتنى هازىر پۇلغا ئالامدۇ ، ئاكا .

— نېمىشقا ؟ !

— مۇنداق ئاپشاركا باقىدىغان ئىش هازىر مودىدىن قالدى .

— هازىر قانداق ئىت باقىدىكەن ؟

— هازىر ئىت دېگەننىڭ كۆرۈنۈشى قانچە غەلىتە بولسا ، شۇنچە پۇل بولۇۋاتىدۇ... مانا مەن ئۆچىرتىمنى ئىچىۋەتتىم ـ

ھە ! ... بازارغا بىر بېرىپ كۆرۈڭلار ، دېگىنىم شۇغۇ . تۆكى يەردە سۆرىلىپ يۈرىدىغان يۆگىلۈق ئىتلار ، يىلاندەك سىلىق تايغانلار ، ئالا - چىپار بىرنېمىلەر ، چەتنىڭ بۇرنىنى ئۇرۇپ ماكچايتىۋەتكەندەك غەلىتە ئىتلىرى ، يەر بىلەن تەڭ ئۆمىلەپ يۈرىدىغان خور - خور ، پىستە كۇچۇكلەر... مانا ، بارساڭلار ئاجايىپ - غارايىپنىڭ ھەممىسىنى شۇ يەردە كۆرىسىلەر . ئاپشاركا دېگىنىڭىز ھازىر ئىتقا ھېسابمۇ ! ؟...

— ياق ، ئۇكا ، سىز ئىت تونۇمايدىكەنسىز ، — دەپ سەل رەنجىگەندەك بولدى بەختىياروپ ، — بايا دېدىمغۇ ، بىزنىڭ «بارىس» دېگەن ساقچى ئىتلىرىنىڭ نەسلىدىن .

— ياق ، ياق ، ئاكا ، مانا مېنىڭ ئىت بازىرىغا ئارىلىشىۋاتقىنىمغا ئىككى يىلچە بولدىغۇ . بۇ ئىتىڭىزنى بازارغا ئاپىرىپ ساتماقچى بولسىڭىز ، خېرىدار قاراپمۇ قويمايدۇ . خەق دېگەن ئىتىڭىزنى سېتىۋېلىپ ئۆيىگە ئاپىرىپ دېلو ئېنىقلىمايدۇ-دە !

— پاچىقى ئۇزۇن ئىتلارنىڭ بازىرى يوق دېگىنە ؟ — دېدىم مەن جېلىل «پاچاق» بىلەن بەختىياروپنىڭ تالاش - تارتىشىنى چاقچاققا ئايلاندۇرماقچى بولۇپ . لېكىن جېلىل «پاچاق» «ياق ، ياق» دەپ ئۆزىنىڭلا گېپىنى راست قىلغىلى تۇردى :

— ياق ، ياق ، ئاكا ، پاچاققا قاراپ ئىت ئالىدىغان زامانلار ئۆتۈپ كەتتى . بازاردا پۇل بولۇۋاتقان بەزى ئىتلارنىڭ جۇغىنىڭ كىچىكلىكىگە قاراپ ، ئىت بىلەن مۇشۇكنىڭ ئارىلاشمىسىدىن بولغان بىرنېمىمۇ بۇ نېمە ؟ دەپ قالىمەن . كۆزۈم بىلەنغۇ كۆرمىدىم ، ئاڭلىسام ، ھازىر چەت ئەللەردە ئادەمنىڭ

بارمىقچىلىك كېلىدىغان كىچىك ئىتلار بارمىش . پۇلى بار غوجاملار ئۇنى پۇل سالغان يانچۇقىغا باغلاپ قويغۇدەك…
بەختىيارووپكامنىڭ ماۋۇ ئىتنى ئەمدى سويۇپ تېرىسىنى ساتسا ئون — يىگىرمە سومغا ئالامدىكىن…
— ھېلىقى بارماقچىلىك ئىتىڭىزنى سويۇپ ساتسا ، تېرىسىنى بىر تىيىنگىمۇ ئالماس !
— ئۇ بارماقچىلىك ئىت نېمە يەيدىكەن ؟ — دەپ سورىدىم مەن .
— ھەرقاچان نان چايناپ بېرەمدىكىن ! — دېدى بەختىياروپ .
— ياق ، ياق ، — دېدى جېلىل «پاچاق» ، — ئۇنداق ئىتلارنىڭ يەيدىغان نېمىلىرىنى ساتىدىغان ئالاھىدە ماگىزىنلار بارمىش… يەنە نەدە دەيدۇ ، بىر يەردە بىر ئارال بار ئىكەن ، ھېلىقى ئارالنىڭ ئىتلىرى ئاتتەك يوغان بولارمىش ، ئۇ يەرنىڭ ئادەملىرى بۇ ئىتلارنى ئېگەرلەپ مىنىپ ، بىكار تۇرماي ئوغلاق تارتقۇدەك… ئو - ئو - ئوغلاق تا - تا - تارتقۇدەك…
جېلىل «پاچاق» كېكەچلىگىلى تۇردى . نېمە بولدىكىن ، دەپ بېشىمنى كۆتۈرۈپ قاراپ ، مەنمۇ تۇرۇپلا قالدىم . ئۆينىڭ بوسۇغىسىدا پەرىدەك چىرايلىق بىر چوكان كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى .
— ئەسسالام ، ياخشىمۇسىلەر ؟
— ھوي ، سىز تېخى ئۇخلىمىدىڭىزما ؟ ! — دەپ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى بەختىياروپ ، — سىلەرگە تونۇشتۇرۇپ قوياي ، بۇ مېنىڭ يېڭى ئايالىم بولىدۇ . ئىسمى… ئىسمى … —
بەختىياروپ ئايالىنىڭ ئىسمىنى ئېسىگە ئالالمىدى ، —

ئىسمى... ھە ، بۇ ئىنىلىرىمنى سىزگە تونۇشتۇرۇپ قويااي . ماۋۇ دوختۇر ئىنىمىز روھىي كېسەللىكلەر ساناتورىيەسىدە ئىشلەيدۇ ، مېڭىسىنىڭ دەردى بار ھەرقانداق ئادەمنى بىردەمدىلا ساقايتىدۇ . ماۋۇ ئىنىمىزنىڭ ئىسمى جېلىل ، پاچاق ئېلىپ ، پاچاق ساتىدۇ...

— ۋىيەي ، نېمە دەيدىغانسىز ! ؟

— چۆچۈپ كەتتىڭىزغۇ ؟ — دېدى بەختىياروپ ، — ئادەمنىڭ پاچىقىنى ساتامدىكىن ، دەپ قالدىڭىزمۇ قانداق ؟ قوينىڭ پاچىقىنى پىشۇرۇپ ساتىدۇ ، قوينىڭ .

— مۇنداق دەڭە ، — دەپ كۈلۈپ كەتتى بەختىياروپنىڭ ئايالى ، — يەنە سۆيۈق - سەلەڭ ، بىرنېمە قىلىپ بېرەيمۇ قانداق ؟

— ياق ، تاماق يېتەرلىك بولدى ، ئاۋارە بولماڭ ! — دېيىشتۇق .

— كۆڭلۈڭلار بىرنېمە تارتقۇدەك بولسا ، تارتىنماڭلار ،— دېدى بەختىياروپ ، — بىردەمدىلا تەييار قىلىدۇ .

— رەھمەت ، بۇ سىڭلىمىز ئارام ئالسۇن ! — دېدىم .

بەختىياروپنىڭ ئايالى :

— ئەمىسە ، چېيىڭلارنى بىر يەڭگۈشلىۋېتەي ! — دېدى - دە ، يوتىسىنى تىزىمىزغا سۈركەپ تۇرۇپ بىر پىيالىدىن چاي قۇيۇپ چىقىپ كەتتى .

— پاھ ، بەختىياروپكا ، — دېدى جېلىل «پاچاق» ،— ئىتتىن تەلىيىڭىز بولمىغىنى بىلەن ، خوتۇندىن تەلىيىڭىز بار ئىكەن جۇمۇ !

— رەھمەت ! — دېدى بەختىياروپ ، — كۆڭلىڭىزگە

كەلمىسۇن ، ئۇكا ، سىزنىڭ مۇشۇ «بارىس» توغرىسىدىكى گەپلىرىڭىز تازا ئادىل بولمىدى جۇمۇ . «بارىس»مۇ ئۇنداق - مۇنداق ئىتلاردىن ئەمەس . «بارىس»نى ئۆلتۈرۈۋېتەيلى ، دېگىنىمنىڭ سەۋەبىنى ئېيتسام ، ھەي… ي ، دەپ كەلسەم گەپ تولا… تۇۋا دەيمەن ، ئىشەنسەڭلار ، مۇشۇ «بارىس»نىڭ چىرايى بارغانسېرى رەھمەتلىك ئاكامغىلا ئوخشاپ قالغىلى تۇردى…

بۇ گەپنى ئاڭلاپ جىلىل «پاچاق» ئىككىمىز نېمە دەيدىغاندۇ ؟ دەپ بەختىياروپنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدۇق .

— دادام رەھمەتلىك سودىگەرچىلىك قىلىپ يۈرۈپ ئانچە - مۇنچە پۇل تاپقان ئادەمكەن ، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى بەختىياروپ ، — لېكىن بىز دادىمىزدىن بەك كىچىك ئايرىلىپ قالغان . دادام ھەج قىلىپ كېلەي ، دەپ بىر كەتكەنچە قايتىپ كېلەلمىگەنىكەن . ئانام بىچارە دادامنى مانا كېلەر ، ئەنە كېلەر ، دەپ كۈتۈپ بىر ئۆمۈر تۇل ئۆتكەن . ھازىر ئويلىسام ، ئانام خېلى پۇختا ئايالكەن ، ئۆي - بىساتنى بۇزۇپ - چاچماي ، قولىدا بارىنى تېجەپ خىراجەت قىلىپ ، بىزنى قاتارغا قاتتى . ئاكامنى ئۆي - ئوچاقلىق قىلىپ ، ئۆيىنى ئايرىپ قويدى . مېنى ئوقۇتتى ، ياخشى يېگۈزۈپ ، ياخشى كىيدۈرۈپ تەربىيە قىلدى . شۇنىڭ شاراپىتى بىلەن ، مانا ئۆزۈڭلار بىلىسىلەر ، ھۆكۈمەتنىڭ كادىرى بولۇپ ئىشلىدىم ، ئانامنىڭ ئۆلۈمىنى ئۆز قولۇمدا ئۇزاتتىم . لېكىن ، شۇ ئاكامزە ، بىر ئۆمۈر ئىشى ئىلگىرى باسماي كەمبەغەلچىلىكتىلا ئۆتۈپ كەتتى . ئاكام رەھمەتلىك خوتۇنۇم رىزۋانگۈلگە شۇنداق ئۆچ ئىدى . ئۇ خوتۇنمۇ ئاكام كەلگۈدەك بولسا چىرايىنى ئاچماي ، بىر چىنە چايمۇ قويمايتتى . كېيىن ئاكا - ئۇكا ئىككىمىزمۇ بىر - بىرىمىزنى كۆرسەك ئىت -

مۇشۇكتەك ھۆرپىيىشــــدىغان بولۇپ كەتتۇق . جاھان دېگەن شۇنداقكەن ، بولمىسا بىر قورساقتا يېتىپ ، بىر ئەمچەكنى تەڭ ئەمگەن قېرىنداشلار . نېمە گەپ دېسەڭلار ئاكام قورسىقىدا : «ئانامدىن قالغان ھەممە دۇنيانى ئەر ـ خوتۇن ئىككىمىز بېسىپ يېتىپ ، ئۆزۈڭنىڭلا قىلىۋېلىشتىڭ» دېمەكچى . مەن : «ئانام سېنى ئۆز ۋاقتىدا ئۆي ـ ئوچاقلىق قىلىپ چىقىرىۋەتكەن ، ھەققىڭ تۈگــگەن» دەيمەن . شۇ دەتالاش . مانا كۆردۈڭلار ، ئانامدىن قالغان قىل چاغلىق نەرسىنى تەۋرەتكىنىــــــم يوق ، ھەممىنى تەۋەررۈك ، دەپ ساقلاپ ، ئۆينىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەي كېلىۋاتىمەن . لېكىنزە ، شۇ كەمبەغەلنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ چاقىرىپ ياخشى گەپ قىلىپ : «كەل ، ماۋۇ بىر چىنە چاينى بولسىمۇ تەڭ ئىچەيلى» دېمەيتىمەن . شۇڭا بىچارە ئاكام : «ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنى بىر كۈنــى بولمــــسا بىــــر كۈنـــى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن» دەپ يۈرۈپلا ئۆزى ئۆلۈپ كەتتى ، يەنە ئۇرۇق ـ تۇغقان دېگەن تۇرۇپلا ئادەمنىڭ ئىسىگە كېلىپ قالىدىكەن . بىر ـ ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا بىر چۈش كۆرۈپتىمەن . چۈشۈمدە ئاكام قاپىقىنى تۈرۈپ دېۋەيلىگىنىچە ئالدىمدا تۇرغۇدەك ، بىر تۈرۈپ ئاكام ئەمەسكەن ، «بارىس»كەن دېگۈدەكمەن ، «بارىس» چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ ، خىرىس قىلىپ تۇرغۇدەك . چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم . تاڭ ئېتىپ كېتىپتۇ . ماۋۇ يېڭى ئايالىم تالاغا چىقالماي ئىشىكنىــــڭ ئالدىدا تۇرۇپتۇ . ئورنۇمدىن تۇرۇپ قارىسام ، «بارىس» بوسۇغىدىلا خۇددى چۈشۈمدە كۆرگىنىمدەك خىرىس قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ . زەن سالسام ، «بارىس»نىڭ چىرايى رەھمەتلىك ئاكامنىڭ چىرايىغا شۇنداق ئوخشاپ قاپتۇكـــى ، بەدەنلىرىم تىكەنلىشىپ كەتتى...

جېلىل «پاچاق»نىڭ سەل ئىچى پۇشتىمۇ :
— كۆزىڭىزگە شۇنداق كۆرۈنگەندۇ ، بەختىياروپكا ، — دەپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى ، — ئۆلگەن ئادەمنىڭ روھى ئانچە-مۇنچە دۇئا تەلەپ قىلىپ قالىدۇ ، دېگەن گەپ بار . ئاكىڭىزنىڭ تولا چۈشىڭىزگە كىرىشى شۇنىڭدىنمىكىن . تىرىكىدە ھالىدىن خەۋەر ئالالمىغان بولسىڭىز ، ھېلىھەم بولسىمۇ ئانچە - مۇنچە ياغ پۇرىتىپ ، سەدىقە - پەدىقە بېرىپ ، ئاكىڭىز ئۈچۈن دۇئا قىلدۇرۇپ قويۇڭ ، روھى بولسىمۇ خوش بولۇپ قالىدۇ… ھاراق كىمگە كەلگەنتا ؟
— ۋاقتىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى ، — دېدىم مەن ، — ھاراقنى ئىچىۋېرىپ ئىتنى ئاتىمىز ، دەپ باشقا بىرنېمىنى ئېيتىپ قويمايلى ، قوپۇپ ئىشىمىزنى پۈتتۈرمەيلىمۇ .
— شۇنداق قىلامدۇق ؟ — دېدى بەختىياروپ ، — ئەمىسە سىلەر بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار ، مەن ئىتنى ئارقىغا ئاچىقىپ باغلاپ قويۇپ كىرەي .
— زەنجىرنى قىسقىراق قىلىپ باغلاڭ - ھە ! — دېيىشتۇق .
— بۇ غەلىتە بىر ئادەمكىنا ! — دېدى جېلىل «پاچاق» بەختىياروپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، — ئىتىڭىزنىڭ چىرايى ئاكاڭغا ئوخشاپ قېلىۋاتقان بولسا ، ئاكاڭغا تىرىك ۋاقتىدا قىلالمىغان ياخشىلىقنى شۇ ئىتقا قىلىپ ، ئوبدان بېقىپ ساۋابىنى ئالامسەن ، خوتۇنۇمغا خىرىس قىلدى ، دەپمۇ ئۇنى ئاتماقچى بولغان بارمۇ !؟… يېقىندىن بېرى مۇشۇنداق جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان قېرىلارغا تېگىشىپلىپ ، ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن مىراس قالغان مال - دۇنيانى بۇزۇپ - چېچىپ ،

ئويۇننى ئوينايدىغان خېنىملار كۆپىيىپ قالدى . قاراپ تۇرۇڭ ، ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ بەختىياروپنىڭ كۆزى يۇمۇلسۇنا ، ئۇنىڭ ئاكىسىدىن قىزغىنىپ يىغقان دۇنيالىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ توپىسىنى مۇشۇ خوتۇن سورۇمىسا··· ئىتنى راستىنلا ئېتىپ قويماڭ ـ ھە ، بەختىياروپنىڭ ئاكىسىنى ئاتقاندەك بولۇپ قالىسىز···

«نېمە دەيدىغاندۇ ماۋۇ ‹پاچاق ›» دەپ ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدىم . بىرھازادىن كېيىن بەختىياروپ كىرىپ كەلدى .

— ئەمدى يۇرۇڭلار ! — دەپ بىزنى باشلاپ كوچىغا ئاچىقتى ئۇ .

تالادا كۆز كۈنلىرىنىڭ سالقىن ئايدىڭ كېچىسى ھۆكۈم سۈرۈۋېتىپتۇ . مۇزدەك ھاۋانى قېنىپ ئىچىمگە سۈمۈردۈم . ئۇچۇقچىلىقلار ، تۇتاش كەتكەن ئۈگزىلەر ئاي نۇرىدا يورۇپ تۇرۇپتۇ . ئالدىمىزدا ئېگىز سۇۋادان تېرەكلەرنىڭ سايىسى بىلەن قاراڭغۇلىشىپ تۇرغان كوچا سوزۇلۇپ ياتاتتى . كېچىنىڭ جىمجىتلىقىدا ئېرىقتىكى سۇلارنىڭ شىلدىرلاشلىرىمۇ ئېنىق ئاڭلىناتتى . تۈننىڭ بۇ مۇقەددەس جىمجىتلىقىنى «بارس»نىڭ ھاۋشىغان ئاۋازىلا بۇزۇپ تۇراتتى .

— ئاۋۇ تەرەپكە مېڭىپ ئېتىزلىققا چىقساڭلار . «بارس»نى ئېرىق بويىدىكى سۆگەتكە باغلاپ قويدۇم . ئەنە ، ئاۋازىنىمۇ ئاڭلاۋاتقانسىلەر ؟··· تووۋا ، تۇرۇپلا كۆڭلۈم بۇزۇلۇۋاتىدۇ !··· ئەمىسە ، خوشلاشقىنىم مۇشۇ بولسۇن . خۇداغا ئامانەت ، مەن كىرىپ كەتتىم ! — دەپ بەختىياروپ دەرۋازىنى «تاراققىدە» ئېتىپ كىرىپ كەتتى .

بىز نېمىلەرگىدۇر پۈتلىشىپ ، زىرائەتلىرى يىغىۋېلىنغان

ئېگىزلىققا چىقىپ قالدۇق . نېرىراقتا شاخلىرى ئەتراپقا يېيىلىپ ئۆسكەن بىر تۈپ سۆگەت ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى . سۆگەت تەرەپتىن «بارس»نىڭ قەھرى بىلەن هاۋشىغان ئاۋازى كېلەتتى . جېلىل «پاچاق» ئىتنىڭ قېشىغا يېتىپ بېرىشى بىلەنلا ، «پاڭ-پۇڭ» قىلىپ ئاسمانغا بىر - ئىككى پاي ئوق ئاتتىم - دە ، مەنمۇ كەتتىم .

× ×

ئەتىسى سەھەردە كىمدۇر بىرىنىڭ دەرۋازامنى ئەنسىز تاراقشىتىشىدىن ئويغىنىپ كەتتىم . چىقىپ قارىسام جېلىل «پاچاق» چىرايى بىر قىسمىلا .

— نېمە بولدى ! ؟ — دېدىم مەن

— ئاكا ، ئاخشام... ئاخشام... ئاخىرىدا نېمە ئىشلار بولۇپ كەتتى ، بىلدىڭىزمۇ ؟ — دېدى ئۇ .

— نېمە ئىش بولاتتى ، مەن ئاسمانغا قارىتىپ بىر - ئىككى پاي ئوق ئاتتىم . سەن ئىتنى يېشىۋېلىپ ماڭدىڭ . ھە ، مېنى مەست بولۇپ قالدى ، دېدىڭما ؟ ! — دېدىم .

— توغرا ، سىز «پاڭ - پۇڭ» قىلىپ ئوقىڭىزنى ئېتىۋېتىپ خاتىرجەم كەتتىڭىز . مەن ئىتنى ئۇبدان نوختىلاپ ، زۇۋانىنى ئۆچۈرۈپ ئېلىپ ماڭدىم . كېتىۋاتىمەن ، كېتىۋاتىمەن . بۇ ئېتىزلىقتىن مەھەللىگە كىرىپ كېتىدىغان كوچىنىڭ ئېغىزىنى ھېچ تاپالمايمەن . پۈتۈن بەدىنىمنى سوغۇق تەر بېسىپ كېتىۋاتىدۇ . «نېمە بولدۇم ، مەست بولۇپ قالدىممۇ نېمە ؟ !» دەيمەن . بىر چاغدا ، قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدىلا : «مېنى

نەگە ئاپىرىسەنۇي ! » دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى . چۆچۈپ ئارقامغا قارسام ، «نېمىنى كۆردۈڭ ؟ » دېمەمسىز ، يوغان بىر ئادەم...
— نېمە ؟
— يوغان بىر ئادەم كەينىمدىن ئەگىشىپ كېلىۋېتىپتۇ . قولۇمدىكى زەنجىرنىڭ بىر ئۇچى ئۇنىڭ بويىنىدا تۇرىدۇ . قورققىنىمدىن زەنجىرنى تاشلاپ بەدەر قاچتىم . كېچىچە ئۇخلىيالىغان بولسام ، ئېغىز - بۇرنۇمغا چىقىپ كەتكەن ماۋۇ ئۇچۇقلارنى قاراڭ !...
«ماۋۇ ‹پاچاق› مېنى ئەخمەق كۆرۈۋاتامدۇ ، قانداق ؟ — دەپ ئويلاپ قالدىم ئىچىمدە ، — ئىتنى سېتىپ يېرىم پۇلىنى بەرمەسلىكنىڭ قازىنىنى ئېسىپ تاپقان گېپىنى قارا ! »
— توۋا ، ئەجەب ئىش بوپتۇ - ھە ، ئۇكا ؟ ... — دېدىم- دە ، ئاچچىقىمدا دەرۋازىنى «گۇپپىدە» يېپىپ كىرىپ كەتتىم .
شۇ كۈنلەردىن باشلاپ بەختىياروپ كۆزۈمگە باشقىچە بىر ئادەم بولۇپ قالغاندەك كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى . بىر كۈنى ئۇنى كوچىدا ياقىسى كىرلىشىپ كەتكەن كۆڭلەكنىڭ ئۈستىگە يۇرلىشىپ كەتكەن گالىستۇك باغلىۋالغان ، ساقال - بۇرۇتلىرىنى ئالمىغان ھالەتتە ئۇچرىتىپ قالدىم .
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، بەختىياروپكا ، ئەھۋالىڭىز قانداقراق ؟ — دەپ كۆرۈشتۇم .
— ئەھۋال سورىغىنىڭىزغا رەھمەت ، ئۇكام ، ئەھۋالىمنى تازا ياخشى دەپ كەتكىلى بولمايدۇ ، — دېدى ئۇ .
— نېمە بولدى ؟
— مانا قاراڭ ، — دېدى بەختىياروپ ، — سىلەر كەتكەن كۈندىن باشلاپ ماڭا تۈزۈك ئۇيقۇ يوق . ھەر كۈنى يېرىم كېچىدە

بىرى كېلىپ دەرۋازىنى تاتىلاپ تىرنىشتقاندەك قىلـــدۇ . «ھەرقاچان شۇ ‹بارىس › بولسا كېرەك » دەپ چىقىپ دەرۋازىنى ئاچاي دەيمەن ، قورقۇنچ بېسىپ زادى ئورنۇمدىن تۇرالمايمەن . ئاخىر بىر كۈنى غەيرىتىمگە ئېلىپ قوپۇپ دەرۋازىنى ئاچتىم . قارىسام راستتىنلا «بارىس »كەن .

— نېمە دەيدىغانسىز ، بىز «بارىس »نى ئېتىۋەتمىگەنمىدۇق !

— مەنمۇ شۇنىڭغا ھەيران . قارىسام «بارىس » ئىككى پۇتىدا تىككىدە بولۇپ ئۆرە تۇرۇپتۇ...

بەختىياروپنىڭ ئېيتىشىچە ، «بارىس » ئۇنىڭغا قولىنـــى سۇنۇپ كۆرۈشۈپمۇ كېتىپتۇدەك . بۇ — ھېلىقى بىز ئىت ئاتقىلى چىققان كۈندىكىدەك ھەممە ئۇيقۇغا چۆمگەن خىـــلۋەت كېچە ئىكەن . ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ بويىنىغا قولىنى تاشلىشىپ جىمجىت كوچىدا خېلىغىچە مېڭىپتۇ . ئازراق چىراغ يورۇقى بار يەرگە كەلگەندە بەختىياروپ تازا زەن سېلىپ قارىسا ، يېنىدا «بارىس » ئەمەس ، ئاكىسى تۇرغۇدەك ، ئويغانسا چۈشىمىش...

— ھەي ، بەختىياروپكا ، ئۆزىڭىز ياخشى كۆرۈپ باققان ئىت ئەمەسمۇ ، سېغىنىپسىز ـ دە ! — دېدىم .

— شۇنداقمىكىن... ھە ، يەنە نېمە دېمەكچىدىم ، ئۇنتۇپ قالدىم... خەير ، سالامەت بولۇڭ ، ئۇكا ، — دەپ مېڭىپ كەتتى بەختىياروپ .

شۇ كۈنى جېلىل «پاچاق »نى كوچىدا كۆرۈپ ، ۋارقىراپ توختىتىۋالدىم . بىر چەتكە تارتىپ :

— جېلىل ئۇكا ، بەختىياروپنىڭ ئىتىـــنـــى ئۆيۈڭگە ئاپىرىۋېلىپ دېلو ئېنىقلاۋاتامسەن ، قانداق ؟ — دېدىم .

— بۇ ـ بۇ ـ بۇ ، نېمە دېگىنىڭىز ؟ — دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ .
— سەن مېنى ئۇنچە ئەخمەق كۆرمە ، — دېدىم مەن ، — ئىتنى ئەكېتىۋاتسالاڭ ئىت ئادەمگە ئايلىنىپ ، «مېنى نەگە ئاپىرىسەنوي !» دەپ ۋارقىراپتۇدەك ، سەن ئۇنى تاشلاپ قېچىپتۇدەكسەن . ئۆزۈڭچە مۇشۇ گەپكە خەق ئىشىنىدۇ ، دەپ ئويلاۋاتامسەن ؟… «بارس» ھەر كۈنى كېچىدە كېلىپ بەختىياروپنىڭ دەرۋازىسىنى تاتىلاپ زادىلا ئارامىنى قويمايۋاتقۇدەك . ئىتنى سېتىپ ماڭا بېرىدىغان پۇلۇڭنى چېكەڭگە تاڭ . ياخشىسى ئىتنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەر . بەختىياروپ ئىتنى تولا ئويلاۋېرىپ ساراڭ بولاي دېگىلى تۇرۇپتۇ .
— ئۇ ئىتنى مەن نەدىن تېپىپ بېرىمەن ؟ … ئەستاغپۇرۇللا ، مەن بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ قالغان گۇي بولغاندىكىن ، بوپتۇ ، مەن بەختىياروپقا باشقا بىر ئىت تېپىپ بېرەي…
يەنە بىر كۈنلەردە بەختىياروپ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ :
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، بەختىياروپكا ، ئاڭلىسام جېلىل «پاچاق» سىزگە چەت ئەلنىڭ ياخشى بىر ئىتىنى ئاپىرىپ بېرىپتۇدەك ، ئۆيگە ئۆگىنىپ قالدىمۇ ؟ — دەپ سورىدىم .
— ۋاي قويۇڭ ، دوختۇر ئەپەندىم ، — دېدى بەختىياروپ ، — ھە ، نېمە بولسا ئۇ ئىنىمىزنىڭ كۆڭلىگە رەھمەت . ئىت دەپ يەر بېغىرلاپ ماڭىدىغان بىرنېمىنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ . مەندىن بۇرۇن ئايالىم چىقىپ قولىدىن ئالدى . ئىككىسى بىردەمدىلا ئاپاق- چاپاق بولۇپ ، پومداقلىشىپ كەتتى . ھويلىدا خوتۇن ئېتىپ بەرگەن تاماقلارنى يەپ لاغايلاپ يۈرىدۇ . يا تۈزۈك قاۋسا كىمنىڭ دەردى ، ئالمىنىڭ شېخىدىن بىر تال ئالما

توككىدە قىلىپ يەرگە چۈشىسىمۇ قورققىنىدىن بەدەر قېچىپ كاتتىكىگە كىرىۋالىدۇ. شۇمۇ ئىت بوپتۇمۇ!؟... ئۇنىڭ ئۈستىگە ماۋۇ بىزنىڭ يېڭى خوتۇننىڭ زاڭلىقىنى دېمەمسىز، ياسىنىپ ـ تارىنىپ، شۇ ئىتنى زەنجىرلەپ يېتىلەپ بىر چىقىپ كەتسە، قاراڭغۇ چۈشكەندە بىراقلا ئۆيگە كېلىدۇ. ۋاي گەپ قىلماڭ، بۇمۇ بىر يېڭى چىققان مودىمىش!

بىر كۈنى ئۆيدە دەم ئېلىپ ئولتۇراتتىم، دەرۋازا «غاچ» قىلىپ ئېچىلغاندەك بولدى. دېرىزىدىن قارىسام بەختىياروپ كىرىپ كېلىۋېتىپتۇ. «يەنە نېمە ئىش بولغاندۇ؟» دەپ ئالدىغا چىقىپ، ئۆيگە باشلاپ كىردىم. ئۇنىڭ ئەمدى هويلىمىزدىكى قالايمىقانچىلىق، ئاپتاپتا تۇرۇپ قالغان ۋېلىسىپىتلارغا قارىغۇچىلىكى قالمىغانىدى.

— ئورۇنسىز ۋاقىتتا كېلىپ سىزنى بىسەرەمجان قىلمىغاندىمەن؟ — دېدى بەختىياروپ خىجالەت ئارىلاش بىر قىسما چىلمىيىپ.

— ياق، ياق، قېنى ئولتۇرۇڭ، — دېدىم، — چاي قىلسۇنمۇ؟

— ئۇزاق ئولتۇرمايمەن، رەهمەت، بىر ـ ئىككى ئېغىز لا گەپ، — دېدى بەختىياروپ ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپ، — كۆزۈمگە شۇنداق كۆرۈندىمۇ، بىلمىدىم، تۈنۈگۈن مەن نەق «بارىس»نىڭ ئۆزىنى كۆردۇم.

— نەدە؟

— كوچىدا.

— كوچىدا دەمسىز؟

— هە، چوڭ كوچىدا.

— ھەرقانچە بولسا «بارس» تىرىلىپ قالمىغاندۇ؟ باشقا بىر ئىتنى ئوخشىتىپ قالغانسىز .

— مېنىڭچە ، «بارس»نىڭ ئۆزى . كۆرۈۋېلا يۈرىكىم «قارتتىدە» قىلىپ قالدى . ناتونۇش بىر ئادەم يېتىلەپ كېتىۋېتىپتۇ . ئۈستىگە چۇچىلارنى تۇتقان يوپۇقلارنى يېپىپ ، بويىنغا ئۇششاق قوڭغۇراقلارنى ئېسىپ ، قۇيرۇقىغا رەڭلىك لېنتىلارنى چىگىپ ، ئالامەت ياسىۋېتىپتۇ . ئۇنىڭغا قاراپ ، «بىزنىڭ ‹بارس›قۇ بۇ !» دېيىشكە تىلىممۇ بارمىدى . كوچىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىپ قاراپ كېتىشىپتۇ . «بارس» بېشىنى تىك تۇتۇپ ، گىدەيگىنىچە ھېلىقى ئادەمگە ياندىشىپ كېتىۋاتىدۇ ، ھەتتا ماڭىمۇ قاراپمۇ قويمىدى ، قاراڭ .

— سىز ئۇنى شۇنچە باققان تۇرسىڭىز ، تونۇمىغانمىدۇ؟

— ماڭا ئاچچىقى بار - دە !

— نېمە ئاچچىقى بولىدۇ؟ ... ھەي... ي... سىز باشقا بىر ئىتنى ئوخشىتىپ قالدىڭىزغۇ دەيمەن؟

— ياق ، يۈرىكىم تونۇپ تۇرىدۇ ، نەق «بارس»نىڭ ئۆزى . نېمە ئاچچىقى بار ، دېسىڭىز ، مەن ئۇنى ئاتقۇزۇۋەتمەكچى بولۇپ ، سىلەرنى ئۆيگە باشلاپ باردىم - دە !

— قويۇڭە ، ئىت بۇنى قانداق بىلىدۇ؟

— بۇ ، ئىت ئەمەس ، مېنىڭ ئاكام - دە !... ئۇنىڭ چىرايى ئاكامغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشاپ تۇرسا ، مەن ئۇنى ئەتىۋارلاپ باقماقتا يوق ، ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغان تۇرسام... بەلكىم ئۇ شۇ كۈنى بىزنىڭ ئۆيدە قىلىشقان گەپلىرىمىزنى ھويلىدا تۇرۇپ ئاڭلىغاندۇ . ۋاھ ، بىزنىڭ بۇ «بارس» شۇنداق ھوشيار دەڭە .

— ماقۇل ، شۇنداقمۇ بولسۇن دەيلى ، «بارىس»نى يېتىلەپ كېتىۋاتقان ئادەمنىڭ ئۆزى كىمكەن؟ ئۇنىڭ قولىغا «بارىس» قانداق قىلىپ چۈشۈپ قاپتۇ؟

— مەنمۇ بىلمىدىم ، — دېدى بەختىياروپ ، — يۈزۈمنى قېلىن قىلىپ ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ مېڭىپ باقتىم . ئۇلار بازارنى ئارىلاپ خېلى ماڭدى . ھېلىقى ئادەم قانداقتۇر بىر دۇكانلارنىڭ ئالدىدا توختاپ ، بىرنېمىلەرنى سېتىۋالغان بولدى . شۇ پۇرسەتتە مەن ئۇلارغا يېقىنلىشىپ بېرىپ ، «بارىس»قا سۇركىلىپ ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈپمۇ باقتىم ، ياق ، ئۇ ماڭا قارايدىغاندەك ئەمەس ، نەق ئاكامنىڭ ئۆزى ، ئاكامنىڭ ئاشۇنداق ئاداۋىتى كۈچلۈك بولىدىغان… ئۇلار بازاردىن چىقىپ يەنە بىر ئۇزۇن كوچا بىلەن ماڭدى . ئاندىن بىر تار كوچىغا بۇرۇلدى . ئۇ يول بىلەن چوڭ كوچىغا چىقىپ ، يەنە بىر تار كوچىغا كىرىپ كەتتى . شۇ يەردە قەۋەتلىك بىر بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ غايىب بولۇشتى . بىنانىڭ ئالدىغا بارسام ، ئىشىكى ئاپتوماتىك نومۇر بىلەن ئېچىلىدىغان تۆمۈر ئىشىك ئىكەن . قۇلۇپنىڭ سان - سىپىرلىرىنى تەۋەككۈلگە بېسىپ ، خېلى ھەپىلىشىپمۇ ئاچالمىدىم يا بىرەرى چىقمىدى . ئىشىك ئالدىدا ئەگىپ يۈرسەم ، يۇقىرىدىن بىرى : «ھوي ئادەم ، سىزگە كىم كېرەك؟» دەپ ۋارقىرىدى . بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام ، ئۇچىنچى قەۋەتنىڭ دېرىزىسىدىن بىر كالا بېشىنى چىقىرىپ ، ماڭا گەپ قىلىۋېتىپتۇ…

— نېمە دېدىڭىز!؟

— كالا دەۋاتىمەن ، مۈڭگۈزى بار كالا ، ئاياللار چاترىقىغا بېشىنى تىقىۋېلىپ سۈتىنى ساغدىغان سىيىرنىڭ نەق ئۆزى .

كۆزىدە كۆزەينەك، قولىدا يىپ - يىڭنە، تېخى يوغان ئەمچىكىگە بىر ئەپچىل لىپتىكمۇ تاقىۋاپتۇ. قورقىنىمدىن ئارقا- كەينىمگە قارىماي قاچتىم. بۇگۈن ئەتىگەن بېرىپ ھېلىقى بىنانى زادىلا ئىزدەپ تاپالمىدىم.

بەختىياروپنىڭ بۇ گەپلىرىنىڭ قانچىلىكى راست، قانچىلىكى يالغانلىقىغا ئەقلىمنى يەتكۈزەلمەي پىكىرلىرىم قالايمىقانلىشىپ كەتتى. «ھەي، مۇشۇ ئادەممۇ ئاز كۈندىن كېيىن بىزنىڭ روھىي كېسەللەر ساناتورىيەسىگە بېرىپ قالامدۇ، قانداق!؟» دەپ ئويلاپ قالدىم ئىچىمدە. شۇ كۈندىن باشلاپ، بەختىياروپ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن ئۆزۈمنى قاچۇرىدىغان بولۇپ قالدىم..

ئارىدىن يەنە قانچىلىك ئۆتتى، ئۇقمايمەن. بىر كۈنلەردە مەھەللىدە: جېلىل «پاچاق» ھەر كۈنى كەچلىكى بەختىياروپنىڭ دەرۋازىسىنى ئەگىپ كەتمەيدىكەن. ھەرقاچان بەختىياروپنىڭ ياش خوتۇنىغا قانات سۆرەپ يۈرەمدىكىن، بازارغا پاچاق ئاچىقىپ ساتىدىغان ئىشتىنىمۇ قاپتۇ. خوتۇنى: «سەن ئىش- ئوقىتىڭنىمۇ تاشلاپ، ھەر كۈنى كەچلىكى نەگە يوقىلىپ كېتىۋاتىسەن؟» دەپ جېدەل قىلىپ يۈرگۈدەك... دېگەن گەپلەر پەيدا بولۇپ قالدى.

جېلىل «پاچاق»قا قاتتىق بىر - ئىككى ئېغىز گەپ قىلماقچى بولۇپ ئۆيىدىن چاقىرىپ چىقتىم. ئېرىق بويىدا ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتۇق.

— ئۇكا، بەختىياروپنىڭ ئايالى يانپېشىنى تىزىڭغا يۆلەپ تۇرۇپ چاي قۇيغاندا، خېلى ئوبدان ئىسسىق ئۆتۈپ قالغان چېغى- ھە، — دېدىم.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — دېدى ئۇ ماڭا

ئەندىككەندەك قاراپ .

— ئاڭلىسام ، كېچە ـ كېچىلەپ بەختىياروپنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىن كېتەلمىگۈدەكسەنغۇ ؟

— ھە ! — دېدى جېلىل «پاچاق» پەرۋاسىزلا ، — ھەممە ئىشقا سەۋەبچى بولغان ئۆزىڭىز…

— مەن ؟ !

— بولمىسا ، مېنىڭ بەختىياروپ بىلەن نېمە باردى ـ كەلدىم بارتتى ؟… ئۇنىڭ ئۆيىگە ئۆزىڭىز باشلاپ باردىڭىز . «بارىس» ھەر كۈنى يېرىم كېچىدە كېلىپ ، بەختىياروپنىڭ دەرۋازىسىنى تىرنىقشىتىپ ئارام بەرمەيۋاتقۇدەك ، دېگەن گەپنى قىلغانمۇ ئۆزىڭىز . شۇنىڭ بىلەن مەن «بۇ قانداق گەپ بولۇپ كەتتى ؟ » دەپ بىر كۈن ئويلاندىم . يېرىم كېچىدە بەختىياروپنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا ماراپ تۇرسام ، «بارىس» راستتىنلا پەيدا بولۇپ قالدى ، ئەپلەپ تۇتۇۋالدىم . ئۆلتۇرۇۋېتىپلا كۆزدىن يوقىتاي دېگەنىدىم ، يەنە قولۇم بارمىدى . بۇ ئىت ئەمەس ، تاراقلاپ تۇرغان پۇل ـ دە ، ئاكا !… يىراق بىر يەرگە ئەكېتىدىغان ئادەمنى تېپىپ ساتتىم . ئەمدى قانداق بولغاندۇ ؟… دەپ قىزىقىپ يەنە بىر كۈنى يېرىم كېچىدە بەختىياروپنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا بارسام ، ئىت شۇ يەردە ئەگىپ يۈرۈپتۇ . يەنە تۇتۇپ ، يەنە ساتتىم . سىز بىلمەيسىز ، ئاكا ، مۇنداق ياخشى ئىتلار كۆڭۈل قويۇپ باققان ئادىمىنىڭ ئۆيىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايدۇ . مانا مەن ھازىر شۇ ئىش بىلەن ئالدىراش . كۈندۈزى قېنىپ ئۇخلايمەن ، كېچىسى بېرىپ «بارىس»نى تۇتىمەن ؛ بۈگۈن ماۋۇ بازاردا ساتسام ، يەنە بىر قېتىمدا باشقا بىر يەردىكى بازارغا ئاپىرىپ پۇل قىلىمەن . توۋا

دەيمەن ، بۇ ئىت جىق تۇرسا بارغان ئۆيدە ئىككى كۈندىن ئوشۇق تۇرمايدۇ . قانداق قىچىپ چىقىدىغانلىقىغا ئۆزۈمنىڭمۇ ئەقلى هەيران. يېڭى ئىگىسى ئۇنىڭ بىلەن ئوبدانراق تونۇشۇپ ، ئۆگىنىۋالغۇچە ئىت بەختىياروپنىڭ ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالىدۇ . شۇنداق بولسىمۇ چىنىپ قالمىسۇن ، دەپ بىر قېتىمدا بوينىغا قوڭغۇراق ئېسىپ ساتتىم ، بىر قېتىمدا ئۇستىگە يوپۇق ياپتىم ، يەنە بىر قېتىمدا قۇيرۇقىغا لېنتا تاقىدىم . ئالدىنقى كۈنى ئۇنىڭ بىر قۇلىقىنى كېسىپلىۋەتتىم . بۇ ئىتنى تونۇيالماي ئىككى قېتىم سېتىۋالغان ئاغىنىلەرمۇ بارغۇ ، دەيمەن . شۇ ئالدىراشچىلىقتا هازىر پاچاق ساتىدىغانغا نەدە چولا . «بارىس»نى بۇدا تۇتىدىغان بولسام تۇكلىرىنى بۇدۇرلا قىلدۇرۇۋېتەيمىكىن ، دەۋاتىمەن . ئاكا ، سىز سەل تەخىر قىلىڭ ـ هە ، — دەپ قۇلىقىمنىڭ تۇۋىگە كېلىپ پىچىرلىدى ئۇ ، — هەرقاچان ماۋۇ «پاچاق» ئىت ساتقان پۇلدىن ماڭىمۇ بېرىمەن ، دېگەندەك قىلىۋاتاتتى ، پۇلنى كۆرۈپ كۆزى قىزىرىپ ۋەدىسىنى ئۇنتۇدىمۇ نېمە؟ دەۋاتقانسىز ، كۆڭلۈمدە بار . هازىر ئوقەتنىڭ تازا قىزىۋاتقان ۋاقتى . بىر كۈنى ئالدىڭىزغا ئىزدەپ بېرىپ ئوبدان رازى قىلىمەن . خەير ، ئەمىسە گەپ شۇنداق بولسۇن ـ هە!...

جېلىل «پاچاق» شۇنداق دېدى ـ دە ، ئالدىراش ئۆيىگە ماڭدى . «نېمە گەپ بولۇپ كەتتى ئۆزى !؟» دەپ ئارقىسىدىن قاراپلا قالدىم .

× ×

جېلىل «پاچاق»نىڭ «بارىس»نى تەكرار سېتىپ قانچىلىك

پۇل تاپقىنىنى بىلمەيمەن . ئەمما شۇ كۈنلەردە بەختىياروپقا بىردىنلا قېرىلىق يەتكەندەك بولۇپ ، چاچلىرى ئاپئاق ئاقىرىپ ، دائىم مايلاپ قويغاندەك پارقىراپ تۇرىدىغان مەڭزلىرىنىڭ قېنى قاچتى . قىش كېتىپ باھارغا ئۇلاشقاندا ، بۇ ئادەم ئالەمدىن ئۆتتى . جېلىل «پاچاق» ھەممىنى ھەيران قالدۇرۇپ بېلىگە ئاق باغلاپ ، خۇددى يېقىن قېرىندىشىغا ھازا ئاچقاندەك بۇقۇلداپ يىغلاپ ، ئۇنىڭ تاۋۇتى ئەتراپىنى ئاۋات قىلدى . بەختىياروپ خۇددى ئۆزىنىڭ پات ئارىدا ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىدىغىنىنى بىلىدىغاندەك ، مەرھۇم ئايالى رىزۋانگۈلنىڭ قەبرىسى يېنىغا بىر يەرلىكنى كولىتىپ قويغانىكەن . جامائەت ئۇنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىپ شۇ يەرگە دەپنە قىلدۇق . ئۇ چاغدا ، يەنە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن جېلىل «پاچاق»نىمۇ ئاچىقىپ بۇ يەرگە كۆمىدىغانلىقىمىز ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمىغانىدى .

شۇ كۈنى جېلىل «پاچاق» «بارىس»نى تۇتۇۋېلىپ ، ئۇنىڭ يەنە بىر قۇلىقىنىمۇ كەسمەكچى بولغانىكەن ، قانداق قىلغان ، ئىت تۇمشۇقىغا تارتىپ قويغان نوختىدىن بېشىنى چىقىرىۋېلىپ جېلىل «پاچاق»نى تالاپ ، گۆرەن تومۇرىنى ئۈزۈپلىۋېتىپتۇ ، دوختۇرخانىغا ئاپىرىشقا ئۈلگۈرمەيلا قانسىراپ ئۆلدى . ساقچىلار «بارىس»نى ئېتىپ ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ شۇنچە ئىزدەپمۇ تاپالمىدى .

ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەلەر بەختىياروپنىڭ تۇل قالغان خوتۇنىغا باشقىچە تەسىر قىلدىمۇ ، بىر كۈنلەرگە كەلگەندە مەھەللىدە ، بەختىياروپنىڭ ئايالى قورۇ ـ جايىنى ساتماقچى بولۇۋېتىپتۇدەك ، دېگەن گەپ تارقالدى . بۇ گەپنىڭ راست ـ يالغىنىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ ، بەختىياروپنىڭ

ئۆيىگە باردىم . قارىسام ، بۇ ئۆيلەرنىڭ بەختىياروپ بار چاغدىكى ئىسكەتى پۈتۈنلەي تۈگەپتۇ . ھويلىنىڭ ئىچى قالايمىقانچىلىق ، دەرۋازىنىڭ يېنىدا بىر دۆۋە ئەخلەت ، ئەخلەتنىڭ ئۈستىدە بىر پىستە كۆچۈك نېمىلەرنىدۇر پۇراپ يۈرۈپتۇ . بەختىياروپنىڭ ئاتا- ئانىسى ، ھەتتا ئۇنىڭ بوۋىلىرىنىڭ جامالىنى كۆرگەن تەۋەررۈك چىنە - قاچىلار توپا بېسىپ تاشلىنىپ يېتىپتۇ . ھېلىقى ئاجايىپ ئويما نەقىشلەر چېكىلگەن قەدىمىي ئىشكاپلارنىڭ ئەينەكلىرى سۇنغان ، ئىشىكلىرىنىڭ گىرەلىرى ئاجرىغان ھالدا بىر تەرەپكە قىيسىيىپ تۇرۇپتۇ . يۈرىكىمنىڭ بىر يەرلىرى ئېچىشقاندەك بولدى .

— سىڭلىم ، ياخشىسى بۇ قورۇ - جاينى ساتمىسىڭىز بوپتىكەن ، — دېدىم بەختىيارويىنىڭ ئۇپا - ئەڭلىكنى ھارغۇچە سۈرتۈپ ، ھېلىقى پىستىنى يېتىلەپ بازارغا چىقماقچى بولۇپ تۇرغان ئايالىغا قاراپ .

ئۇنىڭ ئىيتىشىچە ، ھېلىمۇ ھەر كۈنى يېرىم كېچىدە كىمدۇر بىرى كېلىپ ، بۇ ھويلىنىڭ دەرۋازىسىنى ئىرىقشىتىپ زادى ئارام بەرمىگۈدەك…

2000 - يىل 3 - ئاي ، ئۈرۈمچى

# گۆركار

قۇناخۇن گۆركار گۆرنى كولاپ بولۇپ ، ئىـــچ گۆرگە كىرىپ ، پۇتىنى ئۇزۇن سۇنۇپ يېتىپ باقتى . ئۇ مۇشۇنداق ئەستايىدىل ئادەم ئىدى . ھەر قېتىم يېڭى بىر گۆرنى كولاپ پۈتتۈرگەندە ، ئىچ گۆرگە كىرىپ پۇتىنى ئۇزۇن سوزۇپ يېتىپ باقاتتى . قۇناخۇن ئۆزىمۇ ئېگىز ، بەستلىك ئادەم ئىدى . ئۇ ياتقان ئىچ گۆرگە ھەرقانداق مېيىتنى ئازادە قويغىلى بولاتتى .

قۇناخۇن ياشىنىپ قالغاچقىمۇ ، بۇ بىر - ئىككى يىلدىن بېرى گۆر كولايدىغان ئىشمۇ ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىدىغان بولۇپ قالغانىدى . ئۇنىڭ گۆركارلىق قىلىپ يۈرگىنىگە ئۇزۇن يىللار بولۇپ قالدى . مۇشۇ قەبرىستانلىقنىـــڭ ئەتراپىـــدىكـــى مەھەللىلــەردە ۋاپــات بولغــان قېرى - ياش ، ئەر - ئايال بولۇپ قانچىلىغان ئادەملەرنىڭ يەرلىكىنى ئۇ ئۆز قولى بىلەن كولاپ دەپىنلىدى . يېقىندىن بېرى ئۇ «ئاز قالدى ، بىر كۈنى مېنىڭمۇ يەرلىكىمنى بىرى كولاپ ، مېيىتىمنى بۇ يەرگە قويىدۇ» دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالغانىدى… قۇناخۇنغا ماۋۇ يېڭى گۆرنـى كولىغۇچە خېلى ھاردۇق يەتتىمۇ ، ئىـــچ گۆردە سوزۇلۇپ يېتىۋىدى ، پۇت - قوللىرى ئارام ئېلىپ خۇشياقاندەك بولدى .

«بىر ھېسابتا تىرىكچىلىكنىــڭ غېمــى ، جاھاننىـــڭ غوۋغاسىدىن خالىي مۇشۇ يەرمۇ تىنچكەن ، — دەپ ئويلىدى قۇنـاخـۇن نـەم تـوپا پـۇراپ تۇرغان ، سـالقىن ئـىچ گۆردە

يېتىپ ، — بىردە راست ، بىردە يالغان سۆزلەپ ياشايدىكەنمىز ، ياشايدىكەنمىز ، ئاخىر كېلىدىغان يېرىمىز مۇشۇكەنغۇ؟... مانا ماۋۇ رەجەپئاخۇن «رەجەپ باي» بولۇپ جاھانغا پاتماي قېلىۋىدى ، ئاللانىڭ قۇدرىتى ئالدىدا ئۇمۇ چارىسىز كۆزىنى يۇمدى . ھېلى جامائەت يۇيۇپ - تاراپ ئۇنى مۇشۇ يەرگە ئەكېلىدۇ . ئۇنىڭغا قارىغاندا مېنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىم قانچىلىك ئىشتى؟ يەتتە كەتمەن توپا چۈشكەندىن باشلاپ ، مۇنكىر- نەكىرلەر كىرىپ سوئال - سوراقنى باشلايدۇ ، دەيدۇ . باشلىسا باشلىمامدۇ ، قورققۇدەك نېمە گۇناھىم بار . «كىمسەن؟» دېسە ، «گۆركار قۇناخۇن بولىمەن» دەيمەن...»

شۇنداق خىياللار بىلەن قۇناخۇن كۆزىنىڭ ئۇيقۇغا كېتىپ قالغىنىنى سەزمىدى . بىر چاغدا غەلىتە كىيىنگەن ، قولىغا كالتەك - توقماق تۇتقان مۇنكىر - نەكىرلەر زەنجىر ، كىشەن ، يەنە قانداقتۇر ئەسۋابلىرىنى شاراقشىتقىنىچە ئىچ گۆرگە كىرىپ كەلدى .

«لائىلاھە ئىللاللاھۇ مۇھەممۇدىن رەسۇلىللا ! — دەپ ئىمان ئېيتتى قۇناخۇن ، — مەن چۈش كۆرۈۋاتىمەنمۇ ، قانداق؟... »

— خوش ، قۇناخۇن دېگەن سەن بولامسەن؟ — دېدى سوراققا كىرگەنلەرنىڭ بىرى .

— شۇنداق ، يانتاق مەھەللىدىكى گۆركار قۇناخۇن بولىمەن .

— خوش ، قېنى ، قىلغان گۇناھلىرىڭنى ئېيت !

— مېنى ئالدىراپلا سوراق قىلمۇۋاتىسىلەرغۇ دەيمەن؟ — دېدى قۇناخۇن ، — مەن تېخى ئۆلمىگەن تۇرسام... ئۆلىدىغان ئىش بولسا ، ئەلۋەتتە ئاۋۋال بىر - ئىككى كۈن ئۆيدە ئورۇن

تۇتۇپ ياتقان بولسام، باللىرىمنى ئەتراپىمغا يىغىپ چىرايلىق خوشلىشىپ، رازىلىقىمنى بەرگەن بولسام بولمايتتىمۇ؟

— ئۆلمىگەن بولساڭ، بۇ ئىچ گۆردە نېمە لاپچىيىپ ياتىسەن؟

— دەۋاتىمەنغۇ، ئۆزۈم بىر ئەرزىمەس كەمبەغەل بولسامىمۇ، يانتاق مەھەللىدىكى گۆركار قۇناخۇن، دېسە مېنى بۇ ئەتراپتا تونۇمايدىغان ئادەم يوق. گۆر دېگەن كولاپ يەنە تىندۇرۇۋېتىدىغان نەرسە بولسىمۇ، يەنە ئىش دېگەننى ئۆزىنىڭ قائىدىسىگە توغرىلاپ قىلمىغان بىلەن بولمايدۇ. ھەر قېتىم گۆرنى كولاپ بولۇپ، بولدىمۇ ـ بولمىدىمۇ، دەپ مۇشۇنداق ئىچىگە كىرىپ يېتىپ باقىمەن. ماۋۇ رەجەپ باي دېگەن بىلەن ئانچە خۇشۇممۇ يوق. خۇشۇم يوق دەپ ئىشنى قولۇمنىڭ ئۇچىدا قىلسام بولمايدۇ ـ دە، ھاردۇق يېتىپ قالدىمۇ، ئىچ گۆرنى كۆرۈپ باقىمەن، دەپ كىرىپ، كۆزۈم ئۇيقۇغا كېتىپ قاپتۇ.

— ئۇ تەرەپلىرى بىلەن كارىمىز يوق. يۇقىرىدىن بىزگە: «بىر ئۆلۈك يەرلىكىگە قويۇلدى، بېرىپ سوراق قىلىڭلار!» دەپ پەرمان كەلدى. پەرماننى ئىجرا قىلمىساق بولمايدۇ. قىلغان گۇناھلىرىڭنى بىلەمسەن؟

— ئەمدى، بەندىچىلىكتە كىم گۇناھتىن خالىي بولالايدۇ؟ بەزى سەۋەنلىكلەرنى ئۆتكۈزسەم ئۆتكۈزگەندىمەن.

— تىلىڭنى چاينىماي ئېنىق گەپ قىل! — دېدى يەنە بىر سوراقچى، — پۇلى بارلارنىڭ گۆرنى كەڭ، پۇلى يوقلارنىڭكىنى تار كولىغىنىڭچۇ؟ ياخشى يەرلەرگە: «بۇ يەردە قەبرە بار» دېگەننى قىلىپ، يالغاندىن توپا دۆۋىلەپ قويۇپ، پۇلنى جىق بەرگەن غوجاملارغا ئۆرە باھادا ساتقىنىڭچۇ؟

مۇساپىرلارنىڭ تۆت ـ بەشىنى ئۈستى ـ ئۈستىلەپ بىر گۆرگىلا كۆمۈۋەتكىنىڭچۇ ؟… ئۆزۈڭچە قىلغان ـ ئەتكەنلىرىمنىڭ پەقەت سورىقى بولمايدۇ ، دەپ قالغانمىدىڭ ؟

— يائاللا ، نېمە دەۋاتىدىغانسىلەر ؟ شەھەرنىڭ گۆركارلىرىنى شۇنداق قىلىقلارنى قىلىدىكەن ، دەپ ئاڭلىۋىدىم ، بىزنىڭ بۇ يەردە يەر كەڭرى تۇرۇپتىغۇ…

قۇناخۇن باياتىندىن بېرى چۇش كۆرۈۋاتاتتى . بارا ـ بارا چۈشىدىكى نەرسىلەرمۇ غۇۋالىشىپ ، لايدەك ئېزىلىپ شۇنداق قاتتىق ئۇخلاپ كەتتىكى ، جامائەتنىڭ تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ تۇپراق بېشىغا يېتىپ چىققىنىنى ، گۆرنىڭ ئۈستىدىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ، يىغا ـ ئاۋازلىرىنىڭمۇ ھېچقايسىسىنى تۇيمىدى .

ئۆلگۈچى رەجەپ باي ئىدى . رەجەپ باينى مۇشۇ يۇرتنىڭ زومىگىرى دېسىمۇ بولاتتى . ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ ، يۇرت سورىغان ، ئەترەتنىڭ يەر ـ مۈلۈكلىرىنى شەخسلەرگە تەقسىم قىلىپ بەرگەندە ، ھوقۇقىغا تايىنىپ يەرنىڭ ئوبدىنىنى ، ئات ـ ئۇلاغ ، سايمانلارنىڭ سەرخىللىرىنى ئۇرۇق ـ تۇغقان ، بالا ـ چاقىلىرىغا بۆلۈپ بېرىپ ، تېزلا كۆتۈرۈلۈپ «رەجەپ دادۈيجاڭ»دىن «رەجەپ باي»غا ئايلانغانىدى . ھازىر ئۇنىڭ توك تۈگمەن ، ماي تارتىش ، چىگىت ئايرىش زاۋۇتلىرى ، شەھەردە ئاچقان دۇكانلىرى بار ئىدى ، يۈز مولاپ يەر تېرىيتتى . يۇقىرىدىن بېيىغان ئائىلىلەرنى زىيارەت قىلغىلى كەلگەنلەر ئۇدۇل ئۇنىڭ ئۆيىگە چۈشەتتى . «ھالال» ئەمگىكى بىلەن بېيىغانلارنىڭ ئۈلگىسىمۇ يەنە شۇ رەجەپ باي ئىدى . شۇڭا ، بۇ ئەتراپتا ئۇنىڭ ئائىلە جەمەتىنىڭ دېگىنى دېگەن ، قىلغىنى قىلغانىدى . يارانقان ئىگەمنىڭ قۇدرىتى ئالدىدا

رەجەپ بايمۇ چارىسىز ، مانا بۇگۇن تاۋۇتقا چۇشۇپ گۆرنىڭ ئاغزىغا كېلىپ تۇراتتى .

جامائەت كولىنىپ تەييار بولغان گۆرنىڭ قېشىغا كېلىپ ، تاۋۇتنى يەرگە قويۇشتى . ئىمام بىلەن يۇرت ئاقساقاللىرى نېرىغا سېلىنغان كىگىز ئۇستىدە ئولتۇرۇشتى . جامائەتنىڭ بىر قىسمى گۆرنىڭ بېشىغا «دۇررىدە» ئولىشىپ تۆۋەنگە قاراشتى . گۆر چىرايلىق كولانغانىدى .

— پاھ ، ماۋۇ يەرنىڭ تۇپىسى قالتىس ئوبدان چىقىپتۇ - دە ! — دېدى بىرەيلەن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ خۇشامەت تەلەپپۇزىدا . چۇنكى ، رەجەپ باي ئۆلۈپ كەتكەن بىلەن ، ئۇنىڭ ئۇرۇق - جەمەتى گۆرنىڭ ئەتراپىدا هازىر بولۇپ تۇرۇشاتتى .

— رەھمەتلىك رەجەپ باي ئۆزىمۇ نىيىتى خالىس ، ئوبدان ئادەم ئەمەسمۇ !... قېنى بۇ گۆركار ؟ — دېدى يەنە بىرەيلەن .

— هاي قۇناخۇن !

— قۇناخۇن !...

بىرنەچچەيلەن ۋارقىــــراپ ، تەرەپ - تەرەپكە يۇگۇرۇپ گۆركارنى ئىزدىگىلى تۇردى . قۇناخۇننىڭ هېچ يەردە قارىسى كۆرۈنمەيتتى .

— ئۆيگە كېتىپ قالغانمۇ نېمە بۇ ئادەم ؟ !

— ئەستا ، ئالدىرىغاندا ماۋۇ ئادەمنىڭ قىلغان ئىشىنى ! — دەپ قاتتىق تېرىكتى رەجەپ باينىڭ چوڭ ئوغلى . ئۇ دادىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان ، دوغىلاق ، كۆتمەك بۇرۇت ، چېقىر كۆز ئادەم ئىدى .

— قېنى ، مەزىن ئاخۇنۇم ، ئۆزلىرى چۇشمەمدىلا ، يەنە ياشراق بىرەيلەن ياردەملەشسۇن . كۇن ئىسسىق ، جامائەت ساقلاپ

قالدى ، ئۆزىمىزلا قويۇۋېتەيلى ، بۇ قانچىلىك ئىشتى ؟ — دېدى مويسىپىتلاردىن بىرى .
تاياقتەك ئورۇق مەزىن ئاخۇنۇم پەرىجىسىنى يېشىپ ، سەللىسىنى ئېلىپ ، يېنىدا تۇرغان ياش بالىغا تۇتقۇزۇپ قويدى . «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم !» دەپ ئورەككە سىيرىلىپ چۈشتى . ئارقىدىن مۇشۇنداق دەپنە ئىشلىرىغا ئانچە - مۇنچە ھەپە دېيىشىپ يۈرىدىغان بىرەيلەن مەزىن ئاخۇنۇمنىڭ يېنىغىلا سەكرىدى . جامائەت :
— ھوي - ھوي ، ئۇنداق ئەمەس ، مۇنداق .
— باش ماۋۇ تەرەپتە… — دەپ چۇرقىرىشىپ ، ئاق كىگىزگە ئورالغان مېيىتنى لەھەتكە سۇنۇپ بېرىشتى .
— ئەستا ، ماۋۇ قۇناڭكامنىڭ قىلغان ئىشىنى قارىمامدىغان ، — دەپ پىچىرلىدى مەزىن ئاخۇنۇمغا ياردەملىشىۋاتقان كىشى .
— ھە ، نېمە بولدى ؟ — دېدى مەزىن ئاخۇنۇم .
— قۇناڭكام كونا گۆرنىلا ئاچقان ئوخشىمامدۇ ؟… ئىچ گۆردە يەنە بىر جەسەت تۇرىدۇ .
— قۇناخۇن قېرىپ قالدى . توپىسى يۇمشاقراق ، كولاشقا ئوڭاي ، دەپ كونا گۆرنى ئاچسىمۇ ئاچقاندۇ ، — دېدى مۇنداق ئىشلارنى جىق كۆرگەن مەزىن ئاخۇنۇم ، — ئەمدى باشقا گۆر كولايمىز دېسەك ، ئۆلگۆرەلمەيمىز . شاۋ - شۇۋ قىلماي ، كونا جەسەتنى نېرىراق ئىتتىرىپ قويۇپ قويۇۋەر . بۇ يەردە سېنىڭ - مېنىڭ دەيدىغان گەپ يوق . ئىچى خېلى كەڭ كۆرۈنىدىغۇ…
شۇنداق قىلىپ ، ئۇلار ئۇخلاۋاتقان قۇناخۇننى نېرىراق ئىتتىرىپ قويۇپ ، ئۇنىڭ يېنىغا رەجەپ باينىڭ مېيىتىنى

قويۇپ ، ئۈچ گۆرنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ قايتىپ چىقتى . يۇقىرىدا كەتمەن ـ گۈرجەكلىرىنى تۇتۇپ تەييار بولۇپ تۇرغان ياش باللار تەرەپ ـ تەرەپتىن توپا تاشلاپ ، ھەش ـ پەش دېگۈچە تاش گۆرنىمۇ تىندۇرۇپ ، ئۈستىگە توپا دۆۋىلەپ ، بەلگە ئۈچۈن بىرنەچچە كېسەكنىمۇ تاشلاپ قويۇشتى .

— بولدى ، رەھمەت ، ۋاقىتلىق شۇ بويىچە تۇرۇپ تۇرسۇن !— دېدى رەجەپ باينىڭ چوڭ ئوغلى ،— ئاتامنىڭ يەتتە نەزىرسىنى ئۆتكۈزۈپ ، قىرىق نەزىرسىگىچە بۇ يەرگە ھەيۋەتلىك بىر گۈمبەز قوپۇرىمىز .

— ھە ، شۇنداق بولماي ، — دېيىشتى بىرنەچچەيلەن ، — رەجەپ باي كىچىك ئادەممۇ ؟ يۇرتنىڭ ئاتىسى ـ دە !

كىگىز ئۈستىدە ئولتۇرغان مويسىپىتلارنىڭ بىرى چىرايلىق قىرائەت قىلدى . جامائەت دۇئاغا تەڭ قول كۆتۈرۈپ ، ئۆلگۈچىگە ئىمان تىلەپ تارقىلىشتى .

بايا تاش گۆرگە يەتتە كەتمەن توپا چۈشكەندىلا ئۈچ گۆرگە مۇنكىر ـ نەكىرلەر كىرىپ بولغانىدى . ئۇلار قاتارلىشىپ ياتقان ئىككى مېيىتنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشتى .

— بۇ يەردە ئىككى مېيىت ياتىدىغۇ ؟ — دېدى ياشتا كىچىكرەك بىرى ، — تېخى بىرىنى كېپەنلەپتۇ ، بىرىنى كېپەنلىمەيلا كۆمۈۋېتىپتۇ !

— قېنى ، قېنى ، — دەپ ئېڭىشىپ قارىدى ياشتا چوڭراقى ، — ھە ، ھەيران قالغۇدەك ئىش يوق . بىر زامانلاردا ، ۋاپادار خوتۇنلار ئۆلۈپ كەتكەن ئېرىدىن ئايرىلىپ قېلىشقا چىدىماي ، ئېرى بىلەن بىللە گۆرگە تىرىكلا كىرىۋالىدىغان ئىشلارمۇ بولىدىغان . شۇنداقراق بىر گەپمىكىن بۇ ـ يا ؟

— قارىماسەن ، ھەر ئىككىلىسى ساقال - بۇرۇتى بار ئەر كىشى تۇرامدۇ ؟

— سەن تېخى بۇ ئىشقا يېڭىدىن تەيىنلەندىڭ ، — دېدى ياشتا چوڭ سوراقچى ، — مانا ، مېنىڭ بۇ ۋەزىپىنى بەجا كەلتۈرۈۋاتقىنىمغا نەچچە يۈز يىل بولدى . بىر چاغلاردا ، پادىشاھلار ياكى كاتتا بايلار ئۆلسە ، ئۇ دۇنياغا بارغاندا بىللە خىزمىتىنى قىلىدۇ ، دەپ يۈزلەپ چاكارلىرىنىمۇ قوشۇپ تىرىكلا كۆمۈۋېتىدىغان قائىدىلەر بولىدىغان . ھەي… ي ، ئۇ دۇنيادىكى ئادەملەرنىڭ ئەخمەقلىقىنى بىر دېمە .

— شۇنداقمۇ ئىشلار بولغانمۇ ؟

— پاھ ، بۇ ئادەم دېگىنىڭ ئازراقلا مەنسەپ ، پۇل - دۇنياغا ئېرىشىۋالسىلا شۇنچىلىك يوغىناپ كېتىشىدۇكى ، تېخى ئۆلارنىڭ ئارىسىدىن خۇدالىق دەۋاسى قىلغانلارمۇ چىققان .

— يائاللا ، نېمە دەيدىغانسەن ؟

— شۇنداق . ئاقىۋەت بىر كۈنى بۇ يەرگە كەلگەندە ، ھەرقاندىقىنىڭ قىلمىشىدىن بىرمۇبىر ھېساب بېرىدىغىنى ھېچقايسىسىنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايدۇ .

— ئادەملەر ياشاۋاتقان ئاشۇ دۇنيا قانداقراق يەردۇ ؟ بىر چىقىپ كۆرۈپ باققۇم بار ئىدى .

— ياشلىق قىلما ، ئۇ ئارزۇ قىلىدىغان يەر ئەمەس . بىر- بىرىنى ئالداۋاتقان ، بىر - بىرىدىن گۇمانلىنىۋاتقان ، بىر - بىرىنى بوزەك قىلىۋاتقان ، كۆرەلمەسلىك ، زومىگەرلىك ، ئاچ كۆزلۈك… ئەيتاۋۇر ئۇ يەردە يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ .

— ئاچ كۆزلۈك دېگەن نېمە ئۇ ؟

— ياراتقان ئىگەم ئادەملەرنى سىناش ئۈچۈن ئۇلارغا نەپسى دېگەن بىرنېمىنى قوشۇپ بەرگەن . ئەنە شۇ نەپسىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ ، ئۇلار ھەممە ئەسكىلىكنى قىلىشىدۇ . ھەممىنى ئۆزۈملا يېسەم ، دېيىشىدۇ . ئاچ كۆزلۈك دېگەن شۇ…
— ماۋۇ ياتقان ئىككىسىنىڭ كېپەنلىگىنى خوجايىنى ، كىيىم - كېچەكى بىلەنلا ياتقىنى ئۇنىڭ چاكىرى ئوخشىمامدۇ ؟
— كېپەن بىلەن ياتقىنى بىر يۇرتنىڭ زومىگىرى ئۇنىڭ قانداق ئەسكىلىكلەرنى قىلغىنىنى ھېلى سوراق قىلغاندا ئاڭلايسەن . ئۇنىڭغا قارىغاندا ، مۇنۇ چاكىرى تۈزۈك كۆرۈنەمدۇ ، نېمە ؟
— بۈگۈن بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسىنى سوراق قىلىمىز ؟ سوراق قىلىنىدىغان ئادەم بىر ئىدىغۇ ؟
— شۇنى دەيمەن . توختا ، بىز ئاۋۋال چىقىپ يولىورۇق سوراپ باقايلى .
مۇنكىر - نەكىرلەر دۈكۈرلىشىپ چىقىپ كېتىشى بىلەنلا رەجەپ باي لاپ قىلىپ كۆزىنى ئاچتى.. بايا ئۇ سوراقچىلار زەنجىر- كىشەنلىرىنى شاراقشىتىپ كىرگەن چاغدىلا ئېسىگە كېلىپ ، ئۇلارنىڭ ھەممە گېپىنى ئاڭلاپ ياتقانىدى . «ھە… ي ، ئىش چاتاق ! — دەپ ئويلىدى رەجەپ باي ، — بۇ يەردىكىلەرنىڭ كۆزقارىشى ماڭا تازا ياخشى ئەمەستەك قىلىدۇ . ماۋۇ بالىلىرىم دېگەن ۋاپاسىزلارنىڭ مېنى قىپيالىڭاچ قىلىپ ، ئەسكى ماتاغا يۆگەپلا كۆمۈپ قويۇشقىنىنى قارىمامدىغان ، شۇ تاپتا تېخى ئۇلار مېنىمۇ ئۇنتۇپ ، بەلكىم تېخى ئۆلۈپ كەتكىنىمگىمۇ خۇش بولۇشۇپ ، مەندىن قالغان دۇنيالارنى بۆلۈشەلمەي بىر - بىرىنىڭ كانىيىنى سىقىشىۋاتقاندۇر !… ھېچبولمىغاندا مېنى ئون -

يىگىرمە مىڭ سوم پۇل بىلەن قوشۇپ كۆمگەن بولسا ، ماۋۇ سوراقچىلارغا ئازاراق شۇڭغۇتۇپ باقمايتتىمۇ...»

رەجەپ باي ئىككى قولى بىلەن يەرنى تىرەجەپ قوپۇپ ئولتۇردى . يېنىدا ياتقان ئادەمگە قاراپ : «ئەجەب بىزنىڭ مەھەللىدىكى گۆركار قوناخونغا ئوخشايدىغان ئادەمكىنا بۇ !» دەپ ھەيران بولدى .

— قوناخونمۇسەن ؟ ! — دەپ نوقۇدى ئۇ يېنىدىكى ئادەمنى .

قوناخون ئويغىنىپ ، يېنىدىكى كېپەنگە ئورىلىپ ئولتۇرغان ئادەمنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى .

— شۇنداق ، ئۆزلىرى رەجەپ باي بولامدىلا ؟

— سەن قاچان ئۆلۈپ كەتكەنتىڭ ؟

— تازا ئېسىمدە يوق . سىلىنىڭ گۆرلىرىنى كولاپ بولۇپ ، قانداقراق بولدى؟ دەپ ئىچ گۆرگە كىرىپ سوزۇلۇپ يېتىپ باققىنىم ئېسىمدە . ئۆزۈممۇ ھېرىپ كېتىپتىكەنمەن ، يېتىپ شۇنچىلىك راھەتلەندىم . سىلى بىلىلا ، مومىيىم ئۆلۈپ كەتكىنىگە تۆت - بەش يىل بولۇپ قالدى . شۇنىڭدىن بېرى يالغۇزلۇقتا ئۆلۈمنىلا ئويلايدىغان بولۇپ قالغانىدىم . ئىككى قىزىمنىڭ ئۇششاق باللىرى بار ، ھەممىسى ئۆزىنىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەن . بەزىدە ئاش - تاماق سېغىنىپ قالسام ، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە بارىمەن . «شۇ كويئوغۇللارنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنمەيلا» دەپ يەنە قايتىپ كېلىمەن . بىر قورسىقىمنى دەپ كىم ئۆلسە شۇنىڭ گۆرىنى كولاپ ، شۇمۇ كۇنمۇ ؟ ئۇنىڭدىن كۆرە تىرىكچىلىكنىڭ غېمىدىن خالاس بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەنمۇ ياخشىكەن دەپ ئويلاپ ، يېتىپلا خۇداغا ئەرزىم يېتىپ ، ئۆلۈپ كەتكەن ئوخشايمەن .

— قاچان ؟
— قاچان ئۆلۈپ كەتكىنىم تازا ئېسىمدە يوق . شۇ سىلىنىڭ گۆرلىرىنى كولاپ بولۇپلا...
— مېنىڭ گۆرۈم قايسى ؟
— مۇشۇ گۆر سىلىنىڭ بولمامدۇ . قارىسىلا ، نېمىدېگەن ئازادە كولاپتىمەن . نىيەتلىرى خالىس بولغاچقا توپىسىمۇ يۇمشاق ، ئۇبدان چىقتى . ئىككىمىز كەڭ ـ كۇشادە يېتىپ ، يەنە بىرمۇنچە يەر ئېشىپ قاپتۇ .
— ئەمىسە ، سېنىڭ گۆرۈڭ قېنى ؟
— مېنىڭ گۆرۈم... راست ، مېنىڭ گۆرۈم قېنى ؟... جامائەت مېنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىمنى تېخى بىلگۈدەك بولمىدى ـ دە ! خەۋەر تاپقان بولسا ، مېنىڭ گۆرۈممۇ تەييار بولار ئىدى .
— چىقە ، ئۆزۈڭنىڭ گۆرىگە چىقىپ يات !— دەپ ۋارقىرىدى رەجەپ باي . ئاچچىقىدىن ئۇنىڭ گۆرەن تومۇرلىرى كۆپۈپ كەتكەنىدى .
— رەجەپ باي ، — دېدى قۇناخۇن يېلىنىش ئاھاڭىدا ، — بۇ دېگەن باشقا بىر دۇنيا ، سېنىڭ ـ مېنىڭ دېيىشىدىغان يەر ئەمەس . ئاۋۇ نەچچە مو يېرىمنى سىلى ئۆزلىرىنىڭ يەرلىرىگە قېتىۋالغاندىمۇ مەن گەپ قىلمىغانغۇ ؟... ئىككىمىز بۇ يەردە گۇڭشۇر ـ مۇڭشۇر مۇڭدىشىپ ياتساق ، سىلىگىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ ؟
— نېمە دەۋاتىسەن ! ؟ مەن سەندەك يالاڭ تۆش بىلەن بىر گۆردە ياتامتىم !...
رەجەپ باي ئىچىدە : «ھېلى ھېلىقى سوراقچىلار يېنىپ كېلىپ سوراقنى باشلىغىلى تۇرسا ، قىلغان ـ ئەتكەنلىرىم چۇۋۇلۇپ چىقىپ ، ماۋۇ قۇناخۇن دېگەن قوشالتاقنىڭ ئالدىدا

يۈزۈم تۆكۈلۈپ كېتەرمۇ ؟ » دېگەنلەرنى ئويلاۋاتاتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ گۆر رەجەپ باينىڭ پۇلى بىلەن كولانغان تۇرسا ، ئىنساپ قىلسا ، بالا - چاقىلىرى ئەتە - ئۆگۈن ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىدە ئېگىز گۈمبەزمۇ قوپۇرۇشار . بۇ قۇناخۇن دېگەن بىر تىيىن خەجلىمەي ، «غىپپىدە» بۇ گۆرگە كىرىپ يېتىۋالسا ، پايدا ئۇنىڭغىلا بولامدۇ ؟ رەجەپ باي ئۆمرىدە مۇنداق زىيانغا دەسسەپ باققان ئەمەس .

— چىق دېدىم ، چىق ! — دەپ قوغلىدى ئۇ قۇناخۇننى .

قۇناخۇن ئەتراپىنى سىپاشتۇرۇۋېدى ، ھېلىمۇ ئىچ گۆرنى كولايدىغاندا ئىشلىتىدىغان كالتە ساپلىق گۈرجەكنى يېنىدا تۇرۇپتۇ . گۈرجەك بىلەن رەجەپ باينىڭ بېشىغا بىرنى سالايمۇ دېدى ، يەنە ئۆزىگە ھاي بەردى . قۇناخۇن بەستى يوغان بولغان بىلەن ، ئۆمرىدە بىرى بىلەن سەن - پەن دېيىشمىگەن ياۋاش ئادەم ئىدى . دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ، گۈرجەك بىلەن توپىلارنى ئۇياق- بۇياققا تارتىپ بىرنېمىلەرنى قىلىپ ، مىڭ مۇشەققەتتە ئۆمىلەپ گۆردىن چىقىۋالدى . نامازدىگەر ۋاقتى بولۇپ قالغان بولۇپ ، تېخى قۇياش كۆكتە پارلاپ تۇراتتى . قۇناخۇن قاراڭغۇ گۆردىن چىقىپ ، كۆزىنى ئاچالماي بىردەم يېتىپ قالدى . قەيەرلەردىندۇر كاككۇكنىڭ «كاككۇك - كاككۇك» قىلىپ سايرىغان غېرىب ئاۋازى كېلەتتى… قۇناخۇن بىرئازدىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ ، قەبرىنىڭ بۇزۇلغان ، ئولتۇرۇشقان يەرلىرىنىڭ توپىسىنى تۈزەپ ، چاپان - چارىلىرىنى قېقىپ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى .

قۇناخۇن قەبرىستانلىقتىن چىقىپ بىر ئېرىقنىڭ بويىغا يېتىپ كەلدى . مۇزدەك سۇدا يۈزىنى يۇيۇپ ، چاپىنىنىڭ پېشىگە ئېرتتى - دە ، ئېرىقتىن سەكرەپ ئۆتۈپ چوڭ يولغا چىقتى .

«تووۋا ، رەجەپ باي دېگەننىڭ دەستىدە ئارامخۇدا ئۆلۈۋالغىلىمۇ بولمىدى !... » دېگەن خىياللار بىلەن كېتىپ باراتتى ، ئالدىغا بىر نەچچەيلەن ئۇچرىدى .

— قۇناخۇن ، بايا نەگە يوقىلىپ كەتتىڭلار ؟ — دېدى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرى ، — جامائەت سىلىنى ئىزدەپ...

— قاچان ؟

— بايا ، رەجەپ باينى يەرلىكىدە قويىدىغان چاغدا .

— رەجەپ بايمۇ ئادەممۇ ! — دېدى قۇناخۇن .

— نېمە ! ؟ — دەپ تېڭىرقاپ قېلىشتى ھېلىقىلار .

رەجەپ باي ئۆلگەن بىلەن ئۇنىڭ ئۇرۇق - جەمەتى تېخى بار - دە ! بۇ يۇرت زومىگەرىنى بىر ئادەمنىڭ پېتىنىپ بىرىنچى قېتىم ئوچۇق - ئاشكارا تىللىشى ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ گەپ مەھەللىدىكى ئەڭ ياۋاش قۇناخۇننىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتاتتى .

— رەجەپ باي بىلەن ئاداۋىتىڭلار بار ئوخشىمامدۇ ؟... شۇڭا ، بايام گۆرنى كولاپ قويۇپلا قېچىپتىكەنسىلەر - دە !...

قۇناخۇن «ھە» دەپ قويۇپلا يولىغا مېڭىۋەردى .

× ×

قۇناخۇن ئۆيىگە كەلگەندە ئۇيقۇسىدىن تولۇق ئويغىنىپ ئىسىگە كەلگەندەك بولدى . چاي قايىنىتىپ ئىچىشمۇ خۇشياقماي ، بېشىغا بىر سامان تەكىينى قويۇپ ، سۇپىنىڭ ئۈستىدە يېتىپلا يەنە خىيالغا كەتتى . «دېمەككى ، مەن رەجەپ باينىڭ گۆرىنى كولاپ بولۇپلا شۇ يەردە ھېرىپ ، ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ كېتىپتىمەن - دە ؟... مەن تېخى ئۆزۈمنى ئۆلۈپ كەتكەن ئوخشايمەن ، دەپ

قاپتىمەن . ئۇنداقتا ، رەجەپ باينىڭ كېپەننى يېپىنىپ ئولتۇرۇپ گەپ قىلغىنى ، رەجەپ باي بىلەن پاراڭلىشىپ كەتكەنلىرىم ، باينىڭ مېنى قوغلاپ چىقارغانلىرى قانداق ئىش بولۇپ كەتتى ؟... توۋا ، ئۇ دۇنياغا بىر بېرىپ قايتىپ كەلدىمۇ ، قانداق ! »

بۇ ئىش مۇشۇ يەردە توختاپ قالسىمۇ بولاتتى . لېكىنزە ، پۇلى ، ھوقۇقى بار غوجاملارغا تەخسىكەشلىك قىلىپ ، كۆزنگە ياخشى كۆرۈنۈشنىڭ پۇرسىتىنى ئىزدەپ يۈرىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس . قۇناخۇننىڭ قەبرىستانلىقتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ ، ئالدىغا ئۇچرىغانلارغا : «رەجەپ بايمۇ ئادەممۇ !» دەپ سالغان بىر ئېغىز گېپىنى كىمدۇر بىرى رەجەپ باينىڭ چوڭ ئوغلىغا ئېقىتماي - تېمىتماي يەتكۈزۈپ باردى . بۇ گەپنى ئاڭلاپ رەجەپ باينىڭ ئوغلى ئولتۇرالماي قالدى . «بابا بۇ قېرىنىڭ دادامنىڭ يەرلىكىنى كولاپ قويۇپلا يوقىلىپ كەتكىنىدە بىر گەپ باركەن-دە ؟... قېنى ، دادام ئۇ ئوغرىغا نېمە يامانلىق قىلغانكى ، بېرىپ بىر سوراپ باقاي» دەپ ئاچچىقىدا گۈرسۈلدەپ دەسسىگىنىچە قۇناخۇننىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى .

— قۇناخۇن ، ھاي ، قۇناخۇن !

رەجەپ باينىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ بوي - تۇرقى ، ئاۋازلىرىغىچە دادىسىغىلا ئوخشاپ كېتەتتى . بىر زامانلاردا رەجەپ باي «رەجەپ دادۇيجاڭ» بولۇپ تۇرغان چاغلاردا ئۇ مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەيداندا تۇرۇۋېلىپ ، ئاشۇنداق ئەلپازدا ۋارقىراپ ، ئەزالارنى ئىت - ئېشەكنى ھەيدىگەندەك ھەيدەپ ئىشقا ئاچىقىدىغان . شۇ تاپتىمۇ قۇناخۇننىڭ قۇلىقىغا رەجەپ باي دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ۋارقىراۋاتقاندەك ئاڭلىنىپ كەتتى .

«يائاللا ! — دەپ ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالدى قۇناخۇن ، — رەجەپ باينىڭ ئاۋازىغۇ بۇ !... رەجەپ بايمۇ گۆردىن قايتىپ چىقتىمۇ ، قانداق ؟... قايتىپ چىققان بولسا ئۆيىگە بارماي ، مېنىڭ دەرۋازام ئالدىدا نېمە ۋارقىرايدىغاندۇ ؟... بوپتۇ ، گۆردە بىللە ياتساقمۇ ياتايلى ، دەپ چاقىرغىلى كەلدىمۇ - يا ؟ ... يا ھېلىقى سوراقچىلار : ‹يېنىڭدىكى ئادەم قېنى ؟ نېمە دەپ ئۇنى قوغلاپ چىقىرىۋېتىسەن ؟ ماڭ بېرىپ تېپىپ كەل ! › دەپ ئەۋەتتىمۇ ؟... ئەمدى ھەرگىزمۇ رەجەپ باي بىلەن بىر گۆردە ياتماسمەن... »

— ھوي ، قۇناخۇن !

قۇناخۇن چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ، رەجەپ باينىڭ دەرۋازا ئالدىدا تۇرغان چوڭ ئوغلىنى كۆردى .

— خوش ، ئۇكام ، خىزمەت بارمىدى ؟

— قۇلىقىڭ پاڭمۇ ۋاي سېنىڭ ! ؟

— كۆزۈم ئازراق ئۇيقۇغا كېتىپ قاپتىكەن . ئۆيگە كىرسىلە .

— ئۆيۈڭگە كىرمەيمەن . مەيەرگە چىقە ، سورايدىغان گەپ بارتى .

قۇناخۇن دەرۋازا ئالدىغا چىقتى .

— دادام بىلەن نېمە ئاداۋىتىڭ بارتى ؟

— ھېچ .

— دادامنى يەرلىكىدە قويىدىغان چاغدا يەرلىكنى كولاپ قويۇپلا قېچىپ كېتىپسەن . يەنە جامائەت بىرنېمىلەرنى قىلىپ دەپنە قىلدۇق . گۆر كولىغان پۇلۇمنى بەرمەيدۇ ، دەپ ئويلاپ قالدىڭمۇ - يا ؟

— يـوقسۇ ، مـەن ھـەرقايسـلـــــرىدىن ھـەق تەلەپ قىلالتىمىمۇ...

— يولدا ئۇچرىغانلا ئادەمگە «رەجەپ بايمۇ ئادەممۇ !» دەپ يۈرۈپسەن . دادامنى يەرلىكىدە قويۇپ بىر كۈنمۇ بولماي نىمە ئاھانەت بۇ ؟... ئۆزۈڭچە ، رەجەپ باي ئۆلدى ، ئەمدى بۇ يۇرتنى سورايدىغان ئادەم قالمىدى ، دەپ ئويلاپ قالغان ئوخشىمامسەن ؟

— يوقسۇ ، دادىلىرىنىڭ ئورنىدا ھەرقايسىلىــرى مۇشۇ يۇرتنىڭ ئاتىسى .

— ئەمىسە ، «رەجەپ بايمۇ ئادەممۇ !» دېگىنىڭ نىمە گەپ ئۇ ؟

— كىمگە شۇنداق دەپتىمەن ؟ ھېچ ئېسىمدە يوقا !

— خۇپسەنلىك قىلما ئوغرى ، بۇ گەپنى سەن بىر ئەمەس ، بىرقانچە ئادەمنىڭ ئالدىدا دەپسەن . ئېيتە ، دادام ساڭا نىمە يامانلىق قىلغان ! ؟

قۇناخۇن شۇ گەپنى ئۆزىنىڭ نىمە ئۈچۈن دەپ سالغانلىقىنى ئوبدانراق چۈشەندۈرۈپ قويمىسا ، ئۆزىگە بۇ يۇرتتا كۈن يوقلۇقىنى چۈشەندى .

— ماڭا قارىسىلا ، ئۇكام ، — دېدى ئۇ ، — بۇ ئېشنى سىلى خاتا چۈشىنىپ قالمىسىلا . بۇ يۇرتتا بىز ھەرقايسىلىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلماي كىمنىڭ خىزمىتىنى قىلىمىز . يەرلىكىنى كولاپ بولۇپ ، ئىچ گۆر قانداقراق كولانغاندۇ ، كۆرۈپ باقاي دەپ ئىچىگە كىردىم . دادىلىرىدەك كاتتا ئادەمنىڭ يەرلىكىنى قولنىڭ ئۇچىدىلا كولاپ قويغان بىلەن بولامتى ؟... ئىچ گۆرگە كىرىپ ، ئۆزۈم سوزۇلۇپ يېتىپ كۆرۈپ باقتىم . توۋا ، نىمە غەپلەت باستىكىن بىلمىدىم ، سوزۇلۇپ يېتىپلا ئۇخلاپ كېتىپتىمەن .

جامائەتنىڭ قەبرىستانلىقا يېتىپ چىققىنىنى ، دادىلىرىنى يېنىمغا قويۇپ ، يەرلىكىنى كۆمۈپ كېتىپ قالغىنىنىمۇ تۇيماپتىمەن . بىر چاغدا بىرى مېنى نوقۇيدۇ ، كۆزۈمنى ئاچسام ، دادىلىرى ئاپئاق كېپەننى يېپىنىپ يېنىمدا ئولتۇرۇپتۇ…

— ئاكاھوي ، سەن نەنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسەن ؟

— دەۋاتىمەنغۇ ، ئىچ گۆرنى كۆرۈپ باقاي دەپ كىرىپ ، سوزۇلۇپ يېتىپ ئۇخلاپلا كېتىپتىمەن . جامائەت دادىلىرىنى مېنىڭ يېنىمغىلا قويۇپ ، كۆمۈۋېتىپ كېتىپ قاپتۇ… گېپىمنى بۆلمىسىلە ، مەن قېرى ئادەم ھېلىلا قىلىۋاتقان گېپىمدىن ئېزىپ كېتىمەن… ئەجەب بۇ تالادىلا تۇرۇپ قالدۇقا ؟ ھويلىغا كىرسىلە ، ھويلىدا پاراڭلىشايلى . بۇ گەپلەرنىڭ سىلىگە پايدىلىق تەرەپلىرى ئاخىرىدا چىقىدۇ .

قۇناخۇن رەجەپ باينىڭ ئوغلىنى ھويلىغا باشلاپ كىرىپ ، ئوتتۇن كەسلەيدىغان كۆتەكنىڭ ئۈستىنى پۈۋلەپ ، چاپىنىنىڭ پېشى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ :

— مانا ، مانا ، مەيەرگە كەلسىلە ، ئولتۇرسىلا ، — دەپ كۆتەكنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى . شۇ تاپتا ئۇ رەجەپ بايمۇ ئادەممۇ ؟ دەپ سالغان گېپىنى قانداق يوپۇتۇشنى بىلمەي خىيالىغا كەلگەننى سۆزلەۋاتاتتى ، — نېمە دەۋاتاتتىم… ھە ، كۆزۈمنى ئاچسام ، دادىلىرى يېنىمدا ئاپئاق كېپەننى يېپىنىپ ئولتۇرۇپتۇ .

«قۇناخۇنمۇ سەن ؟» دېدى .

«شۇنداق !» دېدىم .

«سەن بۇ يەردە نېمىگە ياتىسەن ؟» دېدى .

«ئۆلگەن ئوخشايمەن» دېدىم .

خۇددى بىر يۇرتتىن يىراق بىر يۇرتقا بېرىپ قالغان ئادەملەر ئۇچرىشىپ قالسا، بىر ـ بىرىنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ كەتكەندەك، دادىلىرى ئىككىمىز قۇچاقلىشىپ كەتتۇق. بىر چاغدا تاش گۆر تاراق ـ تۇرۇق قىلىپ قالدى. دادىلىرى ئىككىمىز چاندۇرماي سوزۇلۇپ يېتىۋالدۇق. ئىچ گۆرگە بىر نەرسىلىرىنى شاراقشىتىپ مۇنكىر ـ نەكىرلەر كىرىپ كەلدى. پەمىچە ئۇلار ئىككىدەك قىلاتتى...

رەجەپ باينىڭ ئوغلى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تېگىرقاپلا قالدى. يالغان گەپمىكىن دېسە، قۇناخۇننىڭ چىرايى شۇنچىلىك مۇلايىم، قىلغان سۆزىگە كىشىنىڭ گۇمان قىلغۇسى كەلمەيتتى.

— شۇنداق قىلىپ ئىچ گۆرگە مۇنكىر ـ نەكىرلەر دۈكۈرلىشىپ كىرىپ كەلدى، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلىۋاتاتتى قۇناخۇن، — دادىلىرىنى سوراق قىلىش باشلاندى. ھەممىنى ئاڭلاپ ياتىمەن، كۆزۈمنى ئاچالمايمەن. ئۇلارنىڭ ئاۋازى ھېلىمۇ قۇلىقىمدىلا تۇرۇپتۇ.

«خوش، نېمە ئادەم سەن؟» دەپ سورىدى سوراقچىلارنىڭ بىرى دادىلىرىدىن.

«رەجەپ باي بولىمەن. ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇلمانمەن!» دەپ دادىلىرى ناھايىتى تەمكىن جاۋاب بەردى. ئىچ گۆرنىڭ ئىچى جاراڭلاپ كەتتى. «كاتتا ئادەم دېگەنىنىڭ ئاۋازى ھەرقانداق يەردە ياڭراق چىقىدىكەن ـ ھە!» دەپ قالدىم.

«ھە، قېنى، قىلغان گۇناھلىرىڭنى سۆزلە!» دېدى سوراقچىلار.

— ئۇكام، ئۇ يەردە ھەرگىز يالغان گەپ قىلغىلى بولمايدۇ. دە. دادىلىرى قىلغان ـ ئەتكەن گۇناھلىق ئىشلىرىنى بىر ـ

بىرلەپ سۆزلىگىلى تۇردى. ئۆز ۋاقتىدا كوللېكتىپنىڭ خامىنىدىن ئوغرىلاپ سېتىۋەتكەن نەچچە توننا بۇغداي، نەچچە توننا قوناق، ئاپەتتە ئۆلدى، دەپ ھېسابقا كىرگۈزۈپ سويۇپ يەۋەتكەن نەچچە تۇياق مال... بالا - چاقىسىنى سۇ پۇلى، يەر پۇلى، توك پۇلى يىغىدىغان ئىشلارغا قويۇپ، خەقنى قانداق قاقتى - سوقتى قىلغانلىرى... ھارام بىلەن ھالالنى ئايرىماي مال - دۇنيا يىغىپ قانداق باي بولغانلىقى، كىملەرگە قانچە پارە بەرگەنلىكى... ئەيتاۋۇر، جىمى ئىش چۇۋۇلۇپ چىققىلى تۇردى...

---

قۇناخۇننىڭ سۆزلەۋاتقىنى رەجەپ باينىڭ ھەممە ئادەم بىلىدىغان ئەسكىلىكلىرىنىڭ بىرقىسمىلا ئىدى. لېكىن، ھازىرغىچە ھېچكىم ئېغىز ئېچىپ بۇ ئىشلار توغرىسىدا بىرنېمە دېيەلمىگەچكە، رەجەپ باي ئائىلىسىدىكىلەر «دېھقان دېگەن شۇنداق گول خەق، قىلغان - ئەتكەنلىرىمىزنى ھېچكىم بىلمەيدۇ» دەپ ئويلىشاتتى. رەجەپ باينىڭ ئوغلى بۇ گەپلەرنى قۇناخۇننىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاپ كۆزلىرى پارقىراپلا قالدى.

— نېمانداق ئۇزۇن گەپ بۇ؟ — دېدى ئۇ تاقەت قىلالماي، — گەپنى تولا يورغىلاتماي، مەن سورىغان سۆزگىلا جاۋاب بېرە. زادى سېنىڭ دادام بىلەن نېمە ئاداۋىتىڭ بارتى؟

قۇناخۇن ئۆزىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلەلمەي، توختىماي سۆزلەۋەردى.

— يەنە دادىلىرى، ئۇكام، نىكاھلىق - نىكاھسىز خوتۇنلىرى، ئۇلاردىن تۇغۇلغان ھالال - ھارام بالىلىرى، مال-مۈلكىنىڭ مىراس ھەققى دېگەندەك ئىشلار توغرىسىدىمۇ كۆپ سۆزلەپ كەتتى.

— ھە ، مىراس توغرىسىدا نېمە دېدى؟

— شۇ گەپلەرنى مەنمۇ تازا ئېنىق ئاڭلىيالمىدىم . ھېلىقى خوتۇنلار توغرىسىدىكى گەپلەرگە كەلگەندىلا دادىلىرىنىڭ بايىقى جاراڭلاپ تۇرىدىغان ئاۋازى پەسلەپ ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى . سوراقچىلارنىڭ بىرى ھەدەپ سوراق سوراۋاتىدۇ ، شىرت- شىرت قىلغان ئاۋازمۇ بار ، ھەرقاچان يەنە بىرى بولۇنغان گەپ- سۆزلەرنى خەتلەپ تۇرۇۋاتسا كېرەك . كۆزۈمنى يوغانراق ئېچىپ ، سوراقچىلارنىڭ رەڭگى - رۇخسارىنى بىر كۆرۈۋالاي دەيمەن ، خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن بىرى قاپىقىمغا تاش ئېسىپ قويغاندەك زادىلا كۆزۈمنى ئاچالمايمەن... ئەمدى ، ئۇكام ، سىلى دېگەن بالا . ئۇ يەردە بولۇنغان گەپ - سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى سىلىگە دەپ ئولتۇرغىلى بولمايدۇ ، كۆرگەنلا ئادەمگە سۆزلىگىلى تېخى بولمايدۇ . بۇ گۇناھلىق ئالەمدە گۇناھسىز كىم بار؟ قۇچاقتىكى بوۋاقمۇ بەزىدە ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى چىشلەپ سالىدۇ... گۆردىن قايتىپ چىقىپ ، يولدا : «خۇدايىم توۋا ، رەجەپ بايدەك ھۆرمەتلىك ئادەملەر شۇنچىۋالا گۇناھلىق ئىشلارنى قىلغان بولسا - ھە!؟...» دېگەن خىياللار بىلەن كېتىۋاتاتتىم . ھېلىقىلار ئۇچراپ رەجەپ باي توغرىسىدا بىرنېمىلەر دېگەندەك قىلىپ قالدى . مەنمۇ ئويلىماي پوسۇققىدە : «رەجەپ بايمۇ ئادەممۇ؟!» دەپ ساپتىمەن . مانا بولغان گەپ شۇ . مېنىڭ دادىلىرى بىلەن نېمە ئاداۋىتىم بولاتتى؟ رەجەپ باينىڭ ياخشىلىقىنى بىز ئاز كۆرگەنمۇ؟ مانا ، دادىلىرى رەھمەتلىك : «قۇناخۇن ، سەن كەمبەغەل ئادەم ، دەسمايە كەتمەيدىغان مۇشۇ گۆر كولايدىغان ئىشنى قىل ، ئاۋۇ ئازراق يېرىڭنى بىز تېرىغاچ تۇرايلى» دەپ مۇشۇ گۆر كولايدىغان

ئىشقىمۇ ئۆزى ئورۇنلاشتۇرۇپ ، مېنى تېرىقچىلىقنىڭ مۇشەققىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان ئەمەسمۇ . بولمىسا يەر ، سۇ ھەققى تۆلەيمەن ، ئوغۇت ئالىمەن ، غەللە تۆكىمەن ، دەپ نەلەردە پالاقلاپ يۈرەردىم...

رەجەپ باينىڭ ئوغلى قۇناخۇننىڭ گەپلىرىنىڭ راست - يالغانلىقى ياكى تاپا - تەنىلىكىنى ئاجرىتالمايلا قالدى .

— قۇناخۇن ، — دېدى ئۇ ، — باياتىندىن بېرى دەۋاتقان گەپلىرىڭنىڭ زادى قانچىلىكى راست ، قانچىلىكى يالغان ؟ سېنى بىر دادام بىلەن بىللە كۆمۈۋەتكەن بولساق ، سەن قانداق قىلىپ تىرىك قايتىپ چىقالىدىڭ ؟

— ھوي راست ، سىلىگە ئۆزۈمنىڭ قانداق قايتىپ چىققانلىقىمنى دەپ بېرىمەن ، دەپ ئۇنتۇپتىمەن . ھېلىقى سوراقچىلارنىڭ دادىلىرىنى سوراق قىلىۋېتىپ ماڭا كۆزى چۈشۈپ قالسا بولىدۇ .

«ھوي ، بۇ يەردە يەنە بىر ئادەم ياتىدىغۇ ؟» دېدى بىرى .

«نېمە ئادەم سەن ؟ !» دەپ ۋارقىراپ كەتتى يەنە بىرى . ئەلپازى شۇنداق يامان . قورققىنىمدىن پۈتۈن بەدىنىمدىن مۇزدەك تەر چىقىپ كەتتى . غەيرىتىمگە ئېلىپ :

«يانتاق مەھەللىدىكى گۆركار قۇناخۇن بولىمەن ، دىنىم ئىسلام ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىمەن» دېدىم . ئاۋازىم دادىلىرىنىڭكىدەك جاراڭلىق چىقمىدى ، شۇنداق بولسىمۇ سوراقچىلار سەل قايىل بولۇپ قالدى .

سوراقچىلارنىڭ بىرى قولتۇقىدىكى يوغان كىتابنى قولىغا ئېلىپ ئاچتى . مەن خەت تونۇمايدىغان ئادەم ئۇنىڭ قانداق كىتابلىقىنى نەدىن بىلەي . ئېھتىمالىم ، بۇ دۇنيادا تىرىك

ياشاۋاتقان ھەممىمىزنىڭ نامىئەمالى شۇ كىتابقا پۈتۈكلۈك بولسا كېرەك . ھېلىقى سوراقچى كىتابنى ۋاراقلاپ قاراپ :

«ياق ، بۈگۈن سوراق قىلىدىغانلارنىڭ ئىچىدە مۇنداق ئادەمنىڭ تىزىمى يوقكەن» دېدى . يەنە بىرى ماڭا قاراپ :

«قۇناخۇن ، سەن بۇ يەرگە ئوقۇشماي كىرىپ قاپسەن . سېنىڭ تېخى بىرنەچچەيلەننىڭ گۆرىنى كولايدىغان ئىشىڭ بار ئىكەن ، چىقىپ كەت ! » دەپ بۇيرۇق قىلدى .

«يا مەدەت !» دەپ ئورنۇمدىن قوزغالدىم ، دادىلىرى :

«قۇناخۇن ، چىقىپ كېتەمسەن ؟ » دېدى .

«سىلى بىلەن بۇ يەردە گۇڭگۇر - مۇڭگۇر مۇڭدىشىپ بىللە ياتقۇم بار ئىدى ، ئامال يوق» دېدىم . كۆڭلۈم شۇنداق يېرىم بولدى . ئاخىرىدا دادىلىرى :

«چىقىپ كەتسەڭ ، بالىلىرىمغا ئېيتىپ قويغىن . بۇ يەردىكى ئىشلارنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭ ، قەبرەمنىڭ ئۈستىگە گۈمبەز قاتۇرىمەن ، دەپ ئاۋارە بولۇشمىسۇن . شۇنىڭغا خەجلىگەن پۇلنى يېتىم - يېسىرلارغا بەرسۇن . خەقتىن ئېلىۋالغان مال - دۇنيا ، يەر - مۈلۈك بولسا ئىگىسىگە قايتۇرۇۋەتسۇن» دېگەن گەپلەرنى قىلدى .

ھېلىمۇ ياخشى ، گۆر كولايدىغان گۇرجىكىم يېنىمدىكەن . توپىلارنى تاتىلاشتۇرۇپ يۇرۇپ ، بىرنېمىلەرنى قىلىپ چىقىۋالدىم... ئىشەنسىلە - ئىشەنمىسىلە ئۆزلىرىنىڭ ئىختىيارى ، مانا ئۇكام ، بولۇنغان گەپلەر شۇ .

«بۇ قېرى ئالجىپتىمۇ نېمە ؟» دەپ ئويلىدى رەجەپ باينىڭ ئوغلى ئورنىدىن تۇرۇپ شىمىنىڭ ئارقىسىنى قېقىپ . كۈن ئولتۇرۇپ ، ئەتراپقا كەچكى گۇگۇم ئۆز قانىتىنى ياياقتا ئىدى .

— قۇناخۇن ، — دېدى ئۇ ، — باياتىندىن بېرى قىلغان گەپلىرىڭنى كۆرگەنلا يەردە بىلجىرلاۋەرمە ـ هە !

— هەددىممۇ ، — دېدى قۇناخۇن ، — مانا ئۆزلىرى كېلىپ : «دادامنى نېمىشقا رەجەپ بايمۇ ئادەممۇ ! دېدىڭ ؟ » دەپ سوراپتىلا ، شۇ گەپنى نېمىشقا دەپ سالغانلىقىمنى چۈشەندۈرۈپ قويىمەن ، دەپ شۇنچىۋالا جىق ۋالاقلاپ كەتتىم . بولمىسا ، بۇ گەپلەرنى باشقا يات ئادەمنىڭ ئالدىدا دېگىلى بولامدۇ ، دېسىلە .

رەجەپ باينىڭ ئوغلى ئۈنچىقماي دەرۋازىغا قاراپ ماڭدى .

× ×

قۇناخۇننىڭ «رەجەپ بايمۇ ئادەممۇ !» دېگەن گېپىنى رەجەپ باينىڭ چوڭ ئوغلىغا يەتكۈزۈپ بارغان چېقىمچىلار ، رەجەپ باينىڭ ئوغلى هېچبولمىغاندا قۇناخۇننى كۆتىگە تېپىپ بۇ مەھەللىدىن قوغلايدۇ ، دەپ ئويلىشىدى ، ئىشنىڭ نەتىجىسى ئۇلار كۈتكەندەك بولۇپ چىقمىدى . قۇناخۇن يەنە تاماق يېگۈسى كەلسە قىزلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تامىقىنى يەپ ، ياستۇقىنى قىرلاپ خاتىرجەم ئۇخلاپ يۈرەتتى . قۇناخۇننىڭ گۆردىن تىرىك قايتىپ چىققانلىقى توغرىسىدىكى هېكايە بولسا ، قۇلاقتىن ـ قۇلاققا تارقىلىپ خېلى يىراقلارغىچە يەتتى . بۇ گەپنىڭ راستلىقىنى مەھەللىنىڭ هۆرمەتلىك مەزىنى ئۆزى ئىسپات قىلغانىدى .

— مانا شۇ ۋاقىتتا ، — دەپ سۆزىنى باشلايتتى مەزىن ئاخۇنۇم ، — رەجەپ باينى يەرلىككە قويايلى ، دەپ ئىچ گۆرگە قارىساق ، ئۇ يەردە بىر ئادەم يېتىپتۇ . «ئاپلا ، قۇناخۇن ئىشنىڭ ئوڭايراقىنى قىلاي ، دەپ ، كونا گۆردىن بىرنى ئېچىپتىكەن ـ

دە ، بوپتۇ ، جەسەتنى نېرىراق ئىتتىرىپ قويۇپ ، رەجەپ باينى قويۇۋېرەيلى ، ھەممىسى خۇدانىڭ زىممىنىغۇ» دەپتىمىز . بايا ، ئۇنىڭ ئىچىدە قۇناخۇن ئۇخلاپ قالغانىكەن ئەمەسمۇ . توۋا دەيدىغان ئىش . بۇ ئادەمنىڭ ئۇ يەردىن تىرىك قايتىپ چىققىنى بىر كارامەت بوپتۇ...

مەزىن ئاخۇنۇم ئالالانىڭ قۇدرىتى ئالدىدا ھەرقانداق مۆجىزىنىڭ يۇز بېرىدىغانلىقىدىن شۇبھىلەنمەيتتى . قۇناخۇننىڭ گۆردىن تىرىك قايتىپ چىققانلىقىنى يەنە كىشىلەر ئۆز تەسەۋۋۇرى بىلەن ھەر خىل تۇستە بېيىتىپ بىر - بىرىگە يەتكۈزۈشەتتى .

— شۇنداق قىلىپ ، تاش گۆرگە يەتتە كەتمەن توپا چۈشكەن بىلەن تەڭ ئىچ گۆرگە مۇنكىر - نەكىرلەرمۇ كىرىپ تەخ بولۇپ تۇرۇپتۇ ، — دەپ ھېكايە قىلاتتى بىرەيلەن ، — قارىسا ئىچ گۆردە ئىككى ئادەم ياتقان . رەجەپ باينىڭ كۆزى يۇمۇق ، ئېڭىكى چېتىقلىق تۇرغۇدەك ، قۇناخۇن بولسا كۆزىنى ئۇينىڭ كۆزىدەك يوغان ئېچىپ پارقىراپ ياتقۇدەك . «سەن نېمە ئادەم ؟» دەپ سوراپتىكەن ، قۇناخۇن ھودۇق - پۇدۇق قىلىپ قاپتۇ . «پاھ ، ماۋۇ كاززاپنى قاراڭلار ، ئۆزۈڭچە ئۆلۈكلەر قاتارىغا كىرىۋېلىپ ، كۆزىمىزنى بويىماقچىمىدىڭ... ساڭا نۆۋەت كېلىدىغانغا خېلى بار ، چىقە !» دەپ ياقىسىدىن تۇتۇپ بىر ئېتىپتىكەن ، قۇناخۇن ئۆزىنى قەبرە بېشىدا كۆرۈپتۇ . قارىسا ، كىيىملىرىگە توپىمۇ يۇقماپتۇدەك...

— ياق ، ئەسلىي بۇ مۇنداق گەپكەن ، — دەپ سۆز باشلايتتى يەنە بىرەيلەن ، — سوراقچىلار كىرىپ : «تۇر ئورنۇڭدىن !» دەپ بىر ۋارقىراپتىكەن ، قۇناڭكام بىلەن رەجەپ باي تەڭلا ئورنىدىن

تۇرۇپ كېتىشىپتۇ. «قايسىڭنىڭ ئىسمى رەجەپ؟» دەپ سوراپتىكەن، رەجەپ باي: «رەجەپ دېگەن مانا مەن بولىمەن» دەپتۇ. «ئەمىسە، سەن نېمە ئادەم؟» دەپ بىزنىڭ قوناقكامغا قاراپتىكەن، قوناقكام: «مەن يانتاق مەھەللىدىكى گۆركار قوناخون بولىمەن. قانداق قىلىپ بۇ رەجەپ باي بىلەن بۇ يەردە بىللە يېتىپ قالغىنىم پەقەتلا ئېسىمدە يوق. شۇنىڭغا قارىغاندا، مەنمۇ ئۆلۈپ كەتكەن ئوخشىمامدىمەن» دەپتۇ. «ئۆلگەن بولساڭ كېپىنىڭ قېنى؟» دەپ سوراپتىكەن، قوناقكام يېنىدىكى كېپەنگە ئورىنىپ تۇرغان رەجەپ بايغا قاراپ: «هوي، رەجەپ باي، راست مېنىڭ كېپىنىم قېنى؟ ئەتىرەتتە كېپەن تارقاتقاندا، مېنى ئۇنتۇپ قالغانمۇ قانداق؟ ئۆز ۋاقتىدا، ئەزالارغا نورما ئاشلىق تارقاتقاندىمۇ كەم بېرىپ، قاقتى - سوقتى قىلىدىغان ئىشلار بولىدىغان. ئەمدى ئادەم بېشىغا بىر دىنلا توغرا كېلىدىغان بۇ كېپەننىمۇ مۇشۇنداق كانتىلىساڭلا قانداق بولىدۇ، رەجەپ باي؟... ماۋۇ كېپەننى بولسىمۇ تەڭ يېپىنايلى» دەپ ھەدەپ رەجەپ باينىڭ كېپىنىنى تارتقىلى تۇرۇپتۇ. رەجەپ باينىڭ تازا ئاچچىقى كەپتۇ. مەھەللىدە بولغان بولسا، قوناقكامنىڭ كۆرگۈلۈكىنى كۆرسىتەر ئىكەن. گۆردە — سوراقچىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تەستە تۇتۇۋېلىپ: «قوناخون، كېپەن دېگەننى ئۆلگەندە ياپىدىغان نېمە، سىلىنىڭ قاچان، قانداق ئۆلۈپ كەتكىنىڭلىنى مەن بىلمىسەم. مەن ئۆلگەندە سىلە مېنىڭ يەرلىكىمنى كولىغان تۇرساڭلا، مەن سىلىنىڭ كېپىنىڭلىنىڭ ئىشىنى نىمە بىلەي؟» دەپتۇ. قوناقكام: «ئۇنداق بولسا، مەن كەمبەغەل ئادەم، بالىلىرىم كېپەنلىمەيلا كۆمۈۋەتكەن ئوخشىمامدۇ» دەپتۇ. سوراقچىلار: «ماڭ، چىقىپ كېپىنىڭنى

كىيىپ كىر!» دەپ گەجگىسىدىن تۇتۇپ پىرقىرىتىپ بىر ئېتىپتىكەن، قۇناڭكام هويلىسىغىلا چۈشۈپتۇ. قارىسا، گۆر كولايدىغان گۈرجىكىمۇ قولىدا تۇرغۇدەك...

ياشراق يىگىتلەر بۇ گەپكە خىيالىغا كەلگەن مەزمۇنلارنى قوشۇپ چاقچاقلا ئايلاندۇراتتى.

— قۇناڭكامنى جامائەتنىڭ ئۇقۇشماي رەجەپ باي بىلەن بىللە كۆمۈۋەتكىنى راست گەپكەن، — دەپ گەپ باشلايتتى ئۇلار، — سوراقچىلار كىرىپ شۇنداق قارىسا، قاتارلىشىپ ئىككى ئادەم ياتقان. نېرى - بېرىسىنى سۈرۈشتە قىلمايلا سوراقنى باشلىۋېتىپتۇ. باشتا رەجەپ باينى سوراق قىلغانىكەن، كىشىگە ئېيتقىلى بولمايدىغان شۇنداق جىق ئەسكىلىكلىرى چۈۋۈلۈپ چىقىپ كېتىپتىمىش. «قوپ ئورنۇڭدىن!» دەپ رەجەپ باينى توپتوغرا دوزاخقىلا ئېلىپ مېڭىپتۇ. قۇناڭكام رەجەپ باينىڭ قورققىنىدىن دىر - دىر تىترەپ، لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈۋاتقان دوزاخ تەرەپكە پۇتىنى سۆرەپ، نائىلاج قانداق كېتىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ يېتىپتۇدەك. سوراقچىلار قايتىپ كېلىپ قۇناڭكامنى سوراق قىلىشنى باشلاپتۇ. بۇ بىچارە كەمبەغەلدە نېمە گۇناھ بار دەيسىلەر؟ خۇدانىڭ بىر مۆمىنى - دە ئۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئىنچىكىلەپ سۈرۈشتۈرۈپتىكەن، بەزىدە زوغا ۋاقتىدا ئويغىنالماي ئوتتۇز كۈن روزىنى ساق تۇتالمىغانلىرى، نامازنى ۋاقتىدا ئۆتىيەلمەي قازا قىلغانلىرى پاش بوپتۇ. «مەيلىلا، تىرىكچىلىكنىڭ غېمىدە، بەزىدە شۇنداق بولسىمۇ بولغاندۇ» دەپ ئۇنىڭ مۇنداق ئۇششاق- چۈششەك گۇناھلىرىنى كەچۈرۈۋېتىپ، قۇناڭكامنى جەننەتكە ئېلىپ مېڭىپتۇ. قۇناڭكام شۇنداق قارىسا، ئالدىدا ياپيېشىل بىر

باغۇبوستانلىق تۇرغۇدەك ، باغنىڭ ئىچىدە نېپىز يىپەك كىيىملىرىدىن ئاپئاق بەدەنلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان ھۆر ـ پەرىلەر ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرگەنمىش . قۇناخكام : «يائاللا ! مەن قېرىپ قالغان ئادەم تۇرسام ، مۇنچىۋالا كۆپ خوتۇننىڭ ھۆددىسىدىن قانداق چىقىمەن !» دەپ ئالدى ـ كەينىگە قارىماي قېچىپ يېنىپ چىقىپتۇدەك…

مەھەللىدە ئىچى پۇشقان ئادەملەر مۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغاندا ھەيران بولۇپ كۈلۈشۈپ ، ئازراق بولسىمۇ راھەتلىنىپ قېلىشاتتى .

بىر كۈنى ، قۇناخۇن رەجەپ باينىڭ ئوغلى بىلەن يولدا يۈزمۇيۈز كېزىكىپ قالدى .

— ھەي ، ئالجىغان قېرى ، توختىغىنە ! — دەپ ۋارقىرىدى رەجەپ باينىڭ چوڭ ئوغلى .

قۇناخۇن توختاپ ، رەجەپ باينىڭ ئوغلىغا زەردە بىلەن قارىدى . «ئالجىغان قېرى» دېگەن بۇ گەپ كىشى يوق دالدىراق يەردە دېيىلگەن بولسىمۇ ، قۇناخۇن يەنە دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ بولدى قىلاتتىمىكىن ، كۆپكۆندۈزدە ، جامائەت ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان چوڭ يولدا قىلىنغان بۇ ئاھانەت قۇناخۇنغا قاتتىق ھار كەلدى . قۇناخۇن ھەرقانچە ياۋاش ، كەمبەغەل بولسىمۇ ، ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ئادەملىك غۇرۇرى بار ـ دە !

— ئۇكام ، سەل ئېغىزلىرىڭغا بايقاپ گەپ قىلسىلا بولامدىكىن ، — دېدى قۇناخۇن .

— ۋاي ، ماۋۇ قېرىنىڭ يوغانچىلىقىنى كۆرۈڭ ! خەقنىڭ ئاغزىدا تارقىلىپ يۈرگەن گەپ ـ سۆزلەر سەن ئالجىغان قېرىنىڭ ئاغزىدىن چىقمىسا ، نەدىن چىقىدۇ ؟ ئۆتكەندە ماڭا : «دادىلىرى

توغرىسىدا باشقا ھېچ يەردە قالايمىقان گەپ قىلمايمەن» دەپ ۋەدە قىلمىغانمىدىڭ ؟

— مەن دادىلىرى توغرۇلۇق ھېچ يەردە ئۇشۇق - تۆشۈك گەپ قىلمىدىم . ئەمدى كۆپ دېگەننىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالغىلى بولمايدىكەن ، ئۆلارنىڭ نېمىلەرنى دەپ يۈرگىنىدىنمۇ خەۋىرىم يوق··· مېنى «ئالجىغان قېرى» دەپ قالدىلا ، راست ئالجىغان بولسام ، ئالجىغىنىمنى بىر كۆرسىتىپ قويىمەن .

— ھە ، قانداق قىلارسەن ؟ !

— قانداق قىلاتتىم ، ئالجىغان ئادەمنىڭ ئاغزىدىن ھەممە گەپ چىقىدۇ . رەجەپ باينىڭ ئەترەت باشلىقى بولغان چاغلىرىدا چىرايلىق ، ياش چوكانلارنىڭ ئېرىنى ھاشارغا ماڭدۇرۇۋېتىپ قىلغان ئەسكىلىكلىرىدىن تارتىپ ، قېرىغاندا شەھەردە مەخپىي ئۆيلەنگەنلىرىگىچە ، قوينۇم ئوغرى - قونچۇم ئوغرى قىلىپ ، كۆپچىلىكنىڭكىنى بۇلاپ - تالاپ يىغقان مال - دۇنيالىرىدىن تارتىپ ، «يەر - سۇ پۇلى تۆلىمىدىڭ» دەپ قانچە بىچارىلەرنىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىنى تارتىۋېلىپ ئۆزىنىڭ قىلىۋالغانلىرىغىچە ، بالا- چاقا ، ئۇرۇق - جەمەتلىرىنىڭ ئەسكىلىكلىرىنىمۇ قوشۇپ ، كۆزۈمنى يۇمۇۋېلىپ ھەممە يەردە بىر سۆزلىگىلى تۇرىمەن . بۇ دۇنيادا بۇنداق ناھەقچىلىكلەرنى سورايدىغان بىرەر يەرمۇ چىقىپ قالار ؟··· چىقمىسا ، بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن . يامىنى كەلسە ئۆلۈمكەنغۇ ! ئۆلۈپ ، ئاشۇ خاتىرجەم يەرگە بېرىپ يېتىۋېلىشنى ئۆزۈممۇ خالاپ قالدىم···

رەجەپ باينىڭ ئوغلى قۇناخۇننىڭ پەيلىدىن چۆچۈپ قالدى .

— سەن ، سەن ، زادى نېمە دېمەكچى ؟ بىزدىن تەلەپ قىلىپ ئالىدىغان بىرنېمەڭ بارمىدۇ ؟ — دېدى ئۇ .

— ھېچنېمىلىرىنىڭ كېرىكى يوق !— دېدى قۇناخۇن ، — مۇشۇ ياشقا كېلىپ مەن بۇ يۇرتتا ئىككى زومىگەرنى كۆردۈم . بىرى ، مۇشۇ يۇرتنىڭ ئەسلىدىكى يەر ئىگىسى موللاق تاز ، خەققە قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغانىدى ، يېڭى ھۆكۈمەت كېلىپ جاجىسىنى بەرگەن ؛ يەنە بىرى ، سىلىنىڭ دادىلىرى ، يېڭى ھۆكۈمەت ئۆزى يېتىشتۈرگەن . بۇ جاھان پىرقىراپ كونا ئىزىغا چۈشۈپ قېلىۋاتامدۇ ، ھېچ بىلەلمىدىم··· مەن سىلىگە ئېيتىپ قوياي ، بۇ ئالەمدە سورىقى يوق ئىش يوق جۇما··· ياخشىسى ، ماۋۇ «ئالجىغان قېرى» دېگەن گەپلىرىنى يىغىشتۇرۇۋالسىلا . مەن سىلىدىن ياشتا خېلى چوڭ . بىر - بىرىمىزنى ئىززەتلەپ ئۆتكىنىمىز تۈزۈك . قالغىنىنى ئۆزلىرى بىلسىلە .

قۇناخۇن دەيدىغاننى دەپ قورسىقىنى بوشىتىۋېلىپ ، يېنىكلەپ قالغاندەك بولۇپ مېڭىپ كەتتى .

× ×

ئەتىسى قۇناخۇن ناماز پېشىننى ئۆتەش ئۈچۈن مەسچىتكە قاراپ كېتىۋاتاتتى . مەسچىتنىڭ يېنىدىكى يولدىن بىر ئىش بىلەن ئالدىراش ئۆتۈپ كېتىۋاتقان رەجەپ باينىڭ چوڭ ئوغلى ئېگىلىپ سالام قىلدى :

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ، قۇناڭكا !

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ! — دېدى قۇناخۇن .

رەجەپ باينىڭ ئوغلى قۇناخۇنغا يېقىن كېلىپ پىچىرلىدى :

— بىزنىڭ يەرگە قېتىلىپ قالغان يەرلىرىنى ئەتىيازدىن

باشلاپ ئۆزلىرى تېرىسىلا .

— ھەممەتلىرىگە رەھمەت ، ئۇكام .

مەسچىت سەيناسىدا تۇرغان بىرنەچچەيلەن ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قېلىشتى . بۇ — رەجەپ باي ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تۇنجى قېتىم ئاددىي بىر دېھقانغا ئېگىلىپ سالام قىلىشى ئىدى .

— قۇناخۇن ، رەجەپ باينىڭ ئوغلى سىلىگە ئەجەب ئېگىلىپ سالام قىلىپ كەتتا ؟ !— دېدى مەسچىت سەيناسىدا تۇرغانلارنىڭ بىرى ، — قۇلاقلىرىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ پىچىرلاۋاتاتتى ، نېمە دېدى ؟

— ئاخشام رەھمەتلىك دادام چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ . ئۇ دۇنيادىمۇ سوئال - سوراق بەك قاتتىق بولۇۋېتىپتۇدەك ، دېدى ، — دېدى قۇناخۇن .

قۇناخۇننىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىپ تۇرغانلار كۈلۈشۈپ كەتتى . مەسچىت ياغاچلىرىدا كەپتەرلەر كۈكۈللۈك بۇقۇلدىشاتتى…

2000 - يىل 11 - ئاي ، غۇلجا

# پەزىلەت ئىگىسى — ماناپ قادىرى

پېشقەدەم پېداگوگ، ھۆرمەتكە سازاۋەر سەنئەتكار، تىرىشچان ئەدىب ماناپ قادىرى 2008 - يىلى 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى سەكسەن بەش يېشىدا غۇلجا شەھىرىدە جىمجىتلا ئارىمىزدىن كەتتى. ياش چاغلىرىدا ئۇنىڭ قەدىمى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى شەھەر - يېزىلىرىدىن خوتەننىڭ ئەڭ چەتتىكى قۇملۇق چۆللۈكلىرىگىچە بېرىپ يەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى ئۇ يۇرتلارغىچە يېتىپ بارالمىدى. مەنمۇ بۇ ئۇنتۇلماس ئۇستازنىڭ ۋاپاتىدىن كېچىكىپ خەۋەر تاپتىم، ئاڭلىسام، ماناپ قادىرىنىڭ نامىزىغا كەلگەن جامائەت غۇلجا ئالتە شۇئار مەھەللە مەسچىت قورۇسىنىڭ ئىچى - تېشىدا سانجاق بولۇپ تۇرۇپ كەتتى، دېيىشىندۇ. ماناپ قادىرى ئەدەبىيات، رەسساملىق، فوتوگرافىيە، خەتتاتلىق دېگەندەك سەنئەتنىڭ ھەممە تۈرلىرىدە ئۆز تالانتىنى نامايان قىلغان مەدەنىيەت جەڭچىسى، ئادىمىيلىك پەزىلىتى بىلەن ھەممىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ئالىيجاناب ئۇستاز ئىدى. ناماز كۈنى، كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدەبىي تەنقىدچىلىرىمىزنىڭ بىرى، ئەينى يىللاردىكى ماناپ قادىرىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئابدۇۋەلى كېرىم مەسچىت سۇپىسىغا چىقىپ كۆپچىلىككە قىسقا بىر تەزىيە نۇتقى سۆزلەپ، مەرھۇمنىڭ ھاياتى، ئىش ئىزلىرىنى تونۇشتۇرغان؛ ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، ئاپتونوم

رايوننىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى مىجىت ناسىر، يازغۇچى ئابدۇراخمان قاھار، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاھىتجان غوپۇر، ئەدەبىي تەرجىمان غوجائەخمەت يۇنۇس قاتارلىق ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ تېلېفون ئارقىلىق يوللانغان تەزىيە سۆزلىرى يەتكۈزۈلگەن. مەرھۇمنىڭ شۇ كۈندىكى ئۆلۈم مەرىكىسىدە بولالمىغانلىقىم، قارىلىق باغلاپ، تاۋۇتىنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، ئاچچىق بىر يىغلىۋالالمىغىنىمغا قاتتىق ئۆكۈندۈم.

ماناپ قادىرى 1923 - يىلى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ تاھىريۈزى يېزىسىدا تۇغۇلغان. مەكتەپ يېشىغا يەتكەندە غۇلجا شەھىرىگە كېلىپ «ئۈمىد مەكتىپى» (ھازىرقى غۇلجا شەھەر ئىككىنچى ئوتتۇرا مەكتەپ)دە ئوقۇغان. ماناپ قادىرىنىڭ بۇ مەكتەپتە ئوقۇپ قېلىشىغا مۇنداق بىر ئىش سەۋەب بولغانىكەن: شۇ يىللاردا غۇلجا شەھىرىدە زېرىپباي دېگەن بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، ماناپ قادىرىنىڭ دادىسى شۇ كىشىگە ياللىنىپ ئىشلەيدىكەن. ماناپ قادىرى زېرىپباينىڭ كىچىك ئوغلىنى ھەمراھ بولۇپ مەكتەپكە ئاپىرىپ - ئەكېلىپ يۈرەتتىكەن. باللار سىنىپقا كىرىپ كەتكەندە ماناپ قادىرى دېرىزىلەرگە يامىشىپ سىنىپ ئىچىگە تەلمۈرۈپ قاراپ، باللار نېمە ئوقۇسا شۇنى ئەگىشىپ ئوقۇيدىكەن. مۇئەللىم دوسكىغا يېزىپ بەرگەن خەتلەرنى باللار دەپتەرلىرىگە كۆچۈرگىلى تۇرغاندا ماناپ قادىرىمۇ شۇ ھەرپلەرنى تاياق بىلەن يەرگە سىجاپ ئۆگىنىدىكەن. بىر كۈنى، مەكتەپ قورۇسى ئىچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان مەكتەپ مۇدىرى ماناپ قادىرىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىغا دىققەت قىلىپ قاپتۇ. يېنىغا بېرىپ: «بالام، سەن كىم بولىسەن؟ نېمە

قىلىۋاتىسەن؟» دەپ سوراپتۇ. ماناپ قادىرى ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپتۇ. مەكتەپ مۇدىرى بالىنىڭ يەرگە يازغان خەتلىرىگە قاراپ تۇرۇپ كېتىپ: «قولۇڭ خەتكە بىر ئوبدان كېلىدىكەن، نېمىشقا سەنمۇ سىنىپقا كىرىپ ئوقۇمايسەن؟ يۈرە مەن سېنى ئەكىرىپ قوياي» دەپ قولىدىن يېتىلەپ سىنىپقا ئەكىرىپ قويغانىكەن. ماناپ قادىرىنىڭ مەكتەپتە ئوقۇماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلىغان زېرىپباي بېشىغا بىرنى ئۇرۇپ: «ماۋۇ ئىشنىڭ مېنىڭ ئەقلىمگە كەلمىگىنىنى قاراڭلار، راست سەنمۇ ھەركۈنى بالامغا ھەمراھ بولۇپ مەكتەپكە بارىدىغان بولغاندىن كېيىن، سىنىپقا كىرىپ شۇلار بىلەن بىللە ئوقۇساڭلار بولمىدىمۇ، ئوقۇ، بالام، ئوقۇ، دەپتەر - قېرىنداشلىرىڭنى مەن ئېلىپ بېرەي» دېگەنىكەن.

ئۇ چاغلاردا «ئۇمىد مەكتىپى»گە ئوخشاش ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەر ئالتە يىللىق ئوقۇش تۈزۈمىدە بولۇپ، دەسلەپكى تۆت يىلدا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ، كېيىنكى ئىككى يىلدا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ دەرسلىرى ئۆتۈلەتتىكەن. ماناپ قادىرى بۇ مەكتەپنى ئەلاچى ئوقۇغۇچىلار قاتارىدا ئوقۇپ تۈگەتكەن. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىنىڭ بېشىدا، بىلىم ئېلىش ئىشتىياقىدا يۇرغۇن مۇشەققەتلەرنى چېكىپ ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۈرۈمچى پېداگوگىكا مەكتىپىگە كىرگەن. شۇ يىللاردا جاللات شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ رەزىل قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ، ئىلغار زىيالىيلارنى تۇتۇپ قاماپ، ئۆلتۈرۈشكە باشلىغانلىقتىن، ئۈرۈمچىدىمۇ تۇرالماي يەنە غۇلجىغا قايتىپ كەلگەن. 1942 - يىلىغىچە ئىلى گىمنازىيەسىدە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرغان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىدە

ۋەزىپە ئۆتىگەن.

ماناپ قادىرى پۈتۈن ئۆمرى مائارىپ سېپىدە ئۆتكەن پېشقەدەم مائارىپچى. ئۇ 1943 - يىلىدىن باشلاپ ئاقارتىش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، دەسلەپتە غۇلجا شەھىرى «روشەن مەكتىپى»دە ئوقۇتقۇچى بولغان، 1946 - يىلىدىن 1948 - يىلىغىچە غۇلجا شەھىرى «ھەيرانباغ مەكتىپى»دە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1948 - يىلىدىن 1954 - يىلىغىچە ئىلى «قىزلار تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپى»دە دەرس بەرگەن. 1954 - يىلىدىن كېيىن، دەسلەپتە «ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى بىلىم يۇرتى»دا، ئاندىن «ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى»دا ئوقۇتقۇچى بولغان. ئۇنىڭ يېرىم ئەسىرگە يەتكۈدەك ئۆمرى قارا دوسكا ئالدىدا بورنىڭ ئاچچىق چېڭىنى يۇتۇپ، ئىززباسارلارنى يېتىشتۈرۈش مۇشەققىتىدە ئۆتكەن. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ رەھبەرلىرىدىن بولغان غوجىخان ھاكىموپ، مىجىت ناسىرلاردىن تارتىپ ئاتاقلىق يازغۇچىلىرىمىز زوردۇن سابىر، مۇھەممەتجان سادىق، ئابدۇراخمان قاھارلارغىچە، ئاتاقلىق رېژىسسور مۇختەر ئابدۇراخماندىن تارتىپ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاتاقلىق تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى ھۇسەيىن توختى، قابىل سەنئەتكار ئابلىز شاكىرلارغىچە بولغان نۇرغۇن داڭلىق كىشىلەر ئەينى يىللاردا ماناپ قادىرىنىڭ قولىدا ئوقۇغانىدى.

× ×

ماناپ قادىرى ياش ۋاقتىدىن باشلاپلا «ئاپرېل ئۆزگىرىشى»دىن كېيىن پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدا قوزغالغان

ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى بىلەن ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىغا ئوتتەك ئىشتىياقتا بېرىلىپ ، ئۆز پائالىيىتىنى ئەدەبىيات ، رەسسامچىلىق ، فوتوگرافىيە ، ھۆسنخەت ئىشلىرى بويىچە كەڭ قانات يايدۇرغان . ئەينى يىللاردا بۇ ساھەلەردىكى خىزمەتلەر بىلەن مۇنداق ئەتراپلىق شۇغۇللىنىدىغان زىيالىيلار ئىنتايىن ئاز ساندا ئىدى .

فوتوگرافىيە ئىشلىرى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە خېلى بۇرۇن مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ ، «سۈرەتكە چۈشسە يامان بولىدۇ» دەيدىغان خۇراپىي قاراشنىڭ تەسىرى ۋە باشقا سەۋەبلەر بىلەن فوتوگرافىيىچىلىك بىزگە پەقەت 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا كېچىكىپ كىرىپ كەلدى . دەسلەپتە بۇ ئىش بىلەن پەقەت ئاز ساندىكى رۇس ، تاتار زىيالىيلىرىلا شۇغۇللىناتتى . فوتوئاپپارات ئىشلىتىش ئىنتايىن سىرلىق ئىشتەك بىلىنەتتى . ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ تەسۋىرىنى ئەينەن چۈشۈرۈۋالىدىغان بۇ ئاجايىپ ھۈنەرگە ياش ماناپ قادىرى ناھايىتىمۇ قىزىققان .

ماناپ قادىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇ فوتو ئاپپاراتنى ئىشلىتىشنى شائىر نۇربوساقۇپتىن ئۆگەنگەنىكەن . نۇربوساقۇپ شۇ يىللاردا «ئىلى گېزىتى» ئىدارىسىدە ئىشلەيدىكەن . ئايالى رۇس بولۇپ ، بوساقۇپ ئۆزىمۇ رۇس تىلىغا خېلى مىقتا ئىكەن . نۇربوساقۇپ ماناپ قادىرىنىڭ فوتو ئاپپارات ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى كۆرۈپ تەسىرلىنىپ : «ھەببەللى ، بىزنىڭ ياشلىرىمىز ئىچىدىنمۇ ئۆزىمىزنىڭ فوتوگرافلىرى چىقىشى كېرەك ـ دە !» دەپ ، ئۆزىنىڭ «گومۇس» ماركىلىق ئاپپاراتىنى ماناپ قادىرىگە بېرىپ ، فوتو سۈرەتچىلىكنى ئۆگەتكەنىكەن . ئەينى يىللاردا ماناپ قادىرى بۇ ئاپپارات بىلەن نۇرغۇن قىممەتلىك

كۆرۈنۈشلەرنى تارتقان . «ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش» ، «زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش» ھەرىكەتلىرى مەزگىلىدە ، ئۇ شۇ يىللاردىكى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ باش ۋالىيسى ئەنۋەر جاكولىنىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن «ئەمەتنىڭ بالىلىقى» ناملىق چاتما سۈرەتلەرنى ئىشلەپ چىققان .

«ئەمەتنىڭ بالىلىقى» — بىر ئۇمۇر خەقنىڭ ئىشىكىدە ئىشلەپ غۇربەتچىلىكتە ئۆلۈپ كەتكەن بىر دېھقاننىڭ ئۆتمۈشى . ئۇنىڭ ئوغلى ئەمەتنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنكى ئېچىنىشلىق تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن چاتما سۈرەت ئىدى . ماناپ قادىرى دەسلەپتە بۇ ئەسەرنىڭ ئورىگىنالىنى يېزىپ چىققان ؛ ئاتاقلىق دراما ئارتىسى ئابدۇۋەلى جارۇللايۇپ ، ئابدۇنەبى ماناپوپ قاتارلىق قابىل سەنئەتچىلەر ئەسەردىكى دېھقان ۋە باي روللىرىنى ئالغان ؛ يېتىم بالا ئەمەت ۋە باشقا روللارغا جەمئىيەتتىن مۇۋاپىق كىشىلەر تاللانغان . شۇ ئاساستا ماناپ قادىرى نۇرغۇن ۋەقەلىك سۈرەت تارتىپ ، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر يۈز تۆت پارچە سۈرەتنى تاللاپ بىر - بىرىگە كىرىشتۈرۈپ ، «ئەمەتنىڭ بالىلىقى» دېگەن تەسىرلىك چاتما سۈرەت ئەسىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن . ئېھتىمال بۇ ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى ئەڭ دەسلەپكى چاتما سۈرەتلىك بەدىئىي ئەسەر بولۇشى مۇمكىن . بۇ ئەسەر 1952 - يىلى ئۈرۈمچىدە كۆرگەزمىگە قويۇلغان . ئەسەرنىڭ ماناپ ئاكا ساقلاپ يۈرگەن نۇسخىسىنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ، «قىزىل قوغدىغۇچىلار» مۇسادىرە قىلىپ ئاچىقىپ كېتىپ يوق قىلغان . ئەينى يىللىرى ئۈرۈمچىدە كۆرگەزمىگە قويۇلغان نۇسخىسىنى ھازىرمۇ بېيجىڭدا مەركىزىي مەدەنىيەت تارماقلىرىنىڭ ئارخىپىدا ساقلىنىۋاتىدۇ ، دېگەن

گەپلەر بار .

ماناپ قادىرى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدىن باشلاپ خەلق تۇرمۇشىغا ئائىت نۇرغۇن كۆرۈنۈشلەر ، مۇھىم ئاسارئەتىقە ۋە كونا ئىمارەتلەرنىڭ بىناكارلىق ئۇلگىلىرىنى سۈرەتكە تارتىپ ساقلىغان . شىنجاڭ ئۇلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبىرى سەيپىدىن ئەپەندى 1954 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا ماناپ قادىرى ، ئابدۇكېرىم رازى ، قۇربان ئىبراھىم قاتارلىق يازغۇچى ـ سەنئەتكارلارنى ئۇرۇمچىگە چاقىرتىپ ، ئۇلارنى جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ تۇرمۇش ئۆگىنىش ، قەشقەر پاختەكلى يېزىسىدىكى دېھقانلارنىڭ رەئىس ماۋ زېدۇڭغا يازغان خېتى ۋە رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ پاختەكلى دېھقانلىرىغا يازغان جاۋاب خېتىنىڭ روھى بويىچە يېڭى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشقا ئەۋەتكەن . شۇ قېتىم ماناپ قادىرى جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ، ئۇ يەردىكى ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ ئۆزگىچە لايىھەلىنىشى ۋە ئاجايىپ ئويما نەقىشلەر ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئەتلىرىنى كۆرۈپ تاڭ قالغان . ئۇ قەشقەر ، يەكەن ، خوتەن قاتارلىق يۇرتلارنىڭ يېزا ـ بازارلىرىنى ئارىلاپ نۇرغۇن قىممەتلىك سۈرەتلەرنى تارتقان ، ئەينى يىللاردا مۇنداق ئىشلارنى قىلىپ قويۇش خىيالىغا كېلىدىغان ئادەملەر ساناقلىقلا ئىدى…

× ×

ھۆسنخەت يېزىش ، رەسىم سىزىش ماناپ قادىرى ھاياتىدىكى يەنە بىر چوڭ ھەۋەس ئىدى . 1942 ـ ۋە 1943 ـ يىللىرى ماناپ قادىرى ئىلى بىلىم يۇرتىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە ، تاماق

راسخوتىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن دەرستىن چۈشكەن چاغلىرىدا «ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى»نىڭ يوگۇر - يېتىم ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرەتتىكەن . غۇلجىدىكى 1934 - يىلى قۇرۇلغان بۇ «ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى» قارىمىقىدىكى سانايىنەپىسە— ئەينى يىللاردا شىنجاڭ بويىچە تەسىرى چوڭ سەنئەت تەشكىلى ئىدى . سانايىنەپىسە ئىلى بىلىم يۇرتى يېنىدىكى «ئۇ قا ق كۇلۇبى» (ئۇيغۇر ، قازاق ، قىرغىز كۇلۇبى )دا پات - پات ئويۇن قويۇپ تۇراتتى . ماناپ قادىرى «ئۇ قا ق» كۇلۇبىدا سەھنە دېكوراتسىيەسىنى ياساش ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ يۈرۈپ ، بۇ يەردە ۋاسكىرىسنى ليۇدۇېك ئىسىملىك بىر رەسسام بىلەن تونۇشۇپ قالغان . ماناپ قادىرى بۇ رەسسامنىڭ ئاغزىدىن داۋىنچ ، شىشكىن دېگەندەك دۇنياغا مەشھۇر رەسساملارنىڭ ئىسمىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىغان . ۋاسكىرىسنى ليۇدۇېكنىڭ قولىدىكى مەشھۇر رەسساملار سىزغان رەسىملەر توپلىمىنى كۆرۈپ قاتتىق ھاياجانلانغان ، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭدا رەسىم سىزىشنى ئۆگىنىش ھەۋىسى ئويغانغان . ۋاسكىرىسنى ليۇدۇېكتىن رەسىمنى قانداق سىزىش ، رەڭ تاللاش ، بوياق بېرىش ماھارەتلىرىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن ، دۇنياۋى داڭلىق رەسساملارنىڭ رەسىملىرىنى يىغىپ ساقلىغان . شۇ ئاساستا ئۇ ئۆزىدە مۇستەقىل رەسىم سىزىش ماھارىتىنى يېتىلدۈرگەن . بولۇپمۇ ئۇ ماي بوياق مەنزىرە رەسىملىرىنى سىزىشتا ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەندى . ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرغىچە ئۆزى سىزغان ئەللىك — ئاتمىش پارچىغا يېقىن رەسىمنى ساقلاپ كەلدى . ئۇنىڭ بۇ ماي بوياق رەسىملىرى ئاساسەن ۋەتىنىنىڭ تاغ - دەريا ، يېزا - قىشلاقلىرىنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن .

ماناپ قادىرنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئابدۇراخمان قاھارنىڭ ئەسلىشىچە: 1947 ـ ياكى 1948 ـ يىللىرى ئەتراپىدا بولسا كېرەك. ئىلى ۋىلايىتىدە بىر رەسىم سىزىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلۈپ، شۇ پائالىيەتتە ماناپ قادىرى سادىر پالۋاننىڭ رەسىمىنى سىزىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانىكەن. رەسىمدە ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان بىر ئېقىن سۇ ئۇستىگە سېلىنغان ياغاچ كۆۋرۈك تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، سادىر پالۋان شۇ كۆۋرۈكنىڭ سالاسۇنىغا يۆلىنىپ، پالۋانلارچە سالاپەت بىلەن يىراقلارغا نەزەر سېلىپ تۇرغان قىياپەتتە سىزىلغانىكەن. سادىر پالۋاننىڭ ئارقىسىدا سېپىل، ئۇنىڭمۇ نېرىسىدا چوققىلىرى ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان قارىغايلىق تاغلار كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن. شۇ يىللاردا بىر ئۇيغۇر رەسسامنىڭ شۇنچىلىك سەۋىيەدە ماي بوياق رەسىم سىزىپ چىقالىشى كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغان. بۇ رەسىم كېيىن خېلى يىللارغىچە شۇ چاغدىكى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى ھاكىمبەگ خوجىنىڭ بۆلۈمىدە ئېسىقلىق تۇرغانىكەن.

× ×

ئەدەبىيات ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت ماناپ قادىرنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان پائالىيىتى ئىدى. ماناپ قادىرنىڭ ئەينى يىللاردىكى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە: ماناپكام ئوقۇغۇچىلارغا ئاساسەن تىل ـ ئەدەبىياتتىن دەرس بەرگەنىكەن، قوشۇمچە رەسىم، ھۆسنخەت دەرسلىرىگىمۇ كىرگەنىكەن. مەيلى ئۇ قانداقلا دەرسكە كىرسۇن، يەنە ۋاقىت چىقىرىپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئۆزى ئوقۇغان ئەدەبىي ئەسەرلەردىن قىزىق

ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلاردا ئەدەبىياتقا بولغان قىزىقىشنى ئويغاتقان. ئېھتىمال، زوردۇن سابىر، مۇھەممەتجان سادىق، ئابدۇراخمان قاھار قاتارلىق كاتتا يازغۇچىلىرىمىزنىڭ قەلبىگە ئەدەبىياتقا بولغان قىزغىنلىقىنىڭ دەسلەپكى ئۇچقۇنلىرىنى ماناپ قادىرى چاچقان بولۇشى مۇمكىن.

ماناپ قادىرىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى سەھنە ئەسەرلىرىنى يېزىش بىلەن باشلانغان. ئۇ ئىلى سانايىنەپىسەنىڭ سەھنە دېكوراتسىيەلىرىنى ئىشلەشكە ياردەملىشىش جەريانىدا سەھنىدە ئوينىلىۋاتقان ئويۇنلارنىمۇ ناھايىتى قىزىقىپ كۆرەتتى. ھەتتا ئۇ بىر مەزگىل سەھنىدە سوپىلىرلىق (سوپلىر — سەھنە ئەسىرىدە رول ئېلىۋاتقان ئارتىسلار گېپىنى تاپالماي قالسا، پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ لوقما سېلىپ بېرىدىغان كىشى) قىلغان. ماناپ قادىرى شۇ يىللاردا كۇلۇبلاردا قويۇلۇۋاتقان يۇگوسلاۋىيەنىڭ «ئۆگەي ئانا» دېگەن فىلىمىنى كۆرۈپ تەسىرلىنىپ، «ئۆگەي ئانا ئۆگەي ئەمەس»ناملىق تۇنجى سەھنە ئەسىرىنى يېزىپ چىققان. بۇ ئەسەر ئەينى يىللاردىكى ئىلى تىياتىرىنىڭ ئاتاقلىق رېژىسسورى جالالىدىن يەھيارىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشىپ سەھنىدە ئوينىلىپ تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان. كېيىن، ماناپ قادىرى غۇلجا شەھەرلىك ھەيرانباغ مەكتىپىدە ئىشلەۋاتقاندا، مەكتەپلەر ئارا ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان سەنئەت مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن «شۇم قۇش» ناملىق بىر باللار دىرامىسىنى يېزىپ چىققان. يازغۇچى ئابدۇراخمان قاھار، داڭلىق تاشقى كېسەللەر دوختۇرى ھۇسەيىن توختى، ئاتاقلىق رېژىسسور مۇختەر ئابدۇراخمانلار ئەينى يىللاردا شۇ مەكتەپنىڭ كىچىك ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى. ئابدۇراخمان قاھار بەدەنلىرىگە

توخۇ پەيلىرىنى يېپىشتۇرۇپ «شۇم قۇش» رولىنى ئالغان، ھۇسەيىن توختى كېپىنەكىنىڭ، مۇختار ئابدۇراخمان يىڭناغۇچىنىڭ رولىغا چىققان. بۇ ئەسەرمۇ «ئۇ قا ق» كۇلۇبىدا ئوينىلىپ ئاجايىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان. تۇنجى مەيدان ئويۇن ئاخىرلاشقاندا ئەخمەتجان قاسىمى، ئەنۋەر خانبابا قاتارلىق رەھبەرلەر سەھنىگە چىقىپ، روللارغا چىققان ئارتىسلار بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇلارنى تەبرىكلىگەن، بۇ ئەسەر شۇ قېتىمقى مەكتەپلەر ئارا مۇسابىقىدە ئالاھىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. بۇ نەتىجىلەر ياش ماناپ قادىرىنىڭ سەھنە ئەسەرلىرى ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا تۈرتكە بولغان.

1951 ـ يىلى ماناپ قادىرى غۇلجا باياندايدىكى ئىبراھىم «ئاق بۇرۇت»، تۇرپانىيۇزىدىكى مەسۇم شاڭيو قاتارلىق يۇقىرى تەبىقە ۋەكىللىرىنىڭ خەلققە سالغان زۇلمىنى پاش قىلىشنى مەزمۇن قىلغان «زومىگەرلەر خەلق قولىدا» دېگەن سەھنە ئەسىرىنى يېزىپ چىققان . بۇ ئەسەرنى دەسلەپتە شۇ چاغدا يازلىق ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىغا قاتنىشىۋاتقان مۇئەللىملەر سەھنىگە ئاچىققان. ئەسەرنى سەھنىلەشتۇرۇش خىزمەتلىرىگە ھۇسەنجان جامى، خېلىل ھەمرايوپ، ئىبلاخۇن ھەمرا، ھاكىم جاپپار قاتارلىق كىشىلەر قاتناشقان. بۇ ئەسەر «ئۇ قا ق» كۇلۇبىدا بارلىق ئىدارە ـ جەمئىيەت كادىرلىرىغا ۋە بىر قىسىم شەھەر ئاھالىسىگە ھەقسىز قويۇپ بېرىلگەن. كېيىن ئامىمىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئارتىسلار بۇ درامىنى يېزا ـ قىشلاقلارغىچە بېرىپ ئوينىغان. «زومىگەرلەر خەلق قولىدا» ناملىق بۇ ئەسەر ئەينى يىللاردىكى «يەر ئىجارىسىنى كېمەيتىش»، «زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش» ئامىنىۋى

ھەرىكەتلەردە كۈچلۈك تەشۋىقات رولىنى ئويناپ، غايەت زور
تەسىر پەيدا قىلغان. ئەسەرنىڭ ئورىگىنالى شۇ چاغدىكى
«شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» (بۈگۈنكى «تارىم») ژۇرنىلىغا
بېسىلغان.

ماناپ قادىرى 1954 - يىلى سەيپىدىن ئەپەندىنىڭ
ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە جەنۇبىي شىنجاڭغا بارغاندا، «توي
ئۈستىگە توي» دېگەن دراما ئەسىرىنى يازدى. يەنە ئۇ پەيزىۋات
قاتارلىق جايلارغا بېرىپ «نادانىنىڭ قولىدىكى ئالتۇن» دېگەن
سەھنە ئەسىرى ئۈچۈن خام ماتېرىياللارنى يىغدى. كېيىن ئۇ يەنە
«سىرلىق پۈركەنجە»، «ياشلىقىڭنى قەدىرلە» قاتارلىق سەھنە
ئەسەرلىرىنى يازدى. ماناپ قادىرى دەسلەپتە قولىغا قەلەم ئېلىپ
ئىزدىنىپ ۋە نەتىجە يارىتىپ، بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر
دراماچىلىقى ئۈچۈن ئۇل سالغان تۆھپىكارلىرىمىزنىڭ بىرى.

ماناپ قادىرى ئۇيغۇر كىلاسسىك «ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ
مىللىتىمىز مەنىۋى ھاياتىدىكى قىممىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىدىغان
كىشىلەردىن ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئۆيىدە ساقلىنىۋاتقان نۇرغۇن
پاتېفون پىلاستىنكىلىرىنى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان. ئۇلارنىڭ
كۆپىنچىسى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرى شىنجاڭدىن ئوتتۇرا
ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىگە چىقىپ كەتكەن داڭلىق سەنئەتچىلەر
ئورۇندىغان مۇقام ئاھاڭلىرى ئىدى. ئۇ ئىلىدا مۇقامچىلىقنىڭ
راۋاجلىنىشىغا ئالاھىدە كۈچ چىقارغان مەشھۇر مۇقامچى
كارۇشاڭ ئاخۇنۇم (مۇھەممەت موللا) ھاياتى ئۈستىدىمۇ كۆپ
ئىزدەنگەن. شۇ ئاساستا ئۇ كارۇشاڭ ئاخۇنۇم توغرىسىدىكى
«مۇھەممەت موللا گۈلشەنباغدا» ناملىق تۇنجى بەدىئىي ئەسەرنى
يېزىپ چىققان.

ماناپ قادىرى يەنە «مۇئەللىمنىڭ ئەجرى» ، «ئانىنىڭ مېھرىبانلىقى» ، «يېزا پىلشىرى» ، «غەلىتە ئادەم» ، «بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدىكى ئىككى ئۆلۈم» ، «كۈنلەر شۇنداق ئۆتكەن» قاتارلىق رومان ، پوۋېستلار ئۈستىدە قەلەم تەۋرەتكەن . خىلمۇخىل سەۋەبلەر تۈپەيلى بۇ ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرى پۈتكەن ، بەزىلىرى تاماملانماي چالا قالغان .

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ بوران - چاپقۇنى ماناپ قادىرىنىڭ ئىجادىيەت ئۈستىدىكى بارلىق پىلانلىرى ۋە ھايات توغرىسىدىكى نۇرغۇن شېرىن خىياللىرىنى بىتچىت قىلىۋەتتى . ئۇنىڭ ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىدە رادىسلىق خىزمىتىنى ئىشلىگەنلىرى ، دەرس ئارىلىقىدا ئوقۇغۇچىلارغا سۆزلەپ بېرىدىغان قىزىقارلىق ھېكايىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بېشىغا «جىنايەت» بولۇپ كىيىلدى . شۇ يىللار ماناپ قادىرىنىڭ ئەمدىلا قىرىق ياشلاردىن ھالقىپ تازا قۇرامىغا يەتكەن چېغى ئىدى .

ماناپ قادىرى رەسىم دەرسىگە كىرگەندە ئوقۇغۇچىلىرىغا كۆپىنچە كېسىلگەن قارىغاي ۋە قارىغاي كۆتىكىدىن كۆكلەپ چىقىۋاتقان يېڭى نوتىلارنى سىزىپ بېرەر ئىكەن . بۇ ئەسلىدە تەبىئەتنىڭ ئۆزىنى قايتا يارىتىش ، ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگە سالغان زىيىنىنى تولۇقلاشتەك ئۇلۇغ ھاياتى كۈچىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان رەسىم ئىدى . «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ماناپ قادىرىنىڭ بۇ رەسىمى «يىقىلغان كاپىتالىزمنى قايتا تىرىلدۈرۈش خام خىيالىدا بولغان» دېگەن تۆھمەتكە ئاساس بولدى . «ئىسيانچىلار» ماناپ قادىرىنىڭ ئۆي ۋە بۆلۈملىرىنى ئاختۇرۇپ نۇرغۇن قولىيازما ، ماي بوياق رەسىم ، قىممەتلىك فوتو سۈرەتلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىپ ۋەيران قىلدى . ئۇ ئۆز ھاياتىدا ياخشى

كۆرۈپ توپلىغان قىممەتلىك نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىدىن دېگۈدەك مەھرۇم بولدى . ئۇ «توردىن چۈشۈپ قالغان ئوكچى» قالپىقىنى كىيىپ ، يىگىرمە يىلدىن ئۇشۇق نازارەت ئاستىدا ئىشلەپ ، مەكتەپتىكى قاتتىق ـ يىرىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلدى . ماناپ قادىرى ئوقۇتقۇچىلىق مۇساپىسىنى باشلىغان دەسلەپكى يىللاردا ئوقۇغۇچىلارغا تەن جازاسى بېرىش ئادەتتىكى ئىشلاردىن ھېسابلىناتتى . لېكىن ، ماناپكامنى ئوبدان بىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە : ئۇلار ماناپكامنىڭ ئۆز ئوقۇغۇچىلىرىنى ئۇرماق تۇگۇل ، ئۇلارغا قاتتىق گەپ قىلغىنىنىمۇ كۆرمىگەنىكەن . باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى شۇنچىلىك ئايايدىغان بۇ نازۇك ئادەمگە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ئىشىتكەن تىل ـ ھاقارەتلىرى ناھايىتىمۇ ئار كەلدى··· بۇ مۇدھىش يىللار ئاخىر ئاياغلىشىپ ھەقىقەت ئەسلىگە كېلىشكە باشلىغاندا ماناپ قادىرىنىڭ يېشىمۇ ئاللا بۇرۇن ئاتمىشلاردىن ھالقىپ كەتكەنىدى . «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ماناپ قادىرىغا كەلگەن يوقىتىش خېلىلا ئېغىر بولدى . ئۇ ياشلىقىدىن ، قىممەتلىك ۋاقتىدىن ، سالامەتلىكىدىن ، ئۆمۈر بويى ياخشى كۆرۈپ يىغقان قىممەتلىك بۇيۇملىرىدىن ، ئەڭ مۇھىمى ئىجادىيەتكە ، يېڭىلىققا تەلپۈنۈپ تۇرىدىغان قىزغىنلىقىدىن ئايرىلىپ قالدى .

1978 ـ يىلى ، ئىسلاھات ئىشلىرىمىزنىڭ باش لايىھەلىگۈچىسى دېڭ شياۋپىڭنىڭ مەملىكەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر ۋەكىللىرىنىڭ تۆتىنچى قۇرۇلتىيىدا سۆزلىگەن سۆزى بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ يېڭى بىر باھارى باشلاندى . 1979 ـ يىلى ئىلى ئوبلاستىدا ئەدەبىي

ئىجادىيەت ئىشخانىسى قۇرۇلدى . تىل ـ ئەدەبىيات ساھەسىدە بىلىنىم ئالغان بىر قىسىم زىيالىيلار بۇ يەرگە چاقىرىلىپ ، خەنزۇ ، قازاق ، ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى تەسىس قىلىندى . شۇ يىلى مەنمۇ «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ كەلدىم . ئىلگىرى ماناپ قادىرى ئاكىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان بولساممۇ ئۆزى بىلەن تونۇشمايتتىم ، مانا شۇ چاغلاردىن باشلاپ تونۇشلۇقىمىز باشلاندى . بىز ئەدەبىي ئىجادىيەت يىغىنلىرىنى ئېچىپ قالساق ماناپكامنى چاقىرماي قالمايتتۇق ـ مەن ئۇنىڭ ھەر قېتىم كەلگەندە ھەممىنىڭ ئارقىسىدىكى ئورۇندا تولىمۇ قورۇنۇپ ، نېمىدۇر بىرنېمىدىن خۇدۇكسىرىگەندەك ئولتۇرغىنىنى كۆرەتتىم . يىگىرمە يىلدىن ئوشۇق داۋاملاشقان ناھەقچىلىك ، جىسمانىي ، روھىي جەھەتتىن ئۇچرىغان ئېغىر خورلۇقلار ئۇنى يۈرەكئالدى قىلىۋەتكەنىدى . ئاستا ـ ئاستا ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىشەنچ ۋە دوستلۇق شەكىللىنىشكە باشلىدى . گەپ ـ سۆزلىرىدىن سەمىمىيلىكى چىقىپ تۇرىدىغان ، كەمتەر ، دېھقان مىجەز بۇ ئۇستازنى مەن بەكمۇ ھۆرمەتلەيتتىم . ئۇنىڭ تەھرىر بۆلۈمىگە ئەكەلگەن قولىيازمىلىرىدىن ساپ ، پاكىز خەلق تىلىنىڭ ھىدى ، يېزىنىڭ پۇرىقى گۇپۇلدەپ تۇراتتى .

كېيىن ئىلى ئوبلاستلىق ئىجادىيەت ئىشخانىسى ئىلى ئوبلاستلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بولۇپ قۇرۇلدى . ماناپكام ئىلى ئوبلاستلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەسمىي ئەزالار جەمئىيىتى ، دىرامىچىلار جەمئىيىتى ، يازغۇچىلار جەمئىيىتى قاتارلىق جەمئىيەتلىرىگە ئەزالىققا قوبۇل قىلىندى . بىز ئۇنى يۈرەكلىك

بولۇشقا ، قولىغا قايتىدىن قەلەم ئېلىپ ، ئىجادىيەت بىلەن دادىل شۇغۇللىنىشقا رىغبەتلەندۇرەتتۇق . نامى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن ، ماناپ قادىرى ئىلى پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىدا تۆت قىسىملىق ھۆسنخەت دەرسلىكىنى تۈزدى . بۇ ماتېرىيال مەكتەپنىڭ بىردىنبىر ئۇيغۇر ھۆسنخەت دەرسلىكى بولۇپ قالدى . كېيىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ تارماقلىرى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ھۆسنخەت كىتابلىرىنىمۇ ماناپكامنىڭ بۇ دەسلەپكى ئەمگەكلىرى ماتېرىيال ئاساسى بىلەن تەمىنلىدى . ماناپ قادىرى ئاپتونوم رايونلۇق پېشقەدەم كادىرلار خەتتاتلار جەمئىيىتىگە ئەزالىققا قوبۇل قىلىندى .

ئۇ يەنە بىر قىسىم ماي بوياق رەسىملىرىنى «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدى . «ياشلىقىڭنى قەدىرلە» قاتارلىق رادىيو دىراملىرىنى يازدى . ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرى ماتېرىيالىنى توپلىغان «نادانىنىڭ قولىدىكى ئالتۇن» ناملىق سەھنە ئەسىرىنى يېزىپ پۈتتۈرۈپ «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدى . 1958 ـ يىلى يېزىشنى باشلاپ تاشلاپ قويغان «كۈنلەر شۇنداق ئۆتكەن» رومانىنى قايتا ئىشلەشكە باشلىدى . بىز بۇ ئەسەرنىڭ دەسلەپكى بىر ـ ئىككى بابىنى «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدۇق .

× ×

ماناپ قادىرى ئۆز تۆھپىلىرىگە مۇناسىپ ھالدا خەلقنىڭ ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ قەدىرلىشىگە ئېرىشكەن كىشى . مەسىلەن ، ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە ئالدىنقى سەپتە ۋە

تىنچ قۇرۇلۇش مەزگىللىرىدە كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئىستىقلالىيەت مېدالىغا ئېرىشكەن. 1985 - يىلى، ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئوتتۇز يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە مائارىپ تارماقلىرى تەرىپىدىن مائارىپ سېپىدە كۆرسەتكەن ئوتتۇز يىللىق تىرىشچانلىقلىرى ئۈچۈن ئالاھىدە شەرەپ گۇۋاھنامىسى ئالغان. 1995 - يىلى يەنە ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ قىرىق يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا قوشقان تۆھپىسى ئۈچۈن ئالاھىدە شەرەپ گۇۋاھنامىسى بىلەن مۇكاپاتلانغان. 1996 - يىلى، ئىلى ئوبلاستلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ئۇنىڭغا ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى تۆھپىلىرى ئۈچۈن، كېۋىر نىياز، نەسرۇللا قارى (پەرھەتى)، مۆمىن سەپىرى، ھېسام قۇربان قاتارلىق پېشقەدەملەر قاتارىدا تون كىيدۈرگەن. 2005 - يىلى ئۇ مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى تەرىپىدىن ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبىسىنىڭ ئاتمىش يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن تارقىتىلغان ئالتۇن مېدالغا ئېرىشتى. لېكىن ئۇ ئۆز ئەمگەكلىرى بەدىلىگە ئېرىشكەن شەرەپلىرىنى باشقىلار ئالدىدا كۆز - كۆز قىلىپ باققان ئادەم ئەمەس. ئۇ ھەر دائىم: «خەلق ئۈچۈن ئەرزىگۇدەك بىرەر ئىش قىلىپ بېرەلمىدىم» دەپ كۆڭلى يېرىم بولاتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرىدە بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقتى، زېھنىغا ئېچىناتتى، بۇگۈنكى ياشلارغا ھەۋەس قىلاتتى. ئۇلارنى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ كۆپرەك ئىش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرەتتى. ئۆزى ياش چاغلىرىدا ئىگىلىگەن، لېكىن يېزىشقا يېتىشىپ

كېتەلمىگەن نۇرغۇن ۋەقەلىكلەرنى ئۆزى قولىدىن ئىش كېلىدۇ دەپ قارىغان ئوقۇغۇچىلىرىغا پايدىلىنىشقا بېرىشكە تەييار ئىدى . مۇھەممەتجان سادىق ، ئابدۇراخمان قاھار قاتارلىق يازغۇچىلىرىمىزدىن ئۇلارنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ بەزى جايلىرىدا ماناپكام سۆزلەپ بەرگەن ۋەقەلەردىن پايدىلانغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم .

بىر قېتىم ماناپكام ماڭا ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرى خوتەنگە بارغاندا بىر بوۋايدىن ئاڭلىغان «ئالۋاستى» ھەققىدىكى ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىپ : «بۇ ۋەقەنى ئەسەرلىرىڭنىڭ بىرەر جايىغا كىرگۈزسەڭ ئالامەت چىقاتتى» دېگەنىدى . راست دېگەندەك ، بۇ ۋەقەلىك ئۇزۇنغىچە مېنىڭ كاللامدىن كەتمىدى . كېيىن مەن «قۇم باسقان شەھەر» رومانىمنىڭ ئاخىرقى بابلىرىنى يېزىۋاتقان چېغىمدا «ئالۋاستى» ۋەقەسى مېنىڭ چۆل قىزى ئوبرازىنى يارىتىشىمغا ئەسقاتتى .

× ×

1989 ـ يىلى ماناپ قادىرىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئىسسىق ـ سوغۇق ، مۇشەققەتلىرىنى بىللە تارتقان ئۆمۈرلۈك جۈپتى پاتىگۈل ھەدە ئالەمدىن ئۆتتى . شۇنىڭدىن باشلاپ ماناپكامنىڭ سالامەتلىكى دېگەندەك ياخشى بولماي قالدى . سۆيۈملۈك جۈپتىدىن ۋاقىتسىز ئايرىلىش ، توققۇز بالىلىق چوڭ ئائىلىنىڭ غېمى… بۇلارنىڭ ھەممىسى يېشى چوڭايغانسېرى ئۇنى دىلى سۇنۇق بىر بوۋايغا ئايلاندۇرماقتا ئىدى . ئۇرۇمچىدىن غۇلجىغا بېرىپ قالغان چاغلىرىمدا ماناپ ئاكىنى يوقلاپ بارسام ئۇنىڭ سىياقىدىن بىر

مىسكىنلىك ، غېرىبلىقنى ھېس قىلاتتىم . ئەمدىلىكتە ئۇ ئۆمرىنىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى . ئۆتكەن بەزى ئىشلارنى ئەسلەپ يىغلىۋېتىشكە تەمشىلىپلا تۇراتتى . يېزىپ چالا قالغان بەزى ئەسەرلىرىنى رەتلەپ قويماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ، ئىقتىسادىي ياردەم قىلىدىغان بىرەر ياخشى نىيەتلىك ئادەم چىقسا ، ھېلىقى ئەللىك پارچىدىن ئوشۇق ماي بوياق رەسىملىرىنى بىر توپلام قىلىپ چىقارماقچى بولغانلىقىنى ، يېزىلماي قالغان يەنە قانداقتۇر بىر ئەسەرلىرىنىڭ ئورىگىناللىرىنى ماڭا بېرىۋەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتاتتى .

بۇلتۇر 6 ـ ئايدا مەن غۇلجىدا چوڭ ئوغلۇمنىڭ تويىنى قىلدىم ، ماناپكام تويغا كەلدى . قايتىدىغان چېغىدا ئۇ قولىدىكى قارا سومكىنى كۆرسىتىپ :

— بۇنىڭدا ساڭا بېرىدىغان بىر نەرسە بار ئىدى ، — دېدى .

مېھمانلار كېلىپ ـ كېتىپ تۇرغان ناھايىتى ئالدىراش چاغ ئىدى .

— ماناپكا ، كۆرۈۋاتىسىز ، ھازىر ئۆي مېھمانلار بىلەن قالايمىقان ، سومكىنى ئالسام نەگە قويىمەن؟… تويىنىڭ قالايمىقانچىلىقى بېسىققاندا مەن ئۆزۈم سىزنى ئىزدەپ باراي ، — دېدىم .

ماناپكامنى دەرۋازا ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتىم . بۇ مېنىڭ ماناپكام بىلەن ئەڭ ئاخىرقى خوشلىشىشىم بولۇپ قالىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلىمىغانىكەنمەن . تويدىن كېيىنمۇ باشقا ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولۇپ ، ماناپكامغا قىلغان ۋەدەمنى ئۇنتۇپ ئۇرۇمچىگە قايتىپ كېتىپتىمەن .

ماناپ قادىرنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئىشتكەن چېغىمدا ئالدى بىلەن كۆز ئالدىمغا كەلگىنى ماناپكامنىڭ تويغا كەلگەن چېغىدىكى ئاشۇ قىياپىتى بولدى . ئۇ بىر قۇر راۋۇرۇس كاستۇم ـ بۇرۇلكىنى كىيىپ ، پاكىز ياسىنىۋالغان بولۇپ ، كۆزۈمگە ئىلگىرىكىگە قارىغاندا خېلىلا ياشىرىپ ، روھلىنىپ قالغاندەك كۆرۈنگەنىدى . شۇ چاغدا ماناپ ئاكىنىڭ ماڭا بەرمەكچى بولۇپ كۆتۈرۈپ كەلگەن سومكىسىنىڭ ئىچىدە زادى نېمە بارلىقى مەن ئۈچۈن بىر تېپىشماق . راستىمنى ئېيتسام ، ئۇ چاغدا مەن : «سومكىدىكى ماناپكام ئىلگىرى ماڭا دەپ يۈرگەن ئورىگىناللار بولسا كېرەك» دەپ پەرەز قىلىپ ، سومكىنى ئۇنىڭ قولىدىن ئالغۇم كەلمىگەنىدى . ئەدەبىياتتىكى بەدىئىي تىل ئىشلىتىشتىن تارتىپ ۋەقەلىك قۇراشتۇرۇشقىچە بولغان ھۈنەرلەرنىڭ ھەممىسى بىر سەنئەت . ئىجادىيەتتە ھەربىر سەنئەتكارنىڭ ئۆزى ئايرىم بىر ھادىسە . ماناپ قادىرى ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۆزى ياشىغان دەۋرنى ھەقىقىي سەنئەتكارلارغا خاس ساددا تىل ، بەدىئىي ماھارەتتە ئەكس ئەتتۈرگەن . ھېچكىم ئۇنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ . ئىلاجى بار ھەركىم ئۆز ئىجادىي ئەمگىكىنى ئۆزى ئىشلەپ تۈگەتكىنى تۈزۈك... مەن ئەنە شۇلارنى ئويلىغانىدىم .

بۇ يىل 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا غۇلجىدا بولدۇم . ماناپكامنىڭ ئۆيىگە پەتە قىلدىم . ماناپ قادىرى غۇلجا شەھەر ئالتەشوئار مەھەللە يۇقىرىسىدىكى قەبرىستانلىقتا دەپنە قىلىنغانىكەن ، 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى پەيشەنبە مەرھۇمنىڭ قەبرە بېشىغا چىقتىم . بۇ قۇياش ئەتراپنى چىرايلىق يورۇتۇپ تۇرغان باھار كۈنى ئىدى . قەبرىستانلىقتىكى شۇۋاق ئوتلىرىنىڭ مايسىلىرى ھەممە يەرنى يېشىل بەرقۇتتەك قاپلاپ تۇراتتى . زۇمچەك ـ زۇمچەك قەبرىلەر

ئۆستىدە مامكاپ گۈللىرى بەس ـ بەستە ئېچىلىپ كەتكەنىدى . شۇ يېشىللىق ، شۇ باھار چېچەكلىرى ئارىسىدا يېڭىدىن توپىسى ئېلىنغان بىر قەبرە ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى . قەبرىستانلىق ئەتراپىدىكى دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يېڭىدىن تەڭگە بولۇشقا باشلىغان ، تېخى توپا ـ چاڭلار بىلەن بۇلغانمىغان يوپۇرماقلىرى قۇياش نۇرىدا ئاچ يېشىل يالتىراپ تۇراتتى . يوپۇرماق چىقىرىشقا ئۈلگۈرمىگەن يەنە بەزى دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى تېخى يالىڭاچ پېتىلا ئىدى . يىراقلاردىن باھار قۇشلىرىنىڭ چۇرۇقلاشلىرى ئاڭلىناتتى ، بۇلارنىڭ ھەممىسى كىشىگە ماناپ قادىرى ئۆزى كۆپرەك سىزىدىغان مەنزىرە رەسىملىرىنى ئەسلىتەتتى .

«يەنە ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ، غۇلجىدا قىزىلگۈللەر ئېچىلىپ ، بۇلبۇللار سايراشقا باشلايدۇ» دەپ ئويلىدىم . ئېسىمدە قېلىشىچە ، ماناپكامنىڭ باغلىق قورۇسىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئېگىز ئۆسكەن قارىياغاچ ، ئالما شاخلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرى بىلەن قاراڭغۇلىشىپ تۇرغان يەردە ھەر يىلى بۇلبۇللار چاڭىلداپ سايرىشىپ تۇرىدىغان ، بەزى شۇنداق مەزگىللەردە مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قالسام ، ماناپكام پەخىرلەنگەن ھالدا : «ئاڭلاۋاتامسەن ؟ ئالامەت سايرىۋېتىدۇ... باغنىڭ ئارقا تەرىپىدە ، ھەر يىلى شۇ يەرگە ئۇۋا سالىدۇ» دەپ چۈشەندۈرەتتى . ئۇنىئالغۇ دەسلەپتە پەيدا بولغاندا ، يېڭىلىققا ئوتتەك تەلپۈنىدىغان ماناپكام بۇ ھۈنەرگىمۇ ئاجايىپ قىزىققانىدى . ئۇ ياپونىيەنىڭ دەسلەپتە كىرگەن كېسەك ئۇنىئالغۇسىدىن بىرنى سېتىۋالدى . شۇ چاغدا مەرھۇمنىڭ بۇ ئۇنىئالغۇدا بىرىنچى بولۇپ تارتقان ئاۋازى ئاشۇ بۇلبۇل ساداسى بولغانىدى . ماڭا بىر ئۆمۈر ھاياتىنى ، تۇرمۇشىنى ،

تەبىئەتنى قىزغىن سۆيۈپ ، سىزىپ ، تەسۋىرلەپ ئۆتكەن بىر پېشقەدەم سەنئەتكارنىڭ ئۆزى بۇگۈن شۇ تەبىئەت بىلەن قوشۇلۇپ بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەندەك بىلىندى . پەزىلەتلىك بىر ئىنسان ، ئاددىي بىر ئەدىب ، مىسكىن بىر سەنئەتكار مانا شۇ تۇپراقتا ئارام تاپقاندى . كۆزلىرىم ئىختىيارسىز نەملەندى ، مەرھۇمنىڭ ئۆلۈمىدە يىغلىيالمىغان يىغامنى مانا مۇشۇ يەردە يىغلىدىم...

2008 ـ يىل 5 ـ ئاي ، غۇلجا ـ ئۈرۈمچى

# سالام ، ھېسام ئاكا

ئەي ـ ي ، ئەجەب بىر خەلق ئىكەنمىزغۇ ! بىز ياشاۋاتقان شۇ كەڭ زېمىن ئۈستىدە قانچە بورانلار كۆتۈرۈلۈپ ، قانچە شىۋىرغانلار قوتراپ ، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بېشىدىن تالاي ئېغىر كۈنلەر ئۆتكەنىكەن ، شۇندىمۇ ناخشا ـ سازدىن بىر كۈنمۇ ئايرىلمىغانىكەنمىز . ئالەمگە يېڭىدىن كۆز ئاچقان بوۋىقى ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرگەن ئانا شۇ پەرزەنتىنى ناخشا بىلەن بۆشۈككە بۆلەيدۇ ؛ قويلىرىنى كەڭ ئېدىرغا يېيىۋەتكەن چوپان كىچىككىنە نېيىنى لېۋىگە قويۇپ ، تاغ باغرىدىكى بۇلاقتىن سۇ ئەكېلىۋاتقان يېزا قىزىنى كۈيلەيدۇ ؛ تۈن يېرىمىدا شەھەرنىڭ تار كوچىلىرىنى ئارىلاپ كېلىۋاتقان راۋابچىمۇ سىرلىق بىر ئىلھامنىڭ كۈچىدە زەخمىكىنى ئوينىتىپ ، قاراڭغۇ كېچىنى شوخ قوشاقلار بىلەن بېزەيدۇ ؛ جىمجىت قەبرىستانلىقتا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان دەرۋىش ھايات توغرىسىدا بىر ئۆمۈر يىغقان پىكىرلىرىنى قولىدىكى ساتارنىڭ تارلىرى بىلەن ئاجايىپ نەغمىلەرگە ئايلاندۇرىدۇ . سىز بۇ خەلقنىڭ ناخشىلىرىنى ئاتلار يۈشقۇرۇپ تۇرغان جەڭ مەيدانىدىمۇ ، ئازاب چېكىپ يېتىۋاتقان گۆندىخانىلاردىمۇ ، ئادەملەر گۇرۇلدىشىپ يۈرگەن قايناق بازارلاردىمۇ ، ئاشىقلار پىچىرلىشىۋاتقان ئايدىڭ كېچىلەردىمۇ ... ھەرقاچان ، ھەر يەردە ئاڭلايسىز ...

ئەخمەت سەنئەت ئۆمەكتىن قوغلاندى بولغان كۈنى تەمبۇرىنى قوچاقلاپ، بازارنىڭ چېتىدىكى بىر تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ئەنە شۇنداق خىياللارغا كەتكەنىدى. «سىرىق ناخشا» ئېيتقان «گۇناھى» ئۈچۈن شۇ كۈنلەرگە قالغان بولسىمۇ، يەنە شۇ تاپتا ئۇنىڭ قولىغا تەمبۇرنى ئېلىپ، بارماقلىرىغا ناخۇلنى مەھكەم باغلاپ ئاجايىپ پەدىلەرگە چالغۇسى، يۈرىكىنى بېسىپ تۇرغان ھەسرەتلەرنى ناخشا قىلىپ توۋلاپ بىر يېنىكلىۋالغۇسى كېلەتتى. «ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ماڭا سەنئەتنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان مېھمانلار بىلەن تولغان قىزغىن بىر سورۇن بولسا،— دەپ ئويلايتتى ئۇ،— نازۇك پەدىلەرگە چېرتىپ، تەرلەپ تۇرۇپ قانغۇچە بىر ناخشا ئېيتىۋالسام، شۇ مەيداندا يەنە ئوبدان قىزىقچىدىن بىرى بولسا، ئۆتكۈر چاقچاقلار بىلەن كىشىلەرنى تېلىقتۇرۇپ كۈلدۈرۈپ، مۇڭلۇق سازنىڭ تەسىرىدىن بوشاشقان ئادەملەرنىڭ روھىنى يەنە جانلاندۇرسا...»

لېكىن، ئەخمەتنىڭ كۆز ئالدىدا چاقچاق ئەۋجىگە ئالغان سورۇن ئەمەس، تىرىكچىلىك ھەلەكچىلىكىدە ھەر تەرەپكە قاتراپ يۈرگەن ئادەملەر بىلەن تولغان بازار تۇراتتى. بۇ ئادەملەر چىرايىغا زورىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، بىر - بىرىگە خۇددۇكسىنىپ قارايتتى. كوچا تاملىرى چوڭ خەتلىك گېزىت، «يالقۇنلۇق» شوئارلار بىلەن بېزەلگەنىدى. رادىيولاردىن ۋەزىيەتنىڭ ئۆتكەن ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن چوڭ ياخشى ئىكەنلىكى كۈچەپ چۈشەندۈرۈلىدىغان زېرىكەرلىك نۇتۇقلار ئاڭلىناتتى. ئەنە شۇنداق «چوڭ ياخشى» ۋەزىيەتتە كىشىلەر بىر تۇپ بەسەي، بىر سىقىم ئاچچىق قاق ئۈچۈن ھۆكۈمەت دۇكانلىرىنىڭ ئالدىدا سائەتلەپ ئۆچىرەتتە تۇرۇشاتتى. ھەممە يەرنى ۋەھىمە،

سۆرۈنلۈك قاپلىغانىدى ، ھەممىنىڭ قەلبىدىن ھەقىقىي شادلىق يىتكەن ، چىرايىدىن چىن كۈلكە ئۆچكەندەك قىلاتتى… ياق ، بۇ ئادەملەرنىڭ كۈلمەسلىكى مۇمكىنمۇ ؟ ! كۈلگۈنچەكلىك ئىنسانىنىڭ يەنە بىر ئاجايىپ خۇسۇسىيىتى . شۇ كۈلكە بىلەن ئۇلار شادلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ ، شۇ كۈلكە بىلەن كۆڭلىنى بىسىپ تۇرغان ھەسرەتلىرىنى يېنىكلەشتۈرىدۇ ، شۇ كۈلكە بىلەن رەزىللەرگە يوشۇرۇن ئوق ئاتىدۇ…

ئۆزىنىڭ سۇر ئىيشىكىنى مىنىپ شەرقىنىڭ پۈتكۈل يېزا ، شەھەر ، چۆل ـ باياۋانلىرىنى كېزىپ يۈرگەن نەسىردىن ئەپەندى ، تۇرپاننىڭ ئوتتەك قىزىق توپىلىق يوللىرىنى بىسىپ ئۆتۈپ ، مۇزدەك كارىز سۇلىرىدىن ئۇچۇملاپ ئىچكەن موللا زەيدىن ، قايناق قەشقەر بازارلىرىنى ئارىلاپ ، چايخانىلارنى ئاۋات قىلغان سەلەي چاققان… يەنە شۇنداق قانچە قىزىقچىلار تەتۈر زامانىنى ، رەزىللىككە تايىنىپ جان باقماقچى بولغان غوجاملارنى كۈلكە بىلەن قامچىلىغان ئەمەسمىدى !… ئەخمەت ئەنە شۇ ئاجايىپ سۆز ئۇستىلىرى توغرىسىدا كۆپ ئاڭلىغان ، ئەمما ئۇلارنى كۆرۈش ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىغانىكەن . ھېسامچۇ ؟ ھېسام بىلەن ئەخمەت قانچە ئولتۇرۇشلاردا بىللە بولغان . ھېسامنى تارىختىكى قىزىقچىلار قاتارىدا ساناشقا بولامدۇ ، بولمامدۇ ؟ بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشكە ئەخمەت ئاجىزلىق قىلاتتى .

بىز ھەر دائىم تىرىك تالانت ئىگىلىرىنىڭ قەدرىگە يەتمەيمىز ، ئۇلار تۇپراققا كۆمۈلۈپ بولغاندىن كېيىن ، ئاندىن ئۇلار توغرىسىدا چۇقانلار كۆتۈرىمىز .

ئەخمەت بۈگۈن ئۆزىنىڭ بۇ توپا تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ نېمىدەپ مۇنچىۋالا پەيلاسوپلارچە پىكىر قىلىپ كەتكەنلىكىنى

ئۆزىمۇ بىلمەيتتى··· ئادەمنىڭ كۆڭلىدىن ئۇلۇغ نەرسە يوق ـ ھە !
ھېسامنىڭ نېمىشقا تۇيۇقسىز ئېسىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى
ئەخمەت ئەمدى چۈشەندى . شۇ تاپتا ھېسام يۈز قەدەمچە
نېرىدا — تۆت ـ بەش ياش بالىلارنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولغانىدى .
قاراڭ ، تەبىئەتمۇ بۇ ئاجايىپ ئادەمگە چاقچاقلاشقاندەك ئۆزگىچە
بىر چىراي ئاتا قىلغان ، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي تۇرۇپ ،
چىرايىنى كۆرۈپمۇ ئىختىيارسىز كۈلىسىز .
ئەخمەت گويا ھەممە خاپىلىقلىرىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ،
كۈلۈمسىرىگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ ، دۇمبىلىرىدىكى توپىلارنى
قېقىپ ، ھېسام تەرەپكە ماڭدى . ھېسام ئەتراپىدىكىلەرنى گەپ
بىلەن كۈلدۈرۈۋاتاتتى .
— ئايروپىلانغا چۈشۈپ ئۆيۈمنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىپ
بارسام ، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلاتتى ھېسام ، — خوتۇن
پېشايۋاندا تۇرۇپتىكەن ، مېنى كۆرۈپ قېلىپ : «ھېسام ، سىز
ئۇ يەردە ئويۇنىڭىزنى ئويناڭ ، بىز بۇ يەردە گۆشكە پۇل يوق
ئولتۇرايلى ـ ھە !» دەپ ۋارقىراپ كەتتى . خوتۇندىن
قورقىنىمنى بىلەن ئازراق چۆچۈيتتىم ، «غاررىدە» قىلىپ
ئايروپىلاننى تۆۋەنلىتىپ ئايروپىلاننىڭ دېرىزىسىدىنلا خوتۇنغا بىر
سومنى سۇنۇپ بېرىپ ئۆتۈپ كەتتىم . يېرىم يولغا بارغاندا
ئايروپىلان زادىلا ماڭمايدۇ ، نېمە بولدىكىن ، دەپ ئايروپىلاندىن
چۈشۈپ قاراپ باقسام ، ئايروپىلان يوغان بىر پارچە قارا بۇلۇتقا
پېتىپ قالغانىكەن . ئايروپىلاندىكى ئاغىنە بالىلارنى «ئەي
بولمىدى ، چۈشۈڭلار ، چۈشۈڭلار !» دەپ چاقىردىم . ئاغىنە
بالىلار بىلەن «ھە ـ ھۇ !» دەپ مۆرىدەپ يۈرۈپ كاساپەتنى
بۇلۇتتىن ئاران چىقىرىۋالدۇق . ئاندىن ئۇ تەرەپ پەس

بولغاچقا غۇيۇلداپ كەتتۇق...

ھېسام ئاتقان بۇ پوغا ئەتراپتىكىلەر پىخىلدىشىپ كۈلمەكتە ئىدى . شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ كۆزى ئەخمەتكە چۈشۈپ قالدى .

— ئەخمەت ئۇكاھوي ، سالىمدىن چۈشكەندەك «توككىدە» قىلىپ قەيەردىن پەيدا بولۇپ قالدىڭ (بۇ ئەخمەتنىڭ «داڭگال» دېگەن لەقىمىگە قارىتىلغان چاقچاق ئىدى ) ؟

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ھېسامكا ، سىزنى سېغىنىپ...

— ماقۇل ئەمىسە ، كىيىن كۆرۈشەرمىز - ھە ، ئۇكىلار ، — ئۇ ئەتراپىدىكىلەر بىلەن شۇنداق دەپ خوشلاشتى- دە ، ئەخمەتكە قاراپ ماڭدى ، — چىرايىڭ بىر قىسمىلىغۇ ، ئۇكا ؟

— سەنئەت ئۆمەكتىن ھەيدىۋېتىشتى .

— نېمىشقا ؟

— ئەي ، نېمىسىنى ئېيتىسەن ، ھېسامكا ، دەپ كەلسەم گەپ تولا...

— بولدى ، بۇ گەپلەرنى كېيىن قىلىشايلى ، ئۇكا ، قورسىقىڭمۇ ئاچقاندۇ ؟ بىزنىڭ قورساق ناغرا چالغىلى تۇرغىلى نەۋاخ . يۈرە ، بىرەر قاچىدىن ئىسسىقراق بىرنېمە يەيلى .

— شۇنداق قىلساق تازىمۇ ياخشى بولاتتى . بىراق ، يانچۇقتا بىر تىيىن يوق دېگىنە .

— سەندە بولمىسا ، مەندە بار .

— سەندە قانداق پۇل بولسۇن ؟

— جىقمۇ ئەمەس ، ھەر ھالدا ئىككىمىز قورساق تويدۇرغىلى يېتىدۇ . بۇ پۇلنىڭ مېنىڭ يانچۇقۇمنى قانداق تېپىپ كېلىپ قالغانلىقىنى ماڭغاچ پاراڭ قىلىپ بېرىمەن . بولمىسا

ئاشخانىلارنىڭ تامىقى ھېلىلا تۈگەيدۇ .

× ×

— تۈنۈگۈن بىر قىزىق ئىش بولدى ، دېگىنە ، — دەپ گەپ باشلىدى ھېسام ئەخمەت بىلەن كېتىۋېتىپ ، — قاتناشنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارسام ، كىراكەش نودەركام «ھېسام ئۇكا ، مۇشۇ ھارۋامغا بىردەم قاراپ تۇرغىنا ، جۇمە ئوقۇپ چىقىۋالاي» دېدى . چوڭ ئادەمنىڭ گېپىنى يىرالماي «ماقۇل» دەپتىمەن . ئېشەكنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تۇتۇپ ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە قاراپ ئولتۇرسام ، سەن بىلمەيسەن ، بىزنىڭ كونا مەھەللىدە قاسىم «قاتتىق» دەپ بىر كىشى بولىدىغان ، شۇ ئادەم پەيدا بولۇپ قالدى . مۇرىسىدە ئېغىر بىر تاغار . «ئۇكام ھېسام ، ئەجەبمۇ ئوبدان ئۇچراشتىڭا . مۇشۇ تاغارنى ھارۋاڭغا سېلىپ ، غاچچىدە قىلىپ بىزنىڭ ئۆيگە ئاپىرىپ بەرسەڭ» دەيدۇ . «قاسىمكا ، ماۋۇ ھارۋا كىشىنىڭ ھارۋىسى ، ئاپىرىپ بەرسەممۇ بېرەي ، ئازراق ھەق بەرمىسىڭىز بولمايدۇ ، قانچە بېرىدىغىنىڭىزنى باشتا ئوچۇق ئېيتىۋېتىڭ !» دېدىم . نېمىشقا دېسەڭ ، سەن بىلمەيسەن . لەقىمىگە لايىق بۇ ئادەم ناھايىتى قاتتىق دېگىنە . قۇدۇققا بەش تىيىنى چۈشۈپ كەتسە ، بېلىگە ئارغامچا باغلاپ چۈشۈشتىن يانمايدۇ . تاغار يەلكىسىنى خېلى باسقان ئوخشايدۇ . «پۇل ئالساڭمۇ ئال ، سەن بىلەن بىز تونۇش بولغاندىكىن لايىقىدا بىرنېمە دەرسەن . ئاناڭ ھەر قېتىم بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرگە نان يېقىشىپ بەرگەندە ‹بالامغا › دەپ ئىسسىق توقاچتىن پۈتۈن بىرنى قولتۇقلاپ چىقىپ كېتىدىغان . ھە ، گەپ

قىلە ، قانچە ئالىسەن؟» دېدى .

«ئۈچ سوم!» دېدىم .

«نېمە دەيسەنوي؟! — دەپ تاغىرى بىلەن ئارقىسىغا ئۈچۈپ كەتكىلى تاسلا قالدى قاسىمكام ، — سەكسەن تىيىن بېرەي ، سەكسەن تىيىن!»

«ئوردامەھەللە دېگەن يېقىن يەرمۇ ، قاسىمكا؟ ئويلاپ گەپ قىلىڭە . ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالتىنچى ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن تېببىي مەكتەپنىڭ① ئالدىدىن ئۆتىدىغان گەپ . خۇدا ساقلىسۇن ، ئۇ يەردىكى ئوقۇغۇچىلار ۋاڭ - ۋۇڭ قىلىپ ئېتىشىپ قالسا...»

«ئاغزىڭنى ئۇششۇتمە ، ئېتىشسا بىر - بىرىگە ئېتىشا ، سېنىڭ بۇ قوتۇر ئېشىكىڭگە قارىتىپ ئاتاتتىمۇ! ھەرقاچان بىر سومنى كۆزلەۋاتىسەن - ھە؟ بوپتۇ ، بىر سوم ئالساڭمۇ ئال . ‹قوينۇڭدىن تۆكۈلسە قونچۇڭغا› ، دەپتىكەن . كەتسە ئۆزۈمنىڭ قېرىندىشىغا كېتىدىكەنغۇ ، داداڭ بىلەن بىزچۇ ئورۇق - تۇغقاندەكلا ئۆتكەن» دەپ تاغىرىنى «غاچچىدە» هارۋىغا تاشلىدى قاسىم قاتتىق .

«بولمايدۇ ، بولمايدۇ . نودەركامىنىڭ مۇنۇ ئېشىكى تازىمۇ قاشاڭ دەڭا . سىزنىڭ بىر سومىڭىزنى ئالغۇچە ‹خىت› دەپ ئېغىزنىڭ بىر قات تېرىسى چۈشۈپ كېتىدۇ . ئۇنىڭدىن خاپا بولماي باشقا هارۋىكەشلەرگە كىرا قىلىڭە» دېدىم .

باشقىلارغا دېسە بەش سوم سورايدىغىنىنى بىلگەن قاسىم «قاتتىق» هارۋىغا چىقىپ ، تاغىرىنىڭ ئۈستىدە مەھكەم ئولتۇرۇۋېلىپ : «ئوردامەھەللە دېگەن ئەنە ، كىچىك بالا

① ئالتىنچى ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن تېببىي مەكتەپ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا غۇلجىدا ئەلەم كۆرۈشى ئەڭ قاتتىق بولغان ئورۇنلار ، ئالتىنچى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇش بىناسى شۇ يىللىرى كۆيۈپ تۈگىگەن .

قاتتىقراق سىيسمۇ يېتىدىغان يەردىغۇ . قانچىلىك خىت دەپ كېتەرسەناۋاي ؟ » دېدى .

«بوپتۇ ، ھەربىر ‹خىت › دېگىنىم بەش تىيىنغا ھېساب بولسۇنمۇ ؟ » دېدىم .

قاسىم ئاكام «قاتتىق» تاغىرىنىڭ ئۈستىدە تازا بىر ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى - دە ، «بىر خىت دېگىنىڭگە بىر تىيىن بېرەي» دېدى .

«بوپتۇ ، ئوغۇل بالىچىلىق ، مەھكەمرەك ئولتۇرۇڭ - ھە !— دەپ تاياقنى ئېلىپ ، ئېشەكنى ‹خىت - خىت - خىت ... › دەپ ھەيدىدىم ،— ساناڭ - ھە ، قانچە خىت بولدى ؟ » دېدىم .

قاسىم ئاكام «بىر - ئىككى - ئۈچ» دەپ سانىغىلى تۇردى . كۆپ تاياق يەپ قاشىرىپ كەتكەچكىمۇ ، نودەركامىنىڭ ئېشىكىنىڭ تاياقنى شۇنداق كۆتۈرسەڭ ئىتتىك ماڭماقتا يوق ، سۆڭگىچىنى مايماق چىقىرىپ تولغىنىپ ، ھارۋىنى يولنىڭ بىر تەرىپىگە ئېلىپ قاچىدىغان خۇيى بار ئىكەن . ئېشەكنى توختىماي نوقۇپ «خىت» دېگىلى تۇردۇم . قاسىم ئاكام «تۆت ، بەش ، ئالتە ... ئون ... يىگىرمە ... ئوتتۇز ... » دەپ ساناپ بولالماي قالدى ۋە «ھوي ، ھوي ، توختا !» دېدى ئۇ ئاخىر .

«ھە ، نېمە بولدى ؟ »

«مۇنداق ‹خىت › دېگىلى تۇرساڭ ساڭا ھۇسەنباي ھاجىمنىڭ پۇلىمۇ توشماس . »

«ئەمىسە قانداق قىلىمەن ؟ »

«ئەگىلىشلەرگە كەلگەندە ، ئېشەك ماڭماي توختاپ قالغان چاغلاردا ‹خىت › دېمەمسەن ... »

قاسىم ئاكام بىلەن شۇنداق دەتالاش قىلىپ مېڭىپ ، ئالتىنچى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ يېنىغا كېلىپ قالدۇق . ئاغزىمدىن سائەت چىقىپ كەتكەندەك ، نەق مەكتەپنىڭ ئالدىغا بارغاندا كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئوقۇغۇچىلار پاك - پۇك قىلىپ ئېتىشىپ كەتمەسمۇ ، لاغىلداپ تىترەپ پۇت - قولۇمدا جان قالمىدى . قاسىم ئاكامغا قارىسام ، بېشىنى تاغىرنىڭ يېنىغا تىقىپ ، هارۋىنىڭ ئۈستىدە دۈملا يېتىۋاپتۇ . باياتىن بىرى مېنىڭ بىلەن «تولا خىت دەپ كەتتىڭ» دەپ سوقۇشۇۋاتقان ئادەم «نېمە قاراپ تۇرۇسەن؟ ، ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ ؟» دەيدۇ .

«هە ، قانداق قىلىمەن ؟» دېسەم ، « ‹خىت › دېمەمسەن دۆيۈز ، ‹خىت ! ›» دەپ كۆزىنى يۇز ۋاتلىق لامپۇچكىدەك پارقىرىتىپ ۋارقىراپ كەتتى .

هوشۇمغا كېلىپ ، ئېشەكنى بولۇشىغا ساۋاپ ، توختىماي «خىت» دېگىلى تۇرۇۋېتىپتىمەن ، قاسىمكامنىڭ ئېشەكنى ئالدىغا كېلىپ بىراقلا توختاپتىمەن . قاسىم «قاتتىق» «يائاللا ، خۇدا ئۆزى بىر ساقلىدى - دە !— دەپ هارۋىدىن ئىنجىقلاپ چۈشۈپ ، — ئۇكا ، هېلىقى ‹خىت ›نى سانايدىغان ساناقتىنمۇ ئېزىپ كەتتۇق - هە ؟ !» دەيدۇ .

«يوقسۇ ، قاسىمكا ، سىز ئېزىپ كەتكەن بىلەن مەن ئازمىدىم ،— دېسەم ، «هە قېنى ، جۇغى - جەمئىي قانچە خىت دېگەنسەن ؟» دېدى .

«توپتوغرا مىڭ بولدى» دېدىم مەن .

«ئەجەب بىرى كەممۇ بولماي ، ئوشۇقمۇ بولماي ، توپتوغرا مىڭ بوپتۇ - هە؟ !»

«ئەسلىي مىڭدىنمۇ ئېشىپ كەتكەن ، پارچە سانىنى

تاشلىۋېتىپ مىڭلا دېدىم .»

«مىڭ ‹خىت›لىك بىر تىيىندىن قانچە بولىدۇ ؟»

«ئون ‹خىت› بىر تىيىندىن بولسا ئون تىيىن ، يۈز ‹خىت› بىر كوي . خوش ، مىڭ ‹خىت›نىڭ ناھايىتى ئون سوم دېگەن گەپ .»

«ۋايجان ، نېمە دەيدىغانسەن !— دەپ پېشانىسىگە شاققىدە بىرنى سالدى قاسىمكام «قاتتىق» ، — ئون سوم بېرىدىغان بولسام مېنى بۇ يەرگە سامالىيوتتىمۇ ئەكېلىپ قويمايتتىمۇ !؟»

«شۇنى دېمەمسىز ، سامالىيوتتا كەلمەي ، ئېشەك ھارۋىدا كەلگەندىكىن ئۆزىڭىزمۇ ئەخمەق دەڭە .»

«ئۆزۈك باشتا ئۈچ سوم دېگەن ، مەن بىر سوم دېگەن . مە بوپتۇ ، ھە ئىككى سوم ئال··· بوپتۇ مانا ئۆزۈك سورىغان ئۈچ سوم !» دەپ تاغارغا قولىنى سۇندى قاسىمكام .

«قاسىمكا ، چاقچاق ئەمەس ، ئون سوم سانىمىسىڭىز تاغارنى تۇتقۇچى بولماڭ . يولدىن كەلگۈچە گۆرنىڭ ئاغزىغا نەچچە بېرىپ ، نەچچە كەلگەنلىكىمىزنى كۆزىڭىز كۆردى . تاغىرىڭىزنى قايتۇرۇپ ئاپىرىپ ئالتىنچى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئالدىغىلا تاشلاپ قويىمەن ، قانداق ئەكېلىۋالسىڭىز ئەكېلىۋېلىڭ !» دەپ ئېشەكنىڭ بېشىنى ئارقىغا قايرىۋېدىم ، قاسىم «قاتتىق» تاتىرىپ كەتتى ۋە «ئالە ، باش - كۆزۈمدىن سادىغا !» دەپ تەتۈر قاراپ تۇرۇپ بەش سوملۇقتىن بىرنى تاشلىدى . تاغىرنى ئېلىپ ، يەردە ياتقان بەش سوملۇق پۇلنىڭ يېنىدىن ئازابلىنىپ دەسسەپ ئۆتۈپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى .

— پاھ ، ھېكايىدەكلا بىر گەپ ئىكەن بۇ . ھېسامكا ، ئۆزۈك

توقۇدۇڭمۇ ، راست بولغان ئىشمۇ بۇ ؟— دېدى ئەخمەت ھەيران بولۇپ .

— مانا ، ئاشخانىغىمۇ كەلدۇق ، — دېدى ھېسام .

× ×

ئۇ كۈنلەردە شەخسىي ئاشخانا دېگەن يوق ئىدى . ھۆكۈمەت ئاشخانىلىرى ئەتىدىن كەچكىچە بېسىق بولاتتى . ھېسام بىلەن ئەخمەت ئاشخانىنىڭ ئالدىدا قوينىغا ھاراقنى تىقىۋېلىپ تىمىسقىلاپ يۈرگەن قاراڭغۇ بازارچىدىن ئىككى يېرىم كويغا يېرىم بوتۇلكا ھاراق ئېلىپ ئاشخانىغا كىرىشتى . ئاشخانا ئىچىدە لوبۇ بىلەن قورۇغان شۇ سۇپەتسىز تاماقتا تالون ئېلىش ئۈچۈن ئۆچىرەتتە تۇرغانلار خېلىلا بار ئىدى .

— ھېسامكا ، تاماقتا كىردىڭىزمۇ ؟ ئالدىغىراق كېلىڭ .

بىرنەچچەيلەن ئۇنى كاسسىنىڭ ئالدىغا چاقىردى . ئاشخانىنىڭ بۇلۇڭىدىكى بىر تەرىپى تۇراقلىق ئالاھىدە جوزىدا بازار باشقۇرغۇچىلارنىڭ يەڭ بەلگىلىرىنى تاقىۋالغان بىرنەچچىسى ئولتۇراتتى . ئۇچراشقاننى بۇلاپ ھازىر ئۇلارنىڭ يانچۇقلىرى خېلى تومپايغانىدى . بۇ بايۋەچچىلەرنىڭ شۇ تاپتا ھاراقتىن يۈزلىرى قىزىرىپ ئۆپكىدەك ئېسىلغان بولۇپ ، مايلىشىپ پارقىراپ تۇرغان كالپۇكلىرى ئۇلارنىڭ خېلىلا ئوبدان ، سۇپەتلىك تاماق يېگەنلىكىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى . ھېسام تاماقتا تالون ئاچىقىشىغا بايۋەچچىلەرنىڭ ئارىسىدىكى بىرى ئۇنى مەنسىتمىگەندەك قىلىپ چاقىردى :

— ھوي ، ھېسام ، تالون ئېلىپ نېمە ئاۋارە بولاتتىڭ ، ماۋۇ

جوزىغا كەلگىنە ، ئاشقان ـ تاشقان لەگمەننى يەپمۇ تويۇپ قالىسەن .

— سېنىڭدىن لەگمەن ئاشامدۇ ، — دېدى ھېسام ،— ئاشقان لەگمەننى بېلىڭگە باغلاپ چىقىپ كېتىپ ، ئۆيگە ئاپىرىپ كىر يايىدىغان نېمىسەن !

ئاشخانا ئىچىدە كۈلكىدىن قىيقاس چىقىپ كەتتى . بۇلۇڭدىكىلەر شۇ بىر چاقچاق بىلەنلا ئۇجۇقتى .

— ياشا ، ھېسامكا ،— دېدى بىر تاڭجاڭ بالا ،— ئەكەل تالونىڭنى ، تامىقىڭنىڭ سېيىنى ئوبدان قىلىپ قورۇتۇپ ئاچىقىپ بېرەي .

ئۇلار بوش جوزىلارنىڭ بىرىگە چۆكتى .

— ئۇكا ، ھاراقنى ئازراق ئىللىتىپ ئىچمەيلىمۇ ، سىلىقراق ئۆتىدۇ .

— مەيلى ، ئۇنىڭ ئىشى ئاسان .

ئەخمەت ئاشخانا ئىچىدىن يوغان بىر ئاپقۇر مەنتاڭ كۆتۈرۈپ چىقتى . ھاراقنى قايناق مەنتاڭغا چىلاپ قويۇپ ، تاماقنى كۈتكەچ پاراڭغا چۈشۈشتى .

— شۇنداق قىلىپ ، سەنئەت ئۆمەكتىن قوغلىدى ، دە ، — دەپ سورىدى ھېسام ئۇزۇلۇپ قالغان سۆھبەتنى داۋاملاشتۇرۇپ .

— نېمىسىنى ئېيتىسەن ، ھېسامكا ، قانداق قىلىپ سازەندە بولۇپ قالغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن . كىچىكىمدىن ناخشا ـ ساز دېسە جېنىمنى بېرەتتىم . توي تارتىپ ئۆتكەن «ھاي ـ ھاي ئۆلەڭ»چىلەرگە ئەگىشىپ مەھەللىمۇمەھەللە يۈگۈرەيتتىم ، مەشرەپ بولغان ئۆيلەرنىڭ دېرىزىسىدىن تاڭ ئاتقۇچە كەتمەيتتىم ... ئاخىردا ئۆزۈمنىڭمۇ بىر سازچى بولۇپ

قالىدىغىنىمنى نەدىن بىلەي ! بەزىدە شۇ تەمبۇر دېگەن نېمىنى بىر ئۇرۇپ چېقىۋېتەيمۇ ، دەپ كېتىمەن . بۇ دوزاخ چۆمۈچىنى تىرىكىشىتىپ قانچە ـ قانچە مەشرەپ ، قانچە تويلارنى قىزىتىپتىمەن . لېكىن ، ماڭا ئۇنىڭدىن نېمە ياخشىلىق كەلدى دەيسەن . شۇنىڭ دەستىدىن ئاخىردا مانا ئايدا بېرىدىغان ئەللىك سوم پۇلدىنمۇ قۇرۇق قالدىم ، بۇگۈن يەنە ئاچچىقىمدا تەمبۇرنى بېشىمدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇرماقچىمۇ بولغانىدىم . لېكىن قىيالمىدىم ، كۆزلىرىمدىن ياش چىقىپ كەتتى . ئويلاپ باقسام ، كۆڭۈل خۇشۇمۇ ، ئاشىقىمۇ ، سىردىشىمۇ شۇ تەمبۇر ئىكەن . ئولتۇرۇپ ئاچچىقىمدا يەنە كېلىشتۇرۇپ بىر پەدە چېلىۋەتتىم ـ دە ، ئاندىن ئۇنى قولتۇقۇمغا قىسىپ بازارغا كەلدىم . خىيال سۈرۈپ ئولتۇرسام سەن كېلىپ قالدىڭ .

ھېسامنىڭ قاپقارا قاشلىرى ئاستىدىكى بەزىدە ئوتتەك يېنىپ ، بەزىدە ھەييارلارچە كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان كۆزلىرى شۇ تاپتا قەيەرگىدۇر بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالغان ، چىرايىدىكى مۆجىزىلىك قورۇقلار تېخىمۇ چوڭقۇرلاشقان بولۇپ ، ئۇمۇ خىيالغا چۆككەنىدى . ئەخمەت تۇرۇپلا ئۇنىڭغا دەردىنى تۆككىنىگە پۇشايمان قىلىپ قالدى . چۈنكى ، ھېسامنىڭ ئىشسىز يۈرگىنىگە ئۇزۇن بولغانىدى ، ئەخمەتنىڭ دەردى ئۇنىڭ دەردىگە يىپ ئېشىپ بېرەلمەيتتى . كىچىكىدىن غۇلجىنىڭ شەھەرئىچى مەھەللىسىدە چوڭ بولۇپ ، شەھەرنىڭ قانچىلىغان ھېيت ـ بايراملىرىنى شەھەر ئىچىدىكى ئېگىز پەشتاقتا ناغرا چېلىپ قىزىتقان ھېسام ، شۇ كۈنلەردە ئۆز شەھىرىگە قارا نوپۇس بولۇپ تەمتىرەپ يۈرەتتى .

تاماق كەلدى .

— ئەمدى قانداق قىلاي دەيسەن، ئۇكا؟ — دېدى ھېسام تاماق يەپ ئولتۇرۇپ.

— ئۇرۇمچىدە بىر ئاكام خىزمەتتە بولىدىغان. شۇنىڭ قېشىغا بېرىپ بىرنەچچە زامان جېنىمنى جان ئېتىپ تۇرايمىكىن دەيمەن. شۇنداقمۇ دەيمەن، يېنىمدا ماشىنا كىراسىغىمۇ پۇل يوق. بۈگۈن مۇنۇ تەمبۇرنى سېتىۋېتەيمىكىن دەپمۇ ئويلىدىم، يەنە كۆزۈم قىيمىدى. بۇ كۆڭلەردە كىممۇ ئۇنىڭ قەدرىگە يېتىپ، تۈزۈك پۇل سانار دەيسەن.

ھېسام جوزىنىڭ يېنىغا يۆلەكلىك تۇرغان تەمبۇرگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى. ئۇزۇن يىل تۇتۇلغان بۇ تەمبۇرنىڭ سۆڭەكتىن نەپىس نەقىشلەر قويۇلغان سېپى پارقىراپ تۇراتتى.

— قوي، ئۇكا، ئۇنچىلىك بېشىڭنى قاتۇرۇپ كەتمە. بۈگۈن كۈن كەتتى. ھازىر قورساقنى تويدۇرۇپ چىقىپ، بىر يەرنى تېپىپ ئازراق كۆڭلىمىزنى ئاچايلى. ئاندىن سېنىڭ بويتاق پاكىزاڭغا بېرىپ راسا بىر ئۇخلاپ، ئەتە بىزنىڭ يېزىغا چىقىپ كېتەيلى، مەھەللىدىن ئۇرۇمچىگە ئاشلىق توشۇۋاتقان ماشىنىلار بار. ئۇقۇشۇپ سېنى بىرەرىگە سېلىپ قويااي. ھاراقتىن بىرەر رومكىدىن قويامسەن.

ئەخمەت بىر سىركايىنى تېپىپ كېلىپ ئىچىنى پاكىز سۈرتتى. مەنتاڭغا چىلاقلىق ھاراقنى شۇنداق كۆتۈرۈشىگە «بۇلدۇق - بۇلدۇق» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ قاچىدىكى مەنتاڭ لىققىدە بولۇپ قېلىپ، ئەخمەتنىڭ قولىغا قۇرۇق بوتۇلكا چىقتى. قىزىق مەنتاڭدا بوتۇلكىنىڭ تۈۋى چۇشۇپ قالغانىدى. ئىككىيلەن جىلىچىلىكتە بىر - بىرىگە قاراپلا قېلىشتى.

— مانا ، «كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ» دېگەن مانا شۇ . قاسىم «قاتتىق» پۇلنى پەقەتلا رازى بولماي بەرگەننكەن ـ دە !

— خەير ، ئامال يوق ، تامىقىمىزنى يەيلى .

— ئۇكا ، ئاشۇ مەنتاڭنى بىر تېتىپ باققىنا ، تەمى قانداقراق بولۇپ قالدىكىن ؟

مەنتاڭنىڭ تەمى ئۆزگىرىپ چۇچۇمەل بولۇپ قالغاندى . تاماقتىن كېيىن ، ئىككىيلەن قىزىقچىلىق قىلىپ ھېلىقى مەنتاڭنى بۆلۈشۈپلا ئىچىۋېلىشتى .

— قانداق ، ھېسامكا ، مەنتاڭ خېلى تۇتۇۋاتامدۇ ؟ — دېدى ئەخمەت ئاشخانىدىن چىققاندا .

— ئىككى يېرىم سومغا توختىغان مەنتاڭ بولغاندىكىن تۇتىدۇ ـ دە ! — دېدى ھېسام .

دېمىسىمۇ مەنتاڭ ئۇلارنى خېلىلا قىزىتقانىدى .

— ئەمدى نەگە باردۇق ؟

— سېنىڭ بىلەن مېنىڭ رىزقىم ئەلنىڭ داستىخىنىدا ، — دېدى ھېسام ، — سازچى بىلەن چاقچاقچىغا زار بولۇپ تۇرغان سورۇندىن بىرنى تاپىمىز . سەن ھارغاندا مەن چاقچاق قىلىمەن . مەن ھارغاندا سەن ساز چالىسەن .

× ×

ھېسام يول بويى ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ بىلەن چاقچاقلىشىپ ، ئەخمەتنى قارادۆڭ مەھەللىسىنىڭ تار بىر كوچىسىغا باشلاپ كەلگەندە ، ئەتراپ ئوبدانلا قاراڭغۇلىشىپ قالغانىدى .

— مۇشۇ يەردە سازغا خۇمار بىر ياخشى ئادەم بار، — دەپ كىچىكرەك بىر دەرۋازىنىڭ ئالدىدا توختاپ، ھالقىنى شاراقشىتتى ھېسام.

ھويلىدىن بىرەيلەننىڭ يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— كىم؟

— بىز، بىز، قادىرانىكا، دەرۋازىنى ئاچسىلا!

ئۆي ئىگىسى ھېسامنى ئاۋازىدىنلا تونۇدى بولغاي، زەنجىر شاراقشىپ چۈشۈپ، دەرۋازا ئېچىلدى.

— ھوي، ھېسامىمۇ بۇ؟ مانا پەيزىڭلار بار، قېنى ئۆيگە كىرىڭلار، ئۆيگە.

ساھىبخانا مېھمانلارنى قاراڭغۇ دالاندىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىنچى لامپا يورۇتۇپ تۇرغان چاققانغىنە بىر ھۇجرىغا باشلىدى. ئۆيدە تۆت - بەش ئادەم بار ئىدى. بۇ ئەنسىز كۈنلەردە كېچىدە قېقىلغان دەرۋازا ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان قىزغىن سۆھبىتىنى بۆلۈۋەتكەن بولسا كېرەك، ئۇلار جىمجىت بولۇشۇپ ئىشىككە قاراپ ئولتۇرۇشاتتى. يېڭى مېھمانلار كىرىشكىلا: «ھە، ھېسامىدىن ئاخۇنلار ئىكەنغۇ!» دەپ «دۇررىدە» ئورنىدىن تۇرۇشۇپ ئورۇن بەردى. دۇئادىن كېيىن، ھەممەيلەن يۈزلىرىنى سىيپىشىپ بىر - بىرىدىن ئەھۋال سوراشتى. ئەخمەت سەپسېلىپ، ئۆيدە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بازاردا كۆرۈپ يۈرگەن ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بايقىدى.

ئەخمەتنىڭ ئوڭ يېقىدا ئولتۇرغان مۇنۇ ۋىجىك كىشى بازاردا ياماقچىلىق قىلىدىغان ئادەم ئىدى. ياماقچىلار قاتارىدا ئۈنىڭمۇ يولىنىڭ چېتىگە قويۇقلۇق ساندۇقى بولىدىغان. باللار كېچىلىرى بازارلاردىكى ئاشۇنداق چوڭ - كىچىك ساندۇقلارنىڭ

ئارىسىدا يۈگۈرۈپ مۆكىمۆكىلەڭ ئوينىشاتتى . ئەتىگىنى ئۇستاملار كېلىپ ، كۆتمەك سۇپۇرگە بىلەن ساندۇقنىڭ ئالدىنى سىيرىپ سۇپۇرۇپ ، ئاندىن ساندۇقنى ئېچىپ ئۇنىڭ ئىچىدىن يىرتىق بوتىي ، ياماق چۇشكەن ھەر خىل ئاياغلار ، تۆشۈك كالاچ ، باغلام - باغلام پۇرۇچ ، پارچە - پۇرات چەم ، كونا ئۆتۈكلەرنىڭ قونچى ، چوڭ - كىچىك قېلىپلار ، قەلەمتىراچ ، يىپ ، موم دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ ئەتراپقا يېيىۋېتىشەتتى-دە ، ئاخىردا شۇ قالايمىقانچىلىقلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۆزى چۆكۈپ ئولتۇرۇپ ئىشلىرىنى باشلىۋېتەتتى . ھازىر ، «كاپىتالىزمنىڭ قۇيرۇقىنى قىرقىش» ھەرىكىتىدە بۇ ساندۇقلارمۇ چېقىپ تاشلانغانىدى... ھېسامنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان ئاۋۇ كۆتمەك بۇرۇت ئادەمنى قەمەردىن «قەندەلچى» دەيتتى . ئۇنىڭ ياسىغان پەشمەتلىرىنى كىشىلەر «دانىسى قانچە پۇل ؟» دەپ ئەمەس . «غېرىچى قانچە ؟» دەپ سودىلىشىپ يەيدىغان . ئۇ يەنە رەڭگارەڭ مەنپەسى ، كەسمە ھالۋا دېگەندەك تاتلىق يېمەكلىكلەرنى چىقىراتتى . ئەمدىلىكتە ، ماگىزىندىن يۈز گرام شېكەر سېتىۋېلىش ئۈچۈن دوختۇرنىڭ «شېكەر يېمىسە ھازىرلا ئۆلىدۇ» دەيدىغان قەغىزى لازىم بولىۋاتقان بۇ كۈنلەردە قەمەردىن ئاكىنىڭ قەندەلچىلىكىمۇ سۇغا چىلاشقانىدى... بايا ھېساملارغا دەرۋازا ئېچىپ بەرگەن قادىر ئاخۇن بىلەن ماۋۇ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان ئىككى ئادەم ماشىنىچى ئىدى . تۆردىكى كۆرپىدە لاپچىيىپ ئولتۇرغان سېمىز كىشىنى بازاردىكىلەر ئىبراھىم «بەڭگى» دېيىشەتتى . ئىبراھىم ھۆكۈمەتنىڭ كومىسسىيون دۇكىنىدا ئىشلەيتتى . مۇنۇ ئولتۇرغان كاسىپلار ھازىر ئۆيدە تىككەن ماللىرىنى ئۆزى كۆتۈرۈپ چىقىپ سېتىشقا ئامالسىز

بولغاچقا ، ئەنە شۇ ئىبراھىمنىڭ دۇكىنىغا ئۆتكۈزۈشەتتى . ئىبراھىم بەڭگى ئوتتۇرىدىن نۇرغۇن پايدا ئېلىپ ، مۇشۇ بىر - ئىككى يىلدىلا سەمرىپ تېرىسىگە سىغماي قالغانىدى . يېڭى مېھمانلارنىڭ كەلگىنىگە كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى خۇش بولۇشتى .

— ئەجەبمۇ زېرىكىپ ئولتۇراتتۇق ، خۇدا يەتكۈزدىمۇ سىلەرنى ؟— دېدى قەندەلچى .

— ھېسامىدىن ئاخۇن بىلەن مۇنۇ تەمبۇرچى ئىنىمىزمۇ بىللە ئىكەن . خۇدا بۇيرۇسا ، بۈگۈن بىر پەيزى ئاڭلايدىكەنمىز- دە !— دەپ يېقىنراق سۈرۈلدى ياماقچى .

ئۆي ئىگىسى قوللارغا سۇ ئېلىپ ، داستىخان سالدى ، ئاندىن ئىككى - ئۈچ تاۋاقتا گۆشسىز بۇغداي پولۇسى① ئەكىردى .

— قېنى ، خوش ، ئېلىڭلار !— دېدى قادىر ئاخۇن خىجالەت بولغاندەك بولۇپ ،— ھېسامىدەك ئەزىز مېھمانلارنىڭ كېلىشىدىن بىخەۋەر غورىگىللا بىر تاماق قىپتىكەنمىز...

— ياق ، ئۇنداق دېمىسىلە ، تازا ئوبدان بوپتۇ .

— شۇنداق ، «ئۆزۈڭ نېمە يېسەڭ ، دوستۇڭغا شۇنى بەر » دېگەن گەپ بار .

ھەممەيلەن پولۇغا قول سۇنۇپ ، تارتىنماي تۇتۇش قىلدى .

— يائاللا ، — دېدى ئىبراھىم كومىسسيونچى بۇغداي پولۇسىنى ياراتمىغاندەك قىلىپ ، بىر - ئىككى كاپام ئېلىپلا قولىنى سۈرتۈپ ، — بابا ، ھېسام بىلەن مۇنۇ ئىنىم كىرىپ كەلسە بۇلارنىڭ قولىدىكى تەمبۇر كۆزۈمگە مىلتىقتەك كۆرۈنۈپ

① بۇغداي پولۇسى — ئاشنى ئاۋۇتۇش ئۈچۈن گۈرۈچكە بۇغداي ئارىلاشتۇرۇپ دەملەيدىغان پولۇ .

كېتىپ جان ـ پېنىم چىقىپ كەتتى دېسە .

— شۇنىڭغا قارىغاندا ، ئىبراھىم ، بىر ـ ئىككى تال چېكىپتىكەنسەن ـ دە ! ؟ — دېدى ھېسام .

مېھمانلار «پاراققىدە» كۈلۈشۈپ ئىبراھىم «بەڭگى»گە قاراشتى .

— قا ـ قا ـ قاچانقى گەپنى قىلىدىغانسەن ، ھېسام ، بىز چېكىدىغان ئىشتىن قول ئۈزگىلى نەچچە يىللار بولۇپ كەتتى .

— بۇلتۇرلا دۆڭمەھەللىدە ئۈزۈم بارىڭنىڭ ئاستىدا بولغان ئىشنى بىزنى بىلمەيدۇ دېمە ، — دەپ ھېكايە قىلدى ھېسام ، — بىر كۈنى كەچتە ، مۇشۇ ئىبراھىم تۆت ـ بەش ئاغىنىسى بىلەن دۆڭمەھەللىدە بىر ئۈزۈم بارىڭنىڭ ئاستىدا راسا چېكىپتۇ . قايتىدىغان چاغدا ، ئارىدا بويى ئېگىز رەكتىن بىرى ئىتتىك قوپۇپ بېشىنى باراڭغا ئۇرۇۋېلىپ : «ئېڭىشىڭلار ، ھوي ، ئاغىنىلەر ، ئېڭىشىڭلار ، باراڭ بار ئىكەن !» دەپتىكەن ، ئىبراھىم كەيپچىلىكتە شۇ يەردىن ئېڭىشكەنچە قارادۆڭنىڭ چوڭ كوچىسىغىچە كەپتۇ . ئاقسۇ مەسچىتىدىن خۇپتەندىن يانغان جامائەت ئۇچراپ : «ئىبراھىم ئاخۇن ، نېمە گەپ بۇ ، دوڭغىيىپ قاپسىلىغۇ ؟» دېسە ، ئىبراھىم : «باراڭ تۈگىدىما ؟» دەپ بېشىنى كۆتۈرگۈدەك .

كاسىپلار ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈۋېتىشتى . ئىبراھىم «بەڭگى» ئىنجىقلاپ :

— بىرگە ئوننى قاتىسەن ـ دە ، ھېسام ، نەدە قارادۆڭگىچە ئېڭىشىپ كېلىمەن . ناھايىتى ھويلىدىن چوڭ يولغىچە ئېڭىشىپ چىقىپتىمەن ،— دېۋىدى ، كۈلكە تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ كەتتى .

تاماقتىن كېيىن داستىخان يىغىلىپ ، قايتا سېلىندى .

ساھىبخانا ئاچچىق دەملەپ چاي قىلدى . ھېسام قولىغا بىر پىيالە چاينى ئېلىپ ، يەنە بەگگىلەر ھەققىدە ھېكايىگە چۈشۈپ كەتتى .

— تىنچلىق بولسا ، بۇ — بۇگۈن كېچە ، مېـ - مېنى ئوخشىتىدىكەنسەن ـ دە ! ھە ـ ھە ، بوپتۇ ، گەپ قىلە ، — دەپ تامغا يۆلەندى ئىبراھىم .

— بۇرۇن بىر مەھەللىدە تۆت بەگگى بولغانىكەن ،— دەپ گەپ باشلىدى ھېسام ، — تۆتى مەھەللىنىڭ چېتىگە چىقىپ ، يوغان قارىياغاچنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ چېكىپتۇ . تازا چېكىپ شىركەيىپ بولغاندا بىرى بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىياغاچقا قاراپ : «ئاغىنىلەر ، ئاۋۇ شاختا قونغان قۇشقاچنى تۇتۇۋالايمۇ ؟ » دەپتۇ . ئاغىنىلىرى : «توختى ئاخۇن ، يوغان گەپ قىلماڭلار ، تۇتالمايسىلە» دەپتىكەن . توختى ئاخۇن : «نېمە‌نى ، قاراپ تۇرۇڭلار ـ ھە !» دەپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ قارىياغاچقا يامىشىپتۇ .

توختى ئاخۇن تۆۋەندىكى بىر شاخقا ئەپلەپ دەسسەپ كۆتۈرۈلۈپ ، ھېلىقى قۇشقاچقا قولىنى سۇنۇشىغىلا قۇشقاچ «پۇررىدە» ئۇچۇپ كېتىپتۇ . توختى ئاخۇن دەسسەپ تۇرغان شاخ «قاراسسىدە» سۇنۇپ ، يۇقىرىدىكى بىر كېسىۋەتكەن شاخنىڭ پۇتىقىغا ئېڭىكىدىنلا ئىلىنىپ قاپتۇ ... قالغان ئۈچ بەگگى نەشىسىنى چېكىپ ، چاتىرىقىغا قاراپ ئولتۇرۇۋېرىپتۇ . بىركەمدە ئۇلار بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا ، توختى ئاخۇن قارىياغاچتا كانارغا ئاسقان گۆشتەك پۇلاڭلاپ تۇرغۇدەك . ئۈچ بەگگى ئورنىدىن تۇرۇپ : «ماۋۇ توختى ئاخۇننىڭ قارىياغاچقا چىقىۋېلىپ كىچىك بالىدەك گۇلەڭگۈچ ئويناۋاتقىنىنى ، چۈشۈڭلا ۋاي ، توختى ئاخۇن» دەپ ۋارقىرىشىپ ، پۇتىدىن تۇتۇپ بىر تارتىپتىكەن ،

توختى ئاخۇننىڭ بېشى قارىياغاچتا قېلىپ ، گەۋدىسى «گوۋپپىدە» قىلىپ ھېلىقى ئۆچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشۈپتۇ . قارىسا ، توختى ئاخۇن مىدىرلىماي ياتقۇدەك . بەگلەر ئۇنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىنى سىلاپ «ھوي توختى ئاخۇن ، توختى ئاخۇن» دەپ ئېرغاتقىلى تۇرۇپتۇ . شۇ چاغدا بىرى «ھوي ئاغىنىلەر ، توختى ئاخۇننىڭ بېشى يوق تۇرىدىغۇ ؟ !» دەپتىكەن . ھەممە بەگكى ئاغزىنى ئېچىپ ، بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپلا قاپتۇ . ئارىدىن يەنە بىر بەگكى : «ھەي ئاغىنىلەر ، بىز مەھەللىدىن چىققاندا مۇشۇ توختى ئاخۇننىڭ بېشى بارمىدى ، يوقمىدى ؟» دەپتىكەن ، بۇ گەپ بىلەن ئۈچ بەگكى تالاش - تارتىشقا چۈشۈپ قاپتۇ . بىرى : «بېشى بار ئىدى» دېگۇدەك ، يەنە بىرى «توختى ئاخۇن ئۆيدىن چىققاندىلا مۇشۇنداق بېشى يوق چىققاندەك قىلغان» دېگۇدەك . شۇنداق قىلىپ ، ئۇلار خېلى ئۇزاق تالىشىپ ، ئاخىر توختى ئاخۇننىڭ ئۆيىگە بېرىپ سوراپ باقماقچى بولۇپ مەھەللىگە قاراپ مېڭىپتۇ . توختى ئاخۇننىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ : «توختى ئاخۇن ، ھاي ، توختى ئاخۇن !» دەپ ۋارقىرىشىپتۇ .

بىر كەمدە ، توختى ئاخۇننىڭ ئايالى چىقىپ «توختى ئاخۇن ئۆيدە يوق !» دەپتۇ .

«نەگە كەتتى ؟» دەپتۇ بەگلەر .

«ۋايتاڭەي ، ئۆيدىن چىقىپ كەتكىلى نەۋاخ...»

غەيرەتلىكرەك بىر بەگكى ئېسىنى يىغىپ : «ھوي ، سىڭلىم ، ھوي ، توختى ئاخۇن ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندە بېشىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە چىقىپ كەتكەنمۇ ياكى ئۆيدە قالغانمۇ ؟» دەپتىكەن .

بۇ بەگلەر مېنى نېمە ئەخمەق قىلدۇ دەپ تېرىككەن

خوتۇن : «بېشى ئۆزى بىلەن چىقىپ كەتمەي ، ئانىسىنىڭ قېشىغا كېتەتتىمۇ !» دەپتۇ .

بۇ گەپنى ئاڭلىغان بەگلەر : «ھە ئاغىنىلەر ، توختى ئاخۇننىڭ بېشى ئانىسىنىڭ قېشىغا كېتىپتىكەن» دەپ خاتىرجەم بولۇپ قايتىشىپتۇ .

بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن كۈلۈپ تېلىقىپ قالدى .

— ھوي ھېسامتاي ! — دېدى كۈلۈپ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتكەن قادىر ئاخۇن ئۇستام ، — نەشە چەككەن ئادەم ئۇنچىلىكمۇ خۇدىنى بىلمەي قالامدۇ ؟

— خۇدىنى يوقىتىپ قويىدىغىنى راست ئوخشايدۇ ،— دېدى ھېسام ، — ھاشىم ئاخۇن دەپ بىر خاڭجا بولىدىغان . قەغەزگە يۆگەپ چەكسە دېگەن يەرگە بارمايدۇ ، دەپ قاپاقتا سىلىپ تارتىدىغان . بىر كۈنى ، ھاشىم ئاخۇنكام راسا چېكىپ ، ئېسىدە يوق ، خاڭغا قاراپ يالاڭ ئاياغلا مېڭىپ كېتىپتۇ . چوڭ كوچىغا چىقىپ ئولتۇرۇشقان شەھەرنىڭ ئايالللىرى «ۋيەي ، مۇنۇ ئادەمنىڭ چوپچوڭلا تۇرۇپ يالاڭ ئاياغ يۇرگىنىنى !» دەپتىكەن . ھاشىم ئاخۇن شۇ ماڭغانچە مېڭىپ ، شەھەردىن چىقىپ ، ئاقئۆستەڭنىڭ كۆۋرۈكىگە يېتىپ بارغاندا كەينىگە قاراپ : «ئوغۇل بالا دېگەن شۇنداق بولىدۇ !» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ .

يەنە «پاراققىدە» كۈلكە كۆتۈرۈلدى .

— مانا مۇشۇ ئىبراھىمنى ئالايلى ، — دېدى ھېسام···

— سۆزلە ـ ھە ، سۆزلە !— دېدى ئىبراھىم ، — مەجلىسنى تولا ئاڭلاۋېرىپ چاقچىقىڭنىمۇ سېغىنىپ قاپتۇكەنمىز ، سۆزلە .

— ئىبراھىم بىر كۈنى تازا چېكىپ ، خالاجايغا قاراپ مېڭىپتۇ . خالاجايغا يېقىن كەلگەندە يۆتىلى تۇتۇپ كېتىپ

«ئۆھۆ» دەپ بىر يۆتىلىپ تۇرۇپ قاپتۇ ـ دە ، «خالاجايدا ئادەم بار ئوخشايدۇ» دەپ قايتىپ كەپتۇ .

قادىر ئاخۇن ئۇستام كۈلۈپ دوملاپ كەتتى . ئىبراھىم قورسىقىنى تۇتۇپ پىشىلداپلا قالدى .

— ھا ـ ھازىرقى گەپ قىـ ـ قىپقىزىل يالغان ـ ھە !

— ئەمدى بولدى قىل ، ھېسام ، ئۈچىيىمىــز ئۈزۈلۈپ كېتىدىغان بولدى ، ئەمدى ساز ئاڭلايلى ، — دېدى سەيپۇڭلارنىڭ بىرى .

— بۇ گەپ توغرا بولدى ، ھە ، قېنى ، ساز ئاڭلايلى ، ئەخمەت ئۇكا ، پەيزىڭنى بىر كۆرسەتە ! — دەپ ئارقىغا سۈرۈلدى ھېسامۇ .

ئەخمەت تەمبۇرنى ئېلىپ تەڭشىدى ـ دە ، كۆزىنى يۇمۇپ ، تارنى رۇخسارى مۇقامىغا چەكتى .

جۇنۇن ۋادىسىغا مايىل كۆرەرمەن جان ئۇزارىمنى ،
تىلەرمەن بىر يولى بۇزماق بۇزۇلغان روزغارىمنى...

كىرىسىن لامپا تورۇسقا ئۇزۇن ـ قىسقا كۆلەڭگىلەرنى تاشلاپ داستىخان ئەتراپىدا ئولتۇرغان كاسىپلارنىڭ مىسكىن چىرايىغا سارغۇچ شولا تاشلايتتى . مۇقام تىڭشاۋاتقانلار چوڭقۇر نەپەس ئېلىشتى ، ئۆي ئىچىنى ئېغىر بىر جىمجىتلىق باستى...

دېمەك قاي سارى ئەزىم ئەتكۈڭ ، ماڭا يوق ئىختىيار ئاخىر ،
قازا ئىلكىگە بەرمىشمەن ئىنانى ئىختىيارىمنى...

مۇقام ئاخىرلىشىپ ، ئەخمەت ئەمدىلا ئۇنىڭ نەغمىلىرىنى باشلاپ تۇرۇۋىدى . هويلىدا ئەنسىز دۇپۇرلىگەن ئاۋاز پەيدا بولدى . هەممەيلەن بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك بولۇپ دىرىزە تەرەپكە قۇلاق سېلىشتى . «سېرىق ناخشا» ئېيتىتتىڭ دېگەن بەتنامىنىڭ دەردىنى بولغۇچە تارتقان ئەخمەت پەدىنى دەرھال يۆتكىدى .

بەشتە ياخشى پاتەمخان ،
ئىش ئەمگەكتە نەمۇنچى...

«جالاققىدە» قىلىپ ئىشىك ئېچىلىپ ، بىلىكىگە يەڭ بەلگىسى تاقىغان ئۈچ - تۆتەيلەن ئۆيگە باستۇرۇپ كىردى . ئۇلار دەرۋازىنىمۇ قاقماي ، تامدىنلا ئارتىلىپ چۈشكەن بولسا كېرەك . تەمبۇرنىڭ ئاۋازى «جاراڭگىدە» قىلىپ توختىدى . هەممەيلەن ئالاقزادە بولۇپ كىرگەنلەرگە قاراشتى .

— سىلەر نېمە ئادەملەر ؟

— ئۇكىلىرىم ، بۇلار مېنىڭ مېھمانلىرىم ، — قادىر ئاخۇن ئۇستام يورغىلاپ دېگۇدەك ئۇلارنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى ، — هەممىسى ياخشى ئادەملەر ، ئەنە ئاۋۇ يۇقىرىدا ئولتۇرغان هۆكۈمەتنىڭ دۇكىنىدا ئىشلەيدىغان ئىبراھىم ئاخۇن . ماۋۇلار مېنىڭ قوشنىلىرىم ...

— كېچىدە بۇ يەرگە يىغىلىۋېلىپ نېمە قىلىشىۋاتىسىلەر ؟ !

— ئانچە - مۇنچە پاراڭ بىلەن ئاۋۇ ئىنىمنىڭ

تەمبۇرنى ئاڭلاپ ...

— بۇ ئىككىسى نەنىڭ ئادەملىرى؟ تونۇشتۇرۇشۇڭ بارمۇ؟ — دەپ ئۇدۇل ھېسامنىڭ ئالدىغا كەلدى ھېلىقىلارنىڭ بىرى .

— گۇڭشې ئەزاسى، ئۇكا .

— قايسى گۇڭشې؟

— «قىزىل بايراق» گۇڭشې «قىزىل يۇلتۇز» دادۇي «قىزىل قوياش» شودۇي، قىزىل ...

ھېسام شۇنداق «قىزىل»دىن ئالتە - يەتتىنى تىزىپ دېۋىدى، يەڭ بەلگىسى تاقىغانلارمۇ ئۆزىنى كۈلكىدىن ئارانلا تۇتۇۋالدى .

— گەپدانلىق قىلماي تونۇشتۇرۇشۇڭنى چىقار!

ھېسام يانچۇقلىرىنى ئۇزاقتىن ئۇزاق ئاختۇرۇپ بىر پارچە قەغەزنى چىقىرىپ بەردى . بۇ، يانچۇقتا تۇرۇپ تىتىلىپ، پەقەت يېرىمىلا قالغان تونۇشتۇرۇش ئىدى .

— بۇ نېمەڭنىڭ يېرىمى قېنى؟

— يېرىمى ئۆيدە، — دېدى ھېسام پەرۋاسىز ھالدا، — مەن يوق چاغدا مەھەللىدە تەكشۈرۈش بولۇپ قالسا خوتۇنغا لازىم بولۇپ قالار، دەپ يېرىمىنى ئۆيگە قويۇپ قويغان .

ئىبراھىم «بەڭگى» پىخىلداپ كۈلۈپ سىلكىنىپ كەتتى . كاسىپلار بولالماي، كۈلكىسىنى يوشۇرۇپ تام تەرەپكە قارىۋېلىشتى . «ئىنقىلابچىلار»نىڭ ئارىسىدىكى يېشى چوڭراق بىرى ھېسامنى تونۇسا كېرەك، ئالدىغا ئۆتۈپ:

— بولدى، ماۋۇ ئىككىڭ ئۆيۈڭگە قايت! — دېدى .

× ×

ئۇلار دەرۋازىدىن چىقىپ «ئۇھ !» دەپ يېنىك بىر نەپەس ئېلىشتى .

— خۇدا بىر ساقلىدى - دە ! — دېدى ئەخمەت ، — ئىش يامىنىغا ئايلانغان بولسا ، يىغىشۇېلىش ئورنىغا بېرىپ ، بىكاردىن - بىكار هارام تاياق يەيتتۇق .

— تاياق بىلەن قۇتۇلساڭ مەيلىغۇ ، ئاز دېگەندە بىر ئاي كېسەك تۆكىدىغان گەپ .

ئاسمانغا تولۇن ئاي كۆتۈرۈلگەنىدى . قەيەرلەردىدۇر ئىتلار هاۋشىشاتتى ... ئەخمەتنىڭ نېمىدۇر ئېسىگە كېلىپ كۈلۈپ كەتتى .

— نېمىدېگەن چىرايلىق كېچە - هە ! نېمىگە كۈلۈۋاتىسەن ؟

— هېلىقى تونۇشتۇرۇشنىڭ گېپىگە ...

— شۇنىڭغا تېخىچە كۈلۈۋاتامسەن ؟ ئۇنى دېسەڭ ، شەهەردىن يېزىغا ، يېزىدىن شەهەرگە تولا يۆتكىلىشۇەرگەچكە ماڭا تونۇشتۇرۇش كېسىپ بېرىدىغانلارمۇ زېرىككەن . بىر قېتىم ساقچىغا تونۇشتۇرۇش سوراپ كىرسەم ، «هېسام ، ساڭا تولا تونۇشتۇرۇش كېسىپ قەغەزمۇ توشۇمىدى» دېۋىدى . «ئالدىڭلارغا تولا كېلىپ مەنمۇ خىجالەت ، نوپۇسۇمنى تۆمۈردىن قىلىپ بوينۇمغا ئېسىپلا قويامسىلەر» دېگەنىدىم . قېنى ، تەمبۇرۇڭنى بىرەر پەدىگە تىرىڭلاتقاچ ماڭە .

— هازىرلا بىر بالا - قازادىن قۇتۇلدۇق ، هېسامكا . ئۆيگە بارغاندا ئىشىكنى مەهكەم ئېتىپ قويۇپ تاڭ ئاتقۇچە

چىلىپ بىرەي .

شۇ چاغدا يىراقتىن بىر مەستنىڭ ناخشىسى ئاڭلاندى .

سىنى دەيمۇ ، ئايەي ،
سىنى دەيمۇ ، يەي ...

ناخشىچى كوچىنىڭ بېشىدا پەيدا بولدى . ئاي سۇتتەك يورۇتۇپ تۇرغان چوڭ كوچىدا ئۇ ئېنى كەڭ تاۋاردەك يېيىلىپ ، بىردە يولنىڭ ئۇ تەرىپىگە ، بىردە بۇ تەرىپىگە يەڭدەپ دەسسەپ كېلىۋاتاتتى .

سىنى كۆرمەي ، ئايەي ،
ئۆلەرمەنمۇ ، يەي ...

— ئاپلا ! — دېدى ھېسام ، — ماۋۇ كېلىۋاتقان يۇسۇپ ساندۇقچىمۇ نېمە ! ؟ خۇداغا ئامانەت ، ئادەتتە ساق بولسا بىر ئادەم بىلەن سالاملاشمايدۇ ، مەست بولۇپ قالسا ئېسىلمايدىغان ئادىمى يوق . بېشىمىزنى ئىچىمىزگە تىقىپ ، تونۇمىغان بولۇپ ئۆتۈپ كېتەيلى ، ئۇكا .

ئەخمەت تەمبۇرنى قولتۇققا قىستى . ئۇلار يولنىڭ چېتى بىلەن ئۇنچىقماي مېڭىشتى .

سىنى كۆرمەي ، ئايەي ،
ئۆلەپ كەتسەم يەي ...

يۇسۇپ ساندۇقچى يولنىڭ چېتى بىلەن كېلىۋاتقانلارنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ناخشىسىنى توختىتىپ، بېشىنى كۆتۈردى - دە، ھېسامنى تونۇپ قالدى.

— مانا، مانا، نىيەتنىڭ خالىسلىقىنى قاراڭلار. ھېسامتايلارغۇ بۇ!... قەيەرگە ماڭدىڭلار؟

— ......

— گەپ قىلمايسىلەرغۇ؟ يۇرۇڭلار، يۇرۇڭلار، ھازىرلا بىزنىڭ ئۆيگە.

— كۆڭلۈڭگە رەھمەت، يۇسۇپ! بىر ئولتۇرۇشتىن قايتىپ كېلىۋاتىمىز، چارچىدۇق. سەنمۇ ئېغىر ئويناپ قويغاندەك تۇرىسەن. بېرىپ دەم ئال.

— غۇلجىنىڭ قىزىقچىسى، ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ گۈلى،— يۇسۇپ كەلگەنچە كېلىپ ھېسامغا يېپىشتى،— سېنى ئۆيگە ئاپىرىپ بىر مېھمان قىلىش نىيىتىم بار ئىدى دېگىنە... ياق، دېمە، بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم، كۆڭۈلدىن ئۇلۇغ نەرسە يوق جۇمۇ!

— ئاداش يۇسۇپ، ھازىر قايسى ۋاخ بولدى؟

— قايسى ۋاخ بوپتۇ؟

— يېرىم كېچە بولدى، يېرىم كېچە. ئۆيۈڭگە بېرىپ ساڭا پەيزى قىلىپ بەرگۈدەك ھالىمىزمۇ يوق...

— ھوي، ئەرشىئەلاغا چىقىپ كەتسەڭمۇ بىز بىلىدىغان ھېسام جۇمۇسەن! كۆپ «ھېسام» دەپ كۆتۈرگەچكە «ۋاي ھېسام» بولۇپ يۈرۈۋاتىسەن. ئۆيۈمگە بارساڭ دۇمبەڭگە تۈز ئارتىپ قوياتتىممۇ...

— نېمە قىل دەيسەن؟

— چىرايلىق ئىززىتىڭنى قىلىۋاتقان گەپ. ئۇنى دېسەڭ،

ئـويۇن ـ تامـاشـىغا مـەنمۇ بۇرۇن ـ قۇلىقىمغىچە چىلىشىپ كەلدىم... ئۆيگە بارىمىز . ئىسسىق ئۆيدە ئارامخۇدا ئۇخلايسىلەر ، باشقا گەپ يوق ، قالغان گەپنى ئەتە تاڭ ئاتقاندا قىلىشىمىز...
ئۇلار بۇ مەستكە ھەرنېمە دەپمۇ گەپ يېگۈزەلمىدى .
— قانداق قىلىمىز ھوي ، ئۇكا ؟ — دەپ ئەخمەتكە قارىدى ھېسام .
— مەنغۇ سەن قاياققا ماڭساڭ تەمبۇرۇمنى قولتۇقلاپ شۇ ياققا ماڭىدىغان ئادەم .
— ھەببەللى ، ماۋۇ ئىنىم بولىدىغان گەپنى قىلدى . ئېتىڭ نېمىتا ، ئۇكا ؟
— ئەخمەت .
— ھە ، ئەخمەت تەمبۇر ، دەپ نامىڭنى سىرتىڭدىن ئاڭلىغان . قېنى يۈرۈڭلار ئەمىسە .
يۇسۇپ ئۇلارنى سۆرەشتۇرۇپ دېگۇدەك ئېلىپ ماڭدى . ئۇ ھېسامنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇۋالغانىدى ، ھېچنېمىدىن پەرۋايى يوق ، يەنە ھېلىقى تۇگىمەس ناخشىسىنى ئېيتاتتى . ھېسام بۇ قوپال مەستتىن قورقىنىدىنلا ئەگىشىپ كېتىپ باراتتى . ئۇ ئەتەي ساندۇقچىنى دوراپ كېتىپ بارامدۇ ياكى ھېسامنىڭ ئەزەلدىن مېڭىشى شۇنداقمۇ ، ئىشقىلىپ ، ئەخمەتنىڭ كۆزىگە ئۇلار ئىككىلىسى دەلدەڭلەپ كېتىپ بارغاندەك كۆرۈنەتتى .
ئۇلار قانداقتۇر بىر كوچىلارنى ئەگىپ ئۆتۈپ ، ئاخىر ساندۇقچىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا يېتىپ كېلىشتى . يۇسۇپ دەرۋازىنى جالاقشىتىپ ئۇرۇپ ، ئۆيىقۇغا كەتكەن خوتۇنىنى ئويغاتتى .
— مانا ، كىملەر كەلدى قارا ، — دەپ ماختانغىلى تۇردى

يۇسۇپ ساندۇقچى ،— ھېسامنى باشلاپ كەلدىم ، ھېسامنى . مەن ساڭا نېمە دېگەن ؟ «ھېسام بىلەن كۆڭلىمىز يېقىن ، بىزنىڭ ئۆيگە ـ ھە ، دەپلا قويسام كېلىدۇ» دېگەنمۇ ، دېمىگەنمۇ ؟

— مېھماننى باشلاپ كەلگەن ۋاقتىڭىزنى قاراڭ ،— دەپ خىجالەت بولدى ئايال ،— ئۆينىڭ ئىچى قالايمىقان ...

— بولدى ، بولدى . ھېسام دېگەن ئۆز ئادەم ، ماۋۇ ئىنىمىزمۇ شۇنداق . تۇرۇت گېپىڭنى قوي . «سېنى كۆرمەي ، ئايەي ...» قېنى ئۆيگە كىرىڭلار .

يۇسۇپ «سېنى كۆرمەي ...» گە غىڭشىپ ، مېھمانلارنىڭ ئالدىدىلا ئۆيگە كىرىپ كەتتى . ئىچكەركى ئۆيدە ئۇنىڭ چوڭلا بولۇپ قالغان ئىككى قىزى ئۇخلاۋاتاتتى .

— قوپۇڭلار ، قوپۇڭلار ! مېھمان كەلدى ، ئۆينى بوشىتىڭلار ! — دەپ ئۇلارنى قوغلاپ چىقتى يۇسۇپ .

بىچارە قىزلار رۇباشكا بىلەنلا چاچراپ تۇرۇشۇپ ، قالغان كىيىملىرىنى مەيدىسىگە بېسىپ ، خىجىللىقتىن ئاناردەك قىزىرىپ مېھمانلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى .

— نېمانچە ئالدىرايدىغانسىز ، يۇسۇپ . مېھمانلارغا تېخى چاي قىلارمىز . ئاندىن ياتىدىغان يەرنى مەن ئۆزۈم جۆندەپ بېرەتتىم .

— بولدى ، چېپىڭنى قوي ، خوتۇن . بۇلار چاي ئىچمەيدۇ . ناھايىتى چارچاپتۇ ... يولدا ۋەدىمىز شۇنداق بولغان . شۇنداققۇ دەيمەن ، ھېسام ؟

— شۇنداق .

— ھازىر ئورۇن سېلىپ بېرىسەن ، ئۇخلايدۇ ، قالغان مېھماندارچىلىقنىڭ ئەتە بولىدۇ . شۇنداققۇ دەيمەن ، ھېسام ؟

— شۇنداق .

— ھە ، قېنى ئەمىسە ئۇخلاڭلار ، ئاغىنىلەر ، «بېھىش يۈزى ، ئايەي ، كۆرەرمەنمۇ يەي ... »

يۇسۇپ ناخشىسىنى غىڭشىپ چىقىپ كەتتى . بىچارە خوتۇن غاچ ـ غۇچلا قىلىپ ئورۇن راسلىدى . ھېرىپ كەتكەنلىكىدىن مېھمانلار ئايغىنى يېشىپ ، قالغان كىيىملىرى بىلەنلا ئۆزلىرىنى يوتقاننىڭ تۆپىسىگە تاشلىدى .

— خۇدانىڭ رەھمىتى چوڭ جۇمۇ ؟ — دېدى ئەخمەت .

— قانداق ؟ — دېدى ھېسام .

— قارا ، بىزنىڭ بويتاق پاڭزىغا بارغان بولساق ، يىرتىق يوتقاننى ئىككىمىز يېپىنىپ ياتاتتۇق . ھېسامكامغا شۇ يوتقاننى يېپىپ قويۇپ ، ئۆزۈم چاپاننى غېرىبچىسىغا تاشلاپ ياتارمەن ، دەپ ئويلاپ كېلىۋاتاتتىم . مانا ، خۇدا ئۆزى پەي ياستۇقلار بىلەن تاۋار يوتقانلارغا يېتىشتۇردى .

— ئۇغۇ شۇنداق . بىراق ، مۇنۇ يۇسۇپ گاڭگۇڭغا ئوشۇق بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ ، ئەتە بىزنى تۇتۇۋېلىپ بىر كۈن ئاۋارە قىلمىسا بولاتتىغۇ ... ئۇخلا ، ئەتىكى ئىشنى ئەتە كۆرەرمىز .

بىر چاغدا ئەخمەت قاتتىق ۋاراڭ ـ چۇرۇڭدىن ئويغىنىپ كەتتى ـ دە ، ھەيران بولدى . يۇسۇپ ساندۇقچى كالتە ئىشتان ، ئاسما مايكا بىلەن ھېسامنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى .

— مېنىڭ بويىغا يېتىپ قالغان قىزلىرىم تۇرسا ،— دەپ ۋارقىراۋاتاتتى ساندۇقچى ، — ھەرقايسىڭنىڭ يېرىم كېچىدە ئۆيۈمگە كېلىپ قونىدىغان نېمە يولۇڭ بار ، گۇيلار ! ؟...

قارىغاندا ، بۇ ساندۇقچى مەستچىلىكتە مېھمانلارنى ئۆزى باشلاپ كەلگىنىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلاتتى .

— يۇسۇپ هوي ، مۇشۇ بوغۇشۇڭدا قانچە سۈپۈرگە چىقارمەن ؟ — دەيتتى بىچارە هېسام ئىشنى كۆلكىگە ئايلاندۇرماق بولۇپ .

ئەخمەت چاچراپ تۇرۇپ ساندۇقچىنى تارتتى . هېسام ئۇنىڭ قولىدىن بوشاپ «غاچچىدە» قىلىپ دالان ئۆيگە چىقىۋالدى . ساندۇقچى ئەمدى ئۆرۈلۈپ ئەخمەتنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى .

— هوي سازچى دېگەن قەلەندەر ، بويتاق . مېنىڭ ئۆيۈمدە ساڭا نېمە بار ! ؟...

شۇ چاغدا ، يۇسۇپنىڭ ئايالى يۈگۈرۈپ كىرىپ كەلدى .

— ۋاي يۇسۇپ ، نېمىدېگەن سەتچىلىك بۇ ؟ ! مېھمانلارنى ئۆزىڭىز باشلاپ كېلىپ مۇشۇنداق قىلسىڭىز بولامدۇ ؟...

ئەخمەت ساندۇقچىنى مەيدىسىدىن بىر ئىتتەردى ـ دە ، قوزۇقتا تۇرغان تەمبۇرنى «شاققىدە» قولىغا ئېلىپ ، ئىككى سەكرەپلا ئۆيدىن چىقىۋالدى . دېرىزىدىن ئۇلارنىڭ ئاياغ ، باش كىيىملىرى ئۇچۇپ چىققىلى تۇردى . هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۇسۇپنىڭ چوڭ قىزى دەرۋازىنىڭ ئاچقۇچىنى تۇتۇپ تۇراتتى . ئۇلار ئاياغلىرىنى ئالدىراپ كىيىشىپ ، باشكىيىملىرىنى قوللىرىدا تۇتقىنىچە دەرۋازىغا قاراپ ماڭدى .

— هېسامكا ، خاپا بولماڭلار ، دادام مەست بولۇپ قالسا ئاشۇنداق قىلىقى ئەسكى ، — دېدى يۇسۇپنىڭ چوڭ قىزى .

قىز ئۇلارنى دەرۋازىدىن چىقىرىۋېتىپ ، دەرۋازىنى يەنە ئىچىدىن قۇلۇپلىۋالدى . ئارقىدىنلا هويلا ئىچىدە يەنە ساندۇقچىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى . قوشنا ـ قولۇملارنىڭ

ئىتلىرىمۇ بۇ ۋاق ـ چۇڭدىن ئەنسىز ھاۋشىشقا باشلىدى . يۇسۇپ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋېلىپ ھېسامنى ناھايىتى ئەسكى تىللار بىلەن تىللىغىلى تۇرغانىدى .

— ئاپلا ، ماۋۇ ئاغىنىنىڭ ساراڭلىقىنى كۆردۇڭمۇ ؟ توختا ، بىزمۇ بۇنى تازا بىر ئەخمەق قىلايلى ،— دېدى ھېسام .

ئۇلار دەرۋازىنىڭ يوچۇقىدىن قاراپ ، ساندۇقچىنى قىزى بىلەن ئايالىنىڭ سۆرەشتۇرۇپ ئۆيگە ئېلىپ ماڭغانلىقىنى كۆردى .

— ھوي يۇسۇپ دېگەن پايپاق ، نوچى بولساڭ مايافقا چىقمامسەن ! — دەپ ۋارقىرىدى ھېسام يوچۇقتىن .

يۇسۇپ ئايالى بىلەن قىزىنى ئىككى تەرەپكە ئىتتىرىۋېتىپ ، ئوقتەك ئۆزىنى ئېتىپ ، قولۇپلاقلىق دەرۋازىغا كېلىپ توختاپ قالدى . ئەخمەت بىلەن ھېسام دەرۋازىنىڭ يېنىغا ئۆزىنى ئېلىپ جىمجىت تۇرۇۋالدى . ساندۇقچىنىڭ ئايالى بىلەن قىزى يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنى يەنە بىرنېمىلەرنى دەپ ئۆيگە سۆرەشتۇرۇپ ماڭدى .ـئۇلار ئۆينىڭ ئىشىكىگە يېقىنلاشقاندا ، تالادىكىلەر يەنە :

— ھوي يۇسۇپ دېگەن لاتا ، ئوغۇل بالا بولساڭ تالاغا چىقمامسەن ! — دەپ ۋارقىراشتى .

يۇسۇپ خوتۇنى بىلەن قىزىنى ئىككى تەرەپكە ئىرغىتىۋېتىپ ، ئاغزىنى بولۇشىغا بۇزۇپ ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا كۆتۈرۈلۈپ ھويلىنىڭ تاملىرىنى بويلىغىلى تۇردى . ساندۇقچىنىڭ ئايالى ھويلىدا تۇرۇپ :

— ۋاي سادىغاڭ كېتەي ، ھېسام ، كېتىڭلار ، بولمىسا ئۆلۈم جېدىلى چىقىپ كېتىدۇ ! — دەپ يالۋۇرۇپ ۋارقىرايتتى .

— ئاچقۇچ ، ئاچقۇچ ، ئاچقۇچ قېنى؟ ھوي جوھۇتنىڭ

خوتۇنى ، دەرۋازىنىڭ ئاچقۇچى قېنى؟ — دەپ ھۆركىرەيتتى يۇسۇپ .

يۇسۇپنىڭ ئايالى بىلەن قىزى ئۇنى تارتىشتۇرۇپ ، ھەر قېتىم ئۆيگە ئەكىرىپ كېتەي دېگەندە ھېساملار كوچىدا تۇرۇپ ۋارقىرايتتى . يۇسۇپ ھويلىنىڭ ئىچىدە تېپىرلاپ يۇگۇرگىلى تۇرغاندا جىم بولۇۋالاتتى . شۇنداق قىلىپ ، ئۇلار يۇسۇپنى بىرەر سائەت ئەخمەق قىلغاندىن كېيىن قايتىپ كېتىشتى .

تاڭمۇ يېقىنلىشىپ قالغاندى . ئۇلار ھارغانلىقىدىن بېشىغا بىردىن ياستۇقنى قويۇپ ، داق كىگىزنىڭ ئۈستىگىلا ئۆزىنى تاشلاپ قاتتىق ئۇخلاپ كېتىشتى ... بىر چاغدا ئۇلار كىمدۇر بىرىنىڭ ئىشىكنى قاتتىق تاقىلداتقىنىدىن ئويغىنىپ كەتتى . ھېسام بىلەن ئەخمەت بېشىنى تەڭلا كۆتۈرۈپ بىر - بىرىگە قاراشتى . ئاللىبۇرۇن تاڭ ئېتىپ ، كۈن نەيزە بويى ئۆرلەپ كەتكەن بولسا كېرەك ، قۇياشنىڭ كىچىككىنە پەنجىرىدىن چۈشكەن شولىلىرى بوز كىگىز ئۈستىدە ئۇششاق شەكىللەرنى ھاسىل قىلىپ جىمىرلايتتى . ئۇلارنىڭ يەنە بىر مەھەل قېنىپ ئۇخلىغۇسى بار ئىدى . ئورۇنسىز بىر چاغدا كېلىپ ئىشىكنى ئۇرغان كىمدۇ؟

— كىم؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئەخمەت .

— مەن ، مەن . ئاچە ، ئۇكا .

— مەن دېگەن كىم؟

— مەن يۇسۇپ ، ھېسام مۇشۇ يەردە قوندىما؟

ئەخمەت ھېسامغا قاراپ :

— ئەمدى راسا بىر بوغۇشىدىغان بوپتۇق - دە ! — دېدى .

— ئىشىكنى ئېچىۋەت ! — دېدى ھېسام ، — ھۆررۈ - پۆررۈ دېسە ئىككىمىزنىڭغۇ كۆچى يېتەر . بولمىسا قوشنا - قولۇملارنى چاقىرىپ چىشقىچە بىر سالايلى .

ئىشىك ئېچىلىشى بىلەن يۇسۇپ «ئەسسالامۇئەلەيكۇم !» دەپ سالام بىلەن كىرىپ كەلدى - دە ، خىجالەت ئارىلاش كۈلۈپ ، سۇپىنىڭ بىر بۇرجىكىگە ئولتۇردى .

— ئېھتىمال مۇشۇ ئىنىمنىڭ ئۆيىدىغۇ ، دەپ ئىزدەپ - سوراپ ئاران تېپىپ كەلدىم . خۇداغا شۈكرى ، بار ئىكەنسىلەر .

— ھە ، قەدىمىڭ بۇ يەرگە يېتىپ قاپتىغۇ ؟

— ئاخشام تازا قاملاشمىغان ئىش قىپتىمەن . ئابلىز بايۋەچچىنىڭ ئۆيىدە ئاچ قورساقلا ئىچىپتىكەنمىز ، ئۆيگە قانداق كەلگىنىمنى ئۇقمايمەن . قارىمامسەن بۇ سەتچىلىكنى ، سىلەرنى يولدا ئۆزۈم تۇتۇۋېلىپ ئۆيگە باشلاپ كېلىپ ، يەنە ئۆزۈم قوغلاپ چىقىرىپتىمەن … ئەزىبىرايى ! ئىشەنمەيسىلەر ، مانا خۇدا كۆرۈپ تۇرۇپتۇ . قىلغانلىرىمنىڭ بىرىمۇ ئېسىمدە يوق ، راست سارالڭ بوپتىمەن … ئەتىگەن خوتۇن بىلەن قىزلىرىم ئارىغا ئېلىپ ، قىلغانلىرىمنى يۈزۈمگە سېلىپ ناھايىتى ئۇيالدۇردى . زادى مۇشۇ ھاراق دېگەننى بۇنىڭدىن كېيىن ئاغزىمغا ئالسام ئىت بولۇپ كېتەي ، دەۋەتتىم…

— ئىتمۇ بولۇپ كەتمە ، مەھەللىمىزدىكى ئىتلارمۇ يېتىپ ئاشىدۇ … ئاخشام قىلغانلىرىڭنى كېيىن يولى كەلگەندە سۆزلىشىۋالارمىز .

— بولدى ، ھېسام ، ئەتىگەندە بالا - چاقامدىن ئىشىتكەن ئاھانىتىممۇ خېلى يېتىپ ئاشىدۇ . ئالدىڭلارغا ناماقۇللۇققا كەلدىم . بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن . مانا ماۋۇ ئىنىمىزمۇ بار

ئىكەن . بۇ گەپنى باشقا يەرلەردە دەپ مېنى رەسۋا قىلىپ يۈرمەڭلار .

— ئالدىڭدا يالغان گەپ قىلىساق بولمايدۇ . يۈسۈپ ، بولغۇلۇق بولدى دېگىنە ، ئەمدى ئۇنى بىرەر سورۇندا قىزىقچىلىق قىلىپ سۆزلەپ سالمايمىزمۇ دېگىلى بولمايدۇ ...

— سادىغاڭ كېتەي ، ھېسامتاي ، بۇ قېتىم بىر يۈزۈمنى قىلساڭ ، دېدىمغۇ ، خۇدا تۇرۇپتۇ ، ھەممىسى مەستچىلىكتە بولغان ئىش ... يانچۇقۇمدا يىگىرمە سوم پۇلۇم تۇرىدۇ ، شۇنى بۇگۈن كەچكىچە خەجلەپ بېرىپ سىلەرنى مېھمان قىلاي . سېنى ، ھېسام ، بىرگە ئۇننى قېتىپ يايمايدۇ ، دېگىلى بولمايدۇ . شۇ گەپنى باشقا يەردە دەپ سالمىساڭلار .

— ئەكەل ، ئاشۇ يىگىرمە سوم پۇلۇڭنى قولىمىزغىلا بەر . ئاخشامقى ئىشىڭنى ھېچ يەردە دېمەيلى ،— دېدى ھېسام .

«ساندۇقچى» يانچۇقىدىن تاراقلاپ تۇرغان بەش سوملۇق پۇلدىن تۆتنى چىقاردى ، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن بەش كويلۇقتىن بىر قەغەزنى ئايرىپ قېلىپ ، قالغان ئون بەش سومنى ھېسامغا ئۇزاتتى .

— ئىشەنسەڭ يانچۇقۇمدا مۇشۇ يىگىرمە سومدىن باشقا بىر تىيىن قالماپتۇ . ماۋۇ بەش سومنى مەن بۇگۈن ئۆيگە چاي - تۇز قىلاي ، قالغان ئون بەش سومنى سىلەر خەجلەڭلار . ئەمىسە گېپىمىز گەپ بولسۇن - ھە !

يۈسۈپ پۇلنى كىگىز ئۈستىگە تاشلىدى - دە ، ئارقىسىغىمۇ قارىماي چىقىپ كەتتى .

— ئەي ، ئاۋۇ بەش سومنىمۇ يامان ئايرىۋالدى - دە ! — دېدى ھېسام ،— بولمىسا سېنىڭ ماشىنا كىرايىڭ پۇتۇپ

قالاتتى··· خەير··· يوْر ، ئوْكا ، بازارغا چىــــقىــــپ قورساق تويدوْرايلى . ساڭا يەنە بىر يەردىن يول چىقىپ قالار .

هېسامنىڭ ئىچىدە گەپ ياتامدوْ دەيسىلەر . بازاردا ئوْ ئاخشام بولغان ۋەقەنى بىرقانچە يەردە يىپىدىن ـ يىڭنىسىغىچە سوْزلەپ نوْرغوْن ئادەمنى كوْلدوْردى . چوْشتىن كېيىن ئوْلارنىڭ ئالدىغا يوْسوْپ . ساندوْقچى يەنە غىق مەست ئوْچراپ قالدى .

— هوْي يوْزى قوك !— دەپ ۋارقىـــرىدى ئوْ نېرىدىن توْروْپـلا ، — هېلىقـى گەپنـى يەنـە يېيىۋېتىپسەنغوْ ! ؟

— ئوْزوْك بەش سومنى كەم بەردىڭ ، ناهايىتى بەش يەردىلا دېدىم . خاتىرجەم بول ، ئەمدى هېچ يەردە دېمەيمەن ،— دېدى هېسام .

يوْسوْپ يولنىڭ ئوتتوْرىسىدا نېمە دېيىشنى بىلمەي توْروْپلا قالدى .

— بوْگـوْن شەهەردىـن يوقىلايلـى ، — دېـدى هېسام ، — موْنوْ يوْسوْپ يەنە ئىچىدىغان بولسا خوْدىنى يوقىتىپ كېلىپ ئەسكىلىك قىلىشتىن يانمايدوْ .

× ×

ئوْلار شەهەردە قورساقنى ئوبدان تويدوْروْپ يېزىغا قاراپ ماڭدى . يولدا شەهەرگە سامان ئەكىرىپ قايتقان بىر ياش بالىنىڭ هارۋىسىغا چىقىۋېلىشتى . هېسام ياماق چوْشكەن كونا تاغارنىڭ ئوْستىگە يانپاشلىدى . ئەخمەت هارۋا ئوْستىدىكى بىر باغ چوْپنى ئاستىغا تارتىپ ، باداشقاننى قوْروْپ ئولتوْردى .

هارۋىكەش بالا خېلى كېلىشكەن يىگىت بولسىمۇ ، ئوْنىڭ

ئۆسۈپ پاخپىيىپ كەتكەن چاچلىرى ۋە بۇ چىگىچ چاچلارغا ئىلىنىپ تۇرغان سامان پارچىلىرى ئۇنى غەلىتە تۇسكە كىرگۈزۈپ قويغانىدى .

— كىمنىڭ بالىسى سەن ، ئۇكا ؟ — دەپ سورىدى ھېسام ئۇنىڭدىن .

— ئارا مەلىدىكى ئىبراھىمنىڭ .

— ھە ، ئىبراھىم «پاخال»نىڭمۇ ؟ بۇنىڭ دادىسى ناھايىتى ياخشى ئادەم ، ئۆمرى سامان ـ مەنگەن سېتىپ ئۆتكەچكە لەقىمى «پاخال» . داداڭزە پاخالنى باسىدىغان يەر تاپالماي سېنىڭ بېشىڭغا بېسىپتۇ ـ دە ! ؟

ئەخمەت ھارۋىكەش بالىنىڭ بېشىغا قاراپ كۈلۈۋەتتى . بالا ئالمان ـ تالمان ئۆزىنى تۈزەشتۈردى ـ دە :

— ھېسامكا ، ئادەم شاڭخو قىلماي قىزىق بىر پاراڭلارنى قىلىپ بېرىڭا ، — دەپ كۈلدى .

ھارۋا شەھەردىن چىقىپ يېزا يولىغا چۈشكەنىدى . ئېتىزلاردا بۇغداي مايسىلىرى يەلپۈنۈپ تۇراتتى . يىراقلاردىكى كۆكۈچ چوققىلار ئۈستىدە ئاپئاق بۇلۇتلار قېتىپ قالغانىدى .

— ئانام رەھمەتى كۆپ بالا تۇغقانىكەن ، — دەپ بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەپ كەتتى ھېسام ، — ھەممىسى ئۆلۈپ كېتىپ ئاخىردا مەن تۇرۇپ قالغانىكەنمەن ، ئانامنىڭ ئېيتىشىچە ، مەندىن ئىلگىرى تۇغۇلغان قېرىنداشلىرىم بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق بولغاچ ، كۆزى يامانلارنىڭ كۆزى تېگىپ كېتىپ قالغانىكەن ، ئېسىمدە قېلىشىچە ، ئاپام كوچىلارغا چىقىپ ئوينىغۇدەك بولغىنىمدىن باشلاپ «تىلى يامانلارنىڭ تىلى ، كۆزى يامانلارنىڭ كۆزىدىن خۇدايىم ساقلىسۇن !» دەپ

بوينۇمغا ئۈچ بۇرجەك تۇمار ، ھەر خىل كۆز مونچاقلارنى ئېسىپ قويىدىغان . كىچىكلا تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىشنى كىم خالايدۇ دەيسىلەر؟ ئاپامنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆزى يامانلارنىڭ كۆزى تېگىپ كېتىشىدىن بەك قورقۇپ يۈرىدىغان بولدۇم ، نېمىشقىدۇر ، چوڭ كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى ئاشخانىدا — پۇرقىراپ ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قاسقانلارنىڭ ئالدى تەرىپىگە قويۇلغان غەللە قېشىدا ئولتۇرۇپ پۇل سانايدىغان ئاشخانا خوجايىنىنى كۆرسەم قاچاتتىم . ئۇنىڭ قېشىغىچە باسۇرۇپ كىيىۋالىدىغان مايلىشىپ كەتكەن دوپپىسى ئاستىدىكى يوغان كۆزلىرى ئىككى يۇز ۋاتلىق لامپۇچكىدەك يېنىپ تۇراتتى . «كۆزى يامان» ئادەمنىڭ كۆزى ئاشۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ-دە ، دەپ ئويلايتتىم . بۇ ئاشپەز خېرىدارلارنىڭ يانچۇقىدىكى پۇلنى جىقراق سۇپۇرۇۋېلىش ئۈچۈن مانتىنىڭ ئىچىگە ھەرنېمە سېلىشتىن يانمايتتى . بىر قېتىم ، مەن بىر دېھقانىنىڭ شۇ ئاشخانىدىن مانتا يەپ : «مانتاڭنىڭ ئىچىدىن لاتا چىقتىغۇ ، بۇ قانداق گەپ؟» دەپ ھېلىقى خوجايىنىنىڭ ئالدىغا بارغىنىنى كۆرگەنىدىم . ھېلىقى ئاشپەز خىجالەت بولماقتا يوق ، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ، دېھقانىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ : «ئون تىيىنلىق مانتىنىڭ ئىچىدىن لاتا چىقماي تاۋار چىقاتتىمۇ ئەمىسە !» دەپ ۋارقىراپ كەتكەنىدى . شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزى ھور چىقىپ تۇرغان قاسقاندىنمۇ يوغىناپ كەتكەنتى .

قوشنا ھويلىدا ئاستىغا ئەيلەنگەن يۇمشاق ئۆچكە تېرىسىنى سېلىپ ، پېشايۋاندا كۈن بويى بىكار ئولتۇرىدىغان بىر موماي بولىدىغان ، ئۇنىڭ كىرپىكسىز كۆزلىرىمۇ دائىم شارىكتەك پىرقىراپ ، ئۆتكەن - كەچكەنگە غەلىتە قارايتتى . باشقىلاردىن

«بۇ خوتۇن دەم ئىچىپ، قەستە ئوقۇيدۇ» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلايتتىم. ئۇنى خىلمۇخىل جۇۋانلار ئىزدەپ كېلىشەتتى، بۇ خوتۇنلار مومايننىڭ ئۆيىگە ئالدىراش كىرىپ كېتىپ، يەنە شۇنداق ئالدىراش قايتىشاتتى. بىكار چاغلىرىدا موماي يەنە ھېلىقى تېرىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئىشىك ئالدىدا ئولتۇراتتى. ئاڭلىسام، ئۇ خوتۇنلارنىڭ كۆڭۈلسىز بولۇپ قالغان ئەرلىرىنى ئىسسىتما ئوقۇپ ئىسسىتىپ بەرگۈدەك... بۇ مومايننىڭ ئىشكى ئالدىدىن قورقۇپ زادىلا ئۆتەلمەيتتىم...

چوڭ يولدا ماشىنا، ھارۋىلار ئۈزۈلمەي ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. ھېسامنى كۆرگەن تونۇشلار:

— ھەي ھېسامىتاي، يول بولسۇن! — دەپ ۋارقىراپ قوياتتى.

— ئۇكا، ھارۋاڭنى ئېتىز بىلەن كېتىدىغان يولغا تارتمامسەن. چوڭ يولدىكى ۋاڭ - چۇڭ، گەپنى گەپكە قوشمىدى، — دېدى ھېسام.

ھېسامنىڭ گەپلىرىگە قىزىقىپ قالغان ھارۋىكەش ھارۋىسىنى ئۇنچىقماي يانغا بۇراپ ئېتىز يولىغا چۈشۈپ كەتتى. يول توپىلىق بولسىمۇ تىنچ ئىدى. ئەتراپتىن دالا قۇشلىرىنىڭ كۆڭۈللۈك چۇرۇقلىشىشى ئاڭلىناتتى.

— ھېلىقى گېپىمنى داۋاملاشتۇرسام، — دېدى ھېسام، — كۆزى يامانلارنىڭ كۆزى تېگىپ كەتمىسۇن، دەپ ئاپام ماڭا كونا، قۇراق كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ قوياتتى. مەنمۇ كۆزى يامانلارنىڭ نەزىرىگە چۈشمەسلىك ئۈچۈن ئەتەي چىرايلىرىمنى پۈرۈشتۈرۈپ، پۇتۇمنى سۆرەپ ماڭاتتىم. كىم بىلسۇن، بارا - بارا شۇنداق مېڭىش ماڭا ئادەت بولۇپ قالدى. چىرايىمنى پۈرۈشتۈرۈپ

يۈرۈۋېرىپ يۈز ـ كۆزلىرىم قورۇق دەستىدىن تورلۇق قوغۇندەك بولۇپ كەتتى . نېمە بولسا بولسۇن ، كىشىلەرنىڭ يامان كۆزىدىن نېرى بولۇپ ، ئامان ـ ئېسەن قاتارغا قېتىلىپ قالدىم . چىشلىرىمنىڭ ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل ، ئاراچلىقىنى دېمەمسىلەر . بۇنىڭغۇ مەن ئۆزۈم ئەتەي شۇنداق قىلىۋالغىنىم يوق . ياراتقان ئىگەمغۇ ماڭا تىل تېگىپ كەتمىسۇن ، دەپ شۇنداقراق چىشلارنى ئىلتىپات قىلغان ئوخشايدۇ . تۇغۇلۇشۇمدىنلا چىشلىرىم غېجەكنىڭ قۇلىقىدەك ئۇ يەر ـ بۇ يەردىلا ئىدى . تېخى ئون تۆت ياشقا كىرمىگەن ۋاقتىمدا ، شاۋۇدۇن بايۋەچچە دېگەن بىرى مېنى زاڭلىق قىلىپ : «ھېسام ، يەپ تاشلىۋەتكەن ئالماڭغا بىر قارىغىنا ، ھۆرۈن دېھقان سوقا سالغان يەرگىلا ئوخشىشىپ قاپتۇ» دېگەنىدى .

شاۋدۇننىڭ لەقىمى «شاپاق» ئىدى ، مەن ئۇنىڭغا :

«ھە ، شاۋۇدۇنكا ، مەن يېگەن تاۋۇزنىڭ شاپىقىنى ھەرقانداق يەرگە ئاپارساڭ ‹ھېسام غاجاپتۇ› ، دەپ تونۇپ قولۇڭغا تۇتقۇزۇپ قويىدۇ» دەپ قويۇپ بالاغا قالغىلى تاسلا قالغانىدىم .

ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا ، دېگەن گەپنى قانداقراق بىر دانا ئېيتىۋىدىكى ، ئۆلمەيتىمەن ، ئۇنىڭدىن باشقا قىسمەتلەرنىڭ ھەممىسى بېشىمغا چۈشۈپتۇ . مانا ئەمدى بېرىپ ـ بېرىپ ئاراڭلاردا بىر قىزىقچى بولۇپ قالغىنىمنى ئېيتايمۇ... ئانام رەھمەتتى ناھايىتى ساددا ئايال ئىدى . كىم مېنى ئىزدەپ كەلسە «ھە ، ھازىرلا كەلدى ، ئۆيدە بار» دەپ چاقىرىپ قوياتتى . نېمە گەپ دەيسەن ، شۇ كۈنلەردە قەيەرگە بارساڭ قۇرۇق ھاراق ئىچمەكتىن باشقا گەپ يوق . بارغاندىن كېيىن ، ئانچە ـ مۇنچە چاقچاق قىلىپ ، سورۇندىكىلەرنى كۈلدۈرمىسەڭ يەنە

بولمايدۇ . بەزىدە ئادەمنىڭ چارچاپ ھالى قالمايدۇ . بىر كۈنى ئاپامغا : «ئاپا ، قىچارغان يەرنىڭ ھەممىسىگىلا بارىۋەرسە جان توشمايدۇ . مۇنداق ئادىمىگە قاراپ ‹بار ، يوق › دە» دېسەم : «ھە ، شۇنداق قىلساڭ بولىدۇ ، بالام» دېدى . بىر كۈنى ئەمدىلا ئۆيگە كىرىپ «ئۇھ» دەپ يانپاشلاپ تۇراتتىم ، دەرۋازىنى بىرى قاقتى . ئارقىدىن بىرىنىڭ «ھېسام بارمۇ ؟» دېگەن ئاۋازى چىققاندەك بولدى . ئاپام رەھمىتى دەرۋازىنىڭ ئالدىدىلا تۇرۇپ ئۆي تەرەپكە قاراپ : «ھېسام ، مەھەللىمىزدىكى ئابدۇرېھىمجان قىچقىرىپ كەپتۇ ، بار دەيمۇ ، يوق دەيمۇ» دېمەسمۇ ، شۇ چاغدا دەرۋازىنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئابدۇرېھىمكاممۇ كۈلۈپ كەتكەنىدى .

رەھمەتلىك ئاپام كۆپ جاپايىمنى تارتقانىدى . شۇنچىلىك ساددا ئايال ئىدى . بىر يىللىرى ئۇ ماڭا «ئوقەت قىلىشنى ئۆگەن» دەپ سۈت ساتىدىغانغا بىرنەچچە كومزەك قىلىپ بەرگەنىدى . ناغرىچىدىن[1] سۈتنى ئېلىپ ، «سۈت ، سۈت !» دەپ ۋارقىراپ ، سۇدەرۋازىغا[2] ئەكېلىپ ساتاتتىم . ساتالمىغىنىمنى تار كوچىلارنىڭ بىرىگە كىرىپ ئىچىۋېتىپلا يېنىپ كېلەتتىم . ئاپام : «بالام ، بۈگۈن بەك بالدۇر قايتىپسەنغۇ ؟» دېسە ، «ھە ، سودا يامان ئەمەس بولدى» دەپلا قوياتتىم ، ئەمما سۈتنىڭ پۇلىنى سانىسا كەم چىقاتتى . بىچارە ئاپام مېنى خىجالەت بولۇپ قالمىسۇن دەپ يۈزۈمگە سالمايتتى .

بىر كۈنى ئۇ : «بالام ، سەن ئىچىۋالمايدىغانغا كىرسىن ساتساڭ بولغۇدەك» دېگەنىدى .

ئاپام رەھمەتلىك ئۆلۈپ كەتكەندە قىلغان ئىشىمنى

① ناغرىچى — مەھەللە ئىسمى .
② سۇدەرۋازا — مەھەللە ئىسمى .

دېمەمسىلەر ، بېلىمگە ئاقنى مەھكەم باغلاپ ، تاۋۇتنى پىرقىراپ يىغلاۋېتىپ ، شۇنداق دەرۋازا تەرەپكە قارىسام ، تالادا بىرى مېنى شەرەت قىلىۋېتىپتۇ . چىقسام ياسىن «تەمبۇر» ئىكەن . ئۇ : «ئەلھۆكمىلىللا !— دەپ كۆرۈشۈپ بولۇپ ،— ئاداش ھېسام ، بىر يۇزلۇك ئادەم چاقىرىپ قويغانىدى ، ھېسامنى ئەكەلمىسەڭ بولمايدۇ ، دېگەن . شۇ يەرگە بېرىپ كەلسەك» دەيدۇ .

«ھوي ، ساراڭ بولدۇڭمۇ ؟ ! ئېشەك ئۆلۈۋاتسا بىرنېمىسى غېجەك چاپتۇ دېگەندەك ، گەپقۇ بۇ . ھازىدار تۇرسام قانداق بارىمەن ؟ » دېسەم ، «ئۇقتۇم ، ئاپاڭنى ئەتە جۇمە نامىــزىغا ئاچىقىدىكەنسىلەر . بېرىپ بىر - ئىككى سائەتلا ئولتۇرۇپ بېرىپ قايتساڭ» دەپ تۇرۇۋېلىۋالدى ئۇ . خەير ، ماقۇل دەپ كېتىپ قاپتىمەن . ماۋۇ ساراڭلىقنى كۆردۇڭلارمۇ . بىر - ئىككى سائەت ئولتۇرىدىغان ئىش نەدە . ئۆيگە يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا بىراقلا كەپتىمەن . چوڭلار ناھايىتى ئەيىبلەپ كەتتى . ھېلىمۇ بىــز ئۇرۇق - تۇغقانلىق بولغاچ ، مەن كەلگۈچە باشقىلار يىغلىغاچ تۇرۇپتۇ ...

ھارۋىكەش بالا كۈلۈپ تېلىقىــپلا قالدى . ئېشەكمۇ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاۋاتقاندەك قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ بىر خىل يورۇشتە سىلىق كېتىپ باراتتى .

— شۇ قېتىم ، ھېلىقى ئولتۇرۇشقا مېنى باشلاپ بېرىپ ياسىن «تەمبۇر»نىڭ قىلغان ئىشىنى دېمەمســلەر . زىياپەت ناھايىتى كاتتا بولدى . بىزنى چاقىرغان ساھىبخانا مېھمانلىرىغا مېنىڭ پاراڭلىرىمنى ئاڭلاتماقچىكەن ، قىزىق گەپلەرنى قىلىپ بېرىپ تازا كۈلدۈردۈم . ياسىن «تەمبۇر» ھە دەپ قويۇپ گەپ تىڭشاپ ، زادى تۈزۈكرەك بىر پەدىگە چالغىلى ئۇنىمىدى . ئادەتتە

بۇ ئاغىنىمىزنىڭ ئايالى كۆپرەك سورۇندا ئوبدان چالىدىغان مىجەزى بار ئىدى . ھېچبولمىغاندا ، ئايالى ئىشىك ئالدىدىن ئۇياق - بۇياقتا ئۆتۈپ ، دېرىزىلەردىن مارىشىپ تۇرسا تازا ئېچىلاتتى . بۇ يەردە ئۇ بىر داستىخانىغا ، بىر تالاغا قاراپ ، ھە دېسىلا تىرىڭ - تىرىڭ قىلىپ تەمبۇرنىڭ سازىنى تەڭشەپ زادىلا پەيزى كۆرسەتمىدى . مەن تالاغا چىقىپ ، ساھىبخانىنى بىر چەتكە تارتىپ :

«بۇ ئاغىنىمىزنىڭ مۇشۇنداق بىر مىجەزى بار . ئىككىمىز بىر ھىيلە قىلايلى ، كۆتمەك چىغ سۇپۇرگە بارمۇ ؟» دېدىم .

«بار» دەپ سۇپۇرگىدىن بىرنى تېپىپ كەلدى ساھىبخانا .

سۇپۇرگىنىڭ بېشىغا قىزىل ياغلىقتىن بىرنى چىگىپ ، دېرىزە يېنىغا خۇددى بىر ئايال ماراۋاتقاندەك قىياپەتكە كەلتۈرۈپ تىكلەپ قويدۇق ۋە ئۆيگە كىرىپ :

«ياسىنجان ، قېنى چېلىڭلار . قوشنا - قولۇملارنىڭ خوتۇنلىرى دېرىزە كەينىگە ئولىشىپ كېتىپتۇ . نېمىشقا چالمايدۇ ، دېيىشىۋاتىدۇ» دېدىم .

ياسىن بېشىنى شۇنداق كۆتۈرۈپ قاراپ ، ھېلىقى دېرىزىدىن غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان «چوكان»نى كۆرۈپ ، تەمبۇرنى قولىغا ئېلىپ بىر چېلىپ كەتتى دېمەمسىلەر ، ھاي ، ھاي ! ··· كېيىن قايتقاندا يولدا :

«ياسىنجان ، بۈگۈن تەمبۇرنى قالتىس چېلىۋەتتىڭ جۇمۇ . بىر سەتەڭ دېرىزە يېنىغا كېلىۋېلىپ زادىلا كەتمىدا !» دېسەم ، «ھە ، تونۇش ئايال ئىدى» دەيدۇ .

ھارۋىدىكىلەر قاتتىق كۈلۈشۈپ كەتتى . ھېسام :

— ئەخمەت ، سەنمۇ شۇنداق سازەندىلەردىن بولۇپ قالما -

ھە ! — دەپ قوشۇپ قويدى .

× ×

ھارۋا ئوڭغۇل - دوڭغۇل ئېتىز يوللىرىدا ئولتۇرغانلارنى چايقاپ بىر پەس ماڭغاندىن كېيىن ، شېغىل يېيىتىلغان تەكشى بىر يولغا چىقتى - دە ، يەنە سىلىق مېڭىپ كەتتى .

— ھېسامكا ، سېنى ئۆيلەندى ، دەپ ئاڭلىشىدۇق ، كېيىن قانداق بولۇپ كەتتا ؟ — دەپ ھېسامنىڭ ئاغزىنى تاتىلىدى ھارۋىكەش بالا .

— خوتۇننىڭ گېپىنى قىلىپ بەرسەم ، بۇمۇ بىر قىزىق گەپ ، — دېدى ھېسام ، — بىر چاغدا بىر خوتۇن ئېلىۋىدىم ، نېمىسىنى ئېيتىسىلەر ، ھە دېسىلا ياقىغا ئېسىلىپ سوقۇشىدىغان چىقىپ قالدى . بىر كۈنى ئۇ خۇشى تۇتۇپ كېتىپ : «ھېسام ، ئۇستىڭىزدىكى چاپان بەك كونىراپ كېتىپتۇ . ئۆيدە ساقلاپ يۈرگەن ئوبدان رەخت بار . سىزگە بىر چاپان تىكتۇرۇپ بەرسەم ، قانداق ؟» دەيدۇ ، «ئوبدان گەپكەن ، خوتۇن ، نىيىتىڭگە رەھمەت . راستىنلا چاپان تىكتۇرۇپ بېرەي دېسەڭ ياقىسىنى كىچىكرەك قىلىپ تىكتۇر» دېدىم . خوتۇن ھەيران بولۇپ : «نېمىشقا ؟» دېدى . «كېيىن ئۆزۈڭ ئېسىلىپ يوغىنىتىۋالىسەن ئەمەسمۇ !» دېۋىدىم ، ئۆزىمۇ كۈلۈپ كەتتى .

ئۆزىمىغۇ بەستى يوغان ، قاۋۇل خوتۇن ئىدى . بىر كۈنى جېدەللىشىپ قالدۇق . قولاق تۇۋىمگە بىرنى قويۇۋىدى ، پوكلا چۈشتۇم . قوپۇپ سوقۇشاي دېسەم كۈچۈم يەتمەيدۇ . «خەپ !» دېدىم . ئۇيقۇسىمۇ قاتتىق خوتۇن ئىدى ، نامازشاممۇ بولدى ،

يوتقاننى لەپەڭلىتىپ ياتقىلى قوپاتتى . يېشىنىپ شۇنداق ئورۇنغا كىرنىشكە يۈگۈرۈپ كېلىپ بىقىنىغا بىرنى تېپىپ ، تالاغا قېچىپ چىقىۋالدىم . شۇ چىققانچە مەھەللىنىڭ دوقمۇشىدىكى ساتىراشخانىغا بېرىپ ، دۇكانغا يىغىلغان بىكار تەلەپلەر بىلەن خۇپتەندىن يانغۇچە گەپ سېتىپ ئولتۇرۇپ ، ئەمدىغۇ خوتۇنىنىڭ ئاچچىقى يېنىپ قالغاندۇ ، دەپ ئۆيگە كەلسەم ، خوتۇن ئىشىكنى ئىچىدىن مەھكەم ئېتىۋاپتۇ . ئىشىكنى تارتسام ھېچقانداق ئاۋاز يوق . ئاخىر زەنجىرنى بولۇشىغا شاراقلاتقىلى تۇردۇم . بىر چاغدا خوتۇن چىراغنى يېقىپ ، ئىشىكنىڭ يېنىغا كەلدى . ئۆزىمۇ پۇلغا ئامراق خوتۇن ئىدى . يېنىمدىكى يىگىرمە سوم پۇلدىن خەۋىرى بولسا كېرەك ، «يېنىڭىزدىكى پۇلنى بەرسىڭىز ئاچىمەن» دېدى . «ھە ، ئاچامسەن ، بېرەي» دېسەم ، «ئاۋۋال بېرىڭ ، ئاندىن ئاچىمەن» دېدى .

ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئون سوم پۇلنى سۇنۇپ بېرىۋىدىم ، پۇلنى ئېلىۋېلىپ : «يەنە بىر ئون سوملۇقنىمۇ بەرمىسىڭىز ئاچمايمەن» دېگىلى تۇردى . «خەير» دېدىم ، تالادا قونۇشنىڭ ئورنى يوق . ھېلىقى ئون سوملۇقنىمۇ سۇنۇپ بەردىم… خوتۇن ئىشىكنى ئېچىپ ، ئورۇننى چىرايلىق سېلىپ بەردى . يېتىپ ئۇخلىغان بولۇپ كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ تۇرسام ھېلىقى پۇلنى خوتۇن تامدىكى مىخقا ئىلىقلىق تۇرغان پىلاتىسىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويۇپ ئورنىغا كېلىپ ياتتى . خوتۇن تازا خورەككە چۈشكەندە ئاستا قوپۇپ بېرىپ ، پۇلنى ئېلىپ يانچۇقۇمغا سېلىۋالدىم .

ئەتىسى ئەتىگەندە قوپۇپ ، يۈزۈمنى يۇيۇپلا تالاغا ماڭسام ، خوتۇن : «قەيەرگە بارىسىز ، چاي ئىچمەمسىز ؟» دەيدۇ . «ھە …

ياق ··· چاينى بۇگۇنچە ئۆزۈڭ يالغۇز ئىچىپ تۇربدىغان بولدۇڭ ـ دە ، خوتۇن . ئەتىگەندە بىرنىگە يولۇقىدىغان ئىشىم بار ئىدى» دېدىم ـ دە ، «غىپپىدە» قىلىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم . شۇ چىققانچە ئۆيگە چۈشتىمۇ كەلمەي ، كەچتە يەنە بىرىنىڭ ئولتۇرۇشىنى قىزىتىپ ، يېرىم كېچە بولغاندا كەلسەم ، خوتۇن چىراغنى يېقىپ قويۇپ ، تىرنىقىنى تاتىلاپ ئولتۇرۇپتۇ .

«نېمە بولدۇڭ ؟» دېسەم ، «ھېسام ، بىر گەپنى سىزگە ئېيتسام ئاچچىقىڭىز كېلەرمۇ ، قانداق ؟» دېدى . «ھە ، نېمە گەپ ئىدى ئۇ ؟ !» دېدىم . «قاراڭ ، ئاخشام سىزدىن ئالغان پۇلنى مۇنۇ چاپاننىڭ يانچۇقىغا سالغاندەك قىلىۋىدىم . سىز چىقىپ كەتتىڭىز ، چاينى ئىچىپ بولۇپ ئارىلىقتا بازارغا ئوتياش ئالغىلى چىقتىم . قايتىپ كېلىپ قارىسام يانچۇقتا پۇل يوق . بىر يەرگە چۈشۈرۈپ قويدۇممۇ ياكى يانچۇقچى ئېلىۋالدىمۇ ، بىلمەيمەن» دېدى .

«بىرنى قويسا !» دەپ ۋارقىراپ قولۇمنى شۇنداق كۆتۈرۈۋىدىم ، خوتۇن قورقىنىدىن چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ، «پۇل تۇتما ، پۇل تۇتما ، دېسە ئۇنىمايسەن ، خوتۇن كىشى پۇل تۇتسا مانا مۇشۇنداق بولىدۇ ، ئەمەسمۇ !··· مە ، ماۋۇ ئون سومنى چاي ـ تۇز قىل !» دەپ ئاخشامقى يىگىرمە سومنىڭ ئون سومنى يەنە ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدۇم . شۇنداق قىلىپ ، شۇ يىگىرمە سوم پۇل بىلەن بىچارىنى ئىككى ئاي خوتۇن قىپتىمەن . نېمىسىنى ئېيتاي ، ئۇكىلار ، خوتۇن دېگەنمۇ ئۆيدە يەيدىغانغا بىر نەرسە بولسا تۇرىدىكەن . «ئەي خوتۇن ، ساڭا قىزىق گەپلەرنى قىلىپ بېرىمەن» دېسەم ئۇنىماي ئاخىر ئۇمۇ خېتىمنى ئالدى . ئاچچىقى يامان بولغان بىلەن

بولىدىغان يەرلىرىمۇ خېلى بار ئىدى . خەير ...

ھېسام ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدا بولغان - بولمىغان نۇرغۇن ئىشلارنى ئاشۇنداق قىزىق قىلىپ توقۇپ سۆزلەيتتى . كۆڭلى كەڭ ، مەرد بولغاچقا ئۆزىنى شاڭخو قىلىشتىن قورقمايتتى . سورۇنلاردا ئۇنىڭ چاقچىقىنى بىرەرى كۆتۈرەلمەي تېرىكىپ قالاي دېسە ، گەپنى «شاققىدە» ئۆزى ئۇستىگە ئاغدۇرۇپ ئۆزىگە ئۆزى چاقچاق قىلغىلى تۇراتتى ...

× ×

ھارۋا يەنە چوڭ يولغا چىقىپ قالدى . يولۇچىلارنىڭ ئالدىدا يېڭىمەھەللىنىڭ تېرەكلىرى كۆرۈندى . كۈن ئولتۇرۇشقا باشلىغان بولۇپ ، مەھەللە تەرەپتىن پادىدىن قايتقان كالىلارنىڭ مۆرەشلىرى ، ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى تاماققا چاقىرغان ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى . ئۆيلەرنىڭ مورىلىرىدىن چىققان ئىس تۇرۇلۇپ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ بوشلۇققا يېيىلىپ كېتەتتى . ھېسام بىلەن ئەخمەت قورساقلىرىنىڭ ئاچقانلىقىنى ھېس قىلىشتى . شۇ ئارىدا يول ئۇستىدە كېتىپ بارغان بىرنەچچەيلەن :

— ھوي ، ھېسامتاي ، يول بولسۇن ، نۇرمەھەممەت شۇجىنىڭ ئۆيىگە ماڭدىڭلارما ؟ — دەپ سوراپ قالدى .

— شۇجىنىڭ ئۆيىدە نېمە ئىش بار ئىكەن ، ئۇقمىدۇققۇ ؟— دەپ ھارۋىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى ھېسام .

— ئولتۇرۇش ، ئولتۇرۇش ! — دەپ ئۆتۈشۈپ كەتتى ھېلىقىلار .

— ئۇكا ، ھارۋاڭنى شۇجىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا تارتىپ

بىزنى شۇ يەرگە تاشلاپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتكىنە ،— دېدى ھېسام ، — قورساقنى شۇ يەردە بىر ئەستەرلىۋالايلى ...

نۇرمەھەممەت شۇجى شۇ ئەتراپتىكى ئابرۇيلۇق شۇجىلارنىڭ بىرى ئىدى ، شۇ تاپتا ئۇ ناھىيەدىن كەلگەن ئاغىنىلىرىگە ئولتۇرۇش قىلىپ بېرىۋاتاتتى . ھېسامىلار تازا ئاش تارتىلىۋاتقاننىڭ ئۈستىگە يېتىپ كەلدى . «ھوي ، شەھەردىن ھېسامىلار چىقىپتۇ !» دېگەن گەپ بىلەن ئولتۇرۇشتىكىلەرنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپ ، ساھىبخانىمۇ جانلىنىپ كەتتى . بىرنەچچەيلەن دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ مېھمانلارنى ئۆيگە باشلىدى . پۈتۈن ھاياتى ئويۇن - چاقچاق سورۇنى ئۈستىدە ئۆتكەن ھېسامغا قاچانلا بولمىسۇن خەلق ئۆيىنىڭ تۆرى تەييار ، ھېسامنىڭ شاراپىتى بىلەن ئەخمەتمۇ ئەزىز مېھمانلار قاتارىدا تۆرگە ئۆتتى . قوللار چايقىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئاش كەلدى . «خۇدايىم كەچ قويسا قويىدۇ ، ئاچ قويمايدۇ» دېگەن مانا مۇشۇ . «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم» دەپ پولۇغا تۇتۇش قىلدى ئۇلار .

ھېسام ئۇچۇن ئادەمنىڭ يېتى يوق ، ئۇنىڭ تونۇشمايدىغان ئادەملىرىمۇ ئاز . ئۇ ھەرقانداق سورۇندا بارلىق ئادەملەرنى بىر - بىرىگە ئۆز قىلالايدۇ . ئۇ قاتناشقان سورۇن تەبىئىي جانلىنىپ كېتىدۇ ...

— ئايالىڭىز قانداقراق ؟ — دەپ سورىدى نۇرمەھەممەت شۇجى يېنىدىكى بىرەيلەندىن گەپ ئارىسىدا .

— دوختۇرغا ئاپارسام قىرىق كىلوگىرام قان سالدى ، ھازىر خېلى ياخشى ، — دېدى ھېلىقى كىشى .

ئېھتىمال ئۇ «تۆت يۈز گىرام قان سالدى» دېمەكچى بولسا كېرەك . «قىرىق كىلوگىرام قان سالدى» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ

ھەممەيلەن كۈلۈۋەتتى .

— كۈلىدىغان يېرى يوق ، شۈجى ،— دېدى ھېسام ،— ئۆتكەندە مەن بولالماي دوختۇرغا بارسام ، تونۇش دوختۇر ئىدى ، يۈز كىلوگىرام قانغا چىلاپلا قويغان ...

ئۆي ئىچىدە قاتتىق كۈلكە چىقىپ كەتتى .

ئاش يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن ، سورۇندىكىلەر «قېنى ، شەھەرنىڭ سازچىلىرىدىن بىر پەيزى ئاڭلىمايلىمۇ» دېيىشتى . يېزىنىڭ بىر دۇتارچىسى بىلەن بىرنەچچە ناخشىچىلىرى ئەخمەتنىڭ يېنىغا سۈرۈلدى . ئۇلار بىر پەدە سازدىن كېيىن خەلق ناخشىلىرىنى باشلىۋەتتى . ناخشىچىلار ئىچىدە بىرى سەل نورمىدىن ئۇشۇق ئىچىپ قويغان بولسا كېرەك ، «ئەۋرىشىم»گە كەلگەندە ناخشىنى ناھايىتىمۇ سوزۇپ بۇزۇپلىۋەتتى . بۇ ناخشىچىنىڭ چىرايى ساپسېرىق بولغاچقا ، ئۇنى ھەسەن «سېرىق» دېيىشەتتى . ناخشا ئاخىرلاشقاندا ، ھېسام :

— ھەسەن ئاداش ، بىز خېلى جايلاردا «ئەۋرىشىم»نى ئاڭلىغان ، لېكىن مۇنداق ئۆزۈن «ئەۋرىشىم»نى ئاڭلىماپتىكەنمىز . مۇشۇ «ئەۋرىشىم»نىڭ ئىككى مېتىردىن قىلىپ كەسسە قانچە خوتۇنغا ئىشتان چىقار؟— دېدى .

ھەممەيلەن ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈۋېتىشتى . ھەسەن «سېرىق» تېرىككەندەك بولدى ـ دە :

— ھېسامتاي ، سەن ناخشىنى نېمە بىلىسەن . «ئەۋرىشىم»نى مانا مۇشۇ مەھەللىدە مېنىڭ دادامدەك ئېيتىدىغىنى يوق ئىدى . دادامنى بىلىدىغانسەن؟— دېدى .

— بىلىمەن ، — دېدى ھېسام ،— داداڭنى ئوبدان بىلىمەن . داداڭ رىشالىچى ئىدى ، مەھەللىمۇمەھەللە يۈرۈپ

تۇخۇم يىغىپ ، ئېقىدا رىشالە ئېتىپ ، سېرىقىدا سېنى ياسىغان .

بۇ چاقچاق بىلەن مېھمانلار كۈلۈپ دومىلىشىپ كەتتى . ھېسام كۈلگەندە ئاغزى يوغان ئېچىلىپ ، چىشلىرىنىڭ ئاراچىلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ قالاتتى . ھەسەن «سېرىق» دەرھال ھېسامغا ھۇجۇمغا ئۆتتى .

— بولدى ، ئاغزىڭنى يۇم ، ھېسام ، ئاۋۇ چىشلىرىڭنىڭ ئاراچىلىرىغا بىر - ئىككى تام بولسىمۇ سوقۇۋالساڭ بولمامدۇ ! ؟

— ھە ، ئۆزۈمنىڭمۇ شۇ يەرگە تام سوقتۇرۇپ ، بىر - ئىككى ئېغىز ئۆي سېلىپ قويايمىكىن ، دېگەن پىلانىممۇ بار ...

— ئۆيۈڭ پۈتكەندە ، مەھەللىنىڭ بالىلىرى بىلەن دۇتار - تەمبۇرلىرىمىزنى كۆتۈرۈپ كىرىپ ئاغزىڭنىڭ ئىچىدە راسا بەزمە قىلىدىكەنمىز - دە ! ...

— ئۇ چاغدا بىر تۇكۇرسەم يەرگە «شالاقىدە» چۈشىسىلەر - دە !

يەنە قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى . ھەسەننىڭ چىرايى تېخىمۇ سارغىيىپ كەتتى .

— شۇنىمۇ چاقچىقىم بار دەپ قىلدىڭما ، ھەسەن ؟ — دېدى ھېسام ، — ئاپاڭنىڭ قورسىقىدا سەللا ئۇزۇن تۇرغان بولساڭ پوققىلا ئايلىنىپ كېتىدىغان نېمىكەنسەن ...

كۈلكىدىن بىرنەچچەيلەننىڭ كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتتى . ھەسەننىڭ تېرىكىپ قالاي دېگىنىنى سەزگەن ھېسام دەرھاللا گەپنى باشقا تەرەپكە بۇرۇۋەتتى .

— بىر مەھەللىدە ھاشىم «پوقاق» دېگەن بىر ئادەم بار ئىكەن ، — دەپ ھېكايە باشلىدى ھېسام ، — پوقىقىنىڭ

يوغانلىقىدىن بۇ ئادەم يىراقراق بىر يەرگە بارماقچى بولسا ھارۋا كىرا قىلىپ ، پوقىقىنى ھارۋىغا سېلىپ ، ئۆزى يېنىدا پىيادە ماڭىدىكەن . بىر كۈنى ھاشىم ئاخۇن مەھەللىنىڭ چېتىدىكى يوغان قارىياغاچنىڭ ئاستىدا ئۇخلاپ قاپتۇ . ھېلىقى قارىياغاچ جىن بار قارىياغاچ ئىكەن . جىننىڭ بالىلىرى پەسكە ئوينىغىلى چۈشۈپ ، قارىياغاچ سايىسىدە ئۇخلاپ قالغان ئادەمنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ . «بۇ ئادەمنىڭ گېلىدا ساڭگىلاپ تۇرغان ماۋۇ يوغان نەرسە نېمىدۇ» دەپ قىزىقىپ ، ھاشىم ئاخۇننىڭ پوقىقىنى ئېلىپ ، قارىياغاچنىڭ ئۈستىگە ئاچىقىپ ئوينىغىلى تۇرۇپتۇ . بىر چاغدا ھاشىم ئاخۇن ئويغىنىپ ئورنىدىن تۇرسا يېپيېنىكلا بولۇپ قالغان . شۇنداق گېلىنى سىلىسا پوقىقى يوق ئىمىش . «خۇدايا شۈكرى ، كېسىلىمگە ئاخىر ئىگەم شىپالىق بېرىپتۇ» دەپتۇ ـ دە ، مەھەللىگە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ . شۇ مەھەللىدە يەنە بىر بايۋەچچە بار ئىكەن ، ئۇ بىچارىنىڭمۇ قوش مۇشتتەك پوقىقى بار ئىكەن . ئۆزى خوتۇنباز نېمە ئىكەن ، پوقىقىدىن ناھايىتى نومۇس قىلىدىكەن . بايۋەچچە ئىشىك ئالدىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرسا ھاشىم ئاخۇن خۇشال يۈگۈرۈپ كېتىپ بارغۇدەك ، قارىسا پوقىقى يوق ، «ۋاھ ، بۇ قانداق گەپ !» دەپ ھاشىم ئاخۇننى ئارقىسىدىن ۋارقىراپ توختىتىۋاپتۇ ۋە «ھاشىم ئاخۇن ، ھوي ھاشىم ئاخۇن !» دەپتۇ ئۇ . «ۋاي نېمە ؟ !» دەپتۇ ھاشىم ئاخۇن . «پوقىقىڭلا قېنى ، پوقاق ؟» «ۋاي گەپ قىلمىسىلا ، بايۋەچچە ، خۇدايىمنىڭ بىر كېسەلگە شىپالىق بەرگۈسى كەلسە بىردەمدىلىك ئىش ئىكەن . مەھەللىنىڭ بېشىدىكى يوغان قارىياغاچنىڭ سايىسىدە ئۇخلاپ قاپتىمەن . ئويغىنىپ قارىسام پوقىقىم يېنىپ كېتىپتۇ» دەپتۇ ھاشىم ئاخۇن .

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھېلىقى بايۋەچچە يوغان قارىياغاچنىڭ ئاستىغا ئۇچقاندەك يېتىپ بېرىپتۇ ـ دە ، قارىياغاچنىڭ سايىسىگە ئۆزىنى تاشلاپ يالغاندىن ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋاپتۇ . ھېلىقى ھاشىم ئاخۇننىڭ پوقىقىنى دەرەخنىڭ ئۇستىگە ئاچىقىپ كەتكەن جىنلار پوقاقنى تېخىچە ئويناپ يۈرۈپتىكەن . شۇ ئارىدا ئۇلارنىڭ ئانىسى كېلىپ قېلىپ «نېمىنى ئويناۋاتىسىلەر ؟ » دەپ سوراپتۇ . بالا جىنلار بولغان ئىشنى دەپ بەرگەنىكەن ، ئانىسى «ئادەملەرنىڭ بىرنېمىسىگە چېقىلماڭلار . مېڭىڭلار . جايىغا ئاپىرىپ قويۇڭلار ! » دەپ ۋارقىراپتۇ .

بالا جىنلار قارىياغاچنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ ، ھاشىم ئاخۇننىڭ ئورنىدا ياتقان بايۋەچچىنى بايقىمايلا پوقاقنى بايۋەچچىنىڭ پوقىقى ئۇستىگە چاپلاپ قويۇپ چىقىپ كېتىپتۇ . بايۋەچچە شۇنداق كۆزىنى ئېچىپ قارىسا پوقىقى يوغىناپ كەتكەن ، «ئاللا ـ كاللا ! » دەپ ۋارقىراپتۇ ، ئورنىغا كەلمەپتۇ . شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ پوقىقىنى كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان بولۇپ قاپتۇ .

ھېسامنىڭ ھېكايىسىدىن كېيىن يەنە بىر يۈرۈش ناخشا ـ ساز بولدى . ئاندىن يەنە چاقچاق داۋاملاشتى . بايىقى ھەسەن «سېرىق » هاراقنى ئىچىۋېرىپ ئوبدانلا قىيىپ قالغانىدى .

— ھې ـ ھې ـ ھېسام ، مې ـ مېنى بىر ئوخشىتىپ باققىنا قېنى ، قە ـ قە ـ قە ـ قانداق ئوخشىتىسەنكىن ، — دەپ ھېسامنىڭ كۆزىگە كىرىۋالدى .

— سېنى ئوخشاتسام ، — دېدى ھېسام ، — چىرايىڭغا قارىغاندا ، دەريا بويىغا بېلىق تۇتقىلى چۈشۈپ ، بېلىق تۇتالماي ، قورسىقى ئېچىپ كېتىپ ، ئاپارغان سازىڭنى يەۋېتىپ كېلىدىغان

تۆگمەنچى ئورۇسنىڭ بالىلىرىغا ئوخشىشىدىكەنسەن .
— مە ـ مە ـ مەنغۇ قانداقلا بولمىسۇن دەريا بويىغا بېرىپ ، سۇدا يۈرۈپ بېلىق تۇتىدىكەنمەن ، سېنىڭ قولۇڭدىن شۇ ئىشمۇ كەلمەيدۇ ، — دېدى ھەسەن ، — خوتۇنۇڭ داسقا سۇ قۇيۇپ بەرسە چوڭقۇرمۇ ، تېيىزمۇ ؟ دەپ ئاۋۋال تاش تاشلاپ بېقىپ ئاندىن چۈشىدىغان نېمىسەن .
— خوتۇنۇڭ داسقا سۇ قۇيۇپ بەرسە بېلىڭگە قاپاق باغلاپ چۈشىدىغان نېمىسەن ، — دېدى ھېسام .
شۇنداق كۆلكە ـ چاقچاقلار بىلەن بۇ ئولتۇرۇش تۈن يېرىمىغىچە داۋاملاشتى .

× ×

كىشىلەرنىڭ «سازچى دېگەن مېھمانغا ھارۋىلىق بېرىپ ، پىيادە قايتىدۇ» دېگەن گېپى بار . تولا چاغلاردا شۇنداق بولىدۇ ، توي ـ تۆكۈن ، مەشرەپ قىلىدىغانلار سورۇننى قىزىتىدىغان سازەندىلەر بىلەن قىزىقچىلارنى نە ـ نەلەردىن ھارۋا ئەۋەتىپ چاقىرتىپ كېلىپ ، ئۇلارغا ئۆينىڭ تۆرىدىن ئورۇن بېرىدۇ . بىراق ، قايتىدىغان چاغدا ھەممىسى مەست بولۇپ كېتىپ ، ئۇلارنى «خوش !» دەپ قويغىلى ئادەممۇ چىقماي قالىدۇ .
نۇرمەھەممەت شۇجىنىڭ ئۆيىدىكى مېھمانلار ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە تارقىدى . ھېسام بىلەن ئەخمەت قايتىپ كېتىدىغان مېھمانلار بىلەن بىللە ئۇزاپ تالاغا چىقىپ قالدى . ئۇلارنى «نەگە بارىسىلەر ؟ قونۇپ قالمامسىلەر ؟» دېيىش ھېچكىمنىڭ ئېسىگە كەلمىگەنىدى . ئۇلار چوڭ يولغا چىقىپ بىر-

بىرىگە قاراپ تۇرۇشۇپ قالدى . ھېلىمۇ ياخشى ، خۇدانىڭ كەچ قالغان يولۇچى ، غېرىب ـ مىسكىن ، ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ يولىنى يورۇتۇپ تۇرىدىغان ئېيى ئاسماندا پانۇستەك ئېسىلىپ تۇراتتى . تولۇن ئاي ، ئۇيقۇدا ياتقان ئېتىزلار ، قارىيىپ تۇرغان باغلار ، مەھەللىلەر… ھەممە نەرسىنى سارغۇچ نۇرغا كۆمگەنىدى .

— خەير ، ئۇكا ، كەتتۇق !— دېدى ھېسام ، — لېكىنزە ، ئالدىمىزدا بىر قومۇشلۇق بار دېگىنە ، شۇنىڭدىنلا ئامان ـ ئېسەن ئۆتۈۋالساق ، ئۇ يېقىغا غىرقىراپ كېتىمىز …

دېگەنىدەك ، ئۇلار چوڭ يولدىن ئايرىلىپ ، ھېسام تۇرۇۋاتقان مەھەللىگە قاراپ مېڭىپ ، قومۇشلۇققا كەلگەندە يولدىن ئېزىپ قالدى . قاياقتا ماڭمىسۇن قېلىن قومۇشلۇق ، ئاياغ ئاستى پاتقاق ئىدى . ئاي بەزىدە بۇلۇتلار ئارىسىغا مۆككەندە ئەتراپنى تېخىمۇ قورقۇنچلۇق قاراڭغۇلۇق بېسىپ كېتەتتى .

— توختىغىنا ، ھېسامكا ، شىلدىرلىغان نېمە ئاۋاز ؟ — دېدى ئەخمەت .

— خۇدا ساقلىسۇن ، ئۇكا ، بۇ قومۇشلۇقتا ياۋا چوشقا بار ، دەپ ئاڭلايدىغان ، — دېدى ھېسام .

ئۇلار توختاپ تىڭشىدى . ھېلىقى شالدىرلىغان ئاۋاز بارغانسېرى يېقىنلاپ ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر ئاتلىق پەيدا بولۇپ قالدى . ئاتلىق كىشىمۇ ئالدىدىكى ئىككى كۆلەڭگىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى بولغاي :

— قايسىڭلارسىز ؟ — دەپ ئەنسىز ۋارقىرىدى .

— مەھەللىمىزنىڭ مەزىنى ئىسكەنغۇ ، — دېدى ھېسام ئاتلىقنى ئاۋازىدىن تونۇپ ،— بىز ، مەزىناكا ، بىز ، قارىمامدىلا

يولدىن ئېزىپ قالدۇق . شۇجىنىڭ ئۆيىدىن ئولتۇرۇشتىــــن قايتىۋىدۇق ، ئۆزلىرى ...
— يۇقىرىقى مەھەللىدىن كېلىشىم . ھېسامموۇسەن ؟ ھە ، قېنى ئاتقا مىنگىشىۋال . سىلەرنى يولغا چىقىرىپ قوياي .
ئەخمەت ھېسامنىڭ ئاتقا مىنگىششىگە ياردەملىشىپ ئۇنى پۇتىدىن يۆلىدى . مەزىن ئاخۇنۇم قولىدىن تارتتى . ھېسام سەل كۆتۈرۈلۈشى بىلەنلا مەزىن ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋەتتى ـ دە :
— نېمە ئىچتىڭ ، كاپىر !— دەپ ۋارقىراپ كەتتى .
سىيرىلىپ پەسكە چۈشۈپ كەتكەن ھېسام :
— شۇجىنىڭ ئۆيىدە ، ئۇنىمىساق زورلاپ ، ھېلىقى نېمىدىن ئازراقتىن ئوتلاپ قويۇۋىدۇق ... — دېدى .
— يوقال كۆزۈمدىن !
— ھەي مەزىناڭكا ، ھەممىمىز بىر مۇسۇلمانغۇ ؟ خۇدا ھەققى ياخشىلىق قىلىپ بىزنى يولغا چىقىرىپ قويسىلا...
— هارامدىن ئېغىزلانغان ئادەم بىلەن بىر ئات ئۈستىدە ئولتۇرالمايمەن . بوپتۇ ، بىرىڭ ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىل ، يولغا چىقىرىپ قوياي .
— تېپەمدۇ ؟
— تېپىدىغان ئات بولسا سەن ئۆلۈمتۈكلەرنى قۇيرۇقىغا ئېسىل دەرمىدىم !
ھېسام ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلدى . ئەخمەت تەمبۇرنى قولتۇقلاپ ئارقىدىن ئەگەشتى . ئات سەللا ئىتتىك مېڭىپ كەتسە ھېسام ئالدىغا دەلدۇگۇنۇپ يىقىلاتتى . ئاتتىن ئاجراپ قالماسلىق ئۈچۈن يەنە ئۇ چاچراپ قوپۇپ ئاتقا قاراپ يۈگۈرەيتتى ... شۇنداق قىلىپ ، ناھايىتى مۇشەققەتتە ئۇلار قومۇشلۇقتىن چىقىۋالدى .

مەزىن ئۆلارنى يول ئۈستىگە ئاچقىپ قويۇپ ، ئېتىنى قامچىلاپ ئالدى ـ كەينىگە قارىماي كېتىپ قالدى .

— خۇداغا شۈكرى ! — دېدى ھېسام ، — ئەمدى يەنە ئازراقلا ماڭساق بىزنىڭ مەھەللە دېگەن سۆز .

ئۆلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى قارا پاتقاق چاچراپ بولغانغانىدى . ئەتىگەندە بۇ كىيىملەرنى ھېسامنىڭ كىچىك ئاپىسى داسقا چىلاپ يۇيدى . سۇدا ئوبدان چايقاپ ، كۆن چىقىشى بىلەن ئۆگزىدىكى دۈۋىلەكلىك چۆپنىڭ ئۈستىگە يېيىپ قويدى .

— ئاخشام قانداق كەلگىنىڭلارنى بىلەلمىسەم ، بالىلىرىم ، — دېدى ھېسامنىڭ كىچىك ئاپىسى قىزىقچىلىق قىلىپ ، — دەرۋازىنى بىرى قاقتى ، شۇنداق ئاچسام ، ئىككى پاتقاق ئادەم كىرىپ كېلىۋاتامدا ، ئاللا بۇ نېمە كارامەت ! ؟ دەپ قاپتىمەن . ھېسامنى مېڭىشىدىن تونۇمىغان بولسام ئاللا ـ تۇۋىنى سېلىپ ئارقامغا قاراپ قاچاتتىم .

ئالماشتۇرۇپ كىيىۋالغۇدەك كىيىملىرى بولمىغاچقا ، ئۆلارمۇ ئىچ كىيىملىرى بىلەنلا ئۆگزىگە چىقىپ ، چۆپنىڭ ئۈستىدە ئەتىگەنلىك ئاپتاپقا قاقلىنىپ ياتتى . قۇرۇق چۆپتىن پىچاننىڭ ئۆتكۈر پۇرىقى دىماغقا ئۇرۇلاتتى . ئۆگزىدىن پۈتۈن يېزا ، ئېچىلغان ئېتىزلار ، ئېتىزدا ئوتلاپ يۈرگەن كالىلار ، ئېتىزنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىدە ئېچىلىپ قالغان ساپسېرىق ئاپتاپپەرەسلەر ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى .

— بىر مەشرەپتە بىر پۇچى بىلەن تونۇشۇپ قالدىم ، — دەپ سۆز باشلىدى ھېسام سوزۇلۇپ يېتىپ ، — گەپنى خېلى قاملاشتۇرىدىغان نېمىكەن : «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ۋاقتىدا ، ئاكوپتا ياتاتتۇق ، — دەپ پونى باشلىدى ھېلىقى پوچى ، —

غارىدە قىلىپ گومىنداڭنىڭ بىر ئايروپىلانى كېلىپ بومبا تاشلاپ بەك ئاۋارە قىلىپ كەتتى. زەمبىرەكچىلىرىمىز شۇنچە ئېتىپمۇ تەگكۈزەلمىدى. ئاچچىقىم نەدىن كەلدى، يۈگۈرۈپ قوپۇپ مىلتىق بىلەن قارىغا ئېلىپ ۋاڭڭىدە قويۇپتىكەنمەن. ھېلىقى ئايروپىلان پۈكلەپ تاشلىۋەتكەن مالخايدەك ئالدىمغىلا چۈشتى.»

«ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدا، — دەپ مەنمۇ پونىنى باشلىدىم، — تاماكىغا سەرەڭگە ئىزدەپ بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە ئاتلىق چىقىپ قالمايمەنمۇ، دۆڭنىڭ ئارقىسىدا گومىنداڭنىڭ پوتىيى بار ئىكەن، پىلىموت بىلەن تاتاتلىتىپ ئوققا تۇتۇپلا كەتتى. قامچامنىڭ سېپى بىلەن ئۇدۇل ئۇچۇپ كېلىۋاتقان ھەربىر ئوقنى تاس - تاس قىلىپ ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋېتىپ، ئاخىرقى بىر پاي ئوقنى كاپلا قىلىپ تۇتۇۋېلىپ، تاماكامنى تۇتاشتۇرۇۋېلىپ تاشلىۋەتسەم پوتەيدىكى گومىنداڭچىلار قاراپلا قېلىشقانىدى» دېۋىدىم، ھېلىقى پوچى: «شۇ چاغدا لەڭشاڭدا[1] بولۇپ كەتكەن سوغۇق، — دەپ يەنە لاپ ئۇرغىلى تۇردى، — تالاغا سىيگىلى چىقساق قولىمىزغا بىر كالتەك ئاچىقىپ چوقۇپ تۇرۇپ سىيىمىسەك، سىيدۈك يەرگە چۈشكۈچە توڭلاپ قالاتتى». «لەڭشاڭدىكى سوغۇق سوغۇقمۇ! ئايرودرومدا بولغان سوغۇقنى دېمەمسەن. ئاكوپنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ بىر - بىرىمىز بىلەن پاراڭلاشساق، قىلىشقان گەپلىرىمىز توكۇر - توكۇر قىلىپ توڭلاپ ئالدىمىزغا چۈشەتتى» دېۋىدىم، ھېلىقى پوچى جىملا بولدى.

جەمئىيەتتە كۆرەك ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس دېگىنە، ئەخمەت.

---

① لەڭشاڭ — ئورۇن ئىسمى.

سادىق دەپ بىر تۆماقچى بولىدىغان ، بىر مەشرەپتە ئۇ : «مېنىڭ دادام ئۇنداق باي ئۆتكەن ، مۇنداق باي ئۆتكەن . پالانى يەرگە بەگ بولغان» دەپ مـاختانغىلـى تـۇردى . «داداڭـنىڭ ئېتى نېمە ئىـدى ؟» دېسەم ، «كېۋىر بەگ ، سوراپ قالدىڭغۇ ، ھېسام ، تونۇمسەن ـ يا ؟» دەيدۇ . «كېۋىر بەگ دەمسەن ؟ مېنىـــڭ دادامنىڭ قول ئاستىدا نۇرغۇن بەگلەر ئىشلىگەن . ئەجەب كېۋىر بەگ دېگەننى ئاڭلىماپتىكەنمىز» دېۋىدىم ، سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى كۈلۈپ كەتتى .

ھېسام ئۆگزىدىن بويىنىنى سوزۇپ ئەتىگەنلىك قۇياشنىڭ نۇرىغا چۈمگەن ئەتراپقا ھەۋەسلىنىپ قاراپ قويدى .

— بازاردىكى خەمىت «خەسىس»نى بىر ئوخشاتقان يېرىڭىز بار ئىكەنغۇ ، ھېسامكا ؟ — دەپ ئېسىگە سالدى ئەخمەت .

— نېمىسىنى ئېيتىسەن ، ئۇكا ،— دېدى ھېسام ئەخمەتكە ئۆرۈلۈپ قاراپ ، — مۇشۇ چاقچاقنىڭ كاساپىتىـــدىن قانچە مەشرەپلەردىن قوغلاندىمۇ بولغانمەن… خەمىت «خەسىس» مېنى بىر قېتىم ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقاردى… ئۇ ئىش مۇنداق بولغان . خەمىتكام نەزىر قىلىمەن ، دەپ بازاردىن بىر قوينى ھەيدەپ چىقىۋېتىپتىكەن ، قارىسام ، ھېلىقى قوي شۇنچىلىك ئورۇق . «خەمىتكا ، بۇ قىشچە روزا تۇتقان قويمۇ قانداق ؟» دېۋىدىم ، تازا بىر ئالىيىپ ئۆتۈپ كەتتى .

ئەتىسى نەزىر قىپتۇ . باردۇق . جامائەت يىغىلىپ بولغاندا خەمىت «خەسىس»نىڭ كىچىك ئوغلى كىرىپ مېھمانلارنىـــڭ قولىغا سۇ ئالدى . قولنىـــى يۇيۇپ بولۇپ ئولتۇرىمـــىز ، ئولتۇرىمىز . داستىخان سالىدىغان ئادەم يوق . بىر چاغدا ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى كىرىپ ، ئولتۇرغانلارنى «بىر … ئىككى… ئۈچ…

« دەپ ساناپ چىقىپ كەتتى . يەنە بىر چاغدا ئۇنىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى كىرىپ ، مېھمانلارنى «بىر ... ئىككى ... ئۈچ ... دەپ ساناپ چىقىپ كەتتى . ئېگەكنى تۇتۇپ ئولتۇردۇق . ئارقىدىن خەمىتكام كىرىپ «ھوي قولغا سۇ ئېلىڭلار !» دەپ يەنە قول يۇيغۇزدى . بىركەمدە ئالدىمىزغا بىر قاچىدىن سۇيۇقئاش ئەكىردى . تۇنۇگۇنكى روزا تۇتقان ئورۇق قويىنىڭ ئۇستىخىنىنى سېلىپ ئەتكەن ئاش ئىكەن .

«خەمىتكا !» دېسەم ، «ھە» دېدى .

«مۇشۇ سۇيۇق ئېشىڭغا قولىمىزنى ئىككى قېتىم يۇيدۇردۇڭ ، ئەگەر پولۇ قىلغان بولساڭ ھەممىمىزنى يالىڭاچلاپ غۇسلى قىلدۇرىدىكەنسەن - دە !» دېۋىدىم ، ئاران تۇرغان جامائەت قاقاقلاپ كۈلۈپ ئۆينى كۆتۈرۈۋېتىشتى ... تېرىككەن «خەسىس» :

«چىقە ئۆيۈمدىن ، سېنى كىم چاقىرىپتۇ !» دەپ ئۆيدىن ھەيدەپ چىققاندى .

«خەپ !» دېدىم . بىر كۈنى بىر ئولتۇرۇشتا خەمىت «خەسىس» بىلەن بىللە بولۇپ قالدىم . «قانداق ، قوغلاندى !» دەپ مېنى شاڭخو قىلىپ تىلىنى چاينىغىلى تۇردى . «خەقنىڭ ئۆيىدىنغۇ مېنى قوغلاپ چىقىرالماسسەن ، قاراپ تۇر ، سېنى بىر شەرمەندە قىلىپ مەنمۇ قوغلاپ چىقارمىسام ...» دېدىم - دە ، ئازراق قىزىۋېلىپ :

«پۇل تاپسا خەجلىمەي ، ساناپ كىر قىلىۋېتىدىغان
خەسىس ؛
دېۋانىگە بىر تىيىن بەرسە ، ئىككىسى كېتىپ قالمىسۇن ،
دەپ كۆڭگە تۇتۇپ قارايدىغان خەسىس ؛

بالىسىغا ئۇن تىيىن بەرسە ، چىقىمدار بولدۇم ، دەيدىغان خەسىس ؛

بەش تىيىنلىق چوكامۇزنى ، ياغىچىنى قايتۇرۇپ بەرسەم تۆت تىيىنغا بېرەمسەن ، دېگەن خەسىس ؛

پۇل بار يانچۇقىغا ئىت باغلاپ قويۇپ ياتىدىغان خەسىس ، دەپ ، ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇن نەچچە چاقچاقنى بىراقلا تىزىپ قويۇۋىدىم ، خەمىتكام بولالماي قان بېسىمى ئۆرلەپ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپلا قالدى . ئىككى ئوغلى كىرىپ زەمبىلگە سېلىپ ئاچىقىپ كەتتى... »

ھېسامنىڭ مۇنداق ھېكايىلىرى تۈگىمەيتتى . ئۇنىڭ ھاياتى ئەسلىدە شۇنداق قىزىقمۇ ياكى قىزىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغىلا ئۇچرامدۇ ، كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى ... ھېسام خەمىت «خەسىس» توغرىسىدىكى پارچىنى ئەمدىلا تۈگىتىپ تۇراتتى . كىمدۇر بىرى دەرۋازىنى قاقتى . ھېسامنىڭ كىچىك ئاپىسى دەرۋازا تۈۋىدە بىرى بىلەن گۇدۇڭشىلاشقاندەك بولدى ـ دە ، بىردەمدىن كېيىن شوتا بىلەن ئۆگزىگە چىقىپ :

— ھېسام ، دادۇيجاڭ ئادەم ئەۋەتىپتۇ . شەھەردىن چىققىنىڭنى ئاڭلاپتىكەن ، «ئۆيدە مېھمانلىرىم بار ، ھازىرلا كەلسۇن !» دەپتۇ ، — دېدى .

— كۆرمىدىڭمۇ ، بۇ ئەپتىمىز بىلەن قانداق بارىمىز ! ؟— دېدى ھېسام تېرىككەندەك بولۇپ .

— ئۇنداق بولسا ، چاقىرىپ كەلگەن ئادەمگە نېمە دەيمەن ؟

— نېمە دەيتتىڭ ، ئاخشام شەھەردىن چىققۇچە ھېساملار ھۆل بولۇپ كېتىپتىكەن ، ئۆگزىگە ئاچىقىپ يېيىپ قويدۇم . قۇرۇغاندا بارسۇن ! دېمەمسەن .

× . ×

قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرى كىيىملەرنى بىردەمدىلا قۇرۇتتى . چۈشتىن كېيىن ھېسامنىڭمۇ ئاچچىقى يېنىپ قالغاندەك بولدى .

— چەت ئەللەردە سەنئەتچىلەرنى بېيىپ كېتىدىكەن ، دەپ ئاڭلايمەن ، — دېدى ھېسام ، — بىزنىڭ بۇ يەرلەردە مانا بىزدىن نامرات ئادەم يوق ، دېگىنە ، ئۇكا . بىر كۈن كەچكىچە ناخشا ئېيتىپ گاللىرىڭ يىرتىلىپ كېتەي دەيدۇ ، مېنىڭمۇ خەقنى كۈلدۈرىمەن ، دەپ ھېچ ھالىم قالمايدۇ . ئاخىردا بىزنى ئاخشامقىدەك «خوش !» دەپ ئۇزىتىپ قويغىلىمۇ ئادەم چىقماي قالىدۇ . ھە دېسە ئولتۇرۇشقا دەپ ئەكېتىدۇ ، ئۆيىمىزدىكى بالا-چاقىلىرىمىز نېمە يەپ ، نېمە ئىچىۋاتىدۇ ، ھېچكىم سۈرۈشتە قىلىپ باقمايدۇ . تېخى ئولتۇرۇشقا بارمىساڭ ئاچچىقى كېلىدۇ… بىر ئامال قىلىپ ، چەت ئەللەرگە چىقىپ كەتسەك بولامدىكىنتاڭ !؟ شۇ چاغدىمۇ بۇ يەردىكى ئاغىنىلەر بىزنى «ئولتۇرۇش قىزىمايۋاتىدۇ» دەپ ياقىمىزدىن تۇتۇپ قايتۇرۇپ كېلىدۇ ، جۇمۇ… بوپتۇ ، يۈر ، دادۇيجاڭنىڭ ئولتۇرۇشىغا بارساق بارايلى . شۇ يەردە ئاشلىق توشۇغىلى كەلگەن شوپۇرلاردىن بىرەرى ئۇچراپ قالسا ئەجەب ئەمەس .

ئۇلار كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ ، دادۇيجاڭنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى .

— بۇ مەھەللىدىكىلەر مېنىڭ چاقچاقلىرىمنى تولا ئاڭلاپ زېرىكىپ كەتكەن دېگىنە ، — دېدى ھېسام كېتىۋېتىپ ، — لەقەمنى خىزىر قويىدۇ ، دېگەن گەپنى ئاڭلىغان بولغىيدىڭ ؟ خۇددى بۇ مەھەللىدە خىزىر بىر - ئىككى يىل تۇرغاندەك ،

بۇ يەردە لەقەمسىز ئادەم يوق . بۇگۇن چاقچاقنى لەقەمگە يۆلەپ بىرنېمە قىلىمىز .

ئۇلار دادۇيجاڭنىڭ پېشايۋانلىق ھويلىسىغا يېتىپ كەلگەندە ، ھويلىدىكى قازان بېشىدا بىرنەچچەيلەن پايپېتەك بولۇپ يۈرەتتى . «ھېسام كەلدى ھېسام ، قېنى مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ ئالايلى» دېيىشىپ ، دادۇيجاڭنىڭ يۈگۈر - يېتىمىغا پالاقلايدىغان ئادەملىرىدىن بىر - ئىككىسى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى ، ھېسامنىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ چىققان دادۇيجاڭ پېشايۋاندا تۇرۇپلا ۋارقىرىدى :

— ياشاپ كەت ، ھېسام ، ئەمما كەلمىگەن بولساڭ قاتتىق رەنجىيتتىم - دە !

— ئولتۇرۇشۇڭغا كەلدىم ، — دېدى ھېسام ، — ئەمما ، مېنىڭمۇ بىر ھاجىتىم بار . شۇنى توغرىلاپ بەرسەڭ بولىدۇ .

— نېمە ئىش ؟

— ئاڭلىسام ، مۇشۇ يەردە ئەتە ئۈرۈمچىگە ماڭىدىغان شوپۇرلارمۇ بار ئىكەن . مۇنۇ ئىنىمنى ماشىنىسىغا سېلىپ قويساڭ ، ئۈرۈمچىگە ئالغاچ كەتسە .

دادۇيجاڭ قولتۇقىغا تەمبۇرنى قىسىپ تۇرغان ئەخمەتكە قاراپ قويدى - دە :

— جىق ئەمەس ، ئەتە بۇغداي ئېلىپ ماڭىدىغان شوپۇردىن بىرىلا بار . يۈكىنىما بېسىپ تەييار قىلىپ قويدى . مۇشۇ يەرگىلا قىچقىراي ، ئۆزۈڭ بىرنېمە دېمەمسەن .

دادۇيجاڭ شۇنداق دېدى - دە ، ئۆي ئىچىدىن بىرىنى چاقىردى . ياش بىر يىگىت چىقىپ ھېسام بىلەن ئەخمەتكە قول

بېرىپ كۆرۈشتى .

— مۇنداق گەپتى دېگىنە، ئۇكا، — دېدى ھېسام شوپۇرغا، — ماۋۇ بىزنىڭ ئىنى بولىدۇ . دادىسى رەھمەتلىك بار ۋاقتىدىمۇ بىزنىڭ بېشىمىزنى كۆپ سىلىغان . ھازىر بۇ ئىنىمىزنىڭ بېشىغا كۈن چۈشۈپ گاڭگىراپ قاپتۇ . ئۇرۇمچىدە بىر ئاكىسى بار، شۇنىڭ قېشىغا بېرىپ پاناھلانسام دەيدۇ . ياق دېمەي ماشىناڭغا سېلىۋېلىپ، دېگەن يېرىگىچە يەتكۈزۈپ قويساڭ .

— شۇنچىلىك گەپمىدى؟ چاتاق يوق، ھېسامكا، — دېدى شوپۇر يىگىت، — نامىڭىزنى ئاڭلاپ، بىر كۆرۈشسەك دەپ كۆپ ئارزۇ قىلاتتۇق . بۈگۈن تازا بىر كۆلدۈرسىڭىز، ئىنىڭىزنى كابىنكىدا ئولتۇرغۇزۇپ، بىر تىيىن چىقىمدار قىلماي ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ تاشلايمەن .

ئەخمەتنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى .

— چاتاق يوق، ئۇكا، بۈگۈن سىنىڭ ئۇچۇنلا ئېچىلىمەن !— دېدى ھېسام .

— قېنى، ئۆيگە كىرىڭلار، ئۆيگە .

ئۆيدە لىققىدە مېھمان بار ئىدى . ھېسامغا دەرھاللا تۆردىن ئورۇن بوشىدى . ئەخمەت مەھەللىنىڭ سازچىلىرى ئولتۇرغان بۇلۇڭغا بېرىپ چۆكتى . ھېسامنىڭ يېنىدا بېشىنى قىرىپ چۈشۈرۈۋەتكەن تۇرسۇن «شاپاق» ئولتۇراتتى .

— ئامىن، ئاللاھۇ ئەكبەر ! — دەپ دۇئا قىلدى ھېسام ئوبدان جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، — دادىيجاڭ، مېھمان چاقىرىپسىلەر، قول - ئىلكىمدە بولمىغانلىقتىن ئاز بولسىمۇ، دەپ مانا ماۋۇ سويمىنى ئالغاچ كەلدىم، — دېدى ئۇ

يېنىدىكى تۇرسۇن «شاپاق»نىڭ بېشىنى كۆرسىتىپ . تۇرسۇننىڭ پېشانىسى دەزمالنىڭ تاپىنىدەك پارقىراپ تۇراتتى . ھەممە «پاراقىدە» كۈلۈپ كېتىشتى .

— نېمە بولدۇڭ ، ھازىر كىرگەندە بىر قىسما دەسسەپ كىردىڭمۇ ؟ — دېدى تۇرسۇن .

— يولدا شاپاققا تېيىلىپ ، پۈتۈم مىتكوت چىقىپ كەتتى .

— مۇشۇ تۇرقۇڭدا سېنى ھەرقانداق خامانغا قارانچۇق قىلىپ سانجىپ قويسا بىرمۇ قۇشقاچ قونمايدۇ ، دېگىنە .

— ھە ، بىزدەك قارانچۇق بولغاچقا ، سەندەك «شاپاق»نى قاغا چوقۇلىماي ساق يۈرسەن - دە .

ئۆي ئىچى كۈلكە بىلەن جانلىنىپ كەتتى . ھېسام ھەربىر چاقچاقتىن كېيىن كۈلگەندە ، ئۇنىڭ يۈزلىرىدىكى قورۇقلار تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ مۆجىزىلىك تۈسكە كىرەتتى .

— ھېسام ،— دەپ چاقچاققا قوشۇق سالدى نېرىدا ئولتۇرغان ئۆمەر «تاز» — ئۆتمۈش جەمئىيەت بولسا گەدىنىڭگىچە قورۇق بولۇپ كېتەتتىڭ ئىكەن - دە !

— ئۆتمۈش جەمئىيەت بولسا سەن بېلىڭگىچە تاز بولۇپ كېتەتتىڭ ، — دېدى ھېسام .

ھېسام ئېيتقاندەك ، بۇ سورۇندىكى چاقچاق لەقەمنى قوغلىشىپ ئەنە شۇنداق قىزىپ كەتتى . ھاراق بىلەن سەي تارتىلىپ ، بىر يۈرۈش ناخشا - ساز بولغاندىن كېيىن ، چاقچاق تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى .

بۇ مەھەللىدە ئىمىن ئاخۇن دەيدىغان بىر چوڭ ئادەم بار ئىدى . ئوشۇق ئەمەس ئىككى - ئۈچ رومكا ھاراق ئىچسىلا مەست بولۇپ قالاتتى . شۇڭا مەھەللىدىكىلەر ئۇنى ئىمىن «مەست» دەيتتى . شۇ تاپتا ئىمىن ئاخۇن ئولتۇرغان يېرىدىن ھېسام

تەرەپكە بويۇنداپ قارىدى ـ دە :
— تۇۋا ! دەيمەن ، ھېسام ئۇكا ، خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن مەن مەست بولۇپ قالسام قولۇمدىكى ۋېلىسىپىتىممۇ تەڭ مەست بولۇپ كېتىدۇ . مەستچىلىكمۇ خىلمۇخىل بولىدىكەن دېگىنە ، بەزىدە ئۆزۈم ھەممىنى بىلىپ تۇرىمەن . بىلىپ تۇرۇپ مەست بولۇپ كېتىمەن ، — دېدى .
— ئادەم دېگەننىڭ مىجەزىمۇ ئوخشىمايدۇ دېگىنە ، ئىمىناڭكا ، — دېدى ھېسام ، — شەھەردە ھاراق بار دېسە ، سەھرادىن ماشىنىغا ئېسىلىپ كىرىدىغان مەستلەر بار . ئاسماندا ئولتۇرۇش بار دېسە ، شوتىسى نەدىكەن دەيدىغان مەستلەرمۇ بار . دادۇيدىن قۇتقۇزۇش ئېلىپ ھاراق ئىچىدىغان مەستلەرمۇ بار دېگىنە ... ساق چاغدا بىر سوم خەجلىگىلى ئۇنىماي ، مەست بولۇپ قالغاندا ئون سوم خەجلەۋېتىدىغان مەستلەرمۇ بار .
ئىمىن ئاخۇن مېھمانلار بىلەن پىخىلداپ كۈلۈپ دومىلاپ كەتتى .
— تا ـ تا تېپىپ ئېيتتىڭ ، — دېدى ئۇ ، — پۇلى تۈگەپ كەتسە ئېشىكىمنى چۇۋۇپ ساتىمەن ، دەيدىغان مەستلەرمۇ بار .
— ئۇنى دېسەڭ ، ئىمىنكا ، پۇلى تۈگەپ كەتسە خوتۇنىنىڭ يانچۇقىغا ئوغرىلىققا چۈشىدىغان مەستلەرمۇ بار .
— يە ـ يە ـ يەنە بىرنى كەلتۈر ...
— ھېچ ئامال قىلالمىسا بوتۇلكىنى چايقاپ ئىچىدىغان مەستلەرمۇ بار .
— يە ـ يەنە ـ يەنە بىرنى ...
— خوتۇنى خورەك تارتسا ، قوپۇپ ئۇسسۇل ئوينايدىغان مەستلەرمۇ بار ... ئۆزىنىڭ خوتۇنىنى «كىمنىڭ كېلىنى بۇ ؟» دەيدىغان مەستلەرمۇ بار ... مەست ۋاقتىدا خوتۇنىنى قويۇۋېتىپ ،

ساقايغاندا يارىشىۋالىدىغان مەستلەرمۇ بار ...
مەستلەر توغرىسىدىكى بۇ گەپلەر ھېسامنىڭ ئاغزىدىن كەينى ـ كەينىدىن چىققىلى تۇردى . كۆلكىدىن ھېلىقى شوپۇر يىگىتنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى . بىرقانچەيلەن كۆلۈپ قورسىقى ئاغرىپ تالاغا يۈگۈرۈشتى . دادۇيجاڭ ھۇزۇر قىلىپ «ياشا ، ھېسام ، رازىمەن ! » دەۋەتتى...
شۇنچىۋالا كۆپچىلىك كۈلسىمۇ ، پەقەت بۇلۇڭدىكى ئاپئاق ساقچى كىيىمىنى كىيگەن بىر كىشىلا چىرايىنى ئۆزگەرتمەي ئولتۇراتتى . بۇ ئادەم دادۇيدىكى «ئىسيان» كۆتۈرۈپ جان بېقىپ يۈرگەن قۇلاق كەستىلەرنىڭ بىرى بولۇپ ، يۇقىرى ئورۇندىكى بىر تۇغقىنىنىڭ كۈچى بىلەن ساقچى كىيىمىگە ئېرىشكەنىدى . شۇ تاپتا ئۇ بولۇۋاتقان بۇ چاقچاقلارنىڭ قانچىسى سىياسەتكە ئۇيغۇن ، قانچىسى خىلاپلىقىنى ئايرىيالماي ھەلەكچىلىكتە ئولتۇراتتى .
— ئۇكاۋۇي ، شۇنچە چاقچاقلارنى قىلىۋەتتۇق ، مىت قىلىپ كۈلۈپمۇ قويمايسەنغۇ ؟ ئادەممۇسەن ، بىر خالتا ئۇنمۇ ؟ — دېدى ھېسام .
يەنە «پاراققىدە» كۈلكە چىقىپ كەتتى . ھېلىقى «بىر خالتا ئۇن» ئاچچىقىدا زۇۋۇانغا كېلىپ :
— چاقچىقىڭغا كۈلمىگەنلەرنى غىدىقلاپ كۈلدۈرەتتىڭمۇ ، ئەخمەق ! — دەپ ۋارقىرىدى .
قىزىپ قالغان ھېسام ئۇنىڭ بۇ «ئەخمەق» دېگەن سۆزىنى تۇتۇۋېلىپ :
«ھېيتتا پوجاڭزا ئېتىپ ، چاغاندا ساڭزا سالىدىغان ئەخمەق ؛
ئاپىسىنى ئەرگە بېرىپ ، تويىنى ئوينايدىغان ئەخمەق ؛

كىنوخاننىڭ ئالدىدا بىلەت سېتىپ، ھۆنىرىم بار دەيدىغان ئەخمەق؛
ماگىزىنغا كۆزەتچى قىلىپ قويسا، سودىگەر بولدۇم، دېگەن ئەخمەق؛
يىڭناغۇچقا مىنىۋېلىپ، ئايغا چىقىمەن دېگەن ئەخمەق؛
چېچىنى گەدىنىگىچە قويۇۋېلىپ، ئالىم بولدۇم، دېگەن ئەخمەق؛
ئۇششاق بالىلارنىڭ سالپاڭ قۇلاقچىسىنى كىيىۋېلىپ، لېيتېنانت بولدۇم، دېگەن ئەخمەق؛
ئىككى پېتىنىنى ئىككى مورىسىگە قويۇۋېلىپ، گېنېرال بولدۇم، دېگەن ئەخمەق ...» دەپ توختىماي كەلتۈرگىلى تۇردى. ئۆي ئىچىدىكىلەر ئۈچەيلىرى ئۈزۈلگۈچە كۈلۈپ، بىرقانچىسى «ۋاي بولدى، ھېسام، كۈلدۈرۈپ ئۆلتۈرىدىغان بولدۇڭ!» دەپ ۋارقىراشتى. سېمىز مېھمانلاردىن بىر - ئىككىسى قورسىقىنى تۇتۇپ ئىنجىقلىشىپلا قالغانىدى.
شۇ ئارىدا ئۆمەر «تاز» ھېسامنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ ئىچىپ خېلىلا تەڭشىلىۋالغانىدى.
— بۈگۈن خېلىلا پەيزىڭ بار - ھە، ھېسام، — دېدى ئۆمەر، — بايام مېنى خېلى بىرنېمىلەر دەپ باقتىڭ، قېنى، يەنە ئوخشىتىپ باق، قانچىلىك ئوخشىتىسەنكىن.
ھېلىقى بۇلۇڭدا ئولتۇرغان ئاق كىيىملىك كىشى چاقچاق كۆتۈرەلمەي تامدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى. ھېسام ئۆمەرنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى - دە، «غاچچىدە» چاقچاقنى ئۆمەرنىڭ ئۈستىگە يۆتكىدى:
«بېشى تەرلىسە، گەدىنىنى يەلپۈيدىغان تاز؛
تالادا شامال چىقسا، ئۆيدە تۇرۇپ دوپپىسىنى

تۇتىدىغان تاز ؛

ئىككى يۈز سوملۇق ۋېلىسىپىتتىن يىقىلىپ چۈشسە ۋېلىسىپىتىغا قارىماي، ئىككى سوملۇق شەپكىسىگە يۈگۈرىدىغان تاز ؛

چىرايىمغا تەسىر يېتىدۇ، دەپ غورا يېمەيدىغان تاز ؛

بېشىمغا چىۋىن قونمىسۇن دەپ قۇلىقىغا چىڭسەي قىستۇرۇۋالىدىغان تاز... »

دادۇيجاڭنىڭ ئۆيىدىكى بۇ ئولتۇرۇش شۇ تەرىقىدە تۈن يېرىمىغىچە داۋاملاشتى. شوپۇر يىگىتنىڭ كۆڭلى ناھايىتى ئېچىلغانىدى.

— رەھمەت، ھېسامكا! — دېدى ئۇ ئولتۇرۇش ئاياغلاشقاندا ھېسامنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇپ، — يائاللا، ئۆمرۈمدە بۇگۈنكىدەك قاتتىق كۈلۈپ باقمىغانىدىمەن... ھېلىقى ئىنىڭىز قېنى؟ ھازىرلا مېنىڭ بىلەن بىللە كەتسۇن. ئازراق كۆزىمىزنى يۇمۇۋېلىپ سەھەردە مېڭىپ كېتىمىز.

— ئەمىسە بۇ ئىنىم ساڭا ئامانەت، ئۇكا.

ئەخمەت قاراڭغۇدا تەمبۇرنى قولتۇقىغا قىسىپ شوپۇرنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى.

— ئەخمەت، توختىغىنا، — دېدى ھېسام، — ماۋۇ ئون سومنى يېنىڭغا سېلىپ قوي، يولدا كېرەك بولۇپ قالار.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ ئالمايمەن، ھېسامكا.

— ئالمىساڭ رەنجىيمەن، مېنىڭ يوللۇقۇم... نەدىن كېلىپ قالغان پۇل؟ دەمسەن. ھېلىقى يۇسۇپ ساندۇقچى بىزنى بىر كېچە ئاۋارە قىلىپ بەرگەن پۇلنىڭ بازاردا خەجلەپ ئاشقىنى... مەندىن غەم قىلما، ئۇكا. خۇدا مېنىڭ رىزقىمنى ئەلنىڭ داستىخىنىغا چاچقان. بىرنېمە قىلىپ كۈنۈم كېتىدۇ ... خەير،

ئاقىيوللۇق بولۇڭلار !

ئەخمەتنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى . ئۇ ھېسام بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى .

X X

ئارىدىن ئون نەچچە يىل ئۆتتى . زامان ئۆزگىرىشى بىلەن ئەخمەت ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىندى . ئۇنىڭ شۆھرىتى تېزلا ئاشتى . ئۇ كوئېنلۇن باغرىدىكى ئېتىزلاردا ، جەنۇبنىڭ ۋاڭ - چۇڭلۇق شەھەرلىرىدە ناخشا ئېيتاتتى ؛ پايتەخت ۋە چەت ئەل سەھنىلىرىدە ئۇنىڭ تەمبۇرىنىڭ ساداسى ياڭرىدى . لېكىن ، ئۇنىڭغا ئۆز يۇرتىغا قايتىش ، ھېسام بىلەن قايتا ئۇچرىشىش نېسىپ بولمىدى ··· ئېغىر كۈنلەردە ، ئۆتكۈر چاقچاقلار بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇتقان ، ئاجايىپ يۇمۇرلىرى بىلەن خەلقنى كۈلدۈرۈپ ، ئۇلارنىڭ شۇ قارا يىللاردىكى سۇنۇق كۆڭلىنى بىردەم بولسىمۇ شادلاندۇرغان ئاشۇ ئاجايىپ كىشىنى ئەخمەت قاتتىق سېغىناتتى ··· «ناخشا - ساز بىلەن ئويۇن - چاقچاقنى بىرلەشتۈرۈپ ئاشۇنداق كۆڭۈل ئېچىشنى كىملەر ئىجاد قىلدىكىن ! ؟··· » ئۇ ھېسام بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بىللە بولغان بىرنەچچە كۈنلۈك خاتىرىلەرنى زادىلا ئۇنتۇيالمايتتى ··· بەزىدە ئەخمەت دېرىزىنى ئېچىپ قويۇپ ، يىراقلارغا قاراپ خىيالغا كېتەتتى . يۈزىنى سىيپاپ ئۆتكەن يېنىك شاماللار ئارقىلىق «سالام ساڭا ، ھېسام ئاكا !» دەپ غايىبانە سالام يوللايتتى .

1987 - يىل ، غۇلجا

图书在版编目(CIP)数据

野花盛开的原野:维吾尔文/买买提依明·乌守尔著.
—乌鲁木齐:新疆青少年出版社，2010.5
(买买提依明·乌守尔作品集.第4辑)
ISBN978—7—5371—8536—3

Ⅰ.①野… Ⅱ.①买… Ⅲ.①中篇小说—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) ②短篇小说—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①I247.7

中国版本图书馆CIP数据核字(2010)第081053号

责任编辑：阿布里克木·艾山
责任校对：阿布列孜·阿巴斯
封面设计：阿里甫·夏

买买提依明·吾守尔作品选(4)
**野花盛开的原野**(维吾尔文)
买买提明·吾守尔　著

新疆青少年出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路二巷1号　邮编：830049)
新疆新华书店发行
乌鲁木齐市海洋彩印有限公司印刷
850×1168毫米　32开本　12.5印张
2010年5月第1版　2010年5月第1次印刷
印数：1—5000

ISBN978—7—5371—8536—3　定价：30.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换